国家出版基金项目
دۆلەتلىك نەشر فوندى تۈرى

ئادىل مۇھەممەت

«قەشقەر» مەجمۇئەسى (7)

# قەشقەر ئارخېئولوگىيەسى



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

国家出版基金项目
NATIONAL PUBLICATION FOUNDATION

ئادىل مۇھەممەت

«قەشقەر» مەجمۇئەسى (7)

# قەشقەر ئارخېئولوگىيەسى

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

丛书的本册详细地介绍了喀什地区的历代考古文化和考古大事记录。

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەنۋەر ھېكىم
مەسئۇل كوررېكتورى: مۇھەممەتسىدىق تاھىر

«قەشقەر» مەجمۇئەسى (7)

# قەشقەر ئارخېئولوگىيەسى

ئاپتورى: ئادىل مۇھەممەت

---

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھىرى تاربوغوز يولى 14 - قورۇ، پوچتا نومۇرى: 844000)
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 880×1230 م م 32 / 1
باسما تاۋىقى: 11.125 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2013- يىلى 4- ئاي 1- نەشرى
2013- يىلى 4- ئاي 1- بېسىلىشى
تىرىاژى: 3000 — 1

---

ISBN 978 -7 -5373 -2765 - 7
باھاسى: 34.00 يۈەن
سۈپەتتە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ
تېلېفون: 2653927 — 0998

# «قەشقەر» مەجمۇئەسىنى تۈزۈش ھەيئىتى

باش پىلانلىغۇچى: ئىسمائىل تىلىۋالدى

مۇدىرلار: لىيۇ چاڭمىڭ
مىجىت قادىر

مۇئاۋىن مۇدىرلار: جاڭ شىنتەي
گۈلشەن تۇراخۇن
ئىمىن ئەھمىدى
جاۋ شىنيۇ
مۇتەللىپ توختى

ھەيئەتلەر: ئابدۇكېرىم رەھمان
ئادىل مۇھەممەت
نىي گۇاڭيۇ
كېرىمجان ئابدۇرېھىم
ئابلاجان سىيىت
ئەركىن ئەمەت

باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت

# 《喀什噶尔》系列丛书编委会

总策划：司马义·铁力瓦尔地

主　任：刘长明
米吉提·卡德尔

副主任：张新泰
古力先·吐拉洪
依明·艾合买提
赵新尉
木太力甫·托合提

委　员：阿布都克力木·热合曼
阿迪力·穆罕默德
聂光玉
克力木江·阿布都热依木
阿布拉江·色依提
艾尔肯·艾麦提

主　编：阿迪力·穆罕默德

# كىرىش سۆز

قەشقەر ئاسىيا ـ ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا، ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمالىغا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان. قەشقەر ۋىلايىتىگە 12 ناھىيە (شەھەر) تەۋە بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇرلار ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان، كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 137 مىڭ 600 كىۋادرات كىلومېتىر، نوپۇسى 3 مىليون 690 مىڭدىن كۆپرەك.

قەشقەر قەدىمدىن تارتىپ ئېلىمىزنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونى بىلەن ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالاقىسى قىلىپ كەلگەن. غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ شىنجۆ 2 ـ يىلى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 60 ـ يىلى) خەن سۇلالىسى شىنجاڭدا غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلغاندىن كېيىن، قەشقەر رايونى غەربىي يۇرتنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە ۋەتىنىمىزنىڭ خەرىتىسىگە رەسمىي كىرگۈزۈلگەن. 15 ـ ئەسىردە دېڭىز يولى ئېچىلىشتىن ئىلگىرى قەشقەر ئىزچىل تۈردە قەدىمىي «يىپەك يولى» دىكى قاتناش تۈگۈنى سۈپىتىدە شەرق بىلەن غەربنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا مۇھىم رول ئوينىغانىدى.

قەشقەر ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمىي كىلاسسىك مەدەنىيەت ـ سەنئىتىنىڭ بۆشۈكى. قەشقەردە بارلىققا كەلگەن «سۇلى نەغمىلىرى» ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقىلىپ، ئېلىمىزنىڭ نەغمە ۋە ئۇسسۇلىنىڭ تەرەققىياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن؛ «قۇتادغۇبىلىك»، «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «تارىخى رەشىدىي»، «ئون ئىككى مۇقام» قاتارلىق ئۆلمەس مەدەنىيەت ـ سەنئەت جەۋھەرلىرى دۇنياغا مەشھۇر بولۇپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىنى بېيىتقانىدى. قەشقەرنىڭ شارائىتى ئەۋزەل، بايلىقى مول، ئۆزگىچە يەرلىك مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە «مېۋە ـ چېۋە ماكانى» ۋە «ناخشا ـ ئۇسسۇل

ماكانى» دېگەن ئېسىل نامى بار. قەشقەر ئۆزىنىڭ مول ۋە كۆپ قاتلاملىق، يەرلىك ۋە قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە تارىخى، مەدەنىيەت ئاساسى بىلەن شىنجاڭنىڭ ئىخچام كۆرۈنۈشىگە سىمۋول بولۇپ قالغانىدى. «قەشقەرگە بارمىسىڭىز شىنجاڭغا بارغان بولمايسىز» دېگەن سۆز دەل مۇشۇ ئاساستا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، بۇ سۆز قەشقەرنى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ساياھەتچىلەر تەلپۈنىدىغان سىرلىق بىر جايغا ئايلاندۇرغانىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن مەركەز ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەلقى جاپاغا چىداپ ئىگىلىك يارىتىپ، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، پۇختا ۋە ساغلام بولغان، ھاياتىي كۈچكە تولغان سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيلىك ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى بەرپا قىلدى، بولۇپمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن 30 يىلدىن بۇيان قەشقەرنىڭ قىياپىتىدە مەملىكىتىمىز ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ باشقا جايلىرىغا ئوخشاشلا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. ھازىر قەشقەر مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ ۋىلايەت دەرىجىلىك تاۋار پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىسىغا ئايلاندى؛ ئاشلىق جەھەتتە ئۆزىنى تەمىنلەپ ئېشىنىدىغان بولدى؛ نېفىت، توقۇمىچىلىق، ئېلېكتىر، خىمىيە سانائىتى، كۆمۈر، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ۋە يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەشنى ئاساس قىلىدىغان سانائەت سىستېمىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى؛ مول ۋە رەڭدار ساياھەت بايلىقى، چاقناپ تۇرىدىغان پارلاق تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، ھەيۋەتلىك تەبىئىي مەنزىرىلەر ۋە ئۆزگىچىلىككە ئىگە مىللىي ئۆرپ-ئادەتلىرى قەشقەرنى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا تونۇتۇپ، ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان قايناق زېمىنغا ئايلاندۇردى؛ قەشقەردە سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋەزىيەت مۇقىم، ئىقتىساد راۋاجلانغان، مىللەتلەر ئىتتىپاق، چېگرا مۇداپىئەسى مۇستەھكەم بولغان، ئىشىك سىرتقا يەنىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىلگەن، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى ئۆزلۈكسىز يۇقىرى

كۆتۈرۈلگەن ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. دۆلەتنىڭ غەربىنى كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشى قەشقەرنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن مىسلىسىز ياخشى تارىخىي پۇرسەت ئېلىپ كەلدى. مەن قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، جۇغراپىيەلىك ئەۋزەللىك بىلەن بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇپ، قەشقەردە كەڭ ئېچىۋېتىش، كەڭ تەرەققىي قىلدۇرۇشتەك يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق تىرىشىشى ۋە جاپالىق ئەمگىكى ئارقىلىق قەشقەردىن ئىبارەت «يىپەك يولىدىكى مەرۋايىت» نى تېخىمۇ جۇلالاندۇرىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىمەن.

«قەشقەر» مەجمۇئەسى قەشقەرنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ يەنە بىر مول مېۋىسى بولۇپ، بۇ مەجمۇئەدە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق، دىيالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەردە چىڭ تۇرۇش ئاساسىدا قەشقەرنىڭ تەبىئىي جۇغراپىيەسى، ھەرقايسى دەۋرلەردىكى تارىخى، مەدەنىيەت - سەنئىتى، سىياسىي - ئىقتىسادى ۋە ئىجتىمائىيىتى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەھۋاللار ئوبيېكتىپ ۋە چىنلىق بىلەن بايان قىلىنغان، بولۇپمۇ بۇ مەجمۇئەدە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيان، قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەركەز ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە قەلبداش، ھەمنەپەس، تەقدىرداش بولۇپ، قولنى قولغا تۇتۇشۇپ سوتسىيالىستىك يېڭى قەشقەر قۇرۇپ چىققانلىقىدەك شانلىق تارىخى نۇقتىلىق بايان قىلىنغان. بۇ مەجمۇئەنىڭ مەزمۇنى مول، ماتېرىياللىرى ئەينەن، سان - سىپىرلار توغرا بولۇپ، ئۇ قەشقەرنىڭ يەرلىك ئەھۋالىنى سىستېمىلىق ۋە ئومۇمىيۈزلۈك ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان، قەشقەرنى چۈشىنىش ۋە قەشقەرنى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا تونۇشتۇرۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان، بىرقەدەر يۇقىرى ئىلمىي ۋە پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە «قامۇس» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مەن كۆپچىلىكنىڭ، بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ قەشقەرنىڭ يەرلىك تەزكىرە — قامۇسى ھېسابلانغان بۇ مەجمۇئەنى

ئوقۇپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ۋە ئىلھام ئېلىپ، شۇ ئارقىلىق يەرلىك تەزكىرىنىڭ «ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە ياردەم بېرىش، تارىخنى ساقلاش، خەلقنى تەربىيەلەش» تىن ئىبارەت ئىجتىمائىي رولىنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇپ، ئۇنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمەن.



2009- يىلى 1- يانۋار، بېيجىڭ

(مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)

# نەشرىياتتىن

«‹يىپەك يولى› دىكى مەرۋايىت» دەپ نام ئالغان قەشقەرنىڭ تارىخى ئۇزاق، مەدەنىيىتى مول ھەم رەڭگارەڭ بولۇپ، ئۆزگىچە يەرلىك ئالاھىدىلىكى بىلەن داڭ چىقارغان. قەشقەر بوستانلىقى بولسا ئۇيغۇر مەدەنىيەت بۆشۈكلىرىنىڭ بىرى ھەم ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخي تەرەققىيات جەريانىدا قەدىمكى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئۈزۈلكسىز جۇغلانغان، ئىزچىللاشقان ۋە يېڭىلىق يارىتىپ، تەرەققىي قىلىپ كەلگەن جاي.

قەشقەرنىڭ تارىخ ـ مەدەنىيىتىنى سىستېمىلىق، تولۇق تونۇشتۇرۇش نۇۋەتتە شىنجاڭ ئاخبارات ـ نەشرىياتچىلىق ساھەسىدىكى مۇھىم، تەخىرسىز خىزمەت بولۇپ، نەشرىياتىمىز نەشر قىلىۋاتقان «قەشقەر» مەجمۇئەسى مۇشۇ ساھەدىكى بوشلۇقنى تولدۇرىدىغان، قەشقەرنىڭ قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىكى ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلىدىغان مەجمۇئە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«قەشقەر» مەجمۇئەسى جەمئىي 30 كىتاب بولۇپ، ئۇ قەشقەرنىڭ تارىخى، جۇغراپىيەسى، مەدەنىيىتى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، ئارخېئولوگىيەسى، ئېكسپېدىتسىيەسى، قەدىمكى ئەسەرلىرى، ماشارىپى، سەنئىتى، فولكلور مەدەنىيىتى، مىللەتلەر، دىن، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى، قاتنىشى، ساياھەتچىلىكى، يەر ناملىرى، ئاخبارات ـ نەشرىياتچىلىقى، تەبىئىي جۇغراپىيەسى، كىلاسسىك ئەدەبىياتى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، ئەدىبلىرى، ئۇيغۇر دولان مەدەنىيىتى، قول ھۈنەرۋەنچىلىكى، مەشھۇر شەخسلەر، چوڭ ئىشلار خاتىرىسى، ئىلىمىز مەنبەلىرىدىكى قەشقەر ۋە چەت ئەللىكلەر نەزەرىدىكى قەشقەر قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پۈتۈن مەجمۇئەدىن قەشقەرنىڭ ئۆتمۈشى، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى غايەت زور ئۆزگىرىشلەر، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش جەريانىدا قولغا كەلگەن نەتىجىلەر ۋە قەشقەرنىڭ كەلگۈسىنى

كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

«قەشقەر» مەجمۇئەسى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىسمائىل تىلىۋالدىنىڭ غەمخورلۇقى ۋە پىلانلىشى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى باشلىقلىرىنىڭ بىۋاسىتە يېتەكچىلىك قىلىشى ۋە ئۇيۇشتۇرۇشى، بىر تۈركۈم ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشى ئارقىسىدا ۋۇجۇدقا چىققان ئەل رايى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بولۇپ، ئۇ قەشقەرنى دۆلەت ئىچى - سىرتىغا تەشۋىق قىلىدىغان، قەشقەرنى چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان، «شىنجاڭ كىتاب خەزىنىسى»دىكى نۇقتىلىق تۈردۇر.

بىز بۇ مەجمۇئەنىڭ نەشر قىلىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن «قەشقەر» مەجمۇئەسىنى تۈزۈش ھەيئىتىدىكى رەھبەرلەرگە، ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرگە ۋە ئاپتورلارغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمىز.

2009 - يىلى 1 - ماي، قەشقەر

# ئاپتوردىن

قەشقەر ئاسىيا ـ ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ مەركىزىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، قەدىمكى «يىپەك يولى» دىكى مۇھىم ئۆتكەل ھېسابلىنىدۇ. ئۇ يىراق قەدىمكى زاماندىن تارتىپ غەرب بىلەن شەرق ئوتتۇرىسىدا ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش جەھەتتە كۆۋرۈكلۈك رول ئويناپ كەلگەن. قەدىمكى زاماندىكى شىنجاڭدا قەدىمكى خۇاڭخې دەريا ۋادىسى مەدەنىيىتى، ھىندى دەريا ۋادىسى مەدەنىيىتى، پارس مەدەنىيىتى، ئىككى دەريا ۋادىسى مەدەنىيىتى ۋە يۇنان مەدەنىيىتى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇلغان ۋە ئالاقە ئورناتقان، بولۇپمۇ خەن سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، يىپەك يولىنىڭ ئېچىلىشىغا ئەگىشىپ، قەشقەر دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ مەدەنىيەت جەم بولغان جايغا ئايلىنىپ، غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى ئاجايىپ رەڭدارلىققا ئىگە بولغانىدى.

قەشقەرنىڭ تارىخى ئۇزاق، بۇنىڭدىن 10 مىڭ يىللار ئىلگىرى يەنى كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە قەشقەردە ئىنسانلار پائالىيەت ئېلىپ بارغان. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردە قەشقەردە كۆپ مىللەت ئولتۇراقلاشقان ھەم شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش تۈگۈنى بولۇپ، شەرق ـ غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئالماشتۇرۇلۇشىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان. مانا مۇشۇ مەزگىللەردە قەشقەردىكى ئەمگەكچان خەلقلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى ئارقىلىق، كۆپ قىرلىق شانلىق يەرلىك مەدەنىيەت يارىتىپ، ئېلىمىزنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىنى بېيىتقان ۋە دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان.

قەشقەردە ياشىغان قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز بىزگە قالدۇرۇپ

كەتكەن، ھازىرغىچە بايقالغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرى 600دىن ئاشىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى بەش، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى 31 بولۇپ، قالغانلىرى ناھىيە (شەھەر) دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى، بۇلار قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ھەممە جايلىرىغا تارقالغان ھەم ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا مىراس بولۇپ بىزگە يېتىپ كەلگەن.

19- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى، 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قەشقەردە ئېلىپ بېرىلغان جۇڭگو ۋە چەت ئەل سەيياھ، ئارخېئولوگلىرىنىڭ قىدىرىپ تەكشۈرۈشى، بولۇپمۇ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقى، ئارخېئولوگىيە، مۇزېي خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلۈشى، قوللىشى ئارقىسىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش، قېزىش، قۇتقۇزۇش خىزمىتىنىڭ كەڭ قانات يېيىشى تۈرتكىسىدە، قەشقەرنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق - ئارخېئولوگىيە خىزمىتىدە غايەت زور نەتىجىلەر قولغا كېلىپ، نەچچە مىڭ يىلدىن بېرى ئۇيقۇ ھالىتىدە تۇرغان جۇڭگو ۋە چەت ئەل سەيياھلىرىنىڭ ئۇچۇرلىرى ئارقىلىق دەسلەپكى سىرلىق چۈمپەردىسى ئېچىلغان قەشقەر رايونىدا ئاجايىپ بىر مەنزىرە — دۇنيا خەلقىنى ھەيران قالدۇرىدىغان شانلىق بىر مەدەنىيەت نامايان بولدى. ئارقا - ئارقىدىن تېپىلغان كونا - يېڭى تاش قورال مەدەنىيەت ئىزلىرى، بىرونزا، تۆمۈر قورال ئىز - خارابىلىرى، قىيا تاش رەسىملىرى، قەدىمكى ئىز - خارابىلەر، قەدىمكى قەبرىستانلىق، قەدىمكى شەھەر، مىڭئۆي ...... قاتارلىقلار ۋە بۇلاردىن قېزىۋېلىنغان ئېسىل مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇملىرى ئۆزلىرىنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكى، سەنئەت ئۇسلۇبى، تۈرلىرىنىڭ كۆپلىكى بىلەن قەشقەرنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىنىڭ يارقىن كۆرۈنۈشىنى كۆرسىتىپ بەردى. قەشقەر مەدەنىيەت يادىكارلىق - ئارخېئولوگىيە ساھەسى تېخى ئېچىلمىغان بىر بوز يەر، قەشقەرنىڭ

ئارخېئولوگىيەلىك مەدەنىيىتى قەشقەرنىڭ قەدىمكى تارىخ - مەدەنىيىتىنى يورۇتۇپ بېرىشتە كەم بولسا بولمايدىغان بىرىنچى قول ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، قەشقەرنىڭ ئارخېئولوگىيەلىك مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنىڭ تارىخ - مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئىلمىي قىممىتىنى نامايان قىلىش ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

بۇ كىتابقا قەشقەرنىڭ تەبىئىي مۇھىتى، ئارخېئولوگىيەسى، تارىختىن ئاۋۋالقى دەۋر ئارخېئولوگىيەسى، بۇددىزم دەۋر ئارخېئولوگىيەسى، ئىسلامىيەت دەۋر ئارخېئولوگىيەسى قاتارلىق مەزمۇنلار كىرگۈزۈلدى ۋە قەشقەر ئارخېئولوگىيەسىدىكى چوڭ ئىشلار خاتىرىسى قوشۇمچە قىلىندى. بۇ كىتابتىكى مەزمۇنلار ئىلمىي قىممىتىنىڭ يۇقىرىلىقى ۋە مەزمۇنىنىڭ موللۇقى بىلەن ئەۋلادلارنىڭ ئەجدادلارنىڭ ئېسىل مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىش، مىللىي روھ ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ئۇرغۇتۇش، يېتىلدۈرۈش، ئەڭ مۇھىمى، پۈتكۈل جەمئىيەت ۋە كەڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەرگە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسى ئېلىپ بېرىش جەھەتلەردە ئۆزگىچە رول ئوينايدۇ.

2012- يىلى 19- فېۋرال، ئۈرۈمچى

# مۇندەرىجە


بىرىنچى باب قەشقەرنىڭ تەبىئىي مۇھىتى.................. 1

ئىككىنچى باب قەشقەر ئارخېئولوگىيەسى ھەققىدە بايان.......... 6

ئۈچىنچى باب قەشقەرنىڭ تارىختىن ئاۋۋالقى دەۋرى ئارخېئولوگىيەسى...... 37

1. قەشقەرنىڭ تاش قورال دەۋرى ئارخېئولوگىيەسى......... 39

1. قەشقەرنىڭ كونا تاش قورال دەۋرى ئارخېئولوگىيەسى 40

2. قەشقەرنىڭ يېڭى تاش قورال دەۋرى ئارخېئولوگىيەسى 49

2. قەشقەرنىڭ بىرونزا (مىس) قورال دەۋرى ئارخېئولوگىيەسى 65

3. قەشقەرنىڭ دەسلەپكى تۆمۈر قورال دەۋرى ئارخېئولوگىيەسى 81

تۆتىنچى باب قەشقەرنىڭ بۇددىزم دەۋرى ئارخېئولوگىيەسى........... 96

1. قەشقەرنىڭ بۇددىزم دەۋرى ئارخېئولوگىيەسى ھەققىدە بايان........................... 100

2. قەشقەرنىڭ بۇددىزم دەۋرىدىكى ئىز - خارابىلەرنى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش.................. 127

3. قەشقەرنىڭ بۇددىزم دەۋرىدىكى ۋەسىقە ۋە يازما يادىكارلىقلارنى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش........... 154

بەشىنچى باب قەشقەرنىڭ ئىسلامىيەت دەۋرى ئارخېئولوگىيەسى.......... 174

1. قەشقەرنىڭ ئىسلامىيەت دەۋرى ئارخېئولوگىيەسى ھەققىدە بايان........................... 178

2. قەشقەرنىڭ ئىسلامىيەت دەۋرىدىكى قۇرۇلۇشلارنى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش.................. 182

1. قەشقەرنىڭ ئىسلامىيەت دەۋرىدىكى قۇرۇلۇشلارنى
ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش........................ 182
سۇتۇق بۇغراخان مازىرى............................ 184
مەھمۇد كاشغەرىي مازىرى.......................... 195
يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرى........................ 199
قەشقەر ھېيتگاھ جامەسى.......................... 212
ئاپاق خوجا مازىرى.................................. 221
2. قەشقەرنىڭ ئۇيغۇر ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتى.......... 237
3. قەشقەرنىڭ ئىسلامىيەت دەۋرىدىكى پۇللارنى
ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش........................ 259
4. قەشقەرنىڭ ئىسلامىيەت دەۋرىدىكى قەدىمكى ۋەسىقە ۋە
يازما يادىكارلىقلارنى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش........ 290
1. يەكەندىن تېپىلغان يازما يادىكارلىقلار.................. 290
2. بارچۇقتىن تېپىلغان يازما يادىكارلىقلار................ 309
قوشۇمچە: قەشقەر ئارخېئولوگىيەسىدىكى چوڭ ئىشلار خاتىرىسى... 326

## بىرىنچى باب

# قەشقەرنىڭ تەبىئىي مۇھىتى

قەشقەر ۋىلايىتى ئاسىيا - ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا، ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمال چېگراسىغا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان، جۇغراپىيەلىك ئورنى شىمالىي پاراللېل 35°20′ — 40°18′ قىچە، شەرقىي مېرىدىيان 73°20′ — 79°57′ قىچە بولغان ئارىلىقتا. شەرق تەرىپى تەكلىماكان قۇملۇقىغا، شەرقىي شىمال تەرىپى ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ كەلپىن، ئاۋات ناھىيەلىرىگە، غەرب ۋە شىمال تەرىپى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئاتۇش شەھىرى ۋە ئۇلۇغچات، ئاقتۇ ناھىيەلىرىگە، شەرقىي جەنۇب تەرىپى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ گۇما ناھىيەسىگە تۇتىشىدۇ. غەربىي جەنۇبتا تاجىكىستان، ئافغانىستان، پاكىستان (پاكىستان كونتروللۇقىدىكى كەشمىر) بىلەن چېگرالىنىدۇ. دۆلەت چېگراسىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 888.55 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئەتراپىدا قوشنا دۆلەتلەردىن قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان، قازاقىستان، ھىندىستان قاتارلىقلار بار. ۋىلايەتنىڭ يەر كۆلىمى 162 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى تەخمىنەن 375 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 525 كىلومېتىر كېلىدۇ. قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1990 - يىلىدىكى ئومۇمىي ئاھالىسى 2 مىليون 854 مىڭ 553 بولۇپ، ئاھالىنىڭ زىچلىقى ھەر كىۋادرات كىلومېتىرغا 17.62 دىن ئادەم توغرا كېلىدۇ. قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 2010 - يىلىدىكى ئومۇمىي ئاھالىسى 3 مىليون 872 مىڭ 829، ئاھالىنىڭ زىچلىقى ھەر كىۋادرات كىلومېتىرغا 23.91 دىن ئادەم توغرا كېلىدۇ. قەشقەر شەھىرى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ سىياسىي،

ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزى، شۇنداقلا شىنجاڭدىكى «جۇڭگونىڭ مەشھۇر تارىخىي مەدەنىيەت شەھىرى» قاتارىغا كىرگەن بىردىنبىر شەھەر.

قەشقەر ۋىلايىتى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي ئۇچىدا بولۇپ، ئۈچ تەرىپىنى تاغ ئوراپ تۇرىدۇ، بىر تەرىپى ئوچۇق ۋە ئۆزگىچە يەر تۈزۈلۈش شارائىتىغا ئىگە. شىمال تەرىپىدە جەنۇبىي تەڭرىتاغ تىزمىسى توغرىسىغا ياتىدۇ، غەرب تەرىپىدە پامىر ئېگىزلىكى قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، جەنۇبىي قىسمىدا شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان قاراقۇرۇم تېغى، قۇرۇمتاغ تىزمىسى بار، شەرقىي قىسمى پايانسىز كەتكەن تەكلىماكان قۇملۇقىدىن ئىبارەت، يەكەن دەرياسى بىلەن قەشقەر دەرياسى ۋادىسىدىكى تۈزلەڭ بوستانلىق ئىككى دەريا ئارىسىغا يېشىل ياقۇتتەك قىسىلىپ تۇرىدۇ. گېئولوگىيەلىك قۇرۇلمىسى تارىم پىلاتفورمىسى ۋە تەڭرىتاغ، شىمالىي قۇرۇمتاغ گېئوسىنكلىناللىق پۈرۈلمە بەلبېغىنى ئاساس قىلغان تېكتونىكىلىق بىرلىكلەردىن تەركىب تاپقان. بۇ بوستانلىقنىڭ ئەتراپىنى تاغلار ئوراپ تۇرغانلىقى، ئىچكى قۇرۇقلۇققا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ھىندى ئوكيانىنىڭ نەم ھاۋاسى يېتىپ كېلەلمەيدۇ، شىمالىي مۇز ئوكيانىنىڭ سوغۇق ھاۋاسىمۇ بىرقەدەر تەستە يېتىپ كېلىدۇ، بۇ ھال قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق، مۆتىدىل كىلىماتىنى شەكىللەندۈرگەن، تاغلىق رايوننىڭ سۇلىرى يىغىلىپ، تۈزلەڭ بوستانلىقنىڭ شەكىللىنىشى ئۈچۈن شارائىت ياراتقان.

قەشقەر رايونىنىڭ پۈتكۈل يەر شەكلى غەربىي جەنۇبتىن شەرقىي شىمال تەرەپكە قاراپ قىيسايغان ھەم سەل - پەل ئېگىز - پەس. غەربىي جەنۇب قىسمى پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى تاغلىق رايونغا تەۋە بولۇپ، يەر تۈزۈلۈشى ئېگىز ھەم خەتەرلىك، بۇ يەردىن تۆۋەنگە قاراپ كەتكەن قىسمى ئېدىرلىق بەلباغ بولۇپ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ ياقىسىنى ئوراپ تۇرىدۇ؛ ئويمانلىقنىڭ مەركىزىي قىسمى كەلكۈن ۋە لاتقا تىنمىسىدىن ھاسىل بولغان يەلپۈگۈچسىمان تۈزلەڭلىك بولۇپ، چوڭ - كىچىك «بوستانلىق»لار جايلاشقان. بۇ، ۋىلايەت تەۋەسىدىكى ئاھالىلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئاساسلىق رايون،

ئويمانلىقنىڭ ئوتتۇرا قىسمى قۇملۇق بىلەن قاپلانغان بولۇپ، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىي چېتىگە تەۋە. ۋىلايەت تەۋەسىدىكى ئەڭ ئېگىز جاي چوگىر چوققىسى بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 8611 مېتىر كېلىدۇ، ئۇ دۇنيا بويىچە 2- ئېگىز چوققا ھېسابلىنىدۇ، دېڭىز يۈزىدىن ئەڭ تۆۋەن جاي مارالبېشى ناھىيەسىنىڭ شەرق تەرىپى بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1071 مېتىر كېلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە قەشقەر شەھەر رايونىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 1289 مېتىر كېلىدۇ، ئېگىز تاغلىق رايوننىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 4000 مېتىردىن ئاشىدۇ.

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ كىلىماتى تىپىك مۆتىدىل بەلباغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ، بۇ يەردە پەسىللەر ئېنىق ئايرىلىدۇ، كۈن نۇرى يېتەرلىك، ھۆل - يېغىن مىقدارى ئاز، پارلىنىش مىقدارى چوڭ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 11.7℃ بولىدۇ، ۋىلايەت بويىچە 5 مىليون 891 مىڭ 200 مو تېرىلغۇ يەر، ئۆزلەشتۈرۈشكە بولىدىغان 20 مىليون مو يەر بار، ئوتلاق كۆلىمى 51 مىليون 167 مىڭ 900 مو، ئورمان كۆلىمى 4 مىليون 552 مىڭ 800 مو كېلىدۇ، ئالاھىدە مول كۈن نۇرى ئىسسىقلىق بايلىقىغا ئىگە، كۈن نۇرىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە چۈشۈش ۋاقتى 2740 سائەت، يىللىق يورۇتۇش نىسبىتى 63% ئەتراپىدا، ئوتتۇرىچە ئومۇمىي رادىياتسىيەسى 139 كىلوكالورىيە / كىۋادرات سانتىمېتىر، يىللىق يىغىندى تېمپېراتۇرىسى 4500℃دىن ئاشىدۇ. يەنە بىرقەدەر مول سۇ بايلىقىمۇ بار، ۋىلايەت تەۋەسىدە ئاساسلىق دەريا - ئېقىندىن 10ى بار، يەر ئۈستى سۈيىنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيانقى ئوتتۇرىچە سىرغىم مىقدارى 12 مىليارد 123 مىليون كۇب مېتىر، تۈزلەڭ رايونلارنىڭ پايدىلىنىشقا بولىدىغان يەر ئاستى سۇ مىقدارى 4 مىليارد 460 مىليون كۇب مېتىر كېلىدۇ.

ئاز تېپىلىدىغان ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن يىلپىز، ياۋا ئات، بۇغا، تۈلكە، ئارقار، ئۇلار قاتارلىقلار بار؛ ياۋا ئۆسۈملۈكلەردىن چۇچۇكبۇيا، لوپنۇر كەندىرى، جىغان قاتارلىقلار بار، كۆلىمى 30 مىليون موغا يېتىدۇ، بۇلار كەڭ ئېچىش، پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە. قىزىلما

بايلىقلاردىن ئالتۇن، مىس، ئاليومىن، سىنىك، نىكېل، بېرىللىي، تىتان، خىرۇستال، چېرىمتال، قاشتاش، نېفىت قاتارلىق 30 نەچچە خىلى بار، بولۇپمۇ نېفىتنىڭ زاپىسى مول، سۈپىتى ياخشى بولۇپ، ئېچىش ئىستىقبالى ئىنتايىن كەڭ. ئالتۇن، قاشتاش قاتارلىق قېزىلما بايلىقلىرىنى ئېچىش ئىستىقبالىمۇ ناھايىتى يۇقىرى.

ئاشلىق زىرائەتلىرىدىن ئاساسلىقى بۇغداي، كۆممىقوناق، شال قاتارلىقلار بار. چارۋىچىلىقتا داڭلىق سورتلاردىن مەكىت دولان چوڭ قۇيرۇقلۇق قويى، تاشقورغاننىڭ داڭباش چوڭ قۇيرۇقلۇق قويى قاتارلىقلار بار. ۋىلايەتنىڭ «مېۋە ـ چېۋە ماكانى» دېگەن چىرايلىق نامى بار، مېۋە ـ چېۋىلەرنىڭ سورتى كۆپ، قەنت مىقدارى يۇقىرى، ئۆستۈرۈش كۆلىمى زور، تاۋارلاشتۇرۇپ چىقىرىش نىسبىتى ئۇستۇن بولۇپ، تۇجۇپىلەپ ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىي كۈچى يېتەرلىك. دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدا داڭلىق سورتلاردىن تاتلىقلىقىدىن تىلنى يارىدىغان پەيزاۋات قوغۇنى، «مېۋە ـ چېۋە خانىشى» دەپ نام ئالغان ئەنجۈر، «مېۋىلەرنىڭ ئېسىلى» بادام ھەمدە ئۆزگىچە تەمگە ئىگە ئانار، ياڭاق، گىلاس، پىستە، ئۈزۈم قاتارلىقلار بار.

قەشقەر ۋىلايىتى تەۋەسىدە غەربىي رايونغا خاس چۆللۈك، بوستانلىق ۋە مۇزلۇق چوققا، قارلىق چوققا قاتارلىق ئالاھىدە تەبىئىي مەنزىرىلەر بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەر يەنە مول تارىخ، مەدەنىيەت جۇغلانمىلىرى مۇجەسسەملەشكەن ھەم ئۆزگىچە قويۇق يەرلىك مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان ئورۇپ ـ ئادەتلىرى بىلەن ساياھەتچىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتە تېپىلغۇسىز ئەۋزەل شارائىتلارغا ئىگە. «قەشقەرگە بارمىسىڭىز، شىنجاڭغا بارغان بولمايسىز» دېگەن گەپ شۇنىڭدىن كەلگەن. بۇ يەردە پايانسىز كەتكەن تەكلىماكان قۇملۇقى، دۇنيا بويىچە 2 ـ ئېگىز چوققا ـــ چوگىر چوققىسى بار؛ «مۇزتاغ ئاتا» دەپ ئاتالغان مۇزتاغ چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 7546 مېتىر ئېگىز بولۇپ، باشقا چوققىلار بىلەن قاتمۇقات تاغلار ئارىسىدا قەد كۆتۈرۈپ، بوي تالىشىپ تۇرىدۇ، قوڭۇر چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 7719 مېتىر ئېگىز بولۇپ، تىك ھەم ھەيۋەتلىكلىكى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر. قوڭۇر

چوققىسىنىڭ ھەمشىرىسى بولغان قوڭغۇر توققۇز پەللىسى چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 7595 مېتىر ئېگىز بولۇپ، يىل بويى قار بىلەن قاپلىنىپ، ناھايىتى گۈزەل ھەم ھەيۋەتلىك كۆرۈنىدۇ؛ خانتاجى چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 7295 مېتىر ئېگىز بولۇپ، ئۈستى خەتەرلىك بولغاچقا ھازىرغىچە ئادەم چىقىپ باقمىدى. ئۇزۇنلۇقى 40 كىلومېتىر كېلىدىغان سوگەت مۇزلۇقى جۇڭگو بويىچە 1 - چوڭ مۇزلۇق ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇ ئاجايىپ قار - مۇزلۇق چوققىلار دۇنيادىكى ئالپىنىستلارنىڭ ھەۋىسىنى قوزغايدۇ. يەنە ئېگىزلىكتە كۆزنى قاماشتۇرۇپ يالتىراپ تۇرىدىغان قاراكۆل، ئېگىزلىكتىكى تىمتاس ئارىشاڭ — تاغارما ئارىشىڭى، باراقسان ئۆسكەن ئويتاغ ئىپتىدائىي ئورمانلىقى بار.

ئىككىنچى باب

# قەشقەر ئارخېئولوگىيەسى ھەققىدە بايان

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا زور تۈركۈمدىكى غەربلىك تەۋەككۈلچىلەر ئۇزاق ۋاقىت بېكىنمە ھالەتتە دۇنيادىن خالىي قالغان مەركىزىي ئاسىيا رايونىغا، جۈملىدىن تارىم ۋادىسىغا زور قىزىقىش ئىچىدە نەزەرىنى تىكتى. ياۋروپادا «يىپەك يولى» ئېكسپېدىتسىيە قىزغىنلىقىنىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، يىراق قەدىمىي دەۋرلەردە بارلىققا كېلىپ، كېيىن قۇم ئاستىغا غەرق بولغان قەدىمىي مەدەنىيەت ئىزلىرىنى ۋە ئۇنىڭ پۈتكۈل ياۋرو ـ ئاسىيا مەدەنىيىتى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولغان سىرلىرىنى ئىزدەش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. مانا مۇشۇنداق بىر تارىخىي شارائىتتا تەۋەككۈلچىلىك روھىغا باي بىر تۈركۈم ياۋروپالىق ئېكسپېدىتسىيەچىلەر تاغ ـ داۋانلار ئېشىپ، ئارقا ـ ئارقىدىن تارىم ئويمانلىقىنىڭ سىرلىق قوۋۇقىنى چېكىشكە باشلىدى.

19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، بەزى ياۋروپا دۆلەتلىرىدىكى ئېكسپېدىتسىيەچىلەر مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمال رايونلىرىدا بىرقاتار تەكشۈرۈش پائالىيەتلىرى ئېلىپ باردى ھەمدە دۇنيادا ئاز ئۇچرايدىغان قەدىمكى ئېسىل بايلىقلارنى ئېلىپ كەتتى. بۇ دۇنيا ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. بۇ جەھەتتىكى تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات ئىشلىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن 1899 ـ يىلى رىمدا ئېچىلغان 12 ـ قېتىملىق خەلقئارا شەرقشۇناسلىق يىغىنىدا، مەركىزىي ئاسىيانى تەكشۈرۈش خەلقئارا تەشكىلاتى تەشكىل قىلىش قارار قىلىندى. 1902 ـ يىلى هامبۇرگدا يەنە 13 ـ قېتىملىق خەلقئارا شەرقشۇناسلىق يىغىنى ئېچىلىپ، يىغىندا «مەركىزىي ئاسىيا ۋە يىراق شەرق تارىخى،

ئارخېئولوگىيەسى، تىلى ۋە ئۆرپ - ئادىتىنى تەتقىق قىلىش ئىلمىي جەمئىيىتى» تەشكىل قىلىندى. بۇ ئىككى قېتىملىق يىغىندا بىرمۇنچە دۆلەتلەرنىڭ ئالىملىرى مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمالىغا مۇناسىۋەتلىك ئوتتۇرا ئاسىيانى تەكشۈرۈش تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن جۇڭگونىڭ غەربىي شىمال رايونلىرى دۇنيا شەرقشۇناسلىرى ۋە ئېكسپېدىتسىيەچىلىرى تېخىمۇ كۆز تىكىدىغان يەرگە ئايلاندى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ھەرقايسى دۆلەتلەر تەشكىل قىلغان ئېكسپېدىتسىيەچىلەر، قىدىرىپ تەكشۈرۈش ئۆمەكلىرى مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمالىغا ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇردى.

دەرۋەقە، ياۋروپالىق ئېكسپېدىتسىيەچىلەر 19- ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ تارىم قۇۋۇقىنى چېكىشتىن ئىلگىرى، ھەيۋەتلىك تاغ تىزمىلىرىنىڭ قورشاۋى ئىچىدە بېكىنىپ ياتقان بۇ خىلۋەت ماكان چەت ئەللىكلەر ئۈچۈن ئاياغ بېسىش ئىنتايىن قىيىن بولغان بېكىنمە ھالەتتىكى بىر رايون ئىدى. تارىم ئويمانلىقىدا يارىتىلغان پارلاق قەدىمىي زامان مەدەنىيىتى كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەردىن بۇيان «يىپەك يولى»نىڭ خارابلىشىشى بىلەن ئاستا - ئاستا قۇم دېڭىزىغا غەرق بولغانىدى. ئەينى دەۋرلەردە ياۋرو - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ رەڭگارەڭ مەدەنىيەتلىرىگە كەڭ قۇچاق ئاچقان بۇ سېخىي زېمىننىڭ قاينام - تاشقىنلىققا تولغان ئاۋات مەنزىرىسىمۇ تارىخنىڭ چاڭ - توزانلىرىغا كۆمۈلۈپ كەتكەنىدى.

قەدىمدىن تارتىپ قەشقەر ئۆزىنىڭ مۇھىم جۇغراپىيەلىك ئورنى، مول ۋە رەڭگارەڭ مەدەنىيەت جۇغلانمىسى، تەرەققىي تاپقان سودا ۋە ئىقتىسادى ئارقىلىق «يىپەك يولى» نىڭ شەرقى ۋە غەربىدىكى ئەللەرگە ئاجايىپ سىرلىق بىلىنگەن ھەمدە ئۇلارنىڭ قىزىقىش نۇقتىسىغا ئايلانغانىدى. شۇنىڭ بىلەن قەشقەر «قەدىمدىن ھازىرغىچە، جۇڭگودىن چەت ئەللەرگىچە» ئاجايىپ جەلپكار ماكان سۈپىتىدە تونۇلغانىدى. «يىپەك يولى»نىڭ گۈللىنىشى ئارقىسىدا قەشقەر شەرقتىن غەربكە، غەربتىن شەرققە ئۆتۈشۈپ تۇرغان تۈرلۈك مۇددىئا - مەقسەتتىكى ھەر خىل كىشىلەرنىڭ ئۈزۈلمەي «ئېكسپېدىتسىيە»

قىلىدىغان جايىغا ئايلانغانىدى.

«يىپەك يولى» دىكى «ئەزىزانە قەشقەر» يىقىنقى زامان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكى بولۇش سۈپىتى بىلەن، تارىم ئويمانلىقىنىڭ يېقىنقى بەش ئەسىردىن بۇيانقى ئىجتىمائىي غېرىبلىقى ۋە جۇغراپىيەلىك يېكىنمىلىكىدىن مۇستەسنا بولالمىغانىدى. غەربتىكى ھەرقايسى ئەللەردىن كەلگەن «ئەجنەبىي تەۋەككۇلچىلەر» نىڭ بۇ يۇرتقا ئارقا - ئارقىدىن يىتىپ كېلىشى بىلەن قەشقەرنىڭ سىرلىق چۈمپەردىسى ئېچىلىپ، دۇنيا جامائەتچىلىكى ئاسىيادىكى بۇ قەدىمىي شەھەرنى قايتىدىن ئەسكە ئېلىشقا باشلىدى. شۇنداق قىلىپ، غەربتىكى ھەرقايسى ئەللەردىن كەلگەن ئېكسپېدىتسىيەچىلەر، سەييياھلار، تەۋەككۇلچىلەر، ئارخېئولوگلار، تىلشۇناسلار، دىن تارقاتقۇچىلار، جاھانكەزدىلەر، سىياسىي كۆزەتكۈچىلەر، دىپلوماتىيە خادىملىرى، ھۆكۈمەت ئەلچىلىرى ئارقا - ئارقىدىن بۇ مۇقەددەس زىمىنغا قەدەم باستى. مانا مۇشۇنداق قاينام - تاشقىنلىققا تولغان دەۋردە قەشقەر بەزىدە چەت ئەللىك تەۋەككۇلچىلەرنىڭ تەلەي سىناش مەيدانى بولسا، بەزىدە «ئەجنەبىيلەرنىڭ شەرقتىكى جەننىتى» بولدى، يەنە بەزىدە رەقىبلەرنىڭ تىركىشىش سورۇنىغا ئايلاندى. بۇ رايون تۈرلۈك دۆلەتلەر ۋە تۈرلۈك سىياسىي مەۋقەدىكى كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە ئوخشاش بولمىغان ئەھمىيەتكە ئىگە بولدى.

قەشقەرنىڭ مانا مۇشۇ مەزگىلدىكى ئەھۋالى شىنجاڭ ئارخېئولو-گىيەسىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە باشلىنىشىغا ئاساس بولدى، شۇنداقلا مۇشۇ دەۋردىن باشلاپ قەشقەر ئارخېئولوگىيەسى بارلىققا كېلىشكە باشلىدى ھەم ئۆزىنىڭ ئوخشاشمىغان تەرەققىيات باسقۇچلىرىنى باشتىن كەچۈردى. بۇ، قەشقەرنىڭ «ئارخېئولوگىيە دەۋرى» بولۇپ، بۇ دەۋر-نىڭ ۋاقتى ئىنتايىن قىسقا بولۇپلا قالماي، بەلكى قەشقەرنىڭ «ئېكسپېدىتسىيە دەۋرى» نىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى بىلەن كىرىشىپ كەتتى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، قەشقەرنىڭ «ئېكسپېدىتسىيە دەۋرى» گە خاس بولغان بىر تۈركۈم كىشىلەر «ئارخېئولوگىيە دەۋرى» گە ئىشتىراك قىلدى ھەمدە مۇھىم رولىنى ئوينىدى. بۇ دەۋر ئالدىنقى دەۋرلەرگە

ئوخشىمىغان بىر ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئالدىنقى دەۋردە سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى مەقسەت - مۇددىئا ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلىگەن بولسا، بۇ دەۋردە بۇ ئىككى خىل مەقسەت - مۇددىئا سەل سۇسلاشتى، ئەكسىچە «مەدەنىيەت» تۈسى بىلەن بېزەلگەن سىياسىي مەقسەت - مۇددىئا ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىدى. شۇنداق قىلىپ، تارىم ۋادىسى — قەشقەر بوستانلىقىنىڭ ھەقىقىي چۆمپەردىسى مۇشۇ دەۋردە ئېچىلدى ھەمدە قەشقەردىن ئىبارەت بۇ سىرلىق زېمىن ئېلىمىز ۋە چەت ئەللەرگە ئايان بولدى.

ئېلىمىزنىڭ خەن دەۋرىدىن يېقى جۇڭگو قۇرۇلغىچە بولغان ئۇزاق مەزگىللىك تارىخى جەريانىدا، ئېلىمىز ۋە چەت ئەللىك سەيياھلار، ئېكسپېدىتسىيەچىلەر ۋە ئارخېئولوگلار بۇ يۇرتنى تەكشۈردى، تەتقىق قىلدى، شۇنداقلا قەشقەر ھەققىدە مۇھىم خاتىرىلەرنى يېزىپ قالدۇردى. ئېلىمىز سەيياھلىرى ئىگە بولغان ماتېرىياللار ئېلىمىزنىڭ «24 تارىخ» ۋە باشقا كىلاسسىك تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىغا ئايلىنىپ بېرىگە يېتىپ كەلدى؛ ياۋروپالىق سەيياھلار، ئېكسپېدىتسىيە-چىلەر ۋە ئارخېئولوگلارنىڭ قەشقەر ھەققىدىكى خاتىرىلىرى ئەڭ دەسلەپ ئىتالىيەلىك ساياھەتچى ماركوپولودىن باشلىنىپ، يېقىنقى زامانلارغا كەلگەندە چوقان ۋەلىخانوف، كوروپاتكىن، روبېرت شاۋ، سۋېن ھېدىن، ئاۋرېل ستەين، ئالبېرت فون لېكوك، مانىنېرھىم، گۇستاف رەكېت، كاتارىن ماكارتنېي، سىكرايىن، گۇننار ياررىڭ...... قاتارلىقلارنىڭ خاتىرىلىرى ئارقىلىق غەرب ئىلىم ساھەسىدە مۇئەييەن سىستېما ھاسىل قىلدى ھەمدە «قەشقەرشۇناسلىق» ئىلمىنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھىم ئاساسلارنى بارلىققا كەلتۈردى.

**(1)**

قەشقەر ئېلىمىز تارىخىدىكى مەشھۇر غەربىي يۇرت خانلىق-بەگلىكلىرىدىن بىرى. قەدىمدىن تارتىپ تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى قەشقەر دەريا ۋادىسى ئېلىمىزنىڭ غەربىي

چېگراسىدىكى قەدىمكى مەدەنىيەت بىرقەدەر تەرەققىي تاپقان رايون ئىدى.

قەدىمكى قەشقەر خانلىقىنىڭ زېمىنى ئاساسەن قەشقەردىن مارالبېشىغىچە بولغان قەشقەر دەريا ۋادىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. مىلادىيە 3 — 8 ـ ئەسىرلەردە يەنە قەشقەر ساكارائۇل (ياركەنت) بىلەن سارىقول (تاشقورغان) غىمۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان. بۇ بوستانلىقتا قەشقەر خانلىقى تارىختا يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان مەدەنىيەتنى بارلىققا كەلتۈرگەنىدى. قەشقەر غەرب ـ شەرق قاتنىشى تۈگۈنىگە جايلاشقان، تارىختىن بېرى غەرب ـ شەرق مەدەنىيىتى جەم بولغان ماكان ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى ۋە بۇددىزم تارىخىدىكى نامى مەشھۇر كۇشان ئىمپېرىيەسىنىڭ ئىمپېراتورىنىڭ ساگفاراكشا ئىسىملىك بىر ئۇستازى بار بولۇپ، ئۇ قەشقەرلىك ئىدى. قەشقەر ھىنايانا بۇددىزمىنى دۆلەت دىنى قىلغان. مىلادىيە 4 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى كۇسەنلىك راھىبكالان كۇماراجىۋا قەشقەرگە ئىلىم تەھسىل قىلغىلى كېلىپ، بۇ يەردە ھىنايانا تەلىماتىدىن ماھايانا تەلىماتىغا ئۆتۈشتەك جەريانىنى تاماملىغان[①]. جۇڭگو تىلشۇناسلىقىدىكى قامۇس «ھارچە نوملارنىڭ شەرھىيسى» نىڭ مۇئەللىپى قۇيلان قەشقەرلىك ئىدى. قۇيلانىنىڭ فامىلىسى «بويلا» (裴) ئىدى، شۇڭا ئۇ يەنىلا قەشقەرنىڭ بويلا فامىلىلىك خان جەمەتى ئەزالىرىدىن بولۇشى مۇمكىن.

ئېلىمىزنىڭ خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللىرىدا قەشقەرگە ئائىت خاتىرىلەر خەن دەۋرىدىن باشلىنىپ، تاڭ سۇلالىسى تاڭ دېزۇڭ جېنيۈەننىڭ 6 ـ يىلى (مىلادىيە 790 ـ يىلى) دىن كېيىن ئۇچرىمايدۇ. كېيىن خەنزۇچە تارىخنامىلەردە تاسادىپىي تىلغا ئېلىنىدۇ، بىراق ئەسلىدىكى قەشقەر خانلىقىنىڭ سەلتەنەت نامى بىلەن ئەمەس، پەقەت يەر نامى سۈپىتىدىلا كۆزگە چېلىقىدۇ. دېمەك، مۇشۇ بىر مەزگىللىك گۈللەنگەن پارلاق قەشقەر مەدەنىيىتى تەبىئىي ۋە سۈنئىي تارىخىي

① لىن مېيسۈن: «قەشقەر ئارخېئولوگىيەسىنىڭ 90 يىلى»، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى دۇنياسى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە)، 1990 ـ يىلى 1 ـ سان، 23 ـ بەت.

سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن خارابلاشقان بولۇپ، قەشقەرنىڭ جانلىق ۋە تەسىرلىك تارىخىمۇ يىراق ئۆتمۈشكە ئايلانغانىدى. ھالبۇكى، مىلادىيە 10 ـ ئەسىرگە كەلگەندە، قەشقەردىن ئىبارەت بۇ قەدىمكى رايون باشقىچە بىر قىياپەتتە تارىخ سەھنىسىدە پەيدا بولدى ھەمدە پۈتكۈل تارىم ۋادىسىدا يېتەكچىلىك رول ئويناپ، بۇ رايوننىڭ تارىخ ـ مەدەنىيىتىنى يېڭى بىر سەھىپىگە باشلاپ كىردى. بۇ ھال ئىسلام دىنىنىڭ قەشقەر ۋە تارىم ۋادىسىغا تارقىلىشى سەۋەبلىك بارلىققا كەلگەن بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىن قەشقەر ۋە تارىم ۋادىسى يېڭىچە بىر مەدەنىيەت ــ ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتى بىلەن خاراكتېرلىنىپ، يەرلىك تارىخي ماتېرىياللاردا كۆرۈلۈشكە باشلىدى.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا كۆتۈرۈلگەن يىپەك يولى ئارخېئولوگىيەسى ئېكسپېدىتسىيە قىزغىنلىقى ئۇيقۇغا كەتكىنىگە 1000 يىل بولغان قەدىمكى رايوننى ئويغاتتى. بۇنىڭدىن بۇرۇن دۇنيا ئەھلى پەقەت مېسسوپوتامىيە، مىسىر ۋە يۇناندا كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرىدىغان قەدىمكى مەدەنىيەتنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىنى بىلىپ، يىراق ھەم نامرات ئوتتۇرا ئاسىيا قۇملۇقلىرىدا پارلاق مەدەنىيەتنىڭ كۆمۈلۈپ ياتقانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. مۇشۇ قېتىملىق بايقاش ۋە زور دەرىجىدىكى مەدەنىيەت تېپىلمىلىرى قەشقەرنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىنىڭ چۈمپەردىسىنى ئېچىپ، قەشقەر ئارخېئولوگىيەسىنىڭ ئەھمىيىتىنىڭ زور ۋە چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى تونۇتتى.

**(2)**

ھىندىستان ھۆكۈمىتىدىكى ئەنگلىيە ئەمەلدارلىرى تارىم ئويمانلىقى ۋە ئۇنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى رايونلارنىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنى ئۈستىدە كۆپ قېتىم ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. 1834 ـ يىلى H. S. ۋاسىن (S. H. Wathen) خوتەنگە بېرىپ ساياھەت قىلغاچ، ئۇ يەردىن مۇشۇ يەرگە مۇناسىۋەتلىك ئەڭ بۇرۇنقى ئۇقۇملارنى ئېلىپ قايتتى. ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي ياقۇپبەگ مالىمانچىلىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان

ھەر خىل ۋەقەلەرنىڭ پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ بىرقانچىلىغان ئەنگلىيە تەكشۈرۈش ئۆمىكى قەشقەرگە قاراپ يولغا چىققان. 1865 — 1866 ـ يىللىرى جوھانسون (W. H. Jahanson) خوتەنگە كەلدى. 1870 ـ يىلى روبېرت شاۋ (R. B. shaw) يەكەن بىلەن قەشقەرنى زىيارەت قىلدى. شۇ يىلى D. T. فورشىس (T. D. Forshth) بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھلىرى قەشقەر رايونى ۋە تارىم ئويمانلىقىنىڭ قوشنا رايونلىرىنى تەكشۈردى. ئىنتايىن ئەپسۇس فورشىس (T. D. Forshth) نىڭ ھەمكارلاشقۇچىلىرى ئارخېئولوگىيەلىك ئىزلارغا قارىتا كۆزقارىشىنى بايان قىلغان بولسىمۇ، ئۇلار بۇ قەدىمكى ئىزلارنىڭ قايسى دەۋرگە تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا رۇسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ مۇلكىي ھەربىي ئەمەلدارلىرىمۇ كۆپ قېتىم ئېكسپېدىتسىيە تەكشۈرۈش بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇلارنىڭ پائالىيىتى ئاساسلىقى تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتى ۋە قەشقەر رايونىغا چېتىشلىق بولدى. 1885 ـ يىلى B . L. گىرومبچېۋسكىي (L. B. Grombcevskii) تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىنى تەكشۈردى ۋە ئۇ يەردىن نۇرغۇنلىغان ماتېرىيالنى ئېلىپ قايتتى. 1889 — 1890 ـ يىللىرى V. M. پېۋچوۋ (M. V. Pevcov) بىلەن I. V. روبوروۋسكىي (V. I. Roborovskii)، I. K. بوغداروۋسكىي (K. I. Bogdarovikii) ۋە كوزلوف (P. K. kozlov) نىڭ ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنى قەشقەر، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي چېتى، پامىرنىڭ غەربىي ۋە يەكەن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى رايونلارغا مۇناسىۋەتلىك يېڭى ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىدى. بۇنىڭدىن كېيىنكى بىرقانچە يىل ئىچىدە رۇسىيەنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى پېتروۋسكىي (N. F. Petrovskii)مۇ بىر تۈركۈم يادىكارلىقلارنى قولغا كەلتۈردى. پېتروۋسكىيدىن كېيىن قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئەنگلىيە ئەمەلدارى ماكارتنېي (Macartney) ۋە باشقىلارمۇ ھەر خىل يادىكارلىقلارنى سېتىۋالدى. بۇلار يىغىۋېلىنغان ئېسىل ساقلانما بۇيۇملار سۈپىتىدە ياۋروپاغا يۆتكەپ كېتىلدى. ھازىر ئوخشاش بولمىغان مۇكەممەللىك دەرىجىسى بىلەن ھەرقايسى چوڭ مۇزېيلاردا ساقلانماقتا. دەل مۇشۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن نۇرغۇنلىغان ساپال ئەينەك، فارفور پارچىسى،

يۇنان ـ باكتېرىيە ۋە ۋىزانتىيە پۇللىرى، بۇت ھەيكىلى، ئالتۇن ھالقا ۋە ئۈزۈك قاتارلىق بۇيۇملارنى ياۋروپاغا ئېلىپ كەتتى (بۇ ھەقتە فورشىسنىڭ «كۇچا قۇملۇق رايونىدىكى يەر ئاستىغا كۆمۈلگەن قەدىمكى شەھەرلەر» دېگەن ئەسىرىنىڭ 12 ـ بېتىگە قاراڭ). رۇسىيەنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلىنىڭ كاتىپى ya. ya. ليۇتس (ya. ya. lyuts) مۇ نۇرغۇنلىغان يادىكارلىقلارنى يىغقان بولۇپ، ھازىر ئېرمىتاژ (Ermitage) مۇزېيى (لېنىنگراد مۇزېيى) دا ساقلانماقتا. كان ئىشلىرى مۇتەخەسسىسى M. L. بېلىنكې (L. M. Belinke)مۇ ئوخشاشلا ھەر خىل بۇيۇملارنى يىغدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا رۇسىيەنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى كولوكولوۋ (G. kolokolov) مۇ بار ئىدى. ئۇ پېتروۋىسكىينىڭ ئورنىغا چىققان كونسۇل ئىدى. ئۇ ئۆزى يىغقان ساقلانما بۇيۇملارنى رۇسىيە ئىمپېرىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئىنسانشۇناسلىق ۋە فولكلور مۇزېيىغا ئەۋەتىپ بەرگەن. قەشقەرگە كەلگەن باشقا ئەنگلىيە ئەمەلدارلىرى يەنى ئوفېتسىر گودفرېي (GodFrery) ۋە ئوفېتسىر تالبوت (Talbot)، مىسسيونېر ۋېبېر (Weber) قاتارلىقلار نۇرغۇنلىغان ساقلانما بۇيۇمنى يىغقانىدى، بۇلار كېيىنچە ھورنلې (Hoernle) تەرىپىدىن ھەر خىل نەشر ئەپكارلىرىدا تەتقىق قىلىندى. بايقالغان بۇيۇملار شەرقشۇناسلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالدى. رۇسىيە خانلىق ئارخېئولوگىيە جەمئىيىتى شەرقشۇناسلىق بۆلۈمى 1891 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنىدىكى يىغىن خاتىرىسىگە ئاساسەن پېتروۋىسكىيغا بىر پارچە تەكشۈرۈش تىزىسى بېرىپ، قەشقەر رايونىدىكى خارابىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقى، ئۇ يەردە قېزىش ئېلىپ بېرىشنىڭ شەرت ـ شارائىتى توغرۇلۇق ئاخباراتلارغا ئېرىشمەكچى بولدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى بىرقانچە يىل ئىچىدە پېتروۋىسكىي ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك نۇرغۇن ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى. ئۇ ماقالىسىدە قەشقەر رايونىدىكى ئارخېئولوگىيەلىك ئىزلارغا بولغان تەتقىقاتىنى ئالاھىدە تەكىتلىگەنىدى.

سۆين ھېدىن 1899 — 1902 ـ يىللىرى ئارىلىقىدا بىر قېتىملىق يېڭى سەپىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، مول ۋەسىقىلەرنى ئېلىپ قايتقانىدى.

ئوفىتسېر دېيسى (H. H. P. deasy) مۇ تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي تەرەپلىرىگە ساياھەت قىلغىلى بارغانىدى. 1901 — 1915 - يىللىرى ئارىلىقىدا ھىندىستان ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن شىنجاڭغا ئەۋەتىلگەن ستەيىن تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي چېتىدىكى قۇملۇققا كۆمۈلگەن قەدىمكى قورۇلۇشلارنى قېزىپ چىقتى. ئۇ خوتەندە، بولۇپمۇ يوتقان (yotkan)، راۋاق (Rawak) ۋە دەندەن ئۆيلۈك (Dandan oiluk) رايونى، خوتەن بىلەن چەرچەن ئارىلىقىدىكى لىنىيەگە تارقالغان خارابە ئىزلىرى ۋە قەشقەر رايونىدا ئادەمنىڭ دىققىتىنى تارتقۇدەك نەتىجىگە ئېرىشىپ، ئىلگىرىكىلەرنىڭ بايقىشىنى ئىسپاتلىدى. ستەيىن بۇ رايونغا سېرىندىيا (Serindia) دەپ نام بەردى.

1906 - يىلى 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى پائول پېللىئوت پارىژدىن قەشقەرگە كېلىپ ئالتە ھەپتىگىچە تۇرۇپ قالغان ھەمدە مۇشۇ مەزگىللەردە گىرونۋېدېل، بېرېزوۋسكىي ۋە باشقا ئارخېئولوگلار ئاللىقاچان تەكشۈرۈپ بولغان خارابىلىكلەرنى تەكشۈرگەن.

1906 - يىلى شۋېتسىيەلىك ئېكسپېدىتسىيەچى سۋېن ھېدىن بىلەن ئەنگلىيەلىك ستەيىننىڭ تەكلىماكان قۇملۇقىدا مول نەتىجىگە ئېرىشكەنلىك خەۋىرى پۈتۈن دۇنيانى زىلزىلىگە سالدۇ. فىرانسىيە ئامموۋى مائارىپ مىنىستىرلىقى، پارىژ جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتى ۋە فىرانسىيە تاش پۈتۈك ۋە مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتى بىرلىشىپ شىنجاڭدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقىنى بۇلاپ - تالاش ئۈچۈن بىر تەكشۈرۈش ئەترىتى ئەۋەتىشكە جىددىي تەييارلىق كۆرۈشتى، بۇ ئەترەتكە رەھبەرلىك قىلغۇچى ياش شەرقشۇناس ئالىم پائول پېللىئوت ئىدى. ئۇلار 1906 - يىلى 9 - ئايدا قەشقەرگە كېلىپ، 1906 - يىلى 10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى تۇمشۇققا يېتىپ كېلىدۇ. ئەلۋەتتە غەربلىكلەر تۇمشۇق خارابىسىنى بايقاشتىن بۇرۇن جۇڭگو ئالىملىرى ۋە تۇمشۇق ئەتراپىدىكى ئاھالىلەر شۇ يەردە قەدىمكى شەھەر خارابىسى بارلىقىنى بىلەتتى. بۈنىڭغا ئائىت خاتىرىلەر ئۈچۈن گۇاڭشۈنىڭ ئاخىرقى يىللىرى يېزىلغان «مارالبېشى ئايمىقىنىڭ يەر نامىلىرى تەزكىرىسى» بىلەن چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرى يېزىلغان «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك

تەزكىرىسى» گە مۇراجىئەت قىلساق بولىدۇ[①].

مارالبېشىنىڭ شىمالىدىكى قەدىمكى خارابىلەر تۇمشۇقتاغ بىلەن مارالبېشىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى توققۇز ساراي تېغىغا مەركەزلىك تارقالغان. قەدىمكى يىپەك يولى دەل مۇشۇ ئىككى تاغ ئارىسىدىن كېسىپ ئۆتەتتى. توققۇز سارايىنىڭ جەنۇبىي باغرىدىكى يەر يۈزىدىن 100 مېتىرچە ئېگىز كېلىدىغان قىيالىقتا كۆلىمى چوڭ بىر قەدىمكى شەھەر بار بولۇپ، يىپەك يولىنى قوغداۋاتقاندەك ھەيۋەت كۆرۈنەتتى. يولنىڭ جەنۇبىدىكى تۇمشۇقتاغ باغرىدا قەدىمكى ئىبادەتخانا خارابىسى بار ئىدى. پائول پېللىئوت يۇقىرىقى ئىككى ئورۇندا ئەتراپلىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان، ئۇ 30 دىن ئارتۇق ئادەم يالىاپ، توپتوغرا ئىككى ئاي قېزىش ئېلىپ بېرىپ، 400 دىن ئارتۇق ھەر خىل قەدىمكى يادىكار-لىقلارنى قولغا چۈشۈرگەن. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى قەندىھار ئۇسلۇبىدىكى رەڭلىك لاي ھەيكەل، قاپارتما نەقىش، چوڭ ئويما ھەيكەل ۋە كۆپلىگەن نەپىس تام رەسىملىرى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا 30 پارچىغا يېقىن براخما يېزىقىدىكى ھۆججەت ۋە ئون نەچچە پارچە خەنزۇچە ھۆججەت قالدۇقىنى بايقىغان (بۇ ھۆججەتلەرگە 940 — 942 دەپ نومۇر سېلىنغان). خەن سۇلالىسىنىڭ ۋۇجۇ يارمىقى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ كەييۈەن تۇڭباۋ يارمىقى ۋە سۇڭ سۇلالىسىنىڭ سۇڭخىنىڭ يارمىقى قاتارلىق يارماقلارنى بايقىغان. شۇ يىلى 12-ئاينىڭ 15- كۈنىگە كەلگەندە پائول پېللىئوت بۇ يەردىكى پائالىيىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ كۇچاغا قاراپ يولغا چىققان. پائول پېللىئوتنىڭ تۇمشۇقتىكى بايقاشلىرى دۇنيانى يەنە بىر قېتىم زىلزىلىگە سالغان ھەم ھەر خىل مەقسەتلەرنى كۆڭلىگە پۈككەن ئادەملەرنى يىراق جايلاردىن نامرات ئوتتۇرا ئاسىيا قۇملۇقىغا كېلىشكە جەلپ قىلغان[②].

---

[①]،[②] لىن مېيسۈن: «قەشقەر ئارخېئولوگىيەسىنىڭ 90 يىلى»، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى دۇنياسى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە)، 1990- يىلى 1- سان، 24-بەت.

پېللىئوتنىڭ تۇمشۇق بۇتخانا خارابىسىدىن قولغا چۈشۈرگەن مىلادىيە 5 ـ، 6 ـ ئەسىرلەرگە ئائىت ياغاچتىن ياسالغان بۇددا ھەيكەللىرى ئۆزگىچە نەپىس ئىشلەنگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ بەزىلىرى نىلۇپەرگە دەسسەپ ئۆرە تۇرغان، بەزىلىرى بەداشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان ھالەتتە ئىدى. ياغاچتىن قىرىپ، سىلىغداپ ئىشلەنگەن بىرقەدەر چوڭ بۇددا ھەيكىلىنىڭ بېشى ئالاھىدە ياسالغان بولۇپ، ئۇنىڭ بۇدۇر چاچلىرى ۋە دوققىسى كۆك رەڭدە بويالغاندىن تاشقىرى، يۈزىگە ئالتۇن ھەل بېرىلگەن، پېشانىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئاق ئەردىنى (گۆھەر)گە ئوخشايدىغان نەرسە ئورنىتىلغانىدى. ئەگمە، قەلەمدەك قاشلىرى قارا، نېپىز لەۋلىرى قىزىل رەڭلەنگەندىن تاشقىرى، ئېلىپتەك قاڭشارلىق بۇرنى، خىرەلەشكەن يوغان كۆزلىرى، ئۇزۇن ۋە يوغان قۇلاقلىرى ئۇنى تېخىمۇ كۆركەم قىلغانىدى. ھەيكەلنىڭ يېرىم ئېچىلغان (خىرە) ھالەتتىكى كۆزلىرى بىلەن يەرگە قارىغان يۈزىدە بۇددانىڭ تىرەن ئوي-پىكىرگە غەرق بولغانلىقى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ھەيكەلنىڭ سول قۇلىقى سۇنۇپ يوقالغانىدى.

پېللىئوت قېزىۋالغان بۇددا (ساكيامۇنى) ھەيكەللىرىنىڭ ئىچىدە يەنە بىر كىچىك ھەيكەل (ياغاچتىن ئويۇپ سىلىقلاپ رەڭلىك، كۆركەم ئىشلەنگەن)نىڭ ئېگىزلىكى 23 سانتىمېتىر بولۇپ، ئۇنىڭدا بۇددا (ساكيامۇنى) نىلۇپەر سۇپىدا ئۆرە تۇرغان قىياپەتتە تەسۋىرلەنگەنىدى.

پېللىئوت تۇمشۇقتىكى بۇتخانا خارابىسىدىن يەنە بىر تۈركۈم رەڭدار گەج ھەيكەللەرنى ۋە بۇتخانا خارابىسىنىڭ تاملىرىغا سىزىلغان ساكيامۇنىنىڭ يېرىم يالىڭاچ ھالەتتە نوم ھېكمەتلىرىنى سۆزلەۋاتقان رەڭدار رەسىملىرى بىلەن ئىستىقامەتتە قاتار ئولتۇرغان راھىبلارنىڭ رەڭدار رەسىملىرىنىمۇ تاپقان. گەجدىن ياسالغان ھەيكەللەرنىڭ بىرىدە نىلۇپەر سۇپىسىدا بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان بۇددا (ساكيامۇنى)نىڭ بېشىنىڭ ئارقىسى نۇر چەمبىرىكىگە ئېلىنغان، ئوڭ مۈرىسى بىلەن قولى يالىڭاچ ھالەتتە تەسۋىرلەنگەنىدى. گەجدىن ياسالغان ھەيكەللەرنىڭ يەنە بىرىدە، بۇددانىڭ چىرايى، كىيىنىشى يەرلىك ئاياللارنىڭ نازۇك قىياپىتىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان قىلىپ سۇمباتلىق ۋە تەمكىن

تەسۋىرلەنگەن. ئۇنىڭ نېلوپەر سۇپىدا بەدەشقان قورۇپ ئولتۇرغان، بارماقلىرىنى بىر ـ بىرىگە كىرىشتۈرۈپ، چىرايلىق كىيىملەرگە پۈركەلگەن، ئۇڭ كۆكسىنى سەل ئوچۇق قويغان ھالەتتىكى تۈرقى بەكلا يېقىملىق كۆرۈنىدۇ.

تۇمشۇقتىن قېزىۋېلىنغان ھەر خىل ھەيكەللەر بىزگە بۇددىزم سەنئىتىدىكى ھەيكەلتىراشلىقنىڭ ئۆز زامانىسىدا بۇددا (ساكيامۇنى) ۋە ھەر خىل مەبۇد، بۇدساتۋا ئوبرازلىرىنى تولۇق تاراشلانغان ھەيكەللەر بىلەن قاپارتمىلىق ھەيكەللەردىن ئىبارەت ئىككى خىل شەكىل بويىچە ئىپادىلىگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ[①].

1908 ـ يىلى ۋە 1913 ـ يىلى، سىتەين ئىككىنچى، ئۈچىنچى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە پائالىيىتىدە ئىككى قېتىم تۇمشۇق خارابىسىدىن ئۆتكەن، بىراق قېزىش بىلەن شۇغۇللانماي، پەقەت بىرقانچە ئورۇندىكى ئىبادەتخانا خارابىسىنىڭ نىسپىي ئورنى ھەمدە تۇمشۇقنىڭ جەنۇبىدىن تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تۇبۇت قورغىنىغىچە بولغان ئارىلىقنى ئۆلچەپ چىققان. سىتەين يەنە فىرانسىيەلىك خەنزۇشۇناس ئالىم چاۋانىسنىڭ «غەربىي تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» دېگەن كىتابىغا ئاساسلىنىپ، تۇنجى بولۇپ توققۇز ساراي قەدىمكى شەھىرىنى «كونا تاڭنامە. گاۋ شيەنجىنىڭ تەرجىمىھالى» دا تىلغا ئېلىنغان «جۇشىد» شەھىرىنىڭ ئۆزى دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئارقىدىنلا بۇ يەرگە قەدەم باسقىنى لېكوك باشچىلىقىدىكى گېرمانىيە 4 ـ قېتىملىق ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى كۇچا قۇمتۇرا مىڭئۆيى بىلەن تۇمشۇق خارابىسى ئىدى. 1913 — 1914 ـ يىلى لېكوك يۇقىرىدا نامى تىلغا ئېلىنغان ئىككى جايدىن جەمئىي 150 ساندۇق يادىكارلىقنى قولغا چۈشۈرگەن. ئۇلار تۇمشۇقتا ئاساسلىقى توققۇز

---

① ئابدۇقەييۇم خوجا: «بارچۇق ۋە تۇمشۇق خارابىلىرىدىن قېزىۋېلىنغان بۇددىزم مەدەنىيەت ـ سەنئىتىگە ئائىت يادىكارلىقلار»، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى 2007 ـ يىلى 4 ـ سان، 12 — 14 ـ بەتلەر.

ساراي قەدىمكى شەھىرىنىڭ جەنۇبىي ئۇچىدىكى سېپىل ئىچىدىكى بىر ئىبادەتخانىنى قازغان. بۇ يەرنىڭ يەر يۈزىدىكى خارابىلەرنى ئىلگىرى پائول پېللىئوت قۇرۇقداپ قويغانىدى. ئۇلار بۇ يەردە بۇددا مۇنارىنىڭ ئۇلى بىلەن ئىبادەتخانا تېمىنىڭ ئۇلىنى قېزىپ نۇرغۇنلىغان قەندىھار ئۇسلۇبىدىكى تام رەسىمى، لاي ھەيكەل، ياغاچ ئويما بۇددا ھەيكىلى قاتارلىقلارنى قولغا چۈشۈردى، يەنە نەپىس يىپەك شارىرا خالتىسى ۋە ئون نەچچە پارچە بىراخما يېزىقىدىكى ھۆججەتنى قولغا چۈشۈردى. 1922 ـ ، 1933 ـ يىلى لېكوك ئارقا ـ ئارقىدىن تۇمشۇقتىكى بايقاشلىرىنى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ ئاساسلىق دوكلاتلىرىدىن 7 توملۇق «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدىكى بۇددىزم خارابىلىرى» ۋە «جۇڭگو شىنجاڭنىڭ تەبىئىي شارائىتى ۋە ئۆرپ ـ ئادىتى» قاتارلىقلار بار.

1927 — 1928 ـ يىلى، خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى جۇڭگو ـ شۋېتسىيە غەربىي شىمال بىرلەشمە ئىلمىي تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن گەنسۇ ۋە شىنجاڭنى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشكە كەلگەن. 1928 ـ يىلى 8 ـ ئايدا مارالبېشىنىڭ توققۇز ساراي قەدىمكى شەھىرىگە يېتىپ كەلگەن ھەم توققۇز ساراي تېغىنىڭ يېقىن ئەتراپىدا يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىدىكى بىر قەبرىنى قېزىپ، رەڭلىك ساپال كومزەك، يىپەك شارىرا خالتىسى ھەمدە بىراخما يېزىقىدىكى كەمتۈك ھۆججەتلەرنى بايقىغان. ئۇ يەنە قەدىمكى يولنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدىكى بىر ئورۇندىن 6 دانە لاي بۇددا ھەيكىلى ۋە بىر خالتا خەنزۇچە ـ كۇسەنچە ئىككى خىل يېزىقتىكى يارماق بايقىغان (تەپسىلىي مەلۇماتى ئۈچۈن «تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئارخېئولوگىيە خاتىرىسى» گە قاراڭ). بۇ دۆلىتىمىز ئالىملىرىنىڭ تۇمشۇق خارابىسىنى تۇنجى قېتىم قېزىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

50 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى بىلەن شىنجاڭ شۆبىسى ۋە شىنجاڭ مەدەنىيەت نازارىتى بىرلەشمە ئەترىتى تۇمشۇقنى يەنە بىر قېتىم تەكشۈرگەن. ئۇلار توققۇز ساراي شەھىرى ئىچىدىكى شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرىگە تەۋە ئىبادەتخانا خارابىسىدىن بىراخما يېزىقىدىكى

تارىشا پۈتۈك ھەممە قەغەز پارچىسىدىن ئۈن نەچچىنى تاپقان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ۋۇجۇ يارمىقى ۋە خەنزۇچە - كۇسەنچە ئىككى خىل يېزىقتىكى يارماق، ۋۇجۇ يارمىقى قۇيىدىغان ساپال قېلىپ قاتارلىقلارنى بايقىغان. باشقا بىر ئورۇندىكى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت خارابىلىكتىن نۇرغۇنلىغان خەنزۇ ۋە بىراخما يېزىقىدىكى ھۆججەت پارچىلىرىنى بايقىغان. خەنزۇچە ھۆججەتلەرنىڭ مەزمۇنى مال قەرز ئېلىش، سودا توختامى، ھۆكۈمەت خەت ئالاقىسى قاتارلىق تەرەپلەرگە چېتىلاتتى ھەم «سانغۇن»، «ساتراپ بەگ»، «يابغۇ»، «ئورۇنباسار ئەلچى» قاتارلىق ئەمەل - مەنسەپ ناملىرى بار ئىدى. شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىگە تەۋە بىر كۆل ئورنىدىن نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرچە، سوغدچە ۋە قەدىمكى ئەرەبچە ھۆججەت قالدۇقى، ساپال بۇيۇم، ياغاچ بۇيۇم ھەممە شىمالىي سۇڭ دەۋرىنىڭ پۇلى قاتارلىقلار بايقالغان[1].

1959 - يىلى 4 - ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي ئارخېئولوگىيە ئەترىتىدىكى خادىملار تارىم ۋادىسىنى بويلاپ ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ۋە قېزىش ئېلىپ بارغان بولۇپ، بۇ قېتىملىق ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ۋە قېزىش خىزمىتىدە مارالبېشى ناھىيەسىدىكى توققۇز ساراي قەدىمكى شەھەر خارابىسى بىلەن تۇمشۇق بۇددا دىنى خارابىسى ئاساسلىق نۇقتا قىلىنغانىدى.

يارچۇق خارابىسىدە بىر ئاي ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيەلىك قېزىپ تەكشۈرۈشتە جەمئىي ئالتە نۇقتا (23 تىن كۆپرەك ئورۇن) قېزىلىپ رەتلەنگەن. بۇ نۇقتىلاردىن قېزىۋېلىنغان ھەر خىل، چوڭ - كىچىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ سانى بىرنەچچە مىڭغا يېتەتتى. بۇ قېتىم قېزىۋېلىنغان ئۇ يادىكارلىقلارنى تۆۋەندىكى ئىككى چوڭ بۆلەككە بۆلۈشكە بولىدۇ:

---

[1] لىن مېيسۇن: «قەشقەر ئارخېئولوگىيەسىنىڭ 90 يىلى»، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى دۇنياسى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە)، 1990 - يىلى 1 - سان، 24 - ، 25 - بەتلەر.

بىرىنچى، قەدىمكى ۋەسىقە ۋە يازما يادىكارلىقلار

بارچۇق خارابىسىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيەلىك قېزىشتا بىرقانچە قېزىپ تەكشۈرۈش نۇقتىسىدىن ھەرقايسى دەۋرلەرگە تەۋە ياغاچ تارىشا ۋە قەغەزلەرگە پۈتۈلگەن بىراخمىچە (بىراخما يېزىقىنىڭ باشقىچە شەكىللىرى)، خەنزۇچە، قەدىمكى ئۇيغۇرچە، ئەرەبچە، ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدا ئىجادىي تۈزۈلگەن ئۇيغۇرچە قاتارلىق بىرقانچە خىل يېزىق ۋە ۋەسىقىلەر تېپىلدى.

قېزىۋېلىنغان ۋە خارابە ئىچىدىن يىغىۋېلىنغان ھەر خىل يېزىقلارنىڭ رەتكە سېلىنغاندىن كېيىنكى ئېنىق سانى تۆۋەندىكىچە:

1) ھەر خىل يېزىقلار پۈتۈلگەن تارىشا خەتلەر 20 دانە (بۇنىڭ ئىچىدە بىراخما يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈكلەر 18 دانە)، قەغەزگە يېزىلغان پارچە - پۇرات ۋەسىقىلەر 15 پارچە، بىراخمىچە - خەنزۇچە ۋەسىقە 1 پارچە؛

2) ھەر خىل مەزمۇندىكى خەنزۇچە ۋەسىقىلەر 11 پارچە بولۇپ، بەزىلىرىنىڭ باش - ئايىغى كەمتۈك؛

3) قارۇشتى يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈك بىر دانە، بۇ ھەقتە تەتقىقاتچى لىن مېيسۇن ئۆزىنىڭ «جۇڭگودىن تېپىلغان قارۇشتى پۈتۈكلىرىدىن ئومۇمىي بايان» دېگەن ماقالىسىدە: «مەن شىنجاڭ مۇزېيىغا ياردەملىشىپ ئىشلەۋاتقان مەزگىلدە، كۆسەن يېزىقىدا (توخرى يېزىقىنى كۆزدە تۇتقان بولۇشى مۇمكىن) بەلگە سېلىنغان بىر پارچە قارۇشتى يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈكنى ئۇچراتتىم. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، 1959 ـ يىلى بارچۇق خارابىسىدىن تېپىلغان بۇ تارىشا پۈتۈكتىكى قارۇشتى يېزىقىنىڭ شەكلى ئىلگىرى خوتەن، كىروران، نىيە، كۇچا قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان قارۇشتى پۈتۈكلىرىنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. بۇ ئېلىمىز ئارخېئولوگلىرىنىڭ شىنجاڭدا قارۇشتى يېزىقى كەڭ تارقالغان يەنە بىر رايوننى تاپقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئېلىمىزدە قارۇشتى يېزىقى جەھەتتىكى تەتقىقات ياخشى قانات يايدۇرۇلمىغانلىقتىن، مۇشۇنداق مۇھىم ئارخېئولوگىيەلىك بايقاشنىڭ قىممىتى ئەمدىلەتىن تونۇلماقتا» دەيدۇ؛

4) سوغدچە ۋەسىقىلەردىن (چوڭ - كىچىك، كەمتۈك) ئون نەچچە پارچە؛

5) قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا پۈتۈلگەن (پارچە - پۇرات، كەمتۈك) ۋەسىقىلەر 60 پارچىدىن كۆپرەك بولۇپ، قىزىپ تەكشۈرۈش نۇقتىلىرىدىن تېپىلغان چېغىدىلا يىرتىلغان، كەمتۈك، چىرىگەن بولغاچقا، رەتلەنگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئىچىدىن جۈملە قۇرلىرى بىرقەدەر تولۇق، مەزمۇنىنى ئاساسەن ئۇققىلى بولغۇدەك بىرەر نۇسخىسى ئۇچرىمىغان؛

6) خاس ئەرەب تىلى ۋە ئەرەب يېزىقىدا پۈتۈلگەن پارچە - پۇرات ۋەسىقىلەردىن 10 پارچىغا يېقىن؛

7) «خاقانىيە تىلى» (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى) ۋە ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدا ئىجاد قىلىنغان ئۇيغۇر يېزىقىدا پۈتۈلگەن بىجىرىم ساقلىنىپ قالغان ھۆججەت بىر پارچە.

ئىككىنچى، قەدىمكى ھەر خىل مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى

1) خېلى يۇقىرى بىناكارلىق تېخنىكىسى، ياغاچچىلىق ھۈنەر سەنئىتى ئارقىلىق ياسالغان ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ ياغاچ قۇرۇلمىلىرىنىڭ ھەر خىل بۆلەكلىرى، بۇددىزم ئېتىقادى شارائىتىدا ياسالغان چوڭ-كىچىك بۇتخانا ۋە بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنىڭ لايىدىن، گەجدىن ئىشلەنگەن نەقىش بېزەكلىرى، بۇت - ھەيكەللەرنىڭ باش، تەن بۆلەكلىرى؛

2) ھەر خىل تاشلارنى خام ماتېرىيال قىلىپ ياسالغان چوڭ-كىچىك يارغۇنچاق، ساقا - سالغا تاشلىرى، تامغا (بەلگە)، مارجان-بۇلاپكىلار؛

3) تۆمۈر، مىس قاتارلىق مېتاللاردىن ياسالغان ھەر خىل تۇرمۇش بۇيۇملىرى، ھەرقايسى دەۋرلەرگە مەنسۇپ مىس يارماق قاتارلىقلار؛

4) خىلمۇخىل (چوڭ - كىچىك) ساپال قاچىلار ۋە ساپالدىن ياسالغان تۇرمۇش بۇيۇملىرى، سۆڭەك ۋە ياغاچتىن ياسالغان تۈرلۈك تۇرمۇش بۇيۇملىرى؛

5) بۇغداي، ئارپا، تېرىق (سۆك)، چىگىت، پىلە غوزىسى،

مەشۇت، كەندىر قاتارلىق زىرائەت ئەۋرىشكىلىرى ۋە ياغاچ، شاپتۇل ئۇرۇقچىسى، ئۆرۈك ئۇرۇقچىسى، ئۈزۈم ئۇرۇقى، قوغۇن شاپىقى قاتارلىق ھەر خىل مېۋىلەرنىڭ ئەۋرىشكىلىرى؛

6) قېلىن ۋە يوپقا قىلىپ توقۇلغان ھەر خىل يۇڭ توقۇلمىلارنىڭ پارچىلىرى، كۆن - خۇرۇمدىن ئىشلەنگەن ئاياغ كىيىم ۋە تېرىدىن ئىشلەنگەن بۇيۇملار، رەڭدار توقۇلغان زىلچا گىلەم پارچىلىرى، كىگىز - كېچەك پارچىلىرى، خىلمۇخىل (توم، ئىنچىكە) يۇڭ ئارغامچىلار، ھەر خىل پاختا توقۇلمىلار (كىيىم - كېچەك پارچىلىرى)، گۈل بېسىلغان ھەمزەك، سەگەز پارچىلىرى، كەندىر توقۇلما پارچىلىرى قاتارلىقلار؛

7) ئەينەكتىن ئىشلەنگەن تۇرمۇش بۇيۇملىرى، ھەر خىل قەغەز پارچىلىرى قاتارلىقلار[①].

1983 - يىلى 12 - ئايدا مەدەنىيەت مىنىستىرلىقى مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئىدارىسى بىلەن شىنجاڭ مۇزېيى بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ مارالبېشىدىن ئاقسۇغىچە بولغان قەدىمكى يىپەك يولى بۆلىكىنى تەكشۈرۈشى تۇمشۇق خارابىسىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق كەڭ كۆلەملىك تەكشۈرۈش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار ئاساسلىقى مارالبېشى بىلەن ئاقسۇ (خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قۇم) ئارىسىدىكى بىرقانچە گورۇپپا تاڭ دەۋرىدىكى ئۆتەڭ خارابىسىنى تەكشۈرگەن، يەنە مارالبېشىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى توققۇز ساراي تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى قەدىمكى شەھەرنىڭ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى جيادەن تۈزگەن «سەلتەنەتىمىزنىڭ قەدىمى يەتكەن جايلار ھەققىدە خاتىرىلەر» دە تىلغا ئېلىنغان «جۇشىد شەھىرى» ئىكەنلىكىنى، تۇمشۇقتاغىنىڭ جيادەن ئېيتقان «تەنھا تاغ» ئىكەنلىكىنى، بۇ تاغنىڭ جەنۇبىدىكى قەدىمكى دەريا قىنىنىڭ قەشقەر دەرياسىنىڭ ئىككى ئېقىنى ئىكەنلىكىنى يەنى جيادەن تىلغا ئالغان «قىزىل دەريا» ئىكەنلىكىنى بېكىتىپ چىققان.

---

① ئابدۇقەييۇم خوجا: «بارچۇق يادىكارلىقلىرى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى 2005 - يىلى 1 — 2 - قوشما سان.

پائول پېللىئوت هايات ۋاقتىدا ئۆزىنىڭ شىنجاڭ ۋە گەنسۇدىكى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش دوكلاتىنى ئورۇنلىيالمىغان. ئۇنىڭ ئىلگىرىكى قول يازمىلىرىنى شاگىرتى لوئىس هامبىس رەتلەپ چىققان ھەمدە 50 ـ يىللاردىن تارتىپ «پېللىئوت ئارخىپلىرى» دېگەن ماۋزۇدا ئارقا ـ ئارقىدىن نەشر قىلىنغان. 1961 ـ يىلى ۋە 1964 ـ يىلى «تۇمشۇق» دېگەن كىتابى ئىككى توملۇق قىلىپ نەشر قىلىنىپ، قۇملۇقتا قولغا كەلتۈرۈلگەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە پېللىئوتنىڭ ئەينى چاغدىكى كۈندىلىك خىزمەت خاتىرىسى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان. لوئىس هامبىس قاتارلىقلارنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، توققۇز ساراي خارابىسى مىلادىيە 4 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ياكى 5 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلىنىپ 7 ـ ئەسىرگىچە ئىشلىتىلگەن. تۇمشۇقتاغنىڭ شىمالىدىكى ئىبادەتخانىنىڭ كۆپ قىسمى توققۇز ساراي ئىبادەتخانىسى بىلەن دەۋرداش، بۇ يەردە يەنە بىر ئۇيغۇر ئىبادەتخانىسمۇ بار. توققۇز سارايتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى قەدىمكى ئورام هۆججەت بايقالغان ئىبادەتخانا مۇشۇ رايوندىكى ئەڭ قەدىمكى ئىبادەتخانا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار يەنە لېكوك بايقىغان توققۇز ساراي قەدىمكى شەھىرىنىڭ جەنۇبىي ئۇچىدىكى ئىبادەتخانا خارابىسىدىن خەن سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت قول يازمىنى بايقىغاچقا، بۇ ئىبادەتخانىنى توققۇز سارايتاغ بىلەن تۇمشۇقتاغدىكى بارلىق خارابىلىكلەر ئىچىدىكى دەۋرى ھەممىدىن بۇرۇنقى خارابىلىك دەپ قارايدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان قېزىش ۋە تەكشۈرۈشلەر تۇمشۇق خارابىسى مەدەنىيىتىنىڭ تەۋەلىكىنى تەتقىق قىلىشتا تەپسىلىي ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئاتالمىش «جۇشىد شەھىرى» تاڭ سۇلالىسىدىكىلەرنىڭ توققۇز ساراي قەدىمكى شەھىرىنى ئاتايدىغان نامى بولۇپلا قالماي، تاڭ سۇلالىسى بۇ يەردە تەسىس قىلغان مۇداپىئە قورغىنىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى بولغان. بىراق، بۇ قەدىمكى شەھەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى قەدىمكى خارابىلەرنىڭ يىل ـ دەۋرىنى ھېچبولمىغاندا مىلادىيە 3 ـ ئەسىرگە سۈرۈشكە بولىدۇ. «كېيىنكى خەننامە» دىكى ئالاقىدار خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، بۇ يەرنى مۇشۇ كىتابنىڭ «غەربىي

يۇرت تەزكىرىسى» بىلەن «يەن چاۋنىڭ تەرجىمىھالى» دا تىلغا ئېلىنغان سۇلى شەھىرى (ياركەنتنىڭ شىمالى، مارالبېشىنىڭ غەربى) بىلەن «قۇم شەھىرى» (ھازىرقى ئاقسۇ) ئارىسىدىكى «پەنتو شەھىرى» دېيىشكە بولىدۇ. شۇڭا، مارالبېشىنىڭ شىمالىدىكى قەدىمكى خارابىلەرنى قەشقەر ئارخېئولوگىيەلىك مەدەنىيەت چەمبىرىكىگە تەۋە دەپ قاراشقا بولىدۇ[①].

## (3)

تەخمىنەن مىلادىيە 7- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قەشقەر خانلىقىنىڭ ئاستانىسى بارچۇقنىڭ غەربىي قىسمىدىكى سۇلىدىن قاش شەھىرى (ھازىرقى قەشقەر شەھىرى ئەتراپىنى كۆرسىتىدۇ) گە كۆچۈرۈلگەن. مۇشۇ سەۋەبتىن ھۆججەتلەردە سۇلى دۆلىتىنىڭ نامى چۇشا دۆلىتىگە ئۆزگەرگەن. شۈەنزاڭ ھىندىستاندىن نوم ئېلىپ قايتىشىدا قەشقەردە زىيارەتتە بولغان. ئۇ تونۇشتۇرۇپ، ئەينى چاغدا سۇلىدا بۇتخانىلار 100دىن ئارتۇق، راھىبلىرى 1000دىن ئاشىدۇ، ھىنايانا مەزھىپىنىڭ سارۋاستى ۋىداۋېنايا تەلىماتىغا ئەمەل قىلىدۇ دەيدۇ. بۈگۈنكى كۈندە بۇ ئىبادەتخانىلارنىڭ ھېچنېمىسى قالمىغان، يەنە كېلىپ بۇ قەدىمكى قاش شەھىرى بۇنىڭدىن ناھايىتى بۇرۇنلا كىشىلەرنىڭ خاتىرىسىدىن يوقالغانىدى.

ئەڭ كېچىككەندىمۇ 19- ئەسىرنىڭ 90- يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە قەشقەر ئەتراپىدىكى قەدىمكى مەدەنىيەتنى كىشىلەر قايتىدىن تونۇشقا باشلىغان. 1897- يىلى ياكى بۇنىڭدىن سەل بۇرۇنراق چاررۇسىيەنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى پېتروۋسكىي قەشقەردە بىر قىسىم بىراخما يېزىقىدا يېزىلغان بۇددىزم ۋەسىقىلىرىنى

① لىن مېيسۇن: «قەشقەر ئارخېئولوگىيەسىنىڭ 90 يىلى»، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى دۇنياسى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە)، 1990- يىلى 1- سان، 25- ، 26- بەتلەر.

سېپتۇالغان. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇلار قەشقەرنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى خارابىلىكلەردىن تېپىلغانمىش. دەسلەپتە پېتروۋسكىي ئۇلارنى «قەشقەر تىلى» دەپ ئاتىغان. كېيىنچە رۇسىيەلىك مەشھۇر سانسكرىتشۇناس ئالىم ئولدېنبورگنىڭ بېكىتىشى ئارقىلىق ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسمىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ سانسكرىت تىلىدىكى «ماھاما ئۇرىياخانىنىڭ نۇرلۇق سۇتراسى» ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. بۇ نوم بۇددا نوملىرىدىكى ئەپسۇن بۆلۈمىگە تەۋە، نائىترا مەزھىپىنىڭ دەستۇرلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، شەرقىي جىن دەۋرىدىن تارتىپ خەنزۇچە تەرجىمىسى كۆرۈلۈشكە باشلىغان. لياڭ دەۋرىدىكى راھىب كاپۇرا، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى يى جىڭ بىلەن ۋۇ كۇڭ پۈتۈن نومنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان. پېتروۋسكىي سېپتۇالغان باشقا بىر قىسىم بىراخما يېزىقىدىكى ياپراقچە نوملار كېيىنچە «سادىھارما پۇندىكا سۇترا» ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى. بۇ نوم نىرۋانا بۆلۈمىگە تەۋە بولۇپ، تيەنتەي مەزھىپى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. كۇماراجىۋا بۇ نومنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان. بۇ بۇددا نوملىرى قەشقەر رايونىدا بايقالغان، ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئەڭ مۇھىم يادىكارلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. پېتروۋسكىينىڭ يىغما بۇيۇملىرىنىڭ كۆپ قىسمى سېپتۇپىلىنغان بولغاچقا، بۇلارنىڭ قەيەردىن تېپىلغانلىقىنى ئېنىقلاش بىرقەدەر قىيىن ئىدى.

1900- يىلى 9- ئايدا، ستەين تۇنجى بولۇپ قەشقەرنىڭ غەربىي قىسمىغا كېلىپ ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش بىلەن شۇغۇللانغاندا، ئۇ ئاساسەن قەشقەرنىڭ غەربىي شىمالىدىكى مورا بۇددا مۇنارى ھەمدە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى خارابىلىكلەرنى تەكشۈرۈپ، بۇ يەردىكى خارابىلەرنىڭ تارقىلىش خەرىتىسى ۋە بۇددا مۇنارىنىڭ كەسمە يۈزىنىڭ خەرىتىسىنى سىزىپ چىققان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە قەشقەرنىڭ شىمالىدىكى تىك قىيالىققا قېزىلغان ئۈچ مېرۋان مىڭئۆيىنى زىيارەت قىلغان. بىراق، ئۇ بۇ ئىككى ئورۇندىن مۇھىم مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى بايقىمىغانىدى.

1906- يىلى 9- ئايدا، پائول پېللىئوت قەشقەرگە كېلىپ، ئۈچ

ميرۋان مىڭئۆيى بىلەن مورا بۇددا مۇنارىنى تەكشۈرگەندە، ئوخشاش ھېچنېمىنى تاپالمىغانىدى. بىراق، شەرقىگە 2 كىلومېتىر كېلىدىغان بىر بۇددا ئىبادەتخانا خارابىسىدىن بىراخما يېزىقىدىكى ھۆججەت پارچىلىرىنى بايقىغانىدى.

1928 - يىلى خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى قەشقەرنىڭ يېقىن ئەتراپىدىن تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قاش شەھىرىنىڭ خارابىسىنى تاپقان قەشقەرنىڭ شەرقىدىكى پەيزاۋات ناھىيەسىدە قەشقەر دەريا بويىدىكى توپا شەھەر بىلەن خىتاي شەھىرىدىن ئىبارەت ئىككى قەدىمكى شەھەرنى تەكشۈرگەن. ئالدىنقىسىنىڭ ئايلانما ئۇزۇنلۇقى 363 مېتىر، سېپىل ئىزى بار، بىراق يادىكارلىق بايقالمىغان. كېيىنكىسىنىڭ كۆلىمى چوڭ بولۇپ، دىيامېتىرى 30 نەچچە چاقىرىم، كۆپ قىسمىنى قۇم بېسىپ كەتكەن. شەھەر ئىچىدە ئايلانما ئۇزۇنلۇقى 120 مېتىر كېلىدىغان تام ئۇلى بار بولۇپ، ھۆكۈمەت ئورنىدەك قىلاتتى. يەر يۈزىدىن تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ساپال پارچىسى ۋە بىر كۈسەن كىچىك يارمىقى يىغىۋېلىنغان. شۇڭا، ئۇ بۇ شەھەرنى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قەشقەر خانلىقىنىڭ ئاستانىسى قاش شەھىرى بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلىدۇ.

1979 - يىلى كۈزدە، يۇ چۈن ئەپەندى قەشقەردىكى ئۈچ ميرۋان مىڭئۆيى ئۈستىدە ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، بۇ ئۈچ غارنىڭ تەكشىلىك خەرىتىسىنى سىزىپ چىققان، يەنە قالدۇق تام رەسىملىرىنى قاتلامغا ئايرىپ تەتقىق قىلغان ھەم ئۇلارنى تارىم ئويمانلىقىنىڭ باشقا يېرىدىكى مىڭئۆي تام رەسىملىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ تەھلىل قىلغان. ئۇ، ئۈچ ميرۋان مىڭئۆيىنىڭ قېزىلغان ۋاقتى ھەم بىرىنچى قەۋەتتىكى تام رەسىمنىڭ يىل - دەۋرىنى مىلادىيە 3 - ئەسىردىكى شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە توغرا كېلىدۇ، مىلادىيە 10 - ئەسىردە خارابىلاشقان دەپ قارايدۇ.

1989 - يىلى يازدا لىن مېيسۈن دۆلەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى ۋە شىنجاڭ مەدەنىيەت نازارىتىدىكى يولداشلار بىلەن بىرلىكتە تۇرپاندىن قەشقەرگىچە بولغان يىپەك يولىدىكى قەدىمكى

ئىزلارنى تەكشۈرگەن. 1985- يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنىنىڭ باشلىقى مۇھەممەت زۇنۇن سىدىق قەشقەر كوناشەھەر ناھىيەسى ئوپال يېزىسىدىكى مەھمۇد كاشغەرىي مەقبەرىسىنى رېمونت قىلىۋاتقاندا، بىر تۈركۈم قەدىمكى ياپراقچە نوم پارچىلىرىنى تاپقانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەن. بۇ بىراخما يېزىقىدا يېزىلغان ياپراقچە نوملار ئىدى، ئەپسۇس بايقالغاندىلا بىر تەرەپ قىلىنمىغاچقا، ياپراقچە پارچىلىرى لاي بىلەن چاپلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئەگەر مىدىرلاپلا كەتسە ئۇۋۇلۇپ كېتەتتى. شۇڭا، بۇ كېيىنكى تەتقىقاتقا ئاۋارىچىلىكلەرنى كەلتۈردى، بىراق بۇ بايقاش ئىنتايىن مۇھىم ئىدى. لىن مېيسۇن ياپراقچە نوملار بايقالغان يەرگە بېرىپ بۇ يەرنىڭ كەڭ كەتكەن بۇددا ئىبادەتخانا خارابىسى ئىكەنلىكىنى بايقىغان. ئۇنىڭ دائىرىسى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، مورا بۇددا مۇنارى بىلەن ئۈچ مېرۋان مىڭئۆيىدىنمۇ چوڭ ئىدى. ئۇ يەرنىڭ يەر يۈزىدە تاڭ سۇلالىسى ياكى ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇنقى دەۋرگە تەۋە ساپال پارچىلىرى چېچىلىپ ياتقان بولۇپ، ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلغانىدى. بۇ بەلكىم تاڭ شۋەنزاڭ زىيارەت قىلغان «ساڭراملار 100 دىن ئاشىدىغان» چوشا دۆلىتىنىڭ بۇددا ئىبادەتخانىسى بولۇشى مۇمكىن. پېتروۋسكىي سېتىۋالغان ياپراقچە نوملار مۇشۇ يەردىن تېپىلغان بولۇشى مۇمكىن. قەشقەردىكى ئوپال يېزىسى مەنزىرىسى گۈزەل جاي بولۇپ، دۇنياغا مەشھۇر تۈركىي تىل ئالىمى «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ مۇئەللىپى مەھمۇد كاشغەرىي مۇشۇ يۇرتتا دۇنياغا كەلگەن. شۇنداق بولغاچقا، بۇ يەر قەشقەر مەدەنىيىتى ئاپىرىدە بولغان ئەڭ مۇھىم رايونلارنىڭ بىرى بولۇشى مۇمكىن. بۇ يېڭى بايقاشلاردىن تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى سۇلى خانلىقىنىڭ ئاستانىسى بولغان قاش شەھىرى ھازىرقى قەشقەر شەھىرىنىڭ ئاستىدا قالغان بولۇشى مۇمكىن دېيىشكە بولىدۇ[①].

① لىن مېيسۇن: «قەشقەر ئارخېئولوگىيەسىنىڭ 90 يىلى»، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى دۇنياسى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە)، 1990- يىلى 2- سان، 24- بەت.

## (4)

پېتروۋسكىينىڭ «قەشقەر تىلىدىكى ھۆججەتلەر» دەپ ئاتىغان ۋەسىقىلىرى تەكشۈرۈپ تەھقىقلەش ئارقىلىق ئەبجەش سانسكرىت تىلىدىكى بۇددا نومىلىرى دەپ بېكىتىلدى. بۇ خىل قاراش ئەينى ۋاقىتتا ھەممە ئېتىراپ قىلغان قاراش ئىدى، بىراق ئۇزاق ئۆتمەي فىرانسىيەلىك ئالىم سىلۋائىن لېۋى ئاتالمىش «قەشقەر يېزىقى» ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى بىر خىل يېزىق — قارۇشتى يېزىقىدۇر، دېگەن يېڭى قاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

لېۋىنىڭ يېڭى قارىشى تىل ساھەسىدە چوڭ غۇلغۇلا قوزغىدى، بۇ قاراشقا قارشى چىققۇچىلاردىن گېرمانىيەلىك فىرانكا ۋە پېشىر لېۋى بىلەن بەس مۇنازىرە قىلىشتى. تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا قارۇشتى يېزىقى قەدىمكى قەندىھار (بۈگۈنكى پاكىستاننىڭ پىشاۋۇر رايونى)دا پەيدا بولغان بولۇپ، كېيىنچە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كەڭ رايونلىرىدا قوللىنىشقا باشلىغان. بۇ خىل يېزىق ئىلگىرى تارىم ئويمانلىقىدىكى بىر قىسىم بەگلىكلەردىمۇ كەڭ تارقالغان، بۇ بەگلىكلەر ئەينى چاغدا قەندىھار بۇددىزىم سەنئىتى كەڭ تارقالغان جايلار ئىدى. كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى پىروفېسسور بەيلېي بۇ تىلنى «قەندىھار تىلى» دەپ ئاتاش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. بۇ ئەسلىدە قەدىمكى ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىدىكى بىر ئاۋام لەھجىسى بولۇپ، ھەرگىزمۇ «قەشقەر تىلى» ئەمەس ئىدى، شۇڭا لېۋىنىڭ قارىشى ئۇزاق پۇت تىرەپ تۇرالمىدى.

سانسكرىتچە ياپراقچە نومىلاردىن باشقا، قەشقەر دائىرىسىدىن يەنە بىر خىل قەدىمكى ھۆججەتلەرمۇ بايقالغان بولۇپ، نۆۋەتتە ئىلىم ساھەسى بۇلارنى «تۇمشۇق تىلى» دىكى ۋەسىقىلەر دەپ ئاتىدى. بۇلار پۈتۈنلەي دېگۈدەك توققۇز ساراي قەدىمكى شەھىرى ياكى تۇمشۇق خارابىسىدىن بايقالغان، پەقەت بىر پارچە ھۆججەتلا تۇرپاننىڭ شىمالىي قىسمىدىكى مورتۇق مىڭئۆيىدىن بايقالغان.

1935 - يىلى نورۋېگىيە ئوسلو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى سېتىن كونوۋ فىرانسىيەلىك سانسكرىتشۇناس فىلئورگانىڭ ياردىمى بىلەن ئالبېرت فون لېكوك تۇمشۇق خارابىسىدىن بايقىغان 7 دانە براخما يېزىقىدىكى ھۆججەتنى غەلىبىلىك ئوقۇپ چىققانىدى ھەم نېمىس تىلىدا «ساك تىلىنىڭ بىر خىل يېڭى لەھجىسى» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىنى ئېلان قىلغانىدى. سېتىن كونوۋ تۇمشۇقتىن تېپىلغان ۋەسىقىلەرنىڭ ئوتتۇرا قەدىمكى زامان پارس تىلىنىڭ بىر خىل شەرق دىيالېكتىكىسىنى خاتىرىلەيدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىي جەنۇبىي ۋە خوتەن قەدىمكى شەھرىدىن بايقالغان ۋەسىقىلەرنىڭ تىلى بىلەن ئىنتايىن يېقىنلاپ كېتىدىغانلىقىنى بايقىغان، مۇشۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان تىل يەنە گېرمانىيە ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى 3 - قېتىم تۇرپاننى تەكشۈرگەندە تۇرپاننىڭ شىمالىدىكى مورتۇق مىڭئۆيىدىن بايقالغان بىر دانە ھۆججەتتىمۇ كۆرۈلىدۇ. سېتىن كونوۋ خوتەندىن بايقالغان ۋەسىقىلەرنىڭ تىلىنى ساك تىلىدىكى ۋەسىقىلەر دەپ قارىغان. شۇڭا، ئۇ تۇمشۇق ھۆججەتلىرىنىڭ تىلىنى «ساك تىلىنىڭ بىر خىل يېڭى لەھجىسى» دەپ ئاتىغان. ئۇزاق ئۆتمەي پائول پېللىئوت ئۆزى توققۇز ساراي قەدىمكى شەھرىدىن بايقىغان براخما يېزىقىدا يېزىلغان ھۆججەتلەرنىڭ ساك تىلىنىڭ بىر خىل يېڭى لەھجىسىنى خاتىرىلىگەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنىمۇ سېتىن كونوۋنىڭ تەتقىق قىلىشىغا ھاۋالە قىلغان. سېتىن كونوۋ بۇلارنى تەتقىق قىلغاندىن كېيىن، ساك تىلىنىڭ بۇ خىل يېڭى لەھجىسىنىڭ خوتەن تىلى بىلەن يېقىنلاپلا قالماستىن، تىل فورماتسىيەسى بىرقەدەر بۇرۇن دەپ قاراپ، بۇنى ئىنتايىن قەدىمي بولغان خوتەن لەھجىسى دېگەن پىكىردە چىڭ تۇرىدۇ. 1942 - يىلى سېتىن كونوۋ بۇ توملارنىڭ كەمتۈك قىسمىنى «خوتەن تىلىنىڭ يېڭى ۋارىيانتى» دېگەن نامدا فىرانسۇزچە ژۇرناللاردا ئېلان قىلغان.

1947 - يىلى سېتىن كونوۋ تۇمشۇقتىن بايقالغان نوم ۋە دىندىن خالىي ھۆججەتلەرنى ئومۇميۈزلۈك تەتقىق قىلىپ، بۇ خىل تىل تارمىقىنىڭ ئەڭ قەدىمكى خوتەن تىلى ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا

قويۇپ، «خوتەن ساك تىلىدىكى ئەڭ قەدىمكى لەھجە» (ئىنگلىزچە) سەرلەۋھىلىك ماقالىسىنى ئېلان قىلدى. 1950- يىلى كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى پروفېسسور بەيلېيمۇ مۇھاكىمىگە ئىشتىراك قىلغانىدى. ئۇ پائول پېللىئوت تۇمشۇقتىن ئېلىپ كەلگەن بۇددا نوملىرىنىڭ سانسكرىت تىلىدىكى «ماھاپراجنا پارامىتا شاستىرا» ۋە پالى تىلىدىكى «كارما ۋاچارنا» بىلەن ئىنتايىن ئوخشايدىغانلىقىنى بايقاپ، بۇ نوملارنىڭ تىلىنى «خوتەن تىلى» دېگەن نام بىلەن ئاتاشنىڭ تازا جايىدا بولمىغانلىقىنى كۆرسەتتى. ئۇنىدىن باشقا، ئۇنىڭ تېپىلغان ئورنى خوتەندىن يىراق بولۇپ، بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىنى چوڭ قۇملۇق ئايرىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سېتىن كونىۋۇ ئۇنىڭ بىلەن خوتەن تىلى ئارىسىدا پەرق بارلىقىنى ھېس قىلىپ يەتكەنىدى. بەيلېي بۇ خىل غەربىي يۇرت تىلى خوتەن تىلىنىڭ ۋارىيانتى ئەمەس، يەنە كېلىپ خوتەن ساك تىلىدىكى ئەڭ قەدىمكى لەھجىمۇ ئەمەس دەپ قارىدى (ئۇنىڭ ماقالىسىنىڭ تېمىسى «تۇمشۇق تىلىدىكى كارما ۋاچارنا نومى ئۈستىدە تەتقىقات»). 1960- يىلى ۋە 1968- يىلى، بەيلېي ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ «ساك ھۆججەتلىرى» (1- جىلد) ۋە «خوتەن تېكىستلىرى» ناملىق ئەسەرنى ئېلان قىلدى، ئۇ ئۆزى بېكىتىپ چىققان ئۈچ پارچە تۇمشۇق ھۆججىتىنى تەتقىق قىلىپ ئېلان قىلدى. سالغان نومۇرىغا ئاساسلانغاندا، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر دانىسى ئەنگلىيە ھىندىستان ئىشلىرى بۆلۈمى كۇتۇپخانىسىدىكى «ھورنېل ساقلانما بۇيۇملىرى» غا تەۋە بولۇپ، بۇنى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەنگلىيەنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى ماكارتنېي شىنجاڭدىن قولغا چۈشۈرۈپ ئەنگلىيەلىك سانسكرىتشۇناس ھورنېلنىڭ تەتقىق قىلىشىغا تاپشۇرغان، كېيىنچە مەزكۇر كۇتۇپخانىنىڭ ساقلىشىغا تاپشۇرۇلغان. بۇمۇ بۇددا نومىنىڭ قالدۇقى بولۇپ، كۇسەن تىلىدىكى «ئارانامىي نومى» غا ئىنتايىن ئوخشىشىدۇ. قالغان ئىككى پارچىسى لېكوك تاپقان بۇيۇملارغا مەنسۇپ بولوپ، غەربىي بېرلىن پىرۇسسىيە مەدەنىيەت ساقلانما بۇيۇملىرى كۇتۇپخانىسى شەرق بۆلۈمىدىن تېپىپ چىقىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن تۇمشۇق تىلىدىكى ھۆججەتلەرنى ئىزدەش خىزمىتى يەنىلا داۋاملاشقان.

1971 ـ يىلى بەيلېيىنىڭ يېتۈك شاگىرتى ئېممېرىك يەنە شەرقىي گېرمانىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى تارىخ ۋە ئارخېئولوگىيە مەركىزى تەتقىقات ئىنستىتۇتىدىن ئۈچ دانە تۇمشۇق ھۆججىتىنى تاپقان، بۇلارمۇ لېكوك تاپقان بۇيۇملارغا تەۋە ئىدى. ئۇ «ساك تىلى ھۆججەتلىرى» 5 ـ جىلدىدا بۇ بىر قانچە ھۆججەتنىڭ فوتو سۈرىتىنى ئېلان قىلدى[①].

1979 ـ يىلى ۋېنگىرىيەلىك ئالىم هارماتتا باش مۇھەررىرلىكىدىكى «ئىسلامىيەتتىن ئاۋۋالقى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخ ماتېرىياللىرى تەتقىقاتىغا كىرىش» دېگەن ئەسەر بۇداپېشتتا نەشردىن چىقتى. بۇ كىتابقا ئېممېرىكنىڭ خوتەن تىلىدىكى تارىخىي ماتېرىياللار تونۇشتۇرۇلغان بىر پارچە ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن. ئۇ، تۇمشۇق ھۆججەتلىرىنىڭ تىلى ئىران تىلى بولۇپ، خوتەن تىلى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. بىراق، بۇ بىر خىل يەرلىك تىل بولۇپ، سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا خوتەن تىلىغا ئىنتايىن يېقىن ئىدى دەپ قارىغان.

1981 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرىمۇ تۇمشۇق تىلىدىكى ھۆججەتلەرگە كۆڭۈل بۆلۈشكە باشلىدى. خىرسىنبېگنىڭ شۇ يىلى نەشر قىلىنغان «ئىران تىلشۇناسلىقىدىن ئاساس. ئوتتۇرا قەدىمكى زامان ئىران تىلى» ناملىق كىتابىدا تورپان مورتۇق بىلەن تۇمشۇقتىن بايقالغان ساك تىلىدىكى ھۆججەتلەرنىڭ تىل مۇناسىۋىتى دەسلەپكى مەزگىل ۋە كېيىنكى مەزگىلدىكى خوتەن ساك تىلىنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشاپ كېتەتتى.

1985 ـ يىلى غەربىي گېرمانىيەنىڭ ھامبۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان پىروفېسسور ئېممېرىك ئۆزىنىڭ تۇمشۇقتىن تېپىلغان «كارما ۋاچارنا» ھەققىدىكى يېڭى تەتقىقاتىنى ئېلان قىلدى. ئۇ سانسكرىت تىلىدىكى نۇسخىسىدىن پايدىلىنىپ بۇ نومنىڭ كەمتۈك قىسىملىرىنى قايتىدىن سېلىشتۇرۇپ چىققاندىن باشقا يەنە ھۆججەتنىڭ

---

[①] لىن مېيسۈن: «قەشقەر ئارخېئولوگىيەسىنىڭ 90 يىلى»، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى دۇنياسى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە)، 1990 ـ يىلى 2 ـ سان، 24 ـ، 25 ـ بەتلەر.

تىلىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بايان قىلدى. ئۇ، تۇمشۇق ھۆججەتلىرى بىلەن خوتەن ھۆججەتلىرىنىڭ تىلى دەرۋەقە ئورتاق بىر خىل تىلنىڭ ھەر خىل لەھجىسى بولۇپ، ھازىر ئايرىم - ئايرىم ھالدا «تۇمشۇق ساك تىلى» ۋە «خوتەن ساك تىلى» دەپ ئاتىلىدۇ، ئاخىرقى نامنى بەيلىي بېكىتكەن دەپ قارىغان. ئۇ يەنە بىر لەھجىنى «تۇمشۇق تىلى» دەپ ئاتاپ، ئۇنى خوتەن تىلىدىن پەرقلەندۈرۈش تەكلىپىنى بەردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خوتەن تىلىنىڭ خوتەن رايونىدا قوللىنىلغانلىقى، تۇمشۇق تىلىنىڭ تۇمشۇق رايونىدا قوللىنىلغانلىقىنى شەرھلەپ ئۆتتى. ئۇنىڭ بۇ يېڭى ئەسىرىنىڭ نامى «تۇمشۇق تىلىدىكى كارما ۋاچارنا» ئىدى. 1986 - يىلى لىن مېيسۈن ئەپەندى شىنجاڭغا كېلىپ يىپەك يولىنىڭ چاقىلىقتىن خوتەنگىچە بولغان بۆلىكى ھەمدە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى قەدىمكى شەھەر خارابىلىرىنى تەكشۈردى. ئۈرۈمچىدە توققۇز ساراي خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان ۋەسىقىلەرنى كۆزدىن كەچۈردى. ئۇنىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، ئەينى چاغدا كۆسەن يېزىقىدىكى ياغاچ تارىشا پۈتۈك دەپ نومۇر سېلىنغان 32 دانە يادىكارلىق ئەمەلىيەتتە تۇمشۇق تىلىدىكى ياغاچ تارىشا پۈتۈك ئىدى[1].

80 - يىللاردىن باشلاپ خەلقئارا غەربىي يۇرت تەتقىقاتىدا دۇنخۇاڭ - تۇرپان يازما يادىكارلىقلىرىنى تەتقىق قىلىش بىلەنلا قانائەتلەنمىدى. ئالىملار كۈچىنىڭ بارچە تەرەققىي قىلغان ساھەگە قاراپ ئىلگىرىلىمەكچى بولدى. شۇڭا، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىن، بولۇپمۇ تارىم ئويمانلىقىدىن تېپىلغان ھەر خىل ئۆلگەن يېزىقتا يېزىلغان ھۆججەتلەر تەتقىقاتى بۇ دەۋردىكى غەربىي يۇرت تەتقىقاتىنىڭ سەۋىيەسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بولدى. كىشىلەر ھەمىشە مۇشۇ ئۆلگەن يېزىقلار تەتقىقاتى ئارقىلىق بىر ئالىم، ھەتتا بىر دۆلەتنىڭ ئىلمىي سەۋىيەسىنى

[1] لىن مېيسۈن: «قەشقەر ئارخېئولوگىيەسىنىڭ 90 يىلى»، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى دۇنياسى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە)، 1990 - يىلى 2 - سان، 25 - بەت.

ئۆلچەيدىغان بولدى. تۇمشۇق ھۆججەتلىرىنىڭ تىلى نۆۋەتتە سانى ئانچە كۆپ بولمىغان، بۇگۈنگە قەدەر پۈتۈنلەي ئوقۇپ يېشىلمىگەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۆلگەن يېزىق بولۇپ، ئۇنى تەتقىق قىلىش ئىنتايىن قىيىن بولغاچقا، بۇ خىل يېزىق تەتقىقاتى نۇرغۇنلىغان ئالىملارنىڭ دىققىتىنى قوزغىماقتا. ئەمدىلىكتە بۇ خىل تەتقىقات شىمالىي ئامېرىكا ۋە ياۋروپادىكى ئىلىم ساھەسىدە جىمجىت رىقابەتلىشىدىغان ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈردى.

1987- يىلى نورۋېگىيەلىك ئالىم سىنخەيىۋ «تۇمشۇق تىلىدىكى كارما نومى توغرىسىدا تەتقىقات» دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلدى. بۇ ماقالە شىمالىي ياۋروپا تىلشۇناسلىرىنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغان بولۇپ، خەتلەرنى تونۇش جەھەتتە شىمالىي ياۋروپالىقلارنىڭ تىل تالانتى نامايان قىلىنغان. ئالدى بىلەن ئۇ ئالدىنقىلارنىڭ بۇ نومنى ئوقۇغاندا كەتكۈزۈپ قويغان جايلىرىنى بىر - بىرلەپ تۈزىتىپ چىققان، ئاندىن تۇمشۇق ھۆججەتلىرىدىكى ئوخشاش بولمىغان 4 ھەرپنى ئالدىنقىلارنىڭ ئارىلاشتۇرۇۋەتكەنلىكىنى كۆرسەتكەن. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇ ئېممېرىك 1971- يىلى ئېلان قىلغان ئۈچ پارچە ھۆججەتنىڭ لاتىنچە ترانسكرىپسىيەسىنى ئېلان قىلغان.

80- يىللاردا مەيدانغا كەلگەن تەتقىقاتچى خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا دوكتورلۇقتا ئوقۇۋاتقان سىچىر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئەسلى غەربىي گېرمانىيەنىڭ ھامبۇرگدا ئېممېرىكتا ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇغان، ئۇنىڭ ئوقۇش پۈتكۈزۈش ماقالىسىنىڭ تېمىسى «ئوتتۇرا ئاسىيا بىراخما يېزىقى قەدىمكى يېزىقشۇناسلىقى» بولۇپ، ئۇنىڭدا تۇمشۇق يېزىقى مۇھاكىمە قىلىنغان. ھازىر ئۇ پۈتۈن ئىجتىھاتى بىلەن ئېلان قىلىنىپ بولغان تۇمشۇق ھۆججەتلىرىنى تەتقىق قىلماقتا. ئۇنىڭ تەتقىقات تېمىسى «تۇمشۇق تىلىدىكى ماتېرىياللار، ھۆججەتلەر توپلىمى» دۇر.

نۆۋەتتە چەت ئەللەردىكى تۇمشۇق ھۆججەتلىرىنىڭ ئەڭ يېڭى تەتقىقات تېمىسى ئېممېرىكنىڭ 1989- يىلى ئېلان قىلغان «خوتەن تىلى ۋە تۇمشۇق تىلى» دېگەن ماقالىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ماقالە خوتەن تىلىدىكى ھۆججەتلەرنى چۈشەندۈرۈشنى ئاساس قىلغان،

تۇمشۇق تىلىدىكى ھۆججەتلەرنىڭ ئەڭ يېڭى تەتقىقاتىنى تونۇشتۇرۇشنى قوشۇمچە قىلغان. ماقالىدە بۇ ئىككى خىل تىلنىڭ يېزىقى، گىراماتىكىسى ۋە قىسمەن سۆزلۈكلەر سېلىشتۇرۇلۇپ تەھلىل قىلىنغان. بۇ ماقالىدىن يەنە غەربىي گېرمانىيە سالان ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى توخرى تىلى مۇتەخەسسىسى دوكتور شىمدتنىڭ توخرى تىلىدىكى ھۆججەت بىلەن تۇمشۇق تىلىدىكى ھۆججەتلەر ئۈستىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىنىمۇ بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

تۇمشۇق ھۆججەتلىرى توغرىسىدىكى ئەڭ يېڭى قاراش 1989 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا پىروفېسسور جى شيەنلىن رىياسەتچىلىك قىلغان بىر قېتىملىق ئىلمىي دوكلات يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان. يىغىندا بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەتقىقاتچىسى لىن مېيسۈن ئەپەندى ئۆزىنىڭ يېپەك يولىدىكى توققۇز ساراي قەدىمكى شەھىرىنى تەكشۈرۈپ، ئوتتۇرا ئاسىيا توغرىسىدىكى بىلىملىرىگە تايىنىپ بۇ شەھەر خارابىسىنى قەدىمكى قەشقەر بەگلىكىنىڭ چېگرا شەھىرى ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. كېيىنچە ئۇ تۇمشۇق ھۆججەتلىرىنىڭ تىلى، يېزىقى ۋە گىراماتىكىسىنى تەتقىق قىلىپ، ھۆججەت ۋە مول خەنزۇچە ماتېرىياللاردىن تۇرغۇنلىغان ئىسپاتلارنى بايقىغان:

(1) تۇمشۇق 6 ـ نومۇرلۇق ھۆججەتتىكى ئالاقىدار خاتىرىلەر ھۆججەتنى كۆچۈرگۈچىنىڭ قەشقەرلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ؛

(2) تۇمشۇق 1 ـ نومۇرلۇق ھۆججەتتىكى ئالاقىدار خاتىرىلەر تۇمشۇق خارابىسى جايلاشقان ئورۇننىڭ قەدىمدە چۇپەنتو دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ؛

(3) تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تىلشۇناس، ئالىم قەشقەر (سۇ لى)لىك خۇي لىننىڭ ئەسىرىدىكى ئالاھىدە تىل ئامىللىرى بىلەن تۇمشۇق ھۆججەتلىرىنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى ئوخشاش.

مانا بۇلار بۇ خىل تىلنىڭ قەشقەر تىلى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. نۆۋەتتە بۇ تەتقىقات داۋاملىشىۋاتىدۇ، شۇنداق قىياس قىلىشقا

بولىدۇكى، بۇ تەس تىلنىڭ سىرىنى پۈتۈنلەي ئېچىشنىڭ ۋاقتى ئاز قالدى[1].

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، پائول پېللىئوت يەكەندىن بايقىغان قاراخانىيلار دەۋرىگە ئائىت ھۆججەتلەرنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە بولىدۇ. 1907- يىلى پائول پېللىئوت يەكەندىن قاراخانىيلار دەۋرىگە ئائىت بىر تۈركۈم ھۆججەتلەرنى بايقىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر پارچە ھۆججەت مىلادىيە 1096- يىلى يېزىلغانىكەن. ھۆججەتنىڭ كەينى تەرىپىدىكى شاھىتلارنىڭ ئىمزاسىدا ئەرەبچە يېزىقلار ئۇچرايدۇ. بىراق، ھۆججەتنىڭ كۆپ قىسمى ئەرەب تىلى بىلەن يېزىلغان، ئاز بىر قىسمى ئەرەب يېزىقى تۈرك تىلىدا يېزىلغان. ھۆججەتنىڭ ئەندىزىسىمۇ پۈتۈنلەي ئىسلام مۇرىتلىرى ئارىسىدا ئومۇملاشقان ئۇسلۇبتا يېزىلغان. بۇ تارىم ئويمانلىقىدا بايقالغان ئىسلاملىشىشنىڭ ئەڭ دەسلەپكى دەۋرىگە تەۋە ئارخېئولوگىيە ماتېرىيالى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 50- يىللاردا توققۇز ساراي قەدىمكى شەھىرىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى ئاخىرقى دەۋرگە تەۋە كۆل ئازگىلىدىن بايقالغان ئۇيغۇرچە ۋە ئەرەبچە كەمتۈك قەغەز ھۆججەتلەر ئېنىقلا يەكەندىن بايقالغان ھۆججەتلەر بىلەن ئوخشاش تىپقا تەۋە ئىدى. ئۇيغۇر تارىخىدىكى ئىككى مەشھۇر ئالىم مەھمۇد كاشغەري بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇشۇ خىل ئەرەب يېزىقى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئۆلمەس ئەسىرى بولغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» ھەمدە «قۇتادغۇبىلىك» نى يازغان[2].

قەشقەرنى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش پائالىيىتىنىڭ باشلانغىنىغا 100 يىلدىن ئاشتى، بۇ جەرياندا ھەرقايسى تەرەپلەردە كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى دېيىشكە بولىدۇ، بىراق نۆۋەتتىكى ئەھۋال ئانچە كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەس. خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قەشقەر بەگلىكىدە جىنجۇڭ، ۋۇجى، سۇلى ۋە پەنتودىن

①، ② لىن مېيسۈن: «قەشقەر ئارخېئولوگىيەسىنىڭ 90 يىلى»، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى دۇنياسى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە)، 1990- يىلى 2- سان، 26-، 27- بەتلەر.

ئىبارەت تۆت شەھەرنىڭ بارلىقى خاتىرىلەنگەن، ھازىر ئۇلار ئىچىدىكى پەقەت شەھىرىنىڭلا ئورنى بېكىتىلدى، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋردىكى قەشقەر بەگلىكىنىڭ 12 شەھىرى توغرىسىدا بىز ھېچنېمىنى بىلمەيمىز. قەشقەر مەدەنىيىتى كېلىپ چىققان دەسلەپكى باسقۇچتىكى مەدەنىيەت خارابىسى تېخىچە بايقالغىنى يوق. تۇمشۇقتىن بايقالغان قەشقەر تىلىدىكى ھۆججەتلەر ئىچىدىكى ئۈچ دانە ھەرپنىڭ تەلەپپۇزى تېخىچە ئايدىڭلاشمىدى. تارىم ئويمانلىقىدىكى باشقا قەدىمكى بەگلىكلەر ئارخېئولوگىيەسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا قەشقەر ئارخېئولوگىيەسى نۆۋەتتە غەربىي يۇرت ئارخېئولوگىيەسىدىكى ئەڭ ئاجىز، ئەمما ئەڭ مۇھىم ھالقىلارنىڭ بىرى. جۇڭگو مەدەنىيىتى بىلەن غەرب مەدەنىيىتى بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسىتىشتە قەشقەر كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان. شۇنداق بولغاچقا، بۇ يەردىكى ھەرقانداق بايقاش ياكى تەتقىقات جەھەتتىكى بۆسۈشلەر پۈتۈن يىپەك يولى ئارخېئولوگىيەسى ياكى جۇڭگو غەرب مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش تارىخىي تەتقىقاتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. قەشقەردە ياشىغان قەدىمكى مىللەتلەر جۇڭخۇا مىللەتلىرى چوڭ ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسى، قەشقەر مەدەنىيىتى جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ تەركىبىي قىسمى. خەنزۇچە تارىخ ماتېرىياللىرىدا قەشقەرگە ئائىت خاتىرىلەر ئەڭ كۆپ بولۇپ، قەشقەر بەگلىكىنىڭ تارىخىنى قايتا يېزىشتا كەم بولسا بولمايدىغان بىرىنچى قول ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، جۇڭگو ئالىملىرى خەلقئارا ئىلىم ساھەسىدە بۇ ساھەدىكى تەتقىقاتنى ئىلگىرى سۈرۈشتە باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك[1].

---

[1] لىن مېيسۇن: «قەشقەر ئارخېئولوگىيەسىنىڭ 90 يىلى»، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى دۇنياسى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە)، 1990- يىلى 2- سان، 28- بەت.

## ئۈچىنچى باب

# قەشقەرنىڭ تارىختىن ئاۋۋالقى دەۋرى ئارخېئولوگىيەسى

تارىختىن ئاۋۋالقى مەدەنىيەت يازما خاتىرىگە ئېلىنمىغان دەۋرنىڭ مەدەنىيىتى بولۇپ، ئارخېئولوگىيە ئىلمىدە بۇ دەۋر «تارىختىن ئاۋۋالقى دەۋر» دەپ ئاتىلىپ، بۇ دەۋردە بارلىققا كەلگەن مەدەنىيەتكە «تارىختىن ئاۋۋالقى مەدەنىيەت» ياكى «تارىختىن ئاۋۋالقى ئارخېئولوگىيەلىك مەدەنىيەت» دەپ نام بېرىلگەن. بۇ دەۋرنىڭ ۋاقىت چېكى كونا تاش قورال دەۋرىدىن تاكى يازما خاتىرە قالدۇرۇش مەيدانغا چىققان دەۋرگىچە بولغان زامانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ دەۋردە ئىنسانلار كونا تاش قورال دەۋرى مەدەنىيىتى، ئوتتۇرا تاش قورال دەۋرى مەدەنىيىتى، يېڭى تاش قورال دەۋرى مەدەنىيىتى، بىرونزا قورال دەۋرى مەدەنىيىتى، تۆمۈر قورال دەۋرى مەدەنىيىتى قاتارلىق قەدىمكى مەدەنىيەت دەۋرلىرىنى بېشىدىن كەچۈرگەن ھەمدە ھەرقايسى دەۋرلەرگە خاس بولغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى، ھەر خىل قىيا تاش رەسىملىرىنى قالدۇرغان[①].

شىنجاڭدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ۋە قېزىشلاردا بايقالغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇنىڭدىن 10 مىڭ يىل ئىلگىرىكى كونا تاش قورال دەۋرىدە شىنجاڭدا ئىنسانلار پائالىيەت ئېلىپ بارغان. ئەينى چاغدىكى كىشىلەر ئۆزلىرى

---

① «جۇڭگو ئېنسىكلوپېدىيەسى. ئارخېئولوگىيە قىسمى»، جۇڭگو ئېنسىكلوپېدىيە نەشرىياتى 1986 ـ يىلى 8 ـ ئاي خەنزۇچە نەشرى، 6 ـ، 7 ـ بەت؛ ئادىل مۇھەممەت تۇران: «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى جەۋھەرلىرى»، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى 2006 ـ يىلى 6 ـ ئاي، 1 ـ بەت.

ئۇۋلىغان ھايۋانلارنىڭ گۆشلىرى، ياۋا مېۋە ۋە ياۋا ئۆسۈملۈك قاتارلىقلارنى ئوزۇقلۇق قىلغان. بۇنىڭدىن 6000 — 7000 يىل ئىلگىرىكى يېڭى تاش قورال دەۋرىدە، شىنجاڭدا ئىپتىدائىي تېرىقچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بارلىققا كەلگەن. بۇنىڭدىن 4000 يىل بۇرۇن شىنجاڭ بىرونزا قوراللار دەۋرىگە قەدەم قويغان. شىنجاڭ بىرونزا قوراللار دەۋرىگە كىرىشتىن بۇرۇن، بۇ زېمىندا ياشىغان ئەجدادلار ئىگىلىكىدە ئوۋچىلىق، ياۋا مېۋە ۋە ياۋا ئۆسۈملۈكلەرنى تېرىپ ئوزۇقلۇق قىلىش ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان. كىچىك كۆلەمدە چارۋىچىلىق ۋە تېرىقچىلىقمۇ بولغان. بىرونزا قوراللار ئىشلىتىلگەندىن كېيىن، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئەجدادلارنىڭ تەبىئىي مۇھىتنى ئۆزگەرتىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش جەھەتتىكى ئىقتىدارى زور دەرىجىدە ئۆسۈشكە باشلىغان ۋە ئۇلارنىڭ پائالىيەت دائىرىسىمۇ تەدرىجىي ھالدا كېڭەيگەن. بۇنىڭدىن تەخمىنەن 3000 يىل بۇرۇنقى زامانلارنىڭ ئالدى - كەينىدە تەڭرىتاغنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدا، بولۇپمۇ شىمالىدا چارۋىچىلىق ناھايىتى تەرەققىي قىلغان، نۇرغۇن رايونلاردا كىشىلەر ئوت - سۇ قوغلىشىپ تىرىكچىلىك قىلىدىغان كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشى كەچۈرگەن، بولۇپمۇ تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى پايانسىز ئوتلاق - دالىلاردا ياشايدىغان ئاھالىلەر ئىگىلىكىدە چارۋىچىلىق ئاساس قىلىنغاچقا، ئۇلارنىڭ ئەللىرى «كۆچمەن بەگلىكلەر» دەپ ئاتالغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تېرىقچىلىقنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى تارىم ئويمانلىقى، تۇرپان ئويمانلىقى ۋە قۇمۇل بوستانلىقىدا تىرىكچىلىك قىلغان ئەجدادلار تەدرىجىي ھالدا مۇقىم ئولتۇراقلىشىش تۇرمۇشىغا قەدەم قويۇپ، دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلغان ھەممىدە بىر ياكى بىرنەچچە شەھەرنى سىياسىي مەركەز قىلغان «شەھەر بەگلىكلىرى»نى بارلىققا كەلتۈرگەن. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 3- ئەسىر ئەتراپىدا، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرى ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ مەدەنىيەتلىك باسقۇچقا قەدەم قويغان. ئارخېئولوگىيەلىك بايقاشلاردىن مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، ئەينى ۋاقىتتا نۇرغۇن جايلارنىڭ ئىجتىمائىي

ئىشلەپچىقىرىشىدا دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىق بىرلىكتە ئېلىپ بېرىلغان. بەزى رايونلاردا دېھقانچىلىق، يەنە بەزى رايونلاردا چارۋىچىلىق ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان.

قەشقەرنىڭ تارىختىن ئاۋۋالقى ئارخېئولوگىيەسىمۇ ئوخشاشلا تاش قورال دەۋرى، بىرونىزا (مىس) قورال دەۋرى ۋە دەسلەپكى تۆمۈر قورال دەۋرىدىن ئىبارەت ئۈچ تەرەققىيات باسقۇچىنى باشتىن كەچۈرگەن ھەمدە ھەرقايسى باسقۇچقا خاس بولغان ئارخېئولوگىيەلىك مەدەنىيەت بارلىققا كەلگەن.

## 1. قەشقەرنىڭ تاش قورال دەۋرى ئارخېئولوگىيەسى

تاش قورال — ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قورالى. ئىپتىدائىي توپ — ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ بىرىنچى ئىجتىمائىي تۈزۈلمىسى، ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ئىنسانلار ئاددىي ئۇسۇلدا سوقۇپ ياسالغان قوراللارنى ياساشنى ۋە ئىشلىتىشنى بىلگەن بولۇپ، كوللېكتىپ ئەمگەك قىلىپ، تەڭ تەقسىمات قىلمىشاتتى. قىسقىسى، ئىنسانلارنىڭ ئەمگىكى تاش قورال ياساشتىن باشلانغان. تاش قوراللار ئومۇمەن كونا تاش قوراللار، يېڭى تاش قوراللار دەپ ئىككى چوڭ تىپقا بۆلۈنىدۇ. تاشقورغاندىن تېپىلغان تاش قورال چاناش، چوقۇش سايمىنى بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ ئۇنى سوقۇپ ياسىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق بىلىنىپ تۇرىدۇ.

ئىنسانلار تاش قوراللارنى سىلىقلاپ ئىشلەتكەندە ئۇنۇمىنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى بولىدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، تاش قوراللارنى سىلىقلاپ، ئىنچىكىلىتىپ ئىشلەتكەن. بۇنداق سىپتا تاش قوراللار شىنجاڭنىڭ ئىپتىدائىي تېرىقچىلىق ۋە چارۋىچىلىقىنىڭ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئىزلىرى شىنجاڭنىڭ ھەممىلا يېرىدە ئۇچرايدۇ. شىنجاڭنىڭ سىپتا تاش قوراللىرى رايون جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، گەنسۇ، ئىچكى موڭغۇل، شەرقىي شىمالنىڭ تاش قوراللىرى بىلەن

تۇتىشىپ كېتىدۇ. بۇ ھال شىمالدىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئوخشاشلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

ئىنچىكە تاش قوراللارنىڭ ئىشلىتىلىشىگە ئەگىشىپ، چوڭ تىپتىكى سىلىقلاپ ئىشلەنگەن تاش قوراللار مەيدانغا كېلىشكە باشلىغان، يەنى يوغان تاشلارنى تەشكەن ھەم يۇمىلاقلاشتۇرغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە دېھقانچىلىقمۇ مەيدانغا كېلىشكە باشلىغان ھەمدە كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان كىشىلەرنىڭ بىر قىسمى مۇقىم بىر جايدا ئولتۇراقلىشىپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ئارقىدىنلا ئىپتىدائىي قول ھۈنەرۋەنچىلىك، ساپالچىلىق مەيدانغا كەلگەن ھەمدە توقۇلما بۇيۇملارمۇ بۇنىڭ بىلەن بىرگە مەيدانغا كېلىشكە باشلىغان. دېمەك، چوڭ تىپتىكى سىلىقلاپ ئىشلەنگەن تاش قوراللارنىڭ ئىشلىتىلىشى ئىنسانلار مەدەنىيىتىنى بىر بالداق ئىلگىرىلەتكەن[①].

قەدىمكى قەشقەر بوستانلىقىدا بۇنىڭدىن 10 مىڭ يىل ئىلگىرىكى كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىن باشلاپ قەدىمكى ئىنسانلار پائالىيەت ئېلىپ بارغان بولۇپ، ئۇلار كونا تاش قورال دەۋرى ۋە يېڭى تاش قورال دەۋرىلىرىدە ئۆزلىرى جايلاشقان جۇغراپىيەلىك مۇھىتقا ماس ھالدا تىرىكچىلىك قىلغان ھەمدە ئۆزلىرى ياشىغان دەۋرلەردە ئۆزىگە خاس مەدەنىيەتنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

## 1. قەشقەرنىڭ كونا تاش قورال دەۋرى ئارخېئولوگىيەسى

كونا تاش قورال دەۋرى ئىنسانلار تاشلارنى چوقۇپ، يونۇپ قورال ياسىغان دەۋر بولۇپ، بۇ خىل چوقۇپ، يونۇپ ياسالغان قوراللارنى

---

① ماھىنۇر قاسىم: «شىنجاڭ تاش قوراللىرى ھەققىدە دەسلەپكى چۈشەنچە»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى 1993- يىللىق 2- سان، 98-، 99- بەتلەر.

ئىشلىتىش كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ. بۇ دەۋرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە شىنجاڭدا ياشىغان قەدىمكى ئاھالىلەر تەرمىچىلىك (يېگىلى بولىدىغان تەبىئىي ئۆسۈملۈك ۋە ياۋا مېۋىلەرنى يىغىش)، تۇتۇش ۋە ياۋايى ھايۋانلارنى ئوۋلاش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى قامدىغان.

شىنجاڭدا ھازىرغىچە كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە مەنسۇپ خارابە - ئىزلاردىن تاشقورغان ناھىيەسىدىكى جىرغال كونا تاش قورال ئىزى، خوتەن شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىدىكى كونا تاش قورال ئىزى، خوتەن لوپ ناھىيەسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى قۇرۇق دەريا قىنى بويىدىكى كونا تاش قورال ئىزى، خوتەن نىيە ناھىيەسى ناغرىخانىنىڭ شىمالىدىكى قۇرۇق دەريا قىنى بويىدىكى ئىز، قوبۇقسار ناھىيەسى قوشتۆگە كونا تاش قورال ئىزى ۋە يارغول قەدىمكى شەھىرى غەربىي غولى تۆپىلىكىدىكى كونا تاش قورال ئىزى قاتارلىقلار بايقالغان بولۇپ، بۇ ئىزلاردىن چوقۇپ ياسالغان تاش قوراللاردىن چوڭ تىپتىكى چاناش - يانجىش قورالى، تاش بازغان، تاش ئۆزەك ۋە چوقۇش قورالى قىلىنغان تاش يالپاق قورال قاتارلىقلار تېپىلغان. بۇ ئىزلار ئىچىدىكى يارغول قەدىمكى شەھىرى غەربىي غولى تۆپىلىكىدىكى كونا تاش قورال ئىزى شىنجاڭنىڭ كونا تاش قورال دەۋرى مەدەنىيىتى ئارخېئولوگىيەسىدىكى مەدەنىيەت تىپى ۋە مەدەنىيەت خاراكتېرى بىرقەدەر ئېنىق بولغان كونا تاش قورال دەۋرى مەدەنىيەت ئىزى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

قەدىمكى قەشقەر بوستانلىقىدىكى كونا تاش قورال مەدەنىيىتىگە دائىر ئىز ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن قەشقەر بوستانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان پامىر ئېگىزلىكىدىكى «جىرغال كونا تاش قورال ئىزى» بىلەن قەشقەر بوستانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىگە جايلاشقان ئاتۇش بوستانلىقىدىن تېپىلغان «ئاتۇش ئادىمى»نىڭ تاشقا ئايلانغان باش سۆڭىكىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە بولىدۇ.

## تاشقورغان جىرغال كونا تاش قورال ئىزى

1983 - يىلى 8 - ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي، بېيجىڭ تەبىئەت مۇزېيى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق گېئولوگىيە ئىدارىسى تەكشۈرۈش ئەترىتى قاتارلىق ئۈچ ئورۇندىكى مۇناسىۋەتلىك كەسپىي خادىملاردىن تەشكىللەنگەن بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئەترىتى تاشقورغان ناھىيەسىنىڭ بازار ئەتراپىدا كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە ئائىت قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرىنى تاپتى.

بۇ قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەسى بازىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن 34 كىلومېتىر كېلىدىغان تىزناپ يېزىسى جىرغال تەۋەسىدە بولۇپ، بۇ جاينىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنى شىمالىي پاراللېل 37°31′ قا، شەرقىي مېرىدىيان 75°23′ قا توغرا كېلىدۇ، دېڭىز يۈزىدىن 3700 مېتىر ئېگىز.

بۇ ئىز تاشقورغان دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا جايلاشقان بولۇپ، ھازىرقى دەريا قىنى بىلەن بولغان ئارىلىقى 110 مېتىر كېلىدۇ. بۇ يەردىكى جىلغا ساينىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى تۆپىلىكلەر بەش قەۋەت دۆۋىلەنگەن يەر قاتلىمىدىن شەكىللەنگەن.

بۇ كونا تاش قورال ئىزى كونا دەريا قىنىنىڭ ئالدىدىكى تىك قىيا ئارىسىدىن تېپىلغان، ھازىرقى دەريا قىنىدىن تەخمىنەن 10 مېتىر ئېگىزلىككە توغرا كېلىدۇ. ئىلگىرى بۇ تىك قىيانىڭ شېغىللىق توپا قاتلىمىدا كىشىلەر گەمە كولىغانلىقتىن ئەينى قاتلامدىكى قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزى ئېچىلىپ قالغان.

بۇ قېتىم تېپىلغان قەدىمكى مەدەنىيەت ئىز قالدۇقى يەر قاتلىمىنىڭ ئېپتىدائىي دۆۋە ئىچىدە بولۇپ، گېئولوگىيەلىك دەۋرى يېڭىلىنىش ئېراسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە توغرا كېلىدۇ. قەدىمكى مەدەنىيەت ئىز قالدۇقى ئاساسەن سۇنئىي ئۇسۇلدا ئوت تىن پايدىلانغان ئىزلار، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە غار ئالدىدىكى توپا دۆۋىسى (غار كولىغاندا

دۆۋىلەنگەن) ئارىسىدىن بىر دانە ئۇرۇپ ياسالغان تاش قورال ۋە بىرنەچچە تاش پارچىلىرى تېپىلدى.

ئۈچ يەردىكى كۆل دۆۋىسى قالدۇق ئىزى يەر قاتلىمىنىڭ ئاستىنقى ۋە ئۈستۈنكى قەۋەتلىرىگە تارقالغان بولۇپ، ئۈستىدىن ئاستىغىچە بولغان ئارىلىقى 50 سانتىمېتىردىن ئارتۇق. كۆل دۆۋىسىنىڭ قالدۇق ئىزلىرى بۇ يەر قاتلىمىنىڭ كەسمە يۈزىدە ياپىسمان شەكىلدە ساقلىنىپ قالغان. ئۇلارنىڭ ئاستىنقى ۋە ئىككى تەرىپىدە ئوتتا كۆيۈپ قېتىپ قالغان توپا قېتىشمىلىرى كۆپ. كۆل قالدۇقى ئىزلىرىنىڭ ئەڭ قېلىن جايى 4 — 8 سانتىمېتىر بولۇپ، ئۇنىڭ ئارىسىدا چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان كۆمۈر پارچىلىرى بار ئىدى. كۆمۈر پارچىلىرىنىڭ دىيامېتىرى ئادەتتە 5 — 10 مىللىمېتىر ئارىلىقىدا بولۇپ، ئەڭ چوڭى 15 سانتىمېتىر كېلىدۇ. كۆل ئارىسىدىن ئاز ساندا كۆيدۈرۈلگەن سۆڭەك تېپىلدى. ئەتراپتىكى قۇم ئارىلاش توپا ئارىسىدىن ھايۋاناتلارنىڭ پارچە - پۇرات ئۇگە سۆڭەكلىرى تېپىلدى.

بىر دانە ئۇرۇپ ياسالغان تاش قورال: بۇ چاناش، يانچىش تاش قورالى بولۇپ، ئەڭ چوڭ يېرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 140 مىللىمېتىر، كەڭلىكى 90 مىللىمېتىر، ئەڭ چوڭ يېرىنىڭ قېلىنلىقى 85 مىللىمېتىر كېلىدۇ. بۇ تاش قورال تەكشى بولمىغان كىۋارتىس تاش پارچىسىنىڭ بىر ئۇچىنى پىششىقلاش ئارقىلىق ياسالغان بولۇپ، ئۇنىڭ تىنىك كېسىلگەن يۈزى تەكشى بولمىغان بەش قىرلىق شەكىلگە كەلتۈرۈلگەن. بىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 65 مىللىمېتىر، ھەر ئىككى تەرىپى پىششىقلانغان بولۇپ، ئەگمە شەكىلگە كىرگۈزۈلگەن. بىسىنىڭ بىر يۈزىنىڭ تۆت يېرىدە بىس چىقارغاندا ئۇرۇلغان ئىز بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئىككى ئىز بىس يۈزىدە خېلى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بىسىنىڭ يەنە بىر يۈزىدە ئىككى كىچىكرەك پۇچۇلغان تاش پارچىسىنىڭ ئىزى بار. بىستا يەنە ئىشلىتىلگەن چاغدا پۇچۇلغان ئىزلارمۇ بار. مەزكۇر تاش قورالدىكى ئۇرۇپ چۈشۈرۈلگەن تاش پارچىسىنىڭ ئىزى ۋە ئىشلىتىلگەن چاغدىكى ئىزلاردىن باشقا يەنە، قالغان جايلىرىدا

ئوشاق تاشلارنىڭ چاپلىشىپ قالغان قالدۇقلىرىمۇ ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

تاشقورغان دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرى ئۈچ قەۋەتلىك يەر قاتلىمىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، ئۇنىڭ يىل - دەۋرى ئەڭ كېچىككەندىمۇ يېڭىلىنىش ئېراسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىن بۇرۇنغا توغرا كېلىدۇ، ھازىرغا قەدەر 10 مىڭ يىلدىن كەم ئەمەس. بۇ يەردىكى مەدەنىيەت قالدۇقلىرى ئاساسلىقى ئوتنى پايدىلىنىش ئىزلىرى ۋە ئۇرۇپ ياسالغان تاش قوراللاردىن ئىبارەت بولۇپ، كېيىنكىسىدە كونا تاش قورال ئۇسلۇبى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، يەر قاتلاملىرى ئارىسىدا كېيىنكى مەزگىللەرنىڭ مەدەنىي يادىكارلىقىدىن بولغان ساپال پارچىسى قاتارلىقلار تېپىلمىدى. بۇنىڭدىن قارىغاندا، بۇ قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزى كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا مەنسۇپ بولۇشى مۇمكىن.

كۆل دۆۋىسىنىڭ ئۈستى ۋە ئاستىدىكى خېلى كەڭ ئارىلىق قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ خېلى ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە بۇ جايدا ئۈزۈكسىز ھايات كەچۈرگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرىنىڭ ساقلىنىش ھالىتىدىن قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ بۇ جايدا ئوۋ ئوۋلاپ، گۈلخان يېقىپ، يېمەكلىكلەرنى پىشۇرۇپ يېگەنلىكىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

تاشقورغاندىكى جىرغال قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزى قالدۇقى ھازىرغا قەدەر شىنجاڭ تەۋەسىدە ئېنىقلانغان بىلىمىزگە قاراشلىق پامىر رايونىدا تېپىلغان ئەڭ بۇرۇنقى ئىزدۇر. بۇ ئىزنىڭ تېپىلىشى شىنجاڭ رايونىدىكى كونا تاش قورال دەۋرىگە ئائىت ئارخېئولوگىيە ساھەسىدىكى بىر بوشلۇقنى تولدۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى بۇنىڭدىن 10 مىڭ يىل بۇرۇنلا شىنجاڭ رايونىدا ئىنسانلارنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. بۇ ئىزنىڭ تېپىلىشى ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى ئىنسانشۇناسلىقى، شىنجاڭنىڭ تارىختىن بۇرۇنقى ۋە بۇ رايوننىڭ تۆتلەمچى دەۋرىدىكى گېئولوگىيەسى توغرىسىدىكى تەتقىقاتىنى

ئىلگىرى سۈرۈشتە چوڭ رول ئوينايدۇ[1].

### ئاتۇش ئادىمى

«ئاتۇش ئادىمى» دېگەن نام ئاتۇشتىن تېپىلغان ئادەم باش سۆڭىكى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئاتۇش ئادىمىنىڭ باش سۆڭىكى تېپىلغان يەر قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى (تۆۋەندە قىسقارتىپ قىزىلسۇ ئوبلاستى دەپ ئېلىنىدۇ) ئاتۇش شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىغا 7.7 كىلومېتىر كېلىدىغان يەرگە جايلاشقان. بۇ يەر ئاغۇ يېزىسى ئاچچىق كەنتىنىڭ تەۋەسىدە بولۇپ، ئاچچىق كەنتىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 1.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. جۇغراپىيەلىك كوردىناتلىرى: شەرقىي ئۇزۇنلۇق 76°05'، شىمالىي كەڭلىك 39°44' — 39°45'. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1201 مېتىر كېلىدۇ.

1981- يىلى قىزىلسۇ ئوبلاستى هاراق زاۋۇتىدىكى خىزمەتچىلەر زاۋۇت سېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان يەرنى تۈزلەۋاتقاندا، بىرقانچە پارچە ئادەم باش سۆڭىكىنىڭ قالدۇقى ۋە چوڭ تىپتىكى سۈت ئەمگۈچى هايۋانىنىڭ تاغاق سۆڭىكىنىڭ قالدۇقىنى بايقىغان. 1987- يىلى 7- ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي، بېيجىڭ تەبىئەت مۇزېيى ۋە شىنجاڭ گېئولوگىيە ئىدارىسى قىدىرىپ تەكشۈرۈش چوڭ ئەترىتىدىكى ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەردىن تەشكىللەنگەن بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئەترىتى ئادەم سۆڭىكى تېپىلغان ئورۇنغا قارىتا تەكشۈرۈش ۋە تازىلاش ئېلىپ بارغان هەم قىسمەن سۆڭەك پارچىلىرىنى تاپقان. ئىككى قېتىملىق يىغىش ئارقىلىق بىر ئادەمنىڭ پېشانە سۆڭىكى، چوققا سۆڭىكى، چېكە سۆڭىكى ۋە كېپەك سۆڭىكى قاتارلىق يەتتە پارچە باش سۆڭەك

---

[1] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي، بېيجىڭ تەبىئەت مۇزېيى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق گېئولوگىيە ئىدارىسى بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئەترىتى: «تاشقورغان ناهىيەسى جىرغالدىكى كونا تاش قورال دەۋرىگە ئائىت قەدىمكى ئىزنى تەكشۈرۈش»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى 1986- يىللىق 1- سان، 39 -، 40-، 42- بەتلەر.

قالدۇقنى يىغىۋالغان ھەممە يەملەش ئارقىلىق پېشانە سۆڭىكى، چوققا سۆڭىكى، سول تەرەپ باش سۆڭىكى ۋە سول تەرەپ يۈز سۆڭىكىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن. باش ئارقا سۆڭىكى، ماڭلاي سۆڭىكى، باش ئوڭ تەرەپ سۆڭىكىنىڭ قىسمەن جايلىرى ۋە يۈز سۆڭىكىنىڭ قىسمەن جايلىرى كەم قالغان. بۇ باش سۆڭەكنىڭ ماڭلاي ھەم چوققا سۆڭىكىنىڭ يۈز قىسمى ئاقۇچ كۈل رەڭگە، قالغان قىسمى سارغۇچ كۈل رەڭگە ئۆزگىرىپ قالغان. چوققا، پېشانە سۆڭىكىنىڭ قىسمەن سۆڭەك يۈزىدە چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان سۆڭەك ئۆسمە شەكلىدىكى بىرقانچە كۆپۈكچە بار بولۇپ، باش سۆڭىكىدە قىلىنلاش كۆرۈلگەن، باش سۆڭىكى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن. سۆڭەك يۈزىنىڭ مۇسكۇلى بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان. كۆز چانىقى يۇمىلاق، بۇ باش سۆڭەكنىڭ ئومۇمىي ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا، ئۇ بىر ئەر كىشىنىڭ باش سۆڭىكىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

بۇ باش سۆڭىكى بايقالغان چاغدا ئۇنىڭ ھەرقايسى بۆلەكلىرى چېچىلغان ھالەتتە بولۇپ، ئۇنى ھازىرقى ئادەم باش سۆڭىكىنىڭ سۆڭەك ئارىلىقىنى چېپىسلاش ئۆلچىمىگە ئاساسلىنىپ چېپىسلىغان، دەسلەپكى تەكشۈرۈشتە ئۇنىڭ يېشى 20 ياشتىن تۆۋەن ئىكەنلىكى مۆلچەرلەنگەن. پۈتۈن سۆڭەكنىڭ ئۆسۈش دەرىجىسى بويىچە ئانالىز قىلغاندا، بۇ باش سۆڭەك ۋەكىللىك قىلغان يەككە تەننىڭ يېشى بىرقەدەر كىچىك بولۇپ، 18 ياش ئەتراپىدا بولۇشى مۇمكىن دېگەن يەكۈن چىقىرىلغان.

ئاتۇش ئادىمى بىلەن شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدىن تېپىلغان باش سۆڭەكلەرنى گۇرۇپپىلارغا ئايرىپ سېلىشتۇرغاندا، ئاتۇش ئادىمى چوققا سۆڭىكىنىڭ ئۇزۇنلۇقى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى قەدىمكى كۆنچى دەريا ۋادىسىدىكى گۇمۇگو قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان باش سۆڭەكلەر بىلەن خوتەن سامپۇل قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان باش سۆڭەكلەرگە ۋە موڭغۇلكۈرە توپادۆڭ قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان باش سۆڭەكلەرگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. باش سۆڭەكنىڭ ھەر خىل ئالاھىدىلىكلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ قارىغاندا، ئاتۇش ئادىمى يەنىلا خوتەن لوپ سامپۇل

ئادىمى بىلەن ئوخشايدىغان تەرەپلىرى بىرقەدەر كۆپرەك[1].

ئاتۇش ئادىمى بوغاز دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىدىكى پەلەمپەيسىمان ئېقىن ئېگىزلىكىدىن تېپىلغان بولۇپ، پەلەمپەينىڭ گېئولوگىيەلىك يىل - دەۋرى يېڭى ھاياتلىق ئېراسى 4- دەۋرنىڭ ئاخىرقى يېڭىلىنىش ئېراسىغا تەۋە. كۆمۈش ئەھۋالى نۆۋەتتە پۈتۈنلەي ئېنىقلانمىغاچقا، يېڭى ماتېرىياللار ئارقىلىق يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تولۇقلاپ چۈشەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. بىراق، بىز ئاتۇش ئادىمىنىڭ باش سۆڭىكىنى شىنجاڭدىن تېپىلغان دەسلەپكى تۆمۈر قورال دەۋرىدىكى ئادەم باش سۆڭىكى بىلەن سېلىشتۇرۇپ تەھلىل قىلىدىغان بولساق، باش سۆڭەك يەنىلا بىرئاز تاشقا ئايلانغان بولۇپ، يىل - دەۋرى بىرقەدەر بۇرۇن بولۇشى كېرەك. نۆۋەتتە بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن «ئاتۇش ئادىمى» باش سۆڭىكىنىڭ يىل - دەۋرى بۇنىڭدىن 10 مىڭ يىل (كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى) ئاۋۋالغا توغرا كېلىدۇ دەپ قارالماقتا[2]. بىراق، يەنە بىر قىسىم نوپۇزلۇق ماتېرىياللاردا ئاتۇش ئادىمىنىڭ يىل-دەۋرى ئېنىق قىلىپ بۇنىڭدىن 17 مىڭ يىل بۇرۇنقى ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ دەپ بېكىتىلگەن[3]. ئۇ بۈگۈنگە قەدەر شىنجاڭدىن بايقالغان دەۋرى ئەڭ بۇرۇن بولغان ئادەم باش سۆڭىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئاتۇشتىن تېپىلغان باش سۆڭىكىدە ئېپتىدائىيلىق روشەن ئىپادىلەنمىگەن، ھازىرقى ياۋروپا ئىرقىغا تەۋە بولۇپ، ئۆلچەنگەن ئالاھىدىلىك جەھەتتىن سامپۇل گۇرۇپپىسىغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئاتۇش ئادىمىنىڭ باش سۆڭەك ئالاھىدىلىكى بولسا بېشى ئۇزۇن، يۈز كېپتى

---

[1] ۋاڭ بو: «ئاتۇشتىن بايقالغان ئادەم باش سۆڭىكىنىڭ تەكشۈرۈلۈشى ۋە بۇ ھەقتىكى دەسلەپكى تەتقىقات»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە)، 1998- يىللىق 3- سان.

[2] ئابدۇقەييۇم خوجا: «غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995- يىلى 4- ئاي نەشرى، 3- بەت.

[3] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى «شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تەزكىرىسى» (81- توم)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2007- يىلى خەنزۇچە نەشرى، 95- بەت.

تار بولۇپ، ياۋروپا ئىرقىنىڭ ئوتتۇرا دېڭىز تىپىغا تەۋەدۇر[1].

كونا تاش قوراللار دەۋرىدىكى ئىنسانلار ئاساسلىقى ئوۋچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە يىغىمچىلىق بىلەن ھايات كەچۈرگەن. بۇ ۋاقىت تەخمىنەن مورگان ئېيتقان تۆۋەن ۋە ئوتتۇرا باسقۇچتىكى جاھالەت دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ. كونا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە تاش قورال ياساش تېخنىكىسىدا ناھايىتى زور ئىلگىرىلەش بولغان ھەم سۆڭەكتىن ۋە مۈڭگۈزدىن ياسالغان قوراللار كەڭ تۈردە ئىشلىتىلگەن، تۆشۈك تېشىش تېخنىكىسىمۇ بارلىققا كەلگەن. بۇ ۋاقىتتا ئوۋچىلىق ۋە يىغىمچىلىق ناھايىتى يۇقىرى سەۋىيەگە يەتكەن. كىشىلەر قىشتا غار ياكى كەپىلەردە ئۇزاق مۇددەت تۇرۇپ، قىيا تاش ۋە سۆڭەكلەرگە ئادەم، ھايۋان ۋە بېلىق قاتارلىقلارنىڭ رەسىملىرىنى ئويغان، بولۇپمۇ ئايال ھەيكەللەرنىڭ كۆپ ئۇچراپ تۇرۇشى ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىدە ئاياللارنىڭ تۇتقان ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ياۋايى ھايۋانلارغا چوقۇنۇش ۋە توتېمىزم ئېتىقادىنىڭ راۋاجلىنىشى ئىپتىدائىي دىنىي ئېڭىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

كونا تاش قوراللار دەۋرىدىكى ئىنسانلار ئوۋچىلىق ۋە بېلىقچىلىق قىلىش داۋامىدا دائىم دېگۈدەك تاغ تىزمىلىرى ياكى دەريا ۋادىلىرىنى بويلاپ يىراق جايلارغا كۆچكەن.

ئوۋچىلىقتىن ياۋايى ھايۋانلارنى كۆندۈرۈپ بېقىشقىچە ۋە يىغىمچىلىقتىن دەسلەپكى دېھقانچىلىققىچە بولغان ئۆتكۈنچى دەۋرنى بىر مەيدان «يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىش ئىنقىلابى» دېيىشكە بولىدۇ[2].

جىرغال مەدەنىيەت ئىزى بىلەن «ئاتۇش ئادىمى» نىڭ تاشقا

---

① ۋاڭ بو: «ئاتۇشتىن بايقالغان ئادەم باش سۆڭىكىنىڭ تەكشۈرۈلۈشى ۋە بۇ ھەقتىكى دەسلەپكى تەتقىقات»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە)، 1998- يىللىق 3- سان.

② ۋاڭ جىلەي: «ئوتتۇرا ئاسىيا ئومۇمىي تارىخى»، (1- كىتاب، قەدىمكى زامان قىسمى)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2010- يىلى 9- ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 9 — 11- بەتلەر.

ئايلانغان سۈگەكلىرىنىڭ تېپىلىشى قەشقەردە كونا تاش قورال دەۋرىدىلا ئەجدادلىرىمىزنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ ئۇۋچىلىق ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى، سۈنئىي ئوت ئىشلىتىشنى بىلگەنلىكىنى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئۇزاق مۇددەت ئەمگەك قىلىش جەريانىدا تەدرىجىي تەرەققىي قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىش بىلەن بىرگە، قەشقەرنىڭ رايونىمىزدىكى ئىنسانلار ئەڭ بۇرۇن پائالىيەت ئېلىپ بارغان يۇرت ئىكەنلىكىنى، شۇنىڭدەك ئىنسانلارنىڭ قەدىمكى بۆشۈك ماكانلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ[①].

## 2. قەشقەرنىڭ يېڭى تاش قورال دەۋرى ئارخېئولوگىيەسى

يېڭى تاش قورال دەۋرى ئىنسانىيەت تارىخىدا دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە مۇھىم بىر دەۋر. بۇ دەۋردە تېرىقچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بارلىققا كەلگەن، بولۇپمۇ دېھقانچىلىقنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئىنسانلارنىڭ كونا تاش قورال دەۋرى ۋە ئۇششاق تاش قوراللارنى ئىشلەتكەن مەزگىلدە، پەقەت تەبىئەتكىلا تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلىدىغان ئەھۋالنى ئۆزگەرتىپ، ئىنسانىيەت تارىخىدىكى بىر قېتىملىق زور بۆسۈشنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

يېڭى تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ باشلىنىشى بولۇپ، سۈركەپ ياسالغان تاش قوراللار، ساپال قاچىلار ۋە توقۇمىچىلىق بارلىققا كەلگەن. ئوقيانىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە ئىشلىتىلىشى يېڭى تاش قورال دەۋرىنىڭ مۇھىم بەلگىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ ئىپتىدائىي ئۇۋچىلىقنىڭ

---

① ئەھمەد سۇلايمان، سەنەۋەر سالىھ: «قەشقەرنىڭ يىراق قەدىمكى زامان مەدەنىيىتى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1998 ـ يىللىق 1 ـ سان، 75 ـ، 76 ـ بەتلەر.

سەۋىيەسى ۋە تەرەققىياتىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرگەن. ئوقيا بىلەن ئوۋ ئوۋلاش ئوۋچىلىقنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتكەن، ئوبيېكتىنىمۇ كۆپەيتكەن. ئوۋ ئوۋلاش جەريانىدا يارىلانغان ھايۋانلار بىلەن بەزى ھايۋان باللىرىنى ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق جايغا ئېلىپ بېرىپ بېقىپ، زورۇر بولغاندا ئۆلتۈرۈپ يېسە بولىدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنى بېقىپ كۆپەيتكىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەنگەن. قىسقىسى، چارۋىلارنىڭ ئائىلىدە بېقىلىشى ۋە كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، چارۋىچىلىق ئىگىلىكى بارلىققا كەلگەن.

يېڭى تاش قوراللار بۇنىڭدىن تەخمىنەن 4000 — 6000 يىللار ئىلگىرىكى شەكلى ئوششاق ھەم كىچىك بولغان سوقۇپ ياسالغان تاش قوراللاردۇر. بۇنىڭ تىپىكلىرى ۋاستىلىك سوقۇپ ياساش ۋە قىرىپ يونۇش قاتارلىق ئالاھىدە تېخنىكىلار ئارقىلىق ياسالغان تاش ياپراق ۋە تاش ئۆزەكلەر ھەمدە قايتا پىششىقلاش ئارقىلىق ياسالغان ئوۋ ئوۋلاش ۋە كېسىش ئەسۋابلىرىدۇر. بۇ بېلىق تۇتۇش، يىغىمچىلىق ئىگىلىكى تۇرمۇشىنى ئىپادىلەيدۇ. قەشقەردە ھازىرغا قەدەر بايقالغان يېڭى تاش قورال دەۋرى مەدەنىيىتىگە تەۋە ئىز - خارابىلەر ئاساسەن قەشقەرنىڭ غەربىدىكى كوناشەھەر ناھىيەسى ئوپال رايونى بىلەن مارالبېشى تومشۇق رايونىغا تارقالغان. بۇ جايلاردىن تېپىلغان تاش قوراللار ئاساسلىقى ئوششاق تاش ياپراق، تاش ئۆزەك ۋە قايتا پىششىقلاپ ئىشلەنگەن يونۇغۇچ، ئۇچلۇق قورال، باشاق، نەيزە قاتارلىقلار بولۇپ، ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە جۇڭگونىڭ شىمالىي يايلاق رايونلىرىنىڭ ئوششاق تاش قوراللىرى بىلەن بىرقەدەر زور ئورتاقلىققا ئىگە. خارابىلەرنىڭ كۆپ ساندىكىسى چۆل - جەزىرىدە بولغاچقا، بۇيۇملار ئاساسەن تەكشۈرۈش جەريانىدا يىغىۋېلىنغان بولۇپ، قېزىۋېلىنغانلىرى ناھايىتى ئاز. نۇرغۇن ئورۇنلاردىن سۈركەپ ياسالغان تاش قوراللار، ساپال پارچىلىرى ۋە مېتال بۇيۇملار بىللە تېپىلغان بولۇپ، مۇناسىۋەتتى مۇرەككەپ، ئېنىق يەر قاتلىمى بولمىغاچقا، كونكرېت يىل - دەۋرىنى بېكىتىش تەسكە توختايدۇ.

قەدىمكى قەشقەر بوستانلىقىدا يېڭى تاش قورال مەدەنىيىتىگە تەۋە ئىز - خارابىلەر شىنجاڭدىكى باشقا جايلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا بىرقەدەر

كۆپ ھەم تىپىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، بۇلار ئاساسەن قەشقەر كوناشەھەر ناھىيەسى ئوپال رايونىغا ۋە قەشقەر بوستانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇبى چېتىدىكى مارالبېشى (بارچۇق) بوستانلىقىغا مەركەزلەشكەن.

مارالبېشى يېڭى تاش قورال خارابە ئىزى ئەنگلىيەلىك ئارخېئولوگ ئاۋرېل ستەين تەرىپىدىن بايقالغان بولۇپ، 1913 - يىلى ستەين مارالبېشى ناھىيەسىنىڭ ئەتراپىدىن بىر تۈركۈم ئۇششاق تاش قوراللارنىڭ ئەۋرىشكىسىنى يىغىۋالغان، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇششاق تاش ئۆزەكلىرىدىن ئىككى دانە، تاش ئوقيا باشىقىدىن بىر دانە، ئۈچلۈق قورالدىن بىر دانە، ئۇششاق ياپلاق تاشتىن سەككىز دانە بار ئىكەن. ستەين بۇلارنى كونا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ بۇيۇملىرى بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايدۇ[①].

سۇلتانباغ - غوجا قونار ئۇششاق تاش قورال ئىزى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيە ئوپال يېزىسىنىڭ ئازىق كەنتىدىكى «ھەزرىتى موللام تېغى»نىڭ غەربىي ئېتىكىدىن ئوپال يېزىسىنىڭ «قاراگغۇ يار» مەھەللىسىگە جايلاشقان «غوجا قونار ئاتام» مازىرىغىچە بولغان ئارىلىققا يېيىلغان بولۇپ، جۇغراپىيەلىك ئورنى* شەرقىي مېرىدىيان 75°30′32″، شىمالىي پاراللېل 39°16′19″ قا توغرا كېلىدۇ. ئورنى غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا قاراپ سوزۇلغان بولۇپ، «سۇلتانباغ ۋادىسى»، «كەڭشۇە ۋادىسى»، «غوجا قونار ۋادىسى» قاتارلىق ئۈچ بۆلەكتىن تەركىب تاپقان، ئومۇمىي كۆلىمى 30 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدۇ.

بۇ 1980 - يىلى يەرلىك كىشلەرنىڭ بىر قىسىم تاش قورال ۋە مىس قوراللارنى تېپىۋېلىشى بىلەن بايقالغان بولۇپ، 1982 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي بىلەن ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىدىكى

---

① ئىدرىس ئابدۇرۇسۇل: «شىنجاڭ رايونىدىكى ئۇششاق تاش قورال خارابىلىرى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى (ئۇيغۇرچە)، 1995 - يىللىق 3 - سان، 58 - بەت.

خادىملار تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، ئۇپال يېزىسىدا 15 كۈن تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، سۇلتانباغ تۈزلەڭلىكىنىڭ ئاياغ تەرىپىدىن سىلىقلانغان ھەر خىل تاش قوراللاردىن 48 دانە، تۈز ۋە ئەگرى ياسالغان تاش ئورغاقتىن 11 دانە، ئېگەر شەكىللىك تاش يارغۇنچاقتىن 14 دانە، ئۇنىڭدىن باشقا، تاش كەتمەن، تاش پىچاق، سالغاتاش، تاش ئۇرچۇق، لېيىغا قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان ساپال بۇيۇملارنىڭ پارچىلىرى قاتارلىقلارنى يىغىۋالغان. 1990- يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي ئارخېئولوگىيە ئەترىتى، ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى ۋە قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش - باشقۇرۇش ئورنىدىكى مۇناسىۋەتلىك خادىملار سۇلتانباغ ئۇششاق تاش قورال دەۋرى مەدەنىيەت ئىزىدا مەخسۇس تەكشۈرۈشتە بولۇپ، ئېگەر شەكىللىك يارغۇنچاق، تاش پىچاق، تاش ئورغاق قاتارلىق 30 خىلدىن ئارتۇق بۇيۇمنى يىغىۋالغان. 1991- يىلىغىچە بۇ ئىز ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى باشقارمىسى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ مۇزېيى، قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش - باشقۇرۇش ئورنى قاتارلىق ئورۇنلار تەرىپىدىن تەكشۈرۈلۈپ، كىچىك كۆلەمدە قېزىش ئېلىپ بېرىلىپ، يىرىك تاش قورال، قۇم ئارىلاشتۇرۇلۇپ ياسالغان ساپال پارچىلىرى، تاش پىچاق، مىس ئوقيا باشىقى قاتارلىقلار تېپىلىپ، يېڭى تاش قورال دەۋرىگە مەنسۇپ خارابە ئىزى دەپ مۇقىملاشتۇرۇلغان. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1990- يىلى ئۇنى «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورنى» دەپ ئېلان قىلغان[1].

بۇ ئىككى ئورۇندىن جەمئىي 400 دىن ئارتۇق بۇيۇم يىغىۋېلىنغان.

---

[1] ئادىل مۇھەممەت تۇران: «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق جەۋھەرلىرى»، شىنجاڭ پەن- تېخنىكا نەشرىياتى 2006- يىلى 5- ئاي نەشرى، 19- بەت.

بۇلار ئاساسلىقى ئۇششاق تاش قورال بولۇپ، ساپال پارچىسى، سۆڭەك قوراللار، ئۇرۇپ - سوقۇپ ياسالغان تاش قوراللار، سۈركەپ - سىلىقلاپ ياسالغان تاش قوراللار ۋە مىس قوراللارمۇ بار. ئۇنىڭدىن باشقا، پارچە- پۇرات هايۋانات سۆڭەكلىرىمۇ يىغىۋېلىنغان.

يىغىۋېلىنغان تاش قوراللارنىڭ ماتېرىيالىغا كەلسەك، ئۇششاق تاش قوراللار ۋە ئۇرۇپ - سوقۇپ ياسالغان تاش قوراللار سېلىكاتلىق تاغ جىنسىدىن، يارغۇنچاق تېشى گىرانىت تاشتىن، سۈركەپ ياسالغان بۇيۇملار ئۇششاق قۇم تاشتىن ياسالغان. بۇ يەردىن يىغىۋېلىنغان بۇيۇملارنىڭ تولىسى تاش قوراللارنى ياساش داۋامىدا پارچىلاپ چىقىرىۋېتىلگەن ئۇششاق تاش پارچىلىرى بولۇپ، ئىككىنچى قېتىم پىششىقلاپ ئىشلەنگەنلىك ئىزنى، شۇنداقلا ئىشلىتىلگەنلىك ئىزنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ①.

ئوپالدىكى ئۇششاق تاش قورال خارابە ئىزلىرىنىڭ هەر ئىككىسىدىلا ساپال پارچىلىرى بار. ياخشى ساقلانمىغان، بۇيۇمنىڭ ئەسلىي شەكلىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. ساپال پارچىلىرىنىڭ هەممىسى قۇم ئارىلاش يىرىك قىزىل ساپال②.

سۇلتانباغ - غوجا قونار ئۇششاق تاش قورال خارابە ئىزلىرىدىن تېپىلغان بۇيۇملارغا ئاساسلانغاندا، ئوپال يېزىسىدىن بايقالغان ئىككى خارابە ئىزى رايون ۋە ئارىلىقى جەھەتتىن بىر - بىرىگە يېقىن. يىغىۋېلىنغان بۇيۇملار ئوتتۇرىسىدا ئوخشاشلىقمۇ، پەرقمۇ بار. تاش ئۆزەكلىرى ۋە تاش قوراللارنى سېلىشتۇرۇپ قارىغاندا، غوجا قونار خارابە ئىزىدىكى بۇيۇملار سۇلتانباغ خارابە ئىزىدىكىدىن مول، بۇنىڭ ئىچىدىكى پانا شەكىللىك تاش ئۆزەك، تاش ياپراق، ئۇچلۇق قورال ۋە

---

① ئىدرىس ئابدۇرۇسۇل: «شىنجاڭ رايونىدىكى ئۇششاق تاش قورال خارابىلىرى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى (ئۇيغۇرچە)، 1995- يىللىق 3- سان، 58- بەت.

② ۋاڭ بو: «شىنجاڭدىكى ئوپال ئۇششاق تاش قورال ئىزىنى تەكشۈرۈش دوكلاتى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە)، 1987- يىللىق 3- سان، 3 — 15- بەتلەرگە قارالسۇن.

ئۇچى ئۇچلۇق ئۇششاق تاش ياپراقلار غوجا قونار خارابە ئىزىدىلا بار. ئۇنىڭدىن باشقا، تىل شەكىللىك يۇملاق باشلىق قىرغۇچ قوراللار. ئىككى ئۇچلۇق قىرغۇچ قورالى غوجا قونار خارابە ئىزىدىلا بايقالدى. بۇ تاش قوراللارنىڭ ھەممىسىدە ئوتتۇرا تاش قورال دەۋرىدىكى تاش قوراللارغا خاس ئالاھىدىلىكلەر بار. ئىككى ئورۇندىن بايقالغان تاش پىچاقلارنىڭ شەكلى ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش ھۈنەر - سەنئىتىدە بىرقەدەر زور پەرق بار. غوجا قونار خارابە ئىزىدىكى قوراللار ئورۇپ-سوقۇپ ۋە يونۇش ئارقىلىق ياسالغان، سۇلتانباغ خارابە ئىزىدىكى قوراللار بولسا سۈركەپ سىلىقلاپ ياسالغان. غوجا قونار خارابە ئىزىدا ئۇششاق تاش ياپراقلار ۋە پىششىقلاپ ئىشلەنگەن تاش ياپراقلار كۆپرەك ئۇچرايدۇ. يالپاق تاشتىن ياسالغان قوراللار ئىچىدە قىرغۇچ (قىرىش) قوراللىرى ئاساس بولۇپ، قوراللارنىڭ بەلگىلىك شەكلى يوق. ئۇنىڭدىن باشقا، غوجا قونار خارابە ئىزىدا تاش ئوقبېشى ھەم سۈركەپ - سىلىقلاپ ياسالغان تاش قوراللارنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. ساپال پارچىلىرى ئۇچرىسىمۇ، بىراق بۇنداق قوم ئارىلاشتۇرۇلغان قىزىل ساپال پارچىلىرى ناھايىتى ئۇششاق پارچىلىنىپ كەتكەن بولغاچقا، بۇيۇمنىڭ ئەسلى شەكلىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. بۇنداق قوم ئارىلاش قىزىل ساپال بۇيۇملار ئادەتتە يېڭى تاش قورال دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى بۇيۇملار ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، غوجا قونار خارابە ئىزىدىن يىغىۋېلىنغان بۇيۇملارغا ئاساسلانغاندا، بۇ خارابە ئىزى يېڭى تاش قوراللار دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى خارابە ئىزى بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭغا يېقىن جايدىكى سۇلتانباغ خارابە ئىزى بولسا، گەرچە بۇ يەردىكى بۇيۇملار غوجا قونار خارابە ئىزىدىكى بۇيۇملارغا ئوخشاپراق كەتسىمۇ، بىراق بۇ يەردىن كېيىنكى مەزگىللەرگە دائىر بۇيۇملار، مەسىلەن نۆۋەتلەشتۈرۈپ ئۇرۇش ئۇسۇلىدا ياسالغان سۆڭەك ئوقيا باشىقى ھەم چوڭ تىپتىكى گىرانىت تاشتىن ياسالغان تۈگمەن (يارغۇنچاق) تېشى ۋە كىچىك مىس قوراللار، شۇنداقلا سۈركەپ - سىلىقلاپ ياسالغان تاش پىچاقلار بايقالدى. بۇلار غوجا قونار خارابە ئىزىدا ئۇچرىمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ ئىككى خارابە ئىزى جايلاشقان جۇغراپىيەلىك ئورۇنغا ئاساسلانغاندا،

نۆۋەتتە جۇڭگونىڭ ئەڭ غەربىدىكى ئۆشتاق تاش قورال بار خارابە ئىزى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ جاي سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا قىسمى بىلەن قوشنا، كەڭ دائىرىلىك ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇقۇمى جەھەتتىن ئېيتقاندىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا كاتېگورىيەسىگە كىرىدۇ. ئەگەر سۇلتانباغ خارابە ئىزىدا ئۇچرايدىغان بۇيۇملارنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى تىپىك يېڭى تاش قوراللار دەۋرىگە مەنسۇپ قىرچى مۇنار خارابىسىدىكى مەدەنىيەت مەزمۇنلىرى بىلەن سېلىشتۇرىدىغان بولساقمۇ، بىرقەدەر ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇلار ئورتاق ئالاھىدىلىكى جەھەتتە غەيرىي گېئومېترىيەلىك ئەنئەنىۋى ئۆشتاق تاش قوراللارغا مەنسۇپ، شۇنداقلا تاش ئوقيا باشقى، سۆڭەك ئوقيا باشقى، كىچىك مىس قوراللارمۇ بار. ئۇنىڭ دەۋرى تەخمىنەن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 3000 — 4000 يىللارغا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، بىز سۇلتانباغ خارابە ئىزىنىڭ دەۋرى غوجا قونار خارابە ئىزىدىن كېيىنرەك ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ، ئەمما يېڭى تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدىن كېيىن بولماسلىقى مۇمكىن دەپ قارىيالايمىز[1].

قەدىمكى قەشقەر رايونىدىن تېپىلغان يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىككى ئورۇندىكى ئۆشتاق تاش قورال ھەققىدىكى ماتېرىياللارغا ئاساسەن، نۆۋەتتە قەدىمكى قەشقەر رايونىدا بايقالغان ئۆشتاق تاش قوراللارنىڭ ھۈنەر - سەنئەت تېخنىكىسى ھەم تۈرگە ئايرىش ئىلمى جەھەتتە ئىزدەنگەندە، قەدىمكى قەشقەر رايونىنىڭ ئەينى دەۋردىكى تاش قورال ياساش ھۈنەر - سەنئىتى ھەققىدە مەلۇم چۈشەنچىگە ئىگە بولغىلى بولىدۇ:

ھازىرغىچە قەدىمكى قەشقەر رايونىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولو-گىيەلىك تەكشۈرۈشلەردە قولغا كەلتۈرۈلگەن ئۆشتاق تاش قورال - يېڭى تاش قورال دەۋرى مەدەنىيىتىگە ئائىت ئىز - خارابىلەرنىڭ ئەھۋالىدىن

---

① ئىدرىس ئابدۇرۇسۇل: «شىنجاڭ رايونىدىكى ئۆشتاق تاش قورال خارابىلىرى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى (ئۇيغۇرچە)، 1995- يىللىق 3- سان، 63 -، 64- بەتلەر.

قارىغانـدا، قەدىمكى قەشقەر رايونىدىكى ئوپالدىن تېپىلغان ئىككى خارابە ئىز — غوجا قونار ۋە سۇلتانباغ ئىزى بۇ رايوننىڭ ئۈششاق تاش قورال دەۋرى مەدەنىيىتىگە ۋەكىللىك قىلالايدۇ. بۇ ئىككى خارابە ئىزى بىر - بىرىگە ئوخشاپراق كەتسىمۇ، بىراق غوجا قونار خارابىسىنىڭ دەۋرى سۇلتانباغ خارابە ئىزىدىن بالدۇرراق. مەسىلەن، ئوپالدىكى غوجا قونار خارابە ئىزىدىكى تاش ئۆزەكلىرى ئارىسىدا شىنا شەكىللىك، يېرىم بىگىز شەكىللىك تاش ئۆزەكلىرى، يېرىم تۈۋرۈكسىمان ۋە تۈۋرۈكسىمان تاش ئۆزەكلىرى بار. بۇلار ئۈششاق تاش قورال خارابىلىرىدە دائىم ئۇچرايدىغان بۇيۇملار. غوجا قونار خارابە ئىزىدا ئۈششاق تاش ياپراقلار ۋە پىششىقلاپ ئىشلەنگەن تاش ياپراقلار كۆپ ئۇچرايدۇ، ياپىلاق تاش قوراللار ئىچىدە قىرغۇچ قوراللىرى ئاساس قىلىنىدۇ، ئەمما قورالنىڭ شەكلى ئانچە ئۆلچەملىك ئەمەس، ئاددىي ھەم قوپالراق. تاش قوراللارنى ياساش ھۈنەر - سەنئىتىمۇ ئىپتىدائىي خاراكتېرىنى ساقلاپ قالغان. گەرچە خارابە ئىزىدا ئۈششاق تاش قوراللار بىلەن بىللە قۇم ئارىلاش يىرىك قىزىل ساپال پارچىلىرى ئۇچرىسىمۇ، بىراق ناھايىتى ئۈششاق پارچىلىنىپ كەتكەن بولغاچقا، قورالنىڭ ئەسلىي شەكلىنى كۆرگىلى بولمايدۇ، ئادەتتە بۇ خىلدىكى قۇم ئارىلاش قىزىل ساپال پارچىلىرى يېڭى تاش قوراللار دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى مەھسۇلات دەپ قارىلىدۇ. سۇلتانباغ خارابە ئىزىنىڭ غوجا قونار خارابە ئىزىغا ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، ئۇ يەردىكى بۇيۇملار گىرەلەشتۈرۈپ ئۇرۇپ-سوقۇش ئارقىلىق ياساپ چىقىلغان. تېگى يۇمىلاق دارچىن يوپۇرمىقى-سىمان ۋە تېگى ئويما تاش ئوقيا باشقى ياكى ئۈچلۈق قوراللاردىن ئىبارەت. ئۇنىڭدىن باشقا، سۈركەپ - سىلىقلاپ ياسالغان تاش پىچاق، سۆڭەك ئوق بېشى ھەم كىچىك مىس قوراللارمۇ ئۇچرايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، دەۋرى جەھەتتە غوجا قونار خارابە ئىزىغا قارىغاندا داۋاملاشقان ۋاقتى ئۇزاقراق بولۇشى مۇمكىن. بۇ خىلدىكى خارابە ئىزلىرى مارالبېشى خارابە ئىزى، مورى دەرياسى خارابە ئىزلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يۇقىرىدىكى خارابە ئىزلىرىنىڭ دەۋرىنى يېڭى تاش قوراللار دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىن يېڭى تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئوتتۇرا

مەزگىللىرىگىچە دەپ بېكىتىشكە بولىدۇ[1].

قەدىمكى قەشقەرنىڭ ئوپال رايونىدا ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق - ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى بىلەن قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش - باشقۇرۇش ئورنى بىرقانچە قېتىم ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش ئېلىپ بېرىپ، يارقوتان، تۆتتوغراق، باشسۆسەر ۋە ئۈچقۇم ئىزى قاتارلىق يېڭى تاش قورال دەۋرىگە تەۋە بولغان تۆت ئىز - خارابىنى بايقىدى[2].

يار قوتان ئىزى ئوپال يېزىسىنىڭ غەربىدىكى سېرىق توپىلىق ئېگىزلىككە جايلاشقان[3] بولۇپ، جۇغراپىيەلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىيان 75°26′29″ بىلەن شىمالىي پاراللېل 39°18′38″قا توغرا كېلىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1492 مېتىر، كۆلىمى تەخمىنەن 2 كۋادرات كىلومېتىر.

ئىزنىڭ دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، شەرق تەرىپى تۆتتوغراق ئىزىغا، شىمال تەرىپى شېغىللىق ساي ئارقىلىق بوستانلىقتىكى يېزىغا (؟) بارىدىغان يولغا تۇتىشىدۇ، غەربى باشسۆسەر ئېغىزىغا قەدەر سوزۇلغان. ئىز دائىرىسىدىن سىلىقلاپ ياسالغان تاش قوراللار، تاش ئوق بېشى، تاش ياپراقچىلىرى، تاش يادروسى، ئۇششاق تاش قوراللار ۋە چوڭ ھەجىمدىكى تاش يارغۇنچاق، تاش توقماق، سالغا تېشى قاتارلىق تاش قوراللار ھەمدە قۇم تاش ئارىلاشتۇرۇلغان ساپال پارچىلىرى ئۇچرايدۇ. كۆپ ساندىكى ساپال پارچىلىرىنىڭ بۇيۇم شەكلىنى پەرق قىلغىلى

[1] ئىدرىس ئابدۇرۇسۇل: «شىنجاڭ رايونىدىكى ئۇششاق تاش قورال خارابىلىرى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى (ئۇيغۇرچە)، 1995- يىلى 3- سان، 95-، 96- بەتلەر.

[2] ئادىل مۇھەممەت تۇران: «قەشقەردىكى قەدىمىي ئىزلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001- يىلى 9- ئاي نەشرى، 86 — 89- بەتلەر.

[3] بىز بايان قىلىۋاتقان تۆت ئورۇن ئوپال يېزىسىنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى كەڭ كەتكەن سايلىقتا جايلاشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەۋە بولغان جايىنى ئېنىق بېكىتكىلى بولمىدى. شۇڭا، بۇلارنىڭ جايلاشقان ئورنىنى ئوپال يېزىسىنىڭ غەربى دەپ ئالدۇق.

بولمايدۇ. ئىزنىڭ يىل - دەۋرى دەسلەپكى قەدەمدە ئۇششاق تاش قورال دەۋرى (بۇنىڭدىن 6000 — 8000 يىل ئىلگىرىكى چاغ) گە توغرا كېلىدۇ دەپ قارىلىدۇ.

تۆتتوغراق ئىزى ئوپال يېزىسىنىڭ غەربىدىكى سېرىق توپىلىق سايلىقنىڭ جەنۇبىدىكى ۋە سۆسەر ئېقىنىنىڭ شىمالىدىكى يارلىق ئۈستىگە جايلاشقان بولۇپ، جۇغراپىيەلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىيان 75°27′20″ بىلەن شىمالىي پاراللېل 39°18′30″ قا توغرا كېلىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1418 مېتىر.

بۇ ئىز شىمال تەرىپىدىكى سۆسەر ئېقىنى بىلەن تۇتاش يارلىق ئۈستىدە بولۇپ، ئىزنىڭ دائىرىسى بىرقەدەر كەڭرى، ئىز دائىرىسى ئۇچرايدىغان مەدەنىيەت قالدۇقلىرى مۇرەككەپ ھەم تارقاق. بۇ ئىزنىڭ شەرقىدىكى دۆڭلۈككە بىر قەبرىستانلىق جايلاشقان بولۇپ، دەسلەپكى تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، بۇ قەبرىستانلىقنىڭ يىل - دەۋرى ئەڭ بالدۇر بولغاندىمۇ ئىسلامىيەت دەۋرىدىكى قەبرىلەر ئىكەنلىكى مەلۇم. ئىزنىڭ جەنۇبى يەنى سۆسەر ئېقىنىنىڭ شىمالىدىكى يارلىق ۋە يارلىق ئاستىدىكى ئېقىنغا يانداش دۆڭلۈك ئۈستىگە ھەر خىل ساپال پارچىلىرى تارقالغان بولۇپ، بۇ ساپال پارچىلىرىدا ساپال بۇيۇملارنىڭ ئېغىز، بويۇن ۋە قورساق قىسىملىرى ئۇچرايدۇ. ئىزنىڭ مەركىزىي قىسمىدا ھەر خىل ئۇششاق تاش قورال پارچىلىرى ئۇچرايدۇ. ئىزنىڭ تاش قورال تارقالغان دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، شەرق تەرەپتە سۇلتانباغ ئۇششاق تاش قورال ئىزىغىچە تۇتىشىدۇ (ئارىلىقى تەخمىنەن ئىككى كىلومېتىرچە كېلىدۇ). بۇ ئىزنىڭ يىل - دەۋرى ئۇششاق تاش قورال دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ دەپ قارىلىدۇ.

باشسۆسەر ئىزى ئوپال يېزىسىنىڭ غەربىدىكى تەخمىنەن 13 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى سېرىق توپىلىق ئېگىزلىككە جايلاشقان بولۇپ، جۇغراپىيەلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىيان 75°25′34″ بىلەن شىمالىي پاراللېل 39°17′59″ قا توغرا كېلىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1515 مېتىر، كۆلىمى تەخمىنەن 300 كىۋادرات مېتىر.

ئىزنىڭ شەرق، غەرب، شىمال ئۈچ تەرىپى سېرىق توپىلىق ھەم

سايلىق بولۇپ، جەنۇب تەرىپى سۆسەر ئېقىنى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئىزدا بىر ئېگىز دۆڭلۈك بولۇپ، ئۈستىگە دېھقانلار بىر كەپە ياسىغان، ھازىر كەپە ياسىغاندا ئېچىلىپ قالغان قەۋەت - قەۋەت خام كېسەكلەر كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. كېسەكلەر ھازىرقىدىن بەكلا چوڭ (ئۇنى تەپسىلىي قېزىشقا ئىمكان بولمىغان)، دۆڭلۈك ۋە ئۇ جايلاشقان جۇغراپىيەلىك ئورۇن خام كېسەكلەرگە ۋە قورۇلما ئالاھىدىلىكلىرىگە قارىغاندا، ئېھتىمال تىم بولۇشى مۇمكىن (بۇنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەكشۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ). دۆڭلۈكنىڭ ئەتراپىدىن قىزىل، قارا، كۆكۈچ ساپال پارچىلىرىنى ئۇچرىتىشقا بولىدۇ. ساپال پارچىلىرىنىڭ بىر قىسمىلىرى ناھايىتى قوپال، بەزىلىرى سىپتا ياسالغان. لېكىن، بۇيۇم شەكلىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئاز ساندا تاش قورال قالدۇقلىرى ھەم تاش قورال ياساشقا ئىشلىتىلىدىغان تاش پارچىلىرى بار. بۇنىڭ يىل - دەۋرىنى بۇنىڭدىن 6000 — 8000 يىللار ئىلگىرى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

ئۈچقۇم ئىزى ئوپال يېزىسىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى تەخمىنەن 20 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى سېرىق توپىلىق سايلىق ئىچىگە يەنى ئوپۇلات كەنتى تەۋەسىگە جايلاشقان بولۇپ، بىرقانچە قۇم دۆڭلۈكلىرىنىڭ غەربىي تەرىپىگە توغرا كېلىدۇ. قالغان تەرەپلىرى كەڭ سايلىق، دائىرىسى تەخمىنەن بىر يېرىم كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ.

ئىز دائىرىسىدىن ئاز ساندا ئۇششاق تاش قوراللاردىن باشقا، يارغۇنچاق تېشى، سالغا تېشى، ئۇرۇپ - سوقۇپ ئىشلەنگەن تاش قورال قالدۇقلىرى ئۇچرايدۇ. قارا، كۈل رەڭ، قىزىل رەڭدىكى ساپال پارچىلىرى بار. ئىزنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمى مۇرەككەپ، جايلىشىشى تارقاق، ئەتراپىتىكى باشقا مەدەنىيەت ئىزلىرى بىلەن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئېنىقلاشقا توغرا كېلىدۇ. ئىزنىڭ شىمال ۋە غەربىي شىمال تەرەپلىرىدە ئاقدالا، ئوپۇلات قاتارلىق ئىزلار بولۇپ، ئارىلىقى تەخمىنەن 2 — 5 كىلومېتىر كېلىدۇ. دەسلەپكى تەكشۈرۈش ئاساسىدا، ئىزنىڭ يىل - دەۋرىنى سىپتا تاش قورال دەۋرى دەپ بېكىتىشكە بولىدۇ.

دۆۋىلىك ئىزى پوسكام ناھىيەسى تۇغچى يېزىسى ئۇقۇتام كەنتىنىڭ ئىككى كىلومېتىر كېلىدىغان جايىدا بولۇپ، جۇغراپىيەلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىيان 77°13′52″ بىلەن شىمالىي پاراللېل 38°0′15″قا توغرا كېلىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1316 مېتىر، كۆلىمى 1000مو.

ئىزنىڭ دائىرىسى ئىنتايىن چوڭ بولۇپ، مەدەنىيەت قاتلىمى قۇم ئاستىدىكى سېرىق تۇپراققا جايلاشقان. بۇ يەردىكى قىزىل توپا، كۈل رەڭ توپا، ياغاچ كۆمۈر كۈلى قاتارلىق قالدۇق بۇيۇملاردىن ساپال پارچىلىرى، تاش قورال ۋە مىس قورال قاتارلىق بۇيۇملارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

ساپال پارچىلىرى قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان قىزىل ساپاللار بولۇپ، ئادەتتىكىدەك تاۋلانغان، ئاغزى بار كومزەككە ئوخشايدۇ. ساپال بۇيۇملارنىڭ زىننەتلىنىشىگە ئاساسەن ئۈچ خىل ئەھۋالنى بايقاشقا بولىدۇ. بىرى، بۇيۇمنىڭ ئېغىز تەرىپىنىڭ سىرتىغا 0.5 سانتىمېتىر كىچىك يۇمىلاق تۆشۈكچىلەر چېقىلغان. يەنە بىرى، بۇيۇمنىڭ قورساق قىسمىغا كۆپتۈرمە سىزىقچىلار چېقىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە يۇمىلاق، ئايلانما سىزىقچىلار ئويۇلغان.

تاش قوراللار ئاز بولۇپ، ئاساسەن سىپتا قوراللار يەنى تاش ياپراقچە قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تېپىلغان تاش ياپراقچىنىڭ ياسىلىشى سىلىق بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 2 — 3 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 0.5 سانتىمېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ. مىس قوراللارنىڭ شەكلىنى پەرق قىلغىلى بولمايدۇ. ئاساسەن ئۇششاق مىس داشقال قالدۇقلىرىدىن ئىبارەت. دۆۋىلىك ئىزنى كىشىلەر يەنە «ئۇدۇناق خارابىسى» دەپمۇ ئاتايدۇ. بۇ ئىزدىن تېپىلغان بۇيۇملار ھەم ئىزنىڭ جۇغراپىيەلىك مۇھىتى ئاساسىدا، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ دەسلەپكى قەدەمدىكى يەكۈنى: بۇ ئىز بىلەن قەشقەر كوناشەھەر ناھىيەسىدىكى ئاقدالا ئىزىنىڭ خاراكتېرى ئوخشاش، تېپىلغان بۇيۇملار ئورتاق بىر مەدەنىيەت تىپىغا مەنسۇپ بولۇپ، بۇ ئىزدىن ئۇششاق تاش قورالغا تەۋە بۇيۇملار قېزىۋېلىنغان. بۇ يەكەن دەريا ۋادىسىدىكى تۇنجى مۇشۇ دەۋرگە تەۋە بولغان ئىزنىڭ

بايقىلىنىشىدۇر[①].

قەدىمكى قەشقەر رايونىدا بۇ دەۋرگە ئائىت بولغان ئىز- خارابە- لەردىن باشقا، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەسىدە يەنە بىر تۈركۈم قەدىمكى ئىز - خارابىلەر بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئائىبۇلۇڭ ئۆچكۈر ئىزى بىلەن چۈشمان داستىخان تاش ئىزى گەرچە ئىپتىدائىي مەدەنىيەت جۇغلانمىسىغا تەۋە بولسىمۇ، مۇتەخەسسىسلەر بۇ ئىككى ئىزنى يەنىلا يېڭى تاش قورال دەۋرى مەدەنىيىتى دائىرىسىگە كىرگۈزىدۇ.

ئائىبۇلۇڭ ئۆچكۈر ئىزى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەسى دەپتەر يېزىسى رەسكام كەنتىگە جايلاشقان بولۇپ، جۇغراپىيەلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىيان 76°16'36" — 76°16'35" بىلەن شىمالىي پاراللېل 36°37'18" — 36°37'17" قا توغرا كېلىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3140 مېتىر، كۆلىمى بەش كىۋادرات مېتىر كېلىدۇ، ئۆچكۈر تەبىئىي شەكىللەنگەن بولۇپ، يېرىم ياي شەكىللىك ئۆچكۈر ئاغزىنىڭ ئايلانمىسى ئۈچ مېتىر، چوڭقۇرلۇقى بىر يېرىم مېتىر كېلىدۇ. ئۆچكۈر ئىچىنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمى ناھايىتى ئېنىق بولۇپ، جەمئىي يەتتە قاتلامغا بۆلۈنگەن، بۇنىڭ ئىچىدىكى 1-، 3-، 5-، 7- لىرى تەبىئىي قاتلام بولۇپ، يۇمشاق قۇم، بۇرجەكلىك تاش قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان؛ 2-، 4-، 6- قاتلاملار روشەن مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇپ، سامان، كۆمۈر (ياغاچ كۆمۈرى)، قىزلىق تاش، كۈل ئارىلاشقان يۇمشاق قۇم قاتارلىقلاردىن شەكىللەنگەن. بۇ، ئىنسانلارنىڭ پائالىيىتى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك.

ئۇنىڭدىكى مەدەنىيەت قاتلاملىرىدىن قارىغاندا، بۇ ئۆچكۈر قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ تۇرالغۇسى ياكى يوشۇرۇنۇپ تۇرىدىغان ئورنى بولۇشى مۇمكىن. ئۆچكۈردىكى مەدەنىيەت قاتلىمى قۇرۇلمىسىنىڭ

---

① «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تەزكىرىسى» (81- توم)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2007- يىلى 5- ئاي خەنزۇچە نەشرى، 115- بەت؛ ئادىل مۇھەممەت تۇران: «قەشقەردىكى قەدىمىي ئىزلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001- يىلى 9- ئاي نەشرى، 169-، 170- بەتلەر.

زىچلىقىدىن ئۇنىڭ يىل - دەۋرىنىڭ ئانچە ئۇزاق ئەمەسلىكىنى، تەخمىنەن 2000 يىل ئىلگىرىكى ۋاقىتلار ئەتراپىدا ئىنسانلار ۋە تەبىئەت ھەرىكىتىدىن ئاستا - ئاستا شەكىللەنگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

چۇشمان داستىخان تاش ئىزى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەسى تىزناپ يېزىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدىن 6 كىلومېتىر كېلىدىغان جايغا يەنى چۇشمان كەنتىگە جايلاشقان بولۇپ، جۇغراپىيەلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىيان 75°13′49″ — 75°13′48″ بىلەن شىمالىي پاراللېل 37°52′44″ — 37°52′43″ قا توغرا كېلىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3150 مېتىر، كۆلىمى 9282 كىۋادرات مېتىر.

بۇ ئىز دىيامېتىرى 10 سانتىمېتىر ئەتراپىدا كېلىدىغان قارا، ئاق ئىككى خىل رەڭدىكى دەريا ئېقىن تېشىنى يېيىش ئارقىلىق پەيدا بولغان بولۇپ، قارا رەڭلىك تاشلار ئاساسەن يۇمىلاق گىرانىت تاشلار، ئاق رەڭلىكى كىۋارتس تاشلاردىن ئىبارەت. بۇ ئىككى خىل رەڭدىكى تاش بىرلىكتە شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان بەلباغ ھاسىل قىلغان. بەلباغنىڭ كەڭلىكى 1.2 مېتىر؛ ھەربىر تاش بەلباغ تەخمىنەن 20 مېتىر ئارىلىقتا (رەڭدە) ئۆزئارا كېسىشىپ كەتكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، ئىزنىڭ شەرق تەرىپى ۋە باشقا جايلىرىدا دىيامېتىرى تۆت مېتىر كېلىدىغان، يۇمىلاق شەكىللىك ئورەكلەر بولۇپ، چوڭقۇرلۇقى 30 سانتىمېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ. قارا، ئاق تاشلاردىن ھاسىل بولغان تاش بەلباغلار ئاساسەن شەرق تەرەپتىكى يۇمىلاق ئورەكلەردىن سوزۇلۇپ چىققان. ئىزنىڭ جايلاشقان ئورنى ۋە ھالىتىدىن قارىغاندا، قەدىمكى دىنىي نەزىر - چىراغ سورۇنى بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، ئۇنىڭ قايسى دىنىنىڭ ئىكەنلىكىگە ئېنىق ھۆكۈم قىلغىلى بولمايدۇ①.

① شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى يەرلىك تەزكىرىلەر مەجمۇئەسى: «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تەزكىرىسى» (81- توم)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2007- يىلى 5- ئاي خەنزۇچە نەشرى، 123- بەتتىكى جەدۋەل؛ ئادىل مۇھەممەت تۇران: «قەشقەردىكى قەدىمىي ئىزلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001- يىلى 9- ئاي نەشرى، 301-، 302-، 349-، 350- بەتلەر.

قەدىمكى قەشقەر رايونىدىكى يۇقىرىقى ئىزلاردىن كۆپ مىقداردا سوقۇپ ياسالغان ئۇششاق تاش قوراللار، يالپاق تاش قوراللار تېپىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە سۈركەپ ياسالغان تاش قورال، ساپال بۇيۇملار تېپىلدى. بۇ بۇيۇملارنىڭ ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا، ئۇلار يېڭى تاش قورال دەۋرىگە تەۋە بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى يەر يۈزىدىن تېرىۋېلىنغانلىقى، يەر قاتلىمى دەللىلى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئىلمىي ئۇسۇلدا ئۆلچەپ بېكىتىلگەن دەۋر سانلىق مەلۇماتى يوق. توغرا يەكۈن چىقىرىش ئۈچۈن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىنچىكە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ.

قەدىمكى قەشقەر رايونىدا بايقالغان ئۇششاق تاش قورال - يېڭى تاش قورال دەۋرى مەدەنىيىتى ئىزلىرىدىن يىغىۋېلىنغان ماتېرىياللارنى كۆزەتكەندە، ئۇلار ئەينى ۋاقىتتا مۇشۇ زېمىندا تىرىكچىلىك قىلغان قەدىمكى ئاھالىلەرنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەھۋالىنى مۇئەييەن دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ:

بۇ ئىزلارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك ساپال بۇيۇملار بايقالدى، بەزى ئىزلاردا ئاز مىقداردا رەڭلىك ساپال پارچىلىرىمۇ تېپىلدى. ساپال بۇيۇملارنىڭ بارلىققا كېلىشى ئومۇمەن تۇراقلىق ياكى يېرىم تۇراقلىق تۇرمۇش بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بەزى ئىزلاردىن يەنە يارغۇنچاق ۋە دان ئايرىش قوراللىرى قاتارلىقلار بايقالدى، بۇ خىل تاش قوراللار، ئادەتتە دانلىق زىرائەتلەرنى پىششىقلاپ ئىشلەشكە ئىشلىتىلىدۇ دەپ قارىلىدۇ. دېمەك، ئەينى دەۋردە مەلۇم دەرىجىدە ئىپتىدائىي تېرىقچىلىق مەۋجۇت بولغان. تېرىقچىلىقنىڭ بىرقەدەر تۇراقلىق تۇرمۇش بىلەن مۇناسىۋىتى بولۇشى تەبىئىي. يەنە بىر جەھەتتىن ئالغاندا، ھەرقايسى ئىزلاردىن بايقالغان كۆپ مىقداردىكى ئۇششاق تاش قورال، يالپاق تاش قورال ۋە سوقۇش ئارقىلىق ياسالغان چوڭ تىپتىكى تاش قورال قاتارلىقلار ھايۋانلارنى ئوۋلاش ۋە گۆشىنى پارچىلاشقا ئىشلىتىلگەن قوراللار ھېسابلىنىدۇ. مانا بۇلار ئوۋچىلىقنىڭ ئەينى چاغدىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا خېلى سالماقنى ئىگىلەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

قسقىسى، يېڭى تاش قورال دەۋرىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا شىنجاڭدا ياشىغان ئەجدادلار ئوۋچىلىق ۋە تەبىئىي مېۋە، ئۇسسۇملۇكلەرنى يىغىپ ئىستېمال قىلىدىغان تەرمىچىلىك ئىگىلىكىنى ئاساس قىلغان، مەلۇم دەرىجىدە بېلىق تۇتۇش ئىگىلىكىمۇ مەۋجۇت بولۇشى مۇمكىن. بۇ دەۋرنىڭ كېيىنكى مەزگىلىگە كەلگەندە ئىپتىدائىي تېرىقچىلىق بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئۇيي چارۋا باقمىچىلىقىمۇ بارلىققا كەلگەن دېيىشكە بولىدۇ①. يەنىمۇ ئىنچىكە كۆزىتىپ، غوجا قونار ئېرىزى ۋە سۇلتانباغ ئىزلىرىدىن تېپىلغان ئارخېئولوگىيەلىك ماتېرىياللارنى قوشنا رايونلاردىن تېپىلغان شۇ خىلدىكى ماتېرىياللارغا سېلىشتۇرۇپ ئانالىز قىلساق، شۇنداق تونۇشقا كېلىمىزكى، يېڭى تاش قورال دەۋرىدە قەشقەر رايونىدا ياشىغان ئەجدادلىرىمىز ئىلگىرىكى تاغ - جىلغىلاردا ئوۋچىلىق - يىغىمچىلىق قىلىشتىن، دەريا، كۆل بويلىرىدىكى تۈزلەڭلىك مۇنبەت جايلارغا يۆتكىلىپ، مۇقىم ئولتۇراق تۇرمۇش كەچۈرۈپ، دەسلەپكى يېزا، مەھەللىلەرنى بىنا قىلىپ، ساپاللاردىن ھەر خىل تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ياساپ ئىشلەتكەن. سۈركەپ ياسالغان تاش قوراللار ئارقىلىق ئىپتىدائىي تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ھەمدە يۇڭ توقۇمىچىلىق، باغۋەنچىلىك ۋە ئۇيي چارۋىچىلىقى قاتارلىق كەسىپلەرنى دەسلەپكى قەدەمدە راۋاجلاندۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجىنى قامدىغان. شۇ ئارقىلىق ئۇلار يېڭى تاش قورال مەدەنىيىتىنى ۋوجۇدقا چىقىرىپ، قەشقەرنىڭ بىرونزا دەۋرى ۋە دەسلەپكى تۆمۈر قورال دەۋرى جەمئىيىتىدىكى بارلىق ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت مۆجىزىلىرىنىڭ يىلتىز مەنبەسى بولۇپ قالغان②.

---

① ئىسرايىل يۇسۇپ، ئەنۋەر قاسىم: «غەربىي يۇرت يىمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتى تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 2006 - يىلى 6 - ئاي نەشرى، 36 - بەت.

② ئەھمەد سۇلايمان، سەنەۋەر سالىھ: «قەشقەرنىڭ يىراق قەدىمكى زامان مەدەنىيىتى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1998 - يىللىق 1 - سان، 76 - ، 77 - بەتلەر.

## 2. قەشقەرنىڭ بىرونزا (مىس) قورال دەۋرى ئارخېئولوگىيەسى

بىرونزا قورال دەۋرى ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ تەرەققىيات باسقۇچىدىكى يەنە بىر مۇھىم دەۋر ھېسابلىنىدۇ. جەمئىيەت تەرەققىياتى، ئىجتىمائىي ئىگىلىكنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، يېڭى تاش قورال دەۋرىدىن كېيىن ئىنسانلار بىرونزا دەۋرىگە قەدەم قويىدى. بۇ دەۋرنىڭ ئالاھىدە بەلگىسى مىس بۇيۇملارنى ياساش ۋە ئىشلىتىشتىن ئىبارەت. بىراق، بىرونزا دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئىشلەپچىقىرىش قورال‌لىرىدا يەنىلا تاش قورال‌لار ئاساس قىلىنغان. دۇنيا مىقياسىدىن ئالغاندا، بەزى رايونلاردا بىرونزا دەۋرى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى بىلەن ناھايىتى زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان، بولۇپمۇ مۇشۇ دەۋردە مەدەنىيەتلىك جەمئىيەتـ ـنىڭ بىرقانچە چوڭ ئامىلى ھېسابلانغان دۆلەت، شەھەر، يېزىق ۋە مىس بۇيۇملار بارلىققا كەلگەن. ھازىرچە بىرونزا دەۋرىنىڭ مۇتلەق دەۋرى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا بىردەك بولمىسىمۇ، بىراق مۆلچەرـ لىنىشىچە، تەخمىنەن مىلادىيەدىن 3000 يىل بۇرۇنقى زامانلاردىن مىلادىيەدىن 1000 يىل ئىلگىرىكى چاغلارغا توغرا كېلىدۇ.

مىس ــ ئىنسانلار ئەڭ بۇرۇن تونۇپ يەتكەن ۋە ئۇنىڭدىن قورالـ سايمان ياساپ ئىشلەتكەن مېتاللارنىڭ بىرى. ئىنسانلار ئەڭ دەسلەپ تەبىئىي مىسلاردىن كىچىك تىپتىكى قورال - سايمانلارنى ۋە زىننەت بۇيۇملىرىنى سوقۇپ ياساپ ئىشلەتكەن. كېيىن مىس رودىلىرىنى قىزىش، ئېرىتىش، تاۋلاش ھۈنەر - تېخنىكىسىنى ئىجاد قىلىپ، ئۇنىڭدىن بىرقەدەر ئىلغار بولغان ھەر خىل ئىشلەپچىقىرىش قورالـ سايمانلىرىنى ياساپ ئىشلەتكەن، نەتىجىدە ئىنسانىيەت جەمئىيەت تەرەققىيات تارىخىنىڭ يېڭى بىر دەۋرگە يەنى مەدەنىيەت دەۋرگە قەدەم قويغان.

بىزگە مەلۇمكى، ئىنسانلار ئەڭ دەسلەپ تەبىئىي مىسنى تونۇغان ۋە

ئېپتىدائىي مىس تاۋلاش تېخنىكىسىنى ئىگىلىگەندە، ئۇنىڭغا (تەبىئىي مىسقا) ھېچقانداق ئىككىنچى بىر مېتالنى ئارىلاشتۇرۇشنى بىلمەيتتى. پەقەت تەبىئىي مىسنى ئېرىتىش ئارقىلىق ئۇنىڭدىن ھەر خىل ئاددىي سايمانلارنى ۋە زىننەت بۇيۇملىرىنى سوقۇپ ياساپ چىقالىغان①، «بىراق ھېچقانداق ھەربىي قورال - ياراقلارنى ۋە ئىشلەپچىقىرىش قورال-سايمانلىرىنى ياساپ چىقالمىغان»②. چۈنكى، تەبىئىي مىس (ئادەتتە قىزىل مىس دېيىلىدۇ) نىڭ ئېرىش نۇقتىسى يۇقىرى، يۇمشاق بولغاچقا، ئىشلەپچىقىرىش قورال - سايمانلىرىنى ياساشتا چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ. شۇڭا، ئىنسانلار قىزىل مىسنى تونۇپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى بىلگەندىن كېيىنمۇ، ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىدە تاش قوراللار يەنىلا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ كەلگەن. ئارخېئولوگلار ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ بۇنداق دەۋرىنى تاش قوراللار دەۋرى بىلەن بىرونزا دەۋرى (كۆك مىس قوراللار دەۋرى) ئارىلىقىدىكى ئۆتكۈنچى دەۋر دەپ ھېسابلاپ، مىس قوراللار بىلەن تاش قوراللار بىللە ئىشلىتىلگەن دەۋر (ياكى تاش قوراللار بىلەن مېتال قوراللار بىللە ئىشلىتىلگەن دەۋر) دەپ ئاتىشىدۇ.

كېيىن ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلىشى نەتىجىسىدە، كىشىلەر مىس تاۋلاش تېخنىكىسىنى ئىجاد قىلىپ، مىستىن ئىشلەپچىقىرىش قورال - سايمانلىرى ۋە ئۇرۇش قوراللىرى ياساپ چىقىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا باشقا

---

① ئەخمەت سۇلايمان: «شىنجاڭدىن تېپىلغان قەدىمكى مىس داڭقان (قازان)لار ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ھەققىدە ئويلىغانلىرىم»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى 1995- يىللىق 1-، 2- سان، 111- بەت.

② سونبېيچىڭ (ياپونىيە): «جۇڭگودا ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 1987- يىلى خەنزۇچە نەشرى 25- بەت؛ ئەخمەت سۇلايمان: «شىنجاڭدىن تېپىلغان قەدىمكى مىس داڭقان (قازان) لار ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ھەققىدە ئويلىغانلىرىم»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكار-لىقلىرى» ژۇرنىلى 1995- يىللىق 1 — 2- قوشما سان، 111- بەتتىكى نەقىل.

مېتاللارنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئىنسانلارنىڭ يېڭى تەلىپىگە ماسلىشالايدىغان مېتال قىلىپ تاۋلاپ چىقىش تېخنىكىسىنى ئىگىلىگەن. ئادەتتە قىزىل مىس تەركىبىگە كۆپرەك قەلەي ۋە قوغۇشۇن ئارىلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئارخېئولوگىيە ئىلمىدە تەركىبىدە قەلەي ۋە قوغۇشۇن ئارىلاشتۇرۇلغان بۇنداق مىسنى كۆك مىس (ئىلمىي نامدا بىرونزا) دەپ. ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ مۇشۇ دەۋرىنى بىرونزا دەۋرى دەپ ئاتىغان. بىرونزا قوراللار (كۆك مىس قوراللار) تەبىئىي مىس قوراللارغا قارىغاندا تۆۋەندىكىدەك ئارتۇقچىلىققا ئىگە:

بىرىنچى، ئېرىش نۇقتىسى تۆۋەن بولۇپ، قىزىل مىسقا 15% قەلەي ئارىلاشتۇرۇلغاندا ئېرىش نۇقتىسى تەخمىنەن يېرىم ھەسسە تۆۋەنلەيدۇ.

ئىككىنچى، قاتتىقلىق دەرىجىسى يۇقىرى بولۇپ، ئادەتتە قىزىل مىسقا 5% قەلەي ئارىلاشتۇرۇلغاندا قاتتىقلىق دەرىجىسى تەخمىنەن بىر ھەسسە يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ.

ئۈچىنچى، بىرونزا بۇيۇملار قۇيۇپ چىقىلغاندا، ئاسانلىقچە قوتۇر (كۆزۈمسىز) بولۇپ قالمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىرونزا (كۆك مىس)نىڭ ئېرىتمە سۇيۇقلۇقى ھاۋانى ئاسان سۈمۈرۈۋالمايدۇ. قۇيۇش جەريانىدا چىقىدىغان كۆپۈكى ئاز بولىدۇ. ئېرىتمە سۇيۇقلۇقى قېلىپ (ئەندىزە)نىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تېزلا يېتىپ بېرىپ، ئوگايلا ئۆتكۈر بىسلىق ياكى سىپتا نەقىشلىك بۇيۇملارنى ياساپ چىققىلى بولىدۇ. شۇڭا، بىرونزا قوراللار ئىشلەپچىقىرىش قورال - سايمانلىرى ياساشقا ماس كەلگەنلىكى ھەم يېڭى بىر ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىغا ۋەكىللىك قىلغىنى ئۈچۈن ئىنتايىن تېزلا قىزىل مىس قوراللارنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ، «ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە دەۋر بۆلگۈچ رول ئوينىغان»[1].

ئالىملار «ئىنسانلار تارىخىنىڭ بىرونزا دەۋرى (كۆك مىس قورال

---

[1] «جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيەسى. ئارخېئولوگىيە قىسمى»، جۇڭگو ئېنسىكلوپېدىيە نەشرىياتى 1986- يىلى 8- ئاي خەنزۇچە نەشرى، 399- بەت.

دەۋرى) دۇنيانىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت مەركەزلىرىدە قوللۇق تۈزۈم فورماتسىيەسى بىلەن ماسلاشقان؛ جۇڭگو، مىسىر، سۇرىيە، ھىندىستان قاتارلىق دۇنيانىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت بۆشۈكلىرى بىرونىزا دەۋرىدە قوللۇق تۈزۈمى تىكلەنگەن ۋە گۈللەنگەن دەۋرلەردە تۇرغان؛ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەبىلىلەرمۇ تاش قوراللار بىلەن مىس قوراللار بىللە ئىشلىتىلگەن دەۋر بىلەن بىرونىزا دەۋرىدە ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ كۆپ جەھەتلەردە قەدىمكى مىسىر، مىسسوپوتامىيە ۋە شەرقنىڭ باشقا مەدەنىيەت مەركەزلىرى بىلەن بىر قاتاردا تۇرغان؛ ئاشۇ يىراق قەدىمكى زاماندىلا ئوتتۇرا ئاسىيا دۇنيا مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغانىدى»[①] دەپ قارىماقتا.

شىنجاڭنى ئالساق، يۇرتىمىزدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ۋە قېزىشلاردا بىرونىزا دەۋرىگە تەۋە مەدەنىيەت ئىزلىرىدىن خېلى كۆپ بايقالدى. ئۇلار ئاساسەن باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيەسىدىكى نەنۋەن قەبرىستانلىقى، لەنجۇ ۋەنزە خارابىسى، كۆيسۇ خارابىسى، شىرىنزىدىكى ئىز؛ ئاراتۈرك ناھىيەسىدىكى ھەربىي ئات فېرمىسىدىكى ئىز، تۇز كۆلدىكى خارابە، كارساگدىكى ئىز؛ تۇرپان شەھىرى قاراغوجا خارابىسى؛ چۆچەك شەھىرى تېبىي مەكتىپىدىكى ئىز ۋە قەبرىستانلىق؛ لوپنۇر ناھىيەسىدىكى كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىق ۋە قۇم دەريا ئەتراپىدىكى ئاممۋى قەبرىستانلىق؛ خوشۇت ناھىيەسى شىنتاران خارابىسى ۋە چۇقۇدىكى ئىز؛ كۇچا ناھىيەسىدىكى قارادۆڭ خارابىسى؛ ئاقسۇ شەھىرى ئەتراپىدىكى ئىز ۋە قارايۇلغۇندىكى ئىز؛ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيەسى ئاقدالادىكى ئىزدىن ئىبارەت. بىراق، مەدەنىيەت تىپىدىن قارىغاندا،

---

① ب. گ. غاپاروف: «تاجىكلار تارىخى» (2 — 1) قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1988- يىلى 8- ئاي نەشرى؛ ئەخمەت سۇلايمان: «شىنجاڭدىن تېپىلغان قەدىمكى مىس داڭقان (قازان) لار ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ھەققىدە ئويلىغانلىرىم»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى 1995- يىللىق 1 — 2- قوشما سان، 112- بەت.

ئۇلارنى نەچچە خىلغا ئايرىشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، نەنۋەن قەبرىستانلىقى، لەنجۇ ۋەنزە خارابىسى، كۈيسۇ خارابىسى، شىرىنزىندىكى ئىز، ھەربىي ئات فېرمىسىدىكى ئىز، توز كۆلدىكى ئىز ۋە كارساگدىكى ئىز قاتارلىقلارنىڭ بەلگىلىك ئوخشىشىدىغان تەرەپلىرى بولغاچقا، ئوخشاش تىپتىكى بىر خىل مەدەنىيەتكە تەۋە بولۇشى مۇمكىن. كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى قەبرىستانلىق بىلەن قۇم دەريا ئەتراپىدىكى ئاممۇۋى قەبرىستانلىقنىڭ مەدەنىيەت مەزمۇنى ئاساسەن بىردەك بولغاچقا، ئۇلارنى ئوخشاش مەدەنىيەت تىپىغا تەۋە دەپ قاراشقا بولىدۇ. شىنتاران بىلەن چۇقۇدىكى ئىزلارنىڭ مەدەنىيەت خاراكتېرى ئوخشاش، شۇڭا ئۇلار ئوخشاش بىر خىل مەدەنىيەت تىپىغا تەۋە. بۈنگدىن باشقا، قارا دۆڭ خارابىسى، ئاقسۇ شەھىرى ئەتراپىدىكى خارابىلەر، قارايۇلغۇن ۋە ئاقدالا خارابىلىرىدىمۇ بەلگىلىك ئورتاقلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارمۇ ئوخشاش تىپتىكى بىر خىل مەدەنىيەتكە تەۋە بولۇشى مۇمكىن.

قەدىمكى قەشقەر بوستانلىقىدا بىرونزا دەۋرى مەدەنىيىتىگە تەۋە ئىز-خارابىلەردىن قەشقەر كوناشەھەر ئوپال رايونى ئاقدالا خارابە ئىزلىرى بىلەن سۇلتانباغ - غوجا قونار خارابە ئىزلىرى روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە.

ئاقدالا خارابىلىرى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيە ئوپال يېزىسىدىكى ئۆپۈلات دېگەن يەرنىڭ تەخمىنەن 5 كىلومېتىر غەربىدىكى جايدا بولۇپ، ئاقدالا، ئۆگگۆلۈك، قورۇقدالا ۋە دۆۋۈلىكتىن ئىبارەت تۆت خارابىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەركىزى خارابىلەردە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلىپ، يەر يۈزىدىن نۇرغۇن ساپال پارچىلىرى، تاش قورال ۋە ئاز ساندا سۆڭەك، مىس بۇيۇملار يىغىۋېلىندى. ساپاللارنىڭ كۆپ ساندىكىسى لېيىغا قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان قىزىل، قوڭۇر ساپاللار بولۇپ، كۈل رەڭ ساپاللار ئاز سانىنى ئىگىلەيدۇ. بۇ خارابىلەردىكى ساپال بۇيۇملار قولدا ياسالغان بولۇپ، كۆپىنچىسى سىدام كەلگەن كومزەك، تەشتەك، ئاياق، كۇپ، قازان، ھېجىر، جام قاتارلىق ساپال قاچىلار. تاش قوراللارنىڭ ئاز ساندىكىسى سوقۇپ ياسالغان بولۇپ، كۆپ

دەۋرى) دۇنيانىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت مەركەزلىرىدە قۇللۇق تۈزۈم فورماتسىيەسى بىلەن ماسلاشقان؛ جۇڭگو، مىسىر، سۇرىيە، ھىندىستان قاتارلىق دۇنيانىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت بۆشۈكلىرى بىرونزا دەۋرىدە قۇللۇق تۈزۈمى تىكلەنگەن ۋە گۈللەنگەن دەۋرلەردە تۇرغان؛ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەبىلىلەرمۇ تاش قوراللار بىلەن مىس قوراللار بىللە ئىشلىتىلگەن دەۋر بىلەن بىرونزا دەۋرىدە ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ كۆپ جەھەتلەردە قەدىمكى مىسىر، مىسسوپوتامىيە ۋە شەرقنىڭ باشقا مەدەنىيەت مەركەزلىرى بىلەن بىر قاتاردا تۇرغان؛ ئاشۇ يىراق قەدىمكى زاماندىلا ئوتتۇرا ئاسىيا دۇنيا مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغانىدى»[①] دەپ قارىماقتا.

شىنجاڭنى ئالساق، يۇرتىمىزدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ۋە قېزىشلاردا بىرونزا دەۋرىگە تەۋە مەدەنىيەت ئىزلىرىدىن خېلى كۆپ بايقالدى. ئۇلار ئاساسەن باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيەسىدىكى نەنۋەن قەبرىستانلىقى، لەنجۇ ۋەنزە خارابىسى، كۆيسۇ خارابىسى، شىرىنزىدىكى ئىز؛ ئاراتۈرك ناھىيەسىدىكى ھەربىي ئات فېرمىسىدىكى ئىز، تۇز كۆلدىكى خارابە، كارساڭدىكى ئىز؛ تۇرپان شەھىرى قاراغوجا خارابىسى؛ چۆچەك شەھىرى تېببىي مەكتىپىدىكى ئىز ۋە قەبرىستانلىق؛ لوپنۇر ناھىيەسىدىكى كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىق ۋە قۇم دەريا ئەتراپىدىكى ئاممۇۋى قەبرىستانلىق؛ خوشۇت ناھىيەسى شىنتاران خارابىسى ۋە چۇقۇدىكى ئىز؛ كۇچا ناھىيەسىدىكى قارادۆڭ خارابىسى؛ ئاقسۇ شەھىرى ئەتراپىدىكى ئىز ۋە قارايۇلغۇندىكى ئىز؛ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيەسى ئاقدالادىكى ئىزدىن ئىبارەت. بىراق، مەدەنىيەت تىپىدىن قارىغاندا،

---

① ب. گ. غاپاروف: «تاجىكلار تارىخى» (2 — 1) قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1988- يىلى 8- ئاي نەشرى؛ ئەخمەت سۇلايمان: «شىنجاڭدىن تېپىلغان قەدىمكى مىس داڭقان (قازان) لار ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ھەققىدە ئويلىغانلىرىم»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى 1995- يىللىق 1 — 2- قوشما سان، 112- بەت.

ئۇلارنى نەچچە خىلغا ئايرىشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، نەنۋەن قەبرىستانلىقى، لەنجۇ ۋەنزە خارابىسى، كۈيسۇ خارابىسى، شىرىنزىدىكى ئىز، ھەربىي ئات فېرمىسىدىكى ئىز، تۇز كۆلدىكى ئىز ۋە كارساڭدىكى ئىز قاتارلىقلارنىڭ بەلگىلىك ئوخشىشىدىغان تەرەپلىرى بولغاچقا، ئوخشاش تىپتىكى بىر خىل مەدەنىيەتكە تەۋە بولۇشى مۇمكىن. كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى قەبرىستانلىق بىلەن قۇم دەريا ئەتراپىدىكى ئاممىۋى قەبرىستانلىقنىڭ مەدەنىيەت مەزمۇنى ئاساسەن بىردەك بولغاچقا، ئۇلارنى ئوخشاش مەدەنىيەت تىپىغا تەۋە دەپ قاراشقا بولىدۇ. شىنتاران بىلەن چۇقۇدىكى ئىزلارنىڭ مەدەنىيەت خاراكتېرى ئوخشاش، شۇڭا ئۇلار ئوخشاش بىر خىل مەدەنىيەت تىپىغا تەۋە. بۇنىڭدىن باشقا، قارا دۆڭ خارابىسى، ئاقسۇ شەھىرى ئەتراپىدىكى خارابىلەر، قارايۇلغۇن ۋە ئاقدالا خارابىلىرىدىمۇ بەلگىلىك ئورتاقلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارمۇ ئوخشاش تىپتىكى بىر خىل مەدەنىيەتكە تەۋە بولۇشى مۇمكىن.

قەدىمكى قەشقەر بوستانلىقىدا بىرونزا دەۋرى مەدەنىيىتىگە تەۋە ئىز-خارابىلەردىن قەشقەر كوناشەھەر ئوپال رايونى ئاقدالا خارابە ئىزلىرى بىلەن سۇلتانباغ - غوجا قونار خارابە ئىزلىرى روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە.

ئاقدالا خارابىلىرى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيە ئوپال يېزىسىدىكى ئوپۇلات دېگەن يەرنىڭ تەخمىنەن 5 كىلومېتىر غەربىدىكى جايدا بولۇپ، ئاقدالا، ئۆڭگۈلۈك، قورۇقدالا ۋە دۆۋىلىكتىن ئىبارەت تۆت خارابىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەزكۇر خارابىلەردە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلىپ، يەر يۈزىدىن نۇرغۇن ساپال پارچىلىرى، تاش قورال ۋە ئاز ساندا سۆڭەك، مىس بۇيۇملار يىغىۋېلىندى. ساپاللارنىڭ كۆپ ساندىكىسى لېيىغا قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان قىزىل، قوڭۇر ساپاللار بولۇپ، كۈل رەڭ ساپاللار ئاز ساننى ئىگىلەيدۇ. بۇ خارابىلەردىكى ساپال بۇيۇملار قولدا ياسالغان بولۇپ، كۆپىنچىسى سىدام كەلگەن كومزەك، تەشتەك، ئاياق، كوپ، قازان، ھېجىر، جام قاتارلىق ساپال قاچىلار. تاش قوراللارنىڭ ئاز ساندىكىسى سوقۇپ ياسالغان بولۇپ، كۆپ

ساندىكىسى سۇركەش - سىلىقلاش ئارقىلىق ياسالغان. ئۇلار يېرىم ئاي شەكىللىك تاش پىچاق، تاش ئورغاق، يارغۇنچاق، چاقىلغۇچ، دان ئايرىغۇچ ۋە دان يانجىغۇچ، تاش پالتا، تاش شار، بىلەي، باشاق قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە سۇركەپ سىلىقلاش ئارقىلىق ئىنتايىن نەپىس ياسالغان سۆڭەك باشاق ۋە مىس پىچاق قاتارلىق بۇيۇملارمۇ بايقالدى[1].

ئاقدالا خارابىلىرىدە ھازىرغىچە سىستېمىلىق ھالدا ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش ئېلىپ بېرىلغىنى يوق. پەقەت ئىلگىرى - كېيىن ئېلىپ بېرىلغان بىرقانچە قېتىملىق ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش جەريانىدا ئىگە بولغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى قالدۇقلىرى — ئەۋرىشكە ماتېرىياللىرى يىغنۇۋېلىنغان بولۇپ، بۇ خارابىلەرنىڭ يىل - دەۋرى مەسىلىسىدە، گەرچە بۇ خارابىلەر بىرونىزا قورال مەدەنىيەت دەۋرىگە مەنسۇپ دەپ بېكىتىلگەن بولسىمۇ[2]، بىراق يەنىلا بىر قىسىم مۇجمەل قاراشلار مەۋجۇت بولۇپ، ئاقدالا خارابىلىرىنى «يېڭى تاش قورال مەدەنىيەت دەۋرى» ياكى «يېڭى تاش قورال بىلەن بىرونىزا قورال بىرلىكتە ئىشلىتىلگەن مەدەنىيەت دەۋرى» گە مەنسۇپ دېگەن قاراشلار خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئاقدالا خارابىلىرىدە سىستېمىلىق ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش - تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلمىغان ئەھۋال ئاستىدا، بۇ خارابىلەرنىڭ يىل - دەۋرىنى كەسكىنلىك بىلەن بېكىتىۋەتمەسلىك، مۇھىمى بۇ خارابىلەرنىڭ ھازىرقى مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى، خاراكتېرى ۋە بۇ ئاساستا چىقىرىلغان «ئاقدالا خارابىلىرى بىرونىزا قورال مەدەنىيەت دەۋرىگە تەۋە» دېگەن قاراشنى قوللاش كېرەك.

---

① ئادىل مۇھەممەت تۇران: «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق جەۋھەرلىرى»، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى 2006- يىلى 5- ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 22- بەت.

② جاڭ يۇجوڭ: «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيەسىدىن قىسقىچە بايان»، «ئارخېئولوگىيە» ژۇرنىلى (خەنزۇچە)، 2002- يىللىق 6- سان، 5- بەت.

ئېلىمىز ئارخېئولوگلىرى 1972- يىلى 7- ئايدا ئاقدالا خارابىلىرىدە ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. گەرچە بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشتە بۇ خارابە- ئىزلاردا رەسمىي ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش ئېلىپ بېرىلمىغان بولسىمۇ، بىراق يەر يۈزىدىن بىر قىسىم مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى يىغىۋېلىنغان. يەنى تاش پىچاق، تاش ئورغاق، يارغۇنچاق، تاش ئوق بېشى، تاش بىلەي، تاش توقماق ۋە ساپال بۇيۇملار ھەمدە خېلى كۆپ ساندىكى مىس قورال ئەۋرىشكىلىرىنى يىغىۋالغان. ئارخېئولوگلار ئاقدالا خارابىلىرىدىن يىغىۋالغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ شەكلى، ئالاھىدىلىكى، ياسىلىشى ۋە ئىشلىتىلگەن ماتېرىياللىرى ئاساسىدا سېلىشتۇرۇش، مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق: «يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تۆت خارابىلىك ئىچىدە ئاقدالا خارابىسىدىكى مەدەنىيەت بۇيۇملىرى بىرقەدەر مول ۋە مەركەزلەشكەن، باشقا ئۈچ خارابىلىكتە ئازراق. بىراق، جۇغراپىيەلىك مۇھىتىنىڭ ئوخشاشلىقى، خارابىلەردىكى مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇملىرىنىڭ ئوخشاشلىقىدىن قارىغاندا ئۇلار بىر دەۋردىكى ئوخشاش مەدەنىيەتكە تەۋە. بۇ خىل مەدەنىيەت پەقەت شۇ خارابىلىكتىكى قالدۇق بۇيۇملارنى كۆزەتكەندە تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە: (1) تاش قوراللارنىڭ شەكلى بىرقەدەر چوڭراق، كۆپ قىسمى سىلىقلاپ ياسالغان، ئۇرۇپ ياسالغانلىرى ئازراق؛ (2) تاش پىچاق، تاش ئورغاقلار كۆپرەك نىسبەتنى تەشكىل قىلىدىغان بولۇپ، ياسىلىشى نەپىس بولۇپلا قالماي، تۆشۈكى يوق ھىلال ئاي شەكىلدىكىسى ئەڭ ئالاھىدە؛ (3) ساپال بۇيۇملارنىڭ تەركىبىگە قۇم ئارىلاشقان بولۇپ، ساپ لايدىن ياسالغان ساپاللار يوق، ھەممىسى قول بىلەن ياسالغان، تۆۋەن گرادۇسلۇق ئوتتا پىشۇرۇلغان، يۇملاق تەگلىك بۇيۇملار كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدۇ؛ (4) نۇرغۇنلىغان بۇيۇملارنىڭ ئاغزىدا ئايلانما تۆشۈك ياكى مىخچە بار بولۇپ، باشقا بېزەك نۇسخىلىرى ناھايىتى ئاز. بۇ ئالاھىدىلىك ۋە خارابىلەردىكى قىزىل مىستىن ياسالغان كىچىك بۇيۇملارنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن، بىز بۇلارنىڭ يىل - دەۋرىنى يېڭى تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىگە يەنى تاش قوراللار بىلەن مىس قوراللار بىرلىكتە ئىشلىتىلگەن دەۋرگە تەۋە

دەپ ھۆكۈم قىلىمىز. بۇ دەۋردە شىنجاڭنىڭ قەشقەر ئەتراپىدىكى ئىپتىدائىي ئاھالىلەر ئاللىقاچان يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى ئاساس قىلغاندىن باشقا، توقۇمىچىلىقنى ئىگىلەپ بولغانىدى» دەپ يەكۈن چىقارغان[①].

1983- يىلى مەدەنىيەت مىنىستىرلىقىنىڭ مەدەنىيەت يادىكار- لىقلىرى ئىدارىسى بىلەن شىنجاڭ مۇزېيى بىرلىكتە تەشكىللىگەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيەسىنىڭ ئوپال يېزىسىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋاتقاندا، سۇلتانباغ ئىزىدىن بىر دانە مىس مارجان، تۆت دانە ئىنچىكە مىس تاياقچە تاپقان. يەنە 12 پارچە كىچىك مىس پارچىلىرى تېپىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدۇ (رەت نومۇرى 17- 83WS:01).

بۇ مىس قۇراللاردىن توققۇز دانىسىغا تىلقا ناھىيەسىدىكى مىس كان ئىزىدىن تېپىلغان قۇيما مىس پارچىسىنى قوشۇپ ئاپتونوم رايونلۇق گېئولوگىيە ئىدارىسى، مېتاللورگىيە سانائىتى مىنىستىرلىقىنىڭ رەڭلىك مېتاللار تەتقىقات ئىنستىتۇتى ۋە شىنجاڭ مېتاللورگىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆلچەپ بېكىتىشىگە سۇنۇلدى. ئۇلار بۇ مىس قۇراللارنى قوزغىتىلغان نۇر سپېكتىرى، سپېكتىر يېرىم مىقدارلىق ئۆلچەش ۋە خىمىيەلىك ئۇسۇل ئارقىلىق ئۇنىڭ خىمىيەلىك تەركىبىنى ئۆلچەپ بېكىتتى. ئۆلچەپ بېكىتىلگەنلىرى ئىچىدە توققۇزتارا ناھىيەسى ئاگارسىندىن تېپىلغان مىس قۇراللار ئۈچ دانە، قەشقەر كوناشەھەر ئوپالدىكى سۇلتانباغدىن تېپىلغىنى بىر دانە، كۈنەس ناھىيەسىدىكى 71- تۈەن بېلىق بېقىش كۆلى ئىزىدىن تېپىلغىنى ئۈچ دانە،

---

① شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيى: «شىنجاڭ — قەشقەر كوناشەھەر ناھىيەسىدىكى ئاقدالا قاتارلىق يېڭى تاش قۇراللار خارابە ئىزىنى تەكشۈرۈش»، «ئارخېئولوگىيە» ژۇرنىلى (خەنزۇچە)، 1977- يىللىق 2- سان؛ «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيەسىنىڭ 30 يىلى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983- يىلى خەنزۇچە نەشرى، 43- بەت.

ئۆرۈمچىدىن تېپىلغىنى بىر دانە، باركۆلدىكى لەنۋەندىن تېپىلغىنى بىر دانە ۋە نىلقىدىكى مىس كان ئىزىدىن تېپىلغىنى بىر دانە بولۇپ، جەمئىي 10 دانە.

«قىزىل مىس» دېگەنلىك ئۇنىڭ رەڭگىنىڭ قىزغۇچ بولغانلىقىغا قارىتىلغان. ئۇنىڭ ئىچىدە مىس تەركىبى بىرقەدەر يۇقىرى بولىدۇ، شۇڭا ئۇ «ساپ مىس» دېيىلىدۇ.

قەدىمكى زامانلاردىكى مېتال تاۋلاش تېخنىكىسى هامان ئىپتىدائىي باسقۇچتىن ئالغا قاراپ پەيدىنپەي راۋاجلانغان بولغاچقا، مىس تەركىبىدىكى ئېلېمېنتلارنىڭ مىقدارىغا نىسبەتەن بىر تونۇش جەريانىنى باشتىن كەچۈرۈشى كېرەك. بۇرۇنقى مىس تاۋلاشتا ئاساسەن ئەسلىدىكى رودىلارنىڭ ئۆزىدە بار بولغان خىمىيەلىك ئېلېمېنتلارغىلا تايىنىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ تەركىبىنى ئەركىن هالدا تالليالمايتتى. مېتال تاۋلاش تېخنىكىسىنى ياخشىلاشتىمۇ بىر جەريان بولۇشى كېرەك. شۇڭا، ئۇ چاغلاردا ئىشلىگەن مىسنىڭ تەركىبىدىكى ئېلېمېنتلار مۇقىم بولمايدۇ، ئارىلاشما ماددىلار بىرقەدەر كۆپ بولىدۇ. مەسىلەن، قەشقەر كوناشەھەردىكى سۇلتانباغ ئىزىدىن يىغىۋېلىنغان مىس پارچىلىرىنى ئۆلچەش ئارقىلىق، ئۇنىڭ ئىچىدىكى كىرىمنىي تەركىبى 5%≤ ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى. كىرىمنىي ئېلېمېنتىنىڭ يەر پوستىدىكى مىقدارى ناهايىتى كۆپ بولۇپ، يەر پوستى ئومۇمىي ئېغىرلىقىنىڭ 26% نى ئىگىلەيدۇ. بۇرۇنقى دەۋرلەردىكى مىس قوراللارنىڭ تەركىبىدە كىرىمنىي مىقدارى ناهايىتى كۆپ بولۇپ، شۇ چاغلاردىكى مېتال تاۋلاش تېخنىكىسىنىڭ ئىپتىدائىيلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. تارىخىي خاتىرىلەرگە ماسلاشتۇرغان هالدا هازىرقى زامان مېتاللورگىيەسى ۋە كىشىلەرنىڭ مىسقا بولغان ئەنئەنىۋى تونۇشى بويىچە ئۆلچەش ئېلىپ بېرىلغان مىس قوراللار تەركىبىدىكى ئېلېمېنتلار ئۈستىدە قىسقىچە مۇنداق خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدۇ: قەشقەر كوناشەھەردىكى سۇلتانباغ ۋە نىلقىدىكى مىس كان ئىزلىرىدا تاۋلانغان مىس پارچىلىرىدىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسى «كۆك مىس» دەپ ئاتىلىدۇ. نىلقىدىن تېپىلغان مىس پارچىسى ئاقۇچ كۈل رەڭ بولۇپ، ئۇنىڭ تەركىبىدىكى ئارسىن،

ئـاليومىن، قوغۇشـۇن، تۆمۈر ئېلېمېنتلىرى تەخمىنەن 3% كە يېتىدۇ. ئۇنىڭ ئاق رەڭدە كۆرۈنۈشى ئاساسەن ئۇنىڭدىكى ئارسىن ۋە ئـاليومىن، قوغۇشۇن تەركىبى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، شۇڭا ئۇ «ئـاق مىس» دەپ ئاتىلىدۇ. قەشقەر كوناشەھەردىكى سۇلتانباغدىن تېپىلغان مىس پارچىسىدا مىسنىڭ تەركىبى 78.74% كە يەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تەركىبىدە كىرىمنىي بىلەن كالتسىي خېلى كۆپ بولۇپ، 3 — 5% كە يېتىدۇ. ئۇ ئارىلاشما مىس بولۇپ، هازىرچە «قىزىل مىس» دەپ تونۇشقا بولىدۇ[1].

يۇقىرىقى مىس قوراللارنىڭ كۆپىنچىسى يىغىۋېلىنغان ۋە تېرىۋېلىنغان بۇيۇملار بولۇپ، يەر قاتلىمىغا دائىر ماتېرىياللىرى يوق. بەزى مىس قوراللار ئۇ يەر - بۇ يەردىن تېپىلغان بولۇپ، ئۇلار بىلەن بىللە تېپىلغان باشقا قوراللار (مەسلەن، ساپال قاچىلار، تاش قوراللار) بولمىغاچقا، دەۋرىنى بېكىتىشتە مەلۇم قىيىنچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. هازىر ئاساسەن ئېلان قىلىنغان، شۇلارغا ئوخشاپ كېتىدىغان قوراللارغا سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق يىل - دەۋرى دەسلەپكى قەدەمدە مۆلچەرلەپ چىقىلدى.

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيەسى ئوپال يېزىسىدىكى سۇلتانباغ ئېرىزى سۆسەر ئېقىنىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى پەلەمپەيلىك يەرگە جايلاشقان. ئۇ يەر شامال يالاپ كەتكەن شورلۇق قۇمساڭغۇ بولۇپ، بەزى يەرلەردىكى قاتتىق يەر پوستىنى شامال ئۇرۇپ ئېچىۋەتكەن. شۇنىڭ بىلەن تاش قوراللار، ساپال پارچىلىرى ۋە مىس پارچىلىرى كۆرۈنۈپ قالغان. ئۇلارنى يىغىۋېلىش جەريانىدا مىس قوراللار، تاش قوراللار ۋە ساپال پارچىلىرىنىڭ بىللە ساقلىنىش ئەھۋالىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىندى. ئۇ ئۈچ بۇيۇمنى شامال ئېچىپ ئارىلاشتۇرۇۋەتكەن بولۇپ، بەزىلىرىنىڭ بىر قىسمى يەر قاتلىمىدا يېرىم كۆمۈكلۈك هالەتتە تۇرغان. دېمەك، ئۇلار

---

[1] ۋاڭ بو: «شىنجاڭدا يېقىنقى ئون يىل ئىچىدە تېپىلغان بەزى مىس قوراللار»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى (ئۇيغۇرچە)، 1987 - يىللىق 1 - سان، 9 -، 10 -، 12 -، 13 - بەتلەر.

ئوخشاش بىر مەزگىلدە بۇ يەرگە تاشلىنىپ قالغان يادىكارلىق ھېسابلىنىدۇ. ساپال پارچىلىرى قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان قىزىل ساپالدىن ئىبارەت. تاش قوراللار ئىچىدە چوڭ گىرانىت تاشتىن ياسالغان ئۇزۇنچاق يارغۇنچاق ۋە كىرىمنىيلىق تاشتىن ياسالغان ئىنچىكە تاش قوراللار بار. ئىنچىكە تاش قوراللار ئىچىدە تاش يادروسى، تاش ياپرىقى، تاش ئوق ئۇچى، يونۇش - قىرىش قوراللىرى قاتارلىقلار بار. تاش ياپراق- چىلىرىدىن ياسالغان ئىنچىكە تاش قوراللارنىڭ سانى خېلى كۆپ. مىس قوراللار كىچىك بۇيۇملاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۆلچەش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئارىلاشما ماددىسى كۆپ بولغان قىزىل مىس ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى. نۆۋەتتە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىس قوراللارنىڭ ۋاقتى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 3000- يىللارنىڭ ئاخىرىدىن 2000- يىللارنىڭ باشلىرىغىچە دەپ قارىلىپ كەلمەكتە. سۇلتانباغدىكى ئىزمۇ شۇ دەۋرگە مەنسۇپ بولۇشى كېرەك[1].

مۇبادا قەشقەر كوناشەھەردىكى سۇلتانباغ ئىزىنىڭ يىل - دەۋرى ئۈستىدىكى پەرەز توغرا بولىدىغان بولسا، ئۇنداقتا شىنجاڭ تەۋەسىدىن تېپىلغان مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 3000- يىلنىڭ ئاخىرلىرى ۋە مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2000- يىلنىڭ باشلىرىغا خاس مىس قوراللار «قىزىل مىس» ھېسابلىنىپ، تەركىبىدە ئارىلاشمىسى بىرقەدەر كۆپ، تاۋلانغاندىن كېيىن ئاساسەن ئۇرۇش - سوقۇش ئارقىلىق ياسالغان كىچىك مىس قوراللاردىن ئىبارەت بولىدۇ.

مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 5- ئەسىرنىڭ ئالدى - كەينىدە شىنجاڭدا چوڭ تىپتىكى مىس قوراللارنى قۇيۇش مەيدانغا كېلىش بىلەن بىللە يەنە تۆمۈر قوراللارمۇ بارلىققا كەلگەن. 1976- يىلى مۇزېي خادىملىرى تاشقورغاندا قېزىش ئېلىپ بارغاندا مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 5- ئەسىرنىڭ ئالدى - كەينىگە مەنسۇپ قەدىمكى قەبرىلەردىن ئاخىرەتلىك

[1] ۋاڭ بو: «شىنجاڭدا يېقىنقى ئون يىل ئىچىدە تېپىلغان بەزى مىس قوراللار»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى (ئۇيغۇرچە)، 1987- يىللىق 1- سان، 13-، 14- بەتلەر.

بۇيۇملار قاتارىدا قويۇلغان تۆمۈر پىچاق، تۆمۈر ئۈزۈك ۋە تۆمۈر بىلەزۈككە ئوخشاش كىچىك تۆمۈر قوراللارنى تاپقان. بۇ كۆك مىس ھۈنەر - سەنئەت سەۋىيەسىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، تۆمۈر قوراللار مەيدانغا كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

شىنجاڭدىن قېزىۋېلىنغان كۆك مىس قوراللار ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان ئۆلچەش نەتىجىسى ئۇنىڭ تەركىبىدىكى قەلەينىڭ مىقدارىنىڭ بىرقەدەر ئاز، ئەڭ كۆپ بولغانلىرى يۈزدە ئۈچ پىرسەنت ئەتراپىدا ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. ئۇلار شاڭ دەۋرىدىكى كۆك مىس تەركىبىدىكى قەلەي مىقدارىغا قارىغاندا خېلى كۆپ پەرقلىق بولۇپ، قەلەي تەركىبى تۆۋەن بولغان كۆك مىستىن ئىبارەت. بۇ شۇ چاغدىكى مىس تاۋلاش تېخنىكىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ①.

ئارخېئولوگىيەلىك ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، شىنجاڭدا كۆك مىس ئەڭ كېچىككەندىمۇ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 6- ئەسىردە بارلىققا كەلگەن بولۇپ، قول ھۈنەر تېخنىكىسى بىرقەدەر تارقالغان، مىس كانلىرىنى ئېچىش ۋە مىس تاۋلاش جەھەتلەردىمۇ مۇئەييەن سەۋىيەگە يەتكەن.

شىنجاڭدا بىرونزا دەۋرىنىڭ دەسلىپىدە ئاساسەن مىستىن ئىشلەپ-چىقىرىش قوراللىرى ياسالغان. كېيىنچە، پەيدىنپەي نەزىر - چىراغقا ئىشلىتىلىدىغان مىس تەگنە، مىس داڭقان، مىس داشقازانلار بارلىققا كەلگەن، بۇلار ئەينى چاغلاردىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيە-سىنى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئۇستقۇرۇلمىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ①.

تەتقىقاتچىلار سۇلتانباغ قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان مىستىن ياسالغان بۇيۇملارنى خەلقئارادىكى ئۆلچەملىك مېتال تەكشۈرۈش

① ۋاڭ بو: «شىنجاڭدا يېقىنقى ئون يىل ئىچىدە تېپىلغان بەزى مىس قوراللار»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى (ئۇيغۇرچە)، 1987- يىللىق 1- سان، 15-، 16-، 17- بەتلەر.

تەرتىپىگە ئاساسەن، قۇراشتۇرۇش، تۇراقلاشتۇرۇش ۋە سىلىقلاش تەرتىپلىرىدىن ئۆتكۈزۈپ، خىمىيەلىك ۋە فىزىكىلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق تەركىبىنى ئېنىقلاپ، ئۇلارنىڭ يىل - دەۋرىنى مۆلچەرلەپ چىقتى.

ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ئارقىلىق مىستىن ياسالغان بۇيۇم قالدۇقى (تەجرىبە نومۇرى 103): شىنجاڭنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى كوناشەھەر ناھىيەسىنىڭ سۇلتانباغ خارابىسىدىن تېپىلغان، بۇيۇمنىڭ شەكلىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدۇ، يەنە كېلىپ پۈتۈنلەي چىرىپ كەتكەن. ئۇنىڭ ساپال بۇيۇم ۋە سىپتا تاش قورال بۇيۇملىرى بىلەن بىللە تېپىلغانلىقىغا بىرلەشتۈرۈپ قارىغاندا، ئۇنىڭ يىل - دەۋرى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2000 - يىلىنىڭ باشلىرىغا[1] توغرا كېلىشى مۇمكىن، بۇ شىنجاڭدا مىس بۇيۇملارنى ئىشلىتىش باشلانغان ئەڭ دەسلەپكى دەۋر ھېسابلىنىدۇ.

بۇ بۇيۇم پارچىسى چىرىپ كەتكەنلىكتىن، ئۇنىڭ مېتاللوگرافىيەلىك تۈزۈلۈشىنى كۆزەتكەندە، ياساش جەريانىدىن قېپقالغان مىكرولۇق تۈزۈلۈشى بايقالماي، ئاز مىقداردا ئۇششاق مىكرو دانچىلىرىلا قالغانلىقى بايقالدى. چىرىپ كەتكەن ئاساسىي جىسمىنى EDXA ئانالىزى ئارقىلىق تەكشۈرگەندە، بۇ بۇيۇمنىڭ ئاساسلىق تەرك[illegible] ساپ مىس بولۇپ چىقتى. قېپقالغان مېتالنىڭ مىكرو دانچىلىرى سۈز[illegible] مىس ياكى كۆمۈش بولۇپ، كۆمۈش چىرىش جەريانىدا چۆكۈپ قالغان.

مىس تاياقچە (تەجرىبە نومۇرى 104): بۇ يۇقىرىدىكى مىس بۇيۇم پارچىسى بىلەن بىللە كوناشەھەر ناھىيەسىنىڭ سۇلتانباغ خارابىسىدىن

---

[1] سۇلتانباغدىن چىققان مىس پارچىسىنىڭ يىل - دەۋرى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 3000 - يىلى ئەتراپىدا بولۇشى مۇمكىن. بۇ يەردىن تېپىلغان بۇيۇملار ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كىرتىيما مەدەنىيىتىگە تولىمۇ ئوخشىشىپ كېتىدۇ، يىل - دەۋرى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 4000 - يىلىدىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 3000 - يىللارغا توغرا كېلىدۇ. شىنجاڭ مۇزېيى 1987 - يىلى ئېلان قىلغان سۇلتانباغ خارابىسىنى تەكشۈرۈشكە دائىر ئەڭ دەسلەپكى تەتقىقات دوكلاتىغا قاراڭ.

تېپىلغان، ئۇمۇ پۈتۈنلەي چىرىپ كەتكەن، ئەمما ئۇمۇ شىنجاڭدىن چىققان ئەڭ قەدىمكى مىس بۇيۇم دەپ قارالماقتا.

چىرىپ كەتكەن جىسىمنىڭ مېتاللوگرافىيەلىك تۈزۈلۈشىنى كۆزەتكەندە، ئەڭ دەسلەپكى شاخسىمان تۈزۈلۈشنىڭ غۇۋا ئىزىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ، مىس تاياقچىنىڭ قۇيۇپ ياسالغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. EDXA ئانالىزى ئارقىلىق تەكشۈرگەندە، ئۇنىڭ تەركىبىدىكى قەلەينىڭ مىقدارى 2% تىن 8% گە كۆپەيگەن. بۇ مىس تاياقچىنىڭ قەلەي مىقدارى تۆۋەن بولغان بىرونزىدىن ياسالغانلىقىنى ئېنىق چۈشەندۈرىدۇ①.

كوناشەھەر ناھىيەسىدىن تېپىلغان بىر دانە ئەۋرىشكىنىڭ ئانالىز نەتىجىسى، شىنجاڭدا ئەڭ دەسلەپكى مەزگىللەردە قەلەيلىك بىرونزىدىن پايدىلانغانلىقىنىڭ ئەڭ بالدۇرقى پاكىتى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. بۇ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2000- يىللارنىڭ ئالدى- كەينىدىلا شىنجاڭ بىرونزا دەۋرىگە كىرگەن دېگەن قىياسنى ئىسپاتلاپ بەردى. شۇڭا، كوناشەھەردىن تېپىلغان مىس ۋە بىرونزا بۇيۇملار ئالاھىدە مۇھىم بۇيۇملارغا ئايلىنىپ، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1000- يىلىنىڭ باشلىرى ۋە ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇن شىنجاڭدا مىس ۋە بىرونزىدىن پايدىلىنىشقا كىرىشكەنلىكىنى ئىسپاتلاشنىڭ تا بۈگۈنگە قەدەر بايقالغان بىردىنبىر پاكىتى دەپ قارالماقتا. يەنە يېڭى تاش قورال دەۋرىدىكى ئاقدالا خارابىسىدىن تېپىلغان مىس بۇيۇمغا، جۈملىدىن كىچىك پىچاققىمۇ دىققەت قىلىش كېرەك. بۇ خارابىمۇ كوناشەھەرگە جايلاشقان، مىس پىچاق ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان ئانالىز، ئۇنىڭ تەركىبىدە 1.2% قەلەي بارلىقىنى كۆرسەتتى. كوناشەھەر رايونى شىنجاڭدا مىس ۋە بىرونزا بۇيۇملارنى ئەڭ بالدۇر ئىشلەتكەن مۇھىم، مەركىزىي رايون. شۇڭا، شىنجاڭدا بىرونزا تاۋلاش تېخنىكىسىنىڭ باشلىنىش مەنبەسىنى

① «شىنجاڭنىڭ دەسلەپكى مىس قوراللىرى ۋە بىرونزا قوراللىرىنىڭ مېتاللورگىيە تەتقىقاتى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى 2000- يىلى، 1 — 2- قوشما سان، 114- بەت.

مۇھاكىمە قىلىشتا بۇ جاي ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ[1].

ئەجدادلىرىمىز قالدۇرۇپ كەتكەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلار تارىخىنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىلەنلا قىممەتلىك بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئىچكى مەزمۇنى ۋە تارىخىي قىممىتى بىلەن تېخىمۇ زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە. چۈنكى، ئۇلارغا ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىختىراسى، ئەقىل-پاراسىتى، مەدەنىيىتى، تۇرمۇش ئۆرپ - ئادىتى ۋە ئىدېئولوگىيەسى قاتارلىقلار مۇجەسسەملەنگەن. قەدىمكى قەشقەرنىڭ ئوپال رايونىدىن تېپىلغان برونزا قوراللار دەۋرىگە ئائىت يادىكارلىقلار ئىچىدىكى قەدىمكى مىس داڭقان ساقلىنىشىدىكى مۇكەممەللىك، ياسىلىشىدىكى نەپىسلىك ۋە ئۆزگىچە ئۇسلۇب قاتارلىقلار جەھەتتە ئىنتايىن قىممەتلىك يادىكارلىق بولۇپ، ئۇ مۇشۇ رايوندا ياشىغان قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ. بۇ ھەقتە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، بۇ مىس داڭقان مىس قورال دەۋرى مەدەنىيىتىدە ئىلمىي قىممىتى زور بولغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى بولۇپ، ئۇ ئاپتونوم رايونىمىزدىن تېپىلغان مىس داڭقانلار بىلەن بىر قاتاردا رايونىمىزنىڭ مىس قورال دەۋرى ئارخېئولوگىيەسى تەتقىقاتىدا مۇھىم بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت تارىخى ۋە ئۇنىڭ قوشنا رايونلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بويۇم ھېسابلىنىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدىن تېپىلغان مۇشۇ خىلدىكى مىس داڭقان قاتارلىق يادىكارلىقلارنى تەتقىقاتچىلىرىمىز ياۋرو - ئاسىيا يايلاق رايونىدا، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان قەدىمكى خەلق — ساكلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ[2]. شۇڭا، بۇ ھەقتە

---

① «شىنجاڭنىڭ دەسلەپكى مىس قوراللىرى ۋە برونزا قوراللىرىنىڭ مېتاللورگىيە تەتقىقاتى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى 2000- يىلى 1 — 2- قوشما سان، 118- بەت.

② ئەخمەت سۇلايمان: «شىنجاڭدىن تېپىلغان قەدىمكى مىس داڭقان (قازان)لار ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ھەققىدە ئويلىغانلىرىم»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى 1995- يىللىق 1 — 2- قوشما سان، 108- ، 114- بەتلەر.

تەتقىقاتنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش زۆرۈر.

ھازىرغا قەدەر مەلۇم بولغان ئارخېئولوگىيەلىك مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، بىرونىزا دەۋرىدە شىنجاڭدا ئىنسانلارنىڭ پائالىيىتى بىرقەدەر كۆپ بولغان، ئۇلار مىس بۇيۇملارنى ياسىغان ۋە ئىشلەتكەن، بىراق مىس بۇيۇملار ئاساسىي جەھەتتىن كىچىك تىپتىكى تۇرمۇش بۇيۇملىرى، قوراللار ۋە بېزەك بۇيۇملاردىن ئىبارەت بولۇپ، تاش قوراللار يەنىلا ئىشلىتىلگەن. بۇ، بىرونىزا دەۋرىدە تاش قوراللارنىڭ شىنجاڭدىكى ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىدىن بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. چۈنكى، بۇ دەۋردىكى تاش قوراللار پالتا، بولقا، پىچاق، ئورغاق، يارغۇنچاق، دان ئايرىغۇچ ۋە يانجىغۇچ قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى ئاساس قىلغان. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىپتىدائىي دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا ئىشلىتىلىدىغان قوراللار بولۇپ، بىرونىزا دەۋرىدە شىنجاڭدا دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ئىجتىمائىي ئىگىلىكتە مۇئەييەن ئورۇننى ئىگىلىگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، بەزى خارابە - ئىزلاردىن بايقالغان بۇغداي، تېرىق قاتارلىق دانلىق زىرائەت ئەۋرىشكىلىرىمۇ بۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئىنسانلارنىڭ بىرونىزا دەۋرىدىكى ئەڭ ئاساسلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدىغان ساپال بۇيۇملار پۈتكۈل خارابە-ئىزلاردىن بايقىلىدۇ. بۇ، ئەينى ۋاقىتتا كۇلالچىلىقنىڭ خېلى تەرەققىي قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ساپال بۇيۇملار ئىچىدە رەڭلىك ساپال قاچىلار خېلى سالماقنى ئىگىلىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۈستىگە چۈشۈرۈلگەن گۈل - نۇسخىلار بىرقەدەر ئاددىي. بۇ، ئەينى ۋاقىتتىكى ئىنسانلارنىڭ گۈزەللىك قارىشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى غەربىي يۇرت بىرونىزا دەۋرى مەدەنىيىتىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ. ھالبۇكى، قەدىمكى قەشقەر رايونىدىن مۇشۇ دەۋرگە ئائىت بىرقەدەر مۇكەممەل بولغان ساپال بۇيۇملار ئىنتايىن كەم تېپىلىدۇ. قىسمەن ساپال بۇيۇم پارچىلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا رەڭلىك ساپال بۇيۇملار يوق دېيەرلىك. ئەمما، بۇ ھەرگىز قەدىمكى قەشقەر رايونىدا رەڭلىك ساپال بۇيۇملارنىڭ بولمىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ، بەلكى بۇ

خىل ئەھۋال بۇ رايوندىكى ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش خىزمەتلىرىنىڭ تېخى سىستېمىلىق، يېتەرلىك ئېلىپ بېرىلمىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

مىس تاۋلاش، مىس بۇيۇملارنى ياساش، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ۋە ساپال بۇيۇملارنى ياساش ئىنسانلارنىڭ مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ تۇرمۇش كەچۈرۈشىنى تەلەپ قىلىدۇ. يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان خارابە ـ ئىزلار دەل بۇ خىل ئولتۇراقلاشقان تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ①. ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، قەدىمكى قەشقەردە بىرونزا دەۋرىگە ئائىت ئىز ـ خارابىلەر ۋە بۇ ئىز ـ خارابىلەردىن تېپىلغان بۇيۇملار بىرقەدەر كۆپ ھەم ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇ مۇشۇ خىل بۇيۇملار ئىچىدە شىنجاڭدىكى باشقا ئىز ـ خارابىلەر ۋە بۇ ئىز ـ خارابىلەردىن تېپىلغان بۇيۇملاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ، بۇ رايوننىڭ بىرونزا قورال دەۋرى مەدەنىيىتىنى ئۆزىگە خاس بىر ئالاھىدىلىكى سۈپىتىدە نامايان قىلىدۇ.

## 3. قەشقەرنىڭ دەسلەپكى تۆمۈر قورال دەۋرى ئارخېئولوگىيەسى

تۆمۈر قورال دەۋرى قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيەسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، تۆمۈر قوراللارنىڭ كەشىپ قىلىنىشى ۋە ئىشلىتىلىشى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنى غايەت زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنى يېڭى بىر باسقۇچقا باشلاپ كىردى. تۆمۈر قوراللار دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلى ئىنسانلارنىڭ دەسلەپكى

---

① ئىسرايىل يۈسۈپ، ئەنۋەر قاسىم: «غەربىي يۇرت يىمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتى تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 2006 ـ يىلى 6 ـ ئاي نەشرى، 50 ـ، 52 ـ بەتلەر.

قەدىمدە تۆمۈر قوراللارنى كەشىپ قىلىپ ئىشلەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ مەزگىلنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى شۇكى، كىشىلەر دەسلەپكى قەدىمدە تۆمۈر ئەسۋابلارنى ياساپ ئىشلەتكەن، بىراق مىس ۋە تاش قوراللار يەنىلا تەڭ مەۋجۇت بولغان.

شىنجاڭدىكى خارابە - ئىزلاردىكى بايقاشلارغا ئاساسلانغاندا، دەسلەپكى تۆمۈر قوراللار دەۋرىدە، شىمالدا ئالتاي تېغى ئېتەكلىرىدىن جەنۇبتا كوئېنلۇن تېغى ئېتىكىگىچە، غەربىي شىمالدىكى ئىلى دەريا ۋادىسى ۋە غەربتىكى پامىر ئېگىزلىكىدىن قۇمۇل بوستانلىقىغىچە بولغان غەربىي يۇرت زېمىنىنىڭ ھەممىلا يېرىدە قەدىمكى ئاھالىلەر پائالىيەت ئېلىپ بارغان، ھەتتا بەزى جايلاردا ئولتۇراقلاشقان قەدىمكى ئاھالىلەرنىڭ نوپۇس سانىمۇ خېلى كۆپ بولغان. مەسىلەن، چابچا مەدەنىيىتىگە تەۋە بەزى قەبرىلەرگە نەچچە ئون جەسەت بىللە دەپنە قىلىنغان بولۇپ، قەبرىلەرنىڭ جايلىشىشىمۇ ناھايىتى زىچ. بۇ ئەھۋاللار ئەينى چاغدىكى ئاھالىلەر نوپۇس سانىنىڭ كۆپ بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ دەۋرگە ئائىت خارابە، ئىز ۋە قەبرىستانلىقلاردىن قېزىۋېلىنغان ھەم يىغىۋېلىنغان يادىكارلىقلاردىن قارىغاندا، بۇ مەزگىلدىكى ئىنسانلار تۆمۈر، مىس، تاش ۋە ياغاچ قوراللاردىن پايدىلىنىپ ھەر خىل ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان، بولۇپمۇ بىرونزا دەۋرىدىكى ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىدىن بولغان تاش قوراللار تەدرىجىي ئازلاپ، ئۇنىڭ ئورنىنى مىس ۋە تۆمۈر قوراللار ئىگىلىگەن. ئەينى چاغدا مىس بۇيۇملارنى ياساش تېخنىكىسى بىرونزا دەۋرىدىكىدىنمۇ تەرەققىي قىلىپ، نەپىس ياسالغان چوڭ تىپتىكى مىس بۇيۇملار بارلىققا كەلگەن. مەسىلەن، نۇرساي ۋە يۈەنتۇ تېغى مىس كېنى خارابىسى، 71- تۇەن 1- لىيەن بىلىق كۆلچىكى يېنىدىكى خارابە ۋە ئالغوي قەبرىستانلىقىدىن بايقالغان چوڭ تىپتىكى مىس بۇيۇملار بۇنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بىراق، كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان بۇيۇملار ئاساسەن ساپال ۋە ياغاچ بۇيۇملار بولۇپ، ساپال قاچىلار ئىچىدە رەڭلىك ساپال قاچىلار بىرقەدەر ئومۇملاشقان.

شىنجاڭ تەخمىنەن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 2000- يىلدىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1000- يىلىغىچە بولغان دەۋرلەر ئەتراپىدا تۆمۈر قوراللار دەۋرىگە كىرگەن. ھازىرغا قەدەر مەلۇم بولغان ئارخېئولوگىيەلىك بايقاشلاردىن قارىغاندا، شىنجاڭدا دەسلەپكى تۆمۈر قوراللار دەۋرىگە ئائىت مەدەنىيەت ئىزلىرى ناھايىتى كۆپ، بولۇپمۇ شىنجاڭ رايونىدىكى ئىلمىي ئۇسۇلدا ئېلىپ بېرىلغان ۋە كۆلىمى بىرقەدەر زور بولغان ئارخېئولوگىيەلىك مەدەنىيەتتىن ئىككىسى بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى، يانبۇلاق مەدەنىيىتى، يەنە بىرى، چابخا مەدەنىيىتىدۇر.

يانبۇلاق مەدەنىيىتى ۋە چابخا مەدەنىيىتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىن باشلاپ كىچىك تىپتىكى تۆمۈر بۇيۇملار بايقالغان. ئۇلار تۆمۈر پىچاق ۋە بېزەك بۇيۇملارنى ئاساس قىلغان. بۇلار نۆۋەتتە شىنجاڭدىن بايقالغان ئەڭ دەسلەپكى تۆمۈر بۇيۇملار بولۇپ، ئېنىق ۋاقتى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1000- يىللاردىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 500- يىللارغىچە بولغان دەۋرلەرگە توغرا كېلىدۇ. بەلچىر قەبرىستانلىقى، قاپچىغاي قەبرىستانلىقى، بۇگۇر ناھىيەسىدىكى چۇمپاق قەبرىستانلىقى، تاشقورغان ناھىيەسىدىكى شامبابا قەبرىستانلىقى، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ نەنسەن كان رايونىدىكى ئالغۇي قەبرىستانلىقى قاتارلىقلاردىنمۇ بەزى تۆمۈر بۇيۇملار بايقالغان. پىچاق ۋە بېزەك بۇيۇملاردىن سىرت يەنە ئورغاق، خەنجەر، بىگىز، نەيچە ۋە قازان پارچىلىرى قاتارلىقلارمۇ تېپىلغان. ئۇلارنىڭ يىل - دەۋرى ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن تۆمۈر بۇيۇملارنىڭ دەۋرىنى بەزى ئالىملار مىلادىيەدىن 1000 يىل ئىلگىرىكى مەزگىللەرنىڭ ئالدى - كەينىگە توغرا كېلىدۇ دەپ قارايدۇ، ئەمما بۇ ئېنىق ئەمەس. تۇرپان ئويمانلىقىدىكى دەسلەپكى تۆمۈر قورال دەۋرىگە تەۋە قەبرىستانلىقلاردىن ئاساسلىقى سۇ بېشى قەبرىستانلىقى بولۇپ، دەۋرى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 4- ئەسىردىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 3- ئەسىرگىچە بولغان مەزگىلگە توغرا كېلىدۇ. بۇ جايدا تۆمۈر قوراللار بىرقەدەر كۆپ ئىشلىتىلگەن. نۆۋەتتە شىنجاڭدا بايقالغان دەسلەپكى مەزگىلگە تەۋە تۆمۈر قوراللار پۈتۈنلەي قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان. بۇ دەۋردىكى قەبرىلەرنىڭ

ئۈستىگە توپا (ياكى تاش) دۆۋىلەنگەن بولۇپ، بىرونىزا دەۋرىنىڭكىدەك تاش دائىرە ياكى تاش قورشاۋ چىقىرىلمىغان.

قەدىمكى قەشقەر بوستانلىقىدا تۆمۈر قورال دەۋرى مەدەنىيىتىگە تەۋە ئىز - خارابىلەردىن تاشقورغان شامبابا قەدىمكى قەبرىستانلىقى، تاشقورغان تۆۋەنكى بەلدىر قەدىمكى قەبرىستانلىقى روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە.

شامبابا قەبرىستانلىقى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەسىنىڭ تەخمىنەن 4 كىلومېتىر شىمالىدىكى تەكشى تۆپىلىك ئۈستىگە جايلاشقان بولۇپ، بۇ قەبرىستانلىقتىن ئىلگىرى - ئاخىر 40 قەبرە قېزىلغان. بۇ قەبرىستانلىقتىن قېزىۋېلىنغان يادىكارلىقلار بىرقەدەر ئاز بولۇپ، پەقەت 20 قەبرە ئىچىدىنلا ھەمەدەپنە بۇيۇملار بايقالغان. ھەمەدەپنە بۇيۇملار ئاساسەن ساپال بۇيۇم بىلەن مىس ھالقا، مىس تۇگمە، مىس ئۈزۈك ۋە سۆڭەك مارجاندىن ئىبارەت بېزەك بۇيۇملار بولۇپ، يەنە بىر دانە كىچىك تۆمۈر پىچاق ۋە ئۈچ دانە مىس باشاقمۇ بار. يۇقىرىقىلاردىن باشقا، بىر قەبرە ئىچىدىن كۆيۈپ كۆمۈرگە ئايلىنىپ كەتكەن كىگىز پارچىسى، 10 قەبرىدىن قوي ۋە قۇشلارنىڭ سۆڭەكلىرى، بولۇپمۇ قوينىڭ جاغ سۆڭىكى بىلەن پاچاقلىرى بىرقەدەر كۆپ بايقالغان. بۇ بايقاشلار ئەينى ۋاقىتتىكى كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا چارۋىچىلىق بىلەن ئوۋچىلىقنى ئاساس قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. چۈنكى، بۇ خىل ئىقتىسادىي ئالاھىدىلىك پامىر ئېگىزلىكىنىڭ تەبىئىي جۇغراپىيەلىك شارائىتىغا ماس كېلىدۇ. كاربون 14 ئارقىلىق ئېنىقلانغان دەۋر سانلىق مەلۇماتىدىن قارىغاندا، بۇ قەبرىستانلىقنىڭ يىل - دەۋرى بۈنىڭدىن 2500 — 2800 يىل بۇرۇنقى زامانلارغا يەنى تەخمىنەن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 900 — 500- يىللار ئەتراپىغا توغرا كېلىدۇ[1].

---

[1] شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى: «پامىر ئېگىزلىكىدىكى قەدىمكى قەبرىلەرنى ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش دوكلاتى»، «ئارخېئولوگىيە ئىلمىي ژۇرنىلى» 1981- يىللىق 2- سان.

تۆۋەنكى بەلدىر قەبرىستانلىقى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەسى بەلدىر يېزىسىنىڭ شىندى كەنتى بىلەن تۆۋەنكى بەلدىر كەنتى تەۋەسىگە جايلاشقان. 2003- يىلى 8-، 9- ئايلاردا شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق - ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى مەزكۇر چوڭ قەبرىستانلىقتىكى A1، A2، A3، A4، A5، A6 نومۇرلۇق قەبرىلەرنى، كىچىك قەبرىستانلىقلاردا 150 قەبرىنى قازدى. قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ساپال، ياغاچ، مىس، كۈمۈش، تاش، ھېقىق، تۆمۈر، سۆڭەك، قاپاق، تېرىدىن ئىشلەنگەن بۇيۇملار بىلەن كىگىز ۋە توقۇلمىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ساپال قاچىلارنىڭ كۆپىنچىسى تۇرمۇشتا ئىشلىتىلگەن بۇيۇملار بولۇپ، سىرتقى يۈزىدە ئىس دېغى بار. بەزى ساپال قاچىلارنىڭ ئىچىگە قوي سۆڭىكى قاتارلىقلار سېلىنغان. ساپال قاچىلاردىن قوش قۇلاقلىق كومزەك، قازان، ئاياق، ھېجىر، جام؛ مىس بۇيۇملاردىن ھالقا، بىلەزۈك، ئۈزۈك، مارجان؛ كۈمۈش بۇيۇمدىن ھالقا؛ ياغاچ بۇيۇملاردىن كومزەك، تاۋاق، بىر قۇلاقلىق جام، ئاياق، چۆمۈچ، ئوتىنغۇچ؛ تۆمۈر بۇيۇملاردىن پىچاق، باشاق؛ تېرە بۇيۇمدىن بىر جۈپ ئۆتۈك؛ ئۆسۈملۈك ئۇرۇقلىرى؛ تۆت تال ياڭاق، يەنە يا، غىلاپ، ئات ئېگىرى قاتارلىقلار بايقالدى. مەزكۇر قەبرىستانلىقنىڭ دەۋرى تەخمىنەن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1000- يىل ئەتراپىدىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 500- يىل ئەتراپىغىچە بولغان زامانلارغا تەۋە دەپ مۆلچەرلەنمەكتە[①].

2001- يىلى تارىم دەريا ئېقىنىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش تۈرى — تۆۋەنكى بەلدىر سۇ ئىنشائاتى تۈگۈنى قۇرۇلۇشىغا ماسلىشىش يۈزىسىدىن، شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقى - ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى، قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش

① شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق - ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى: «تاشقورغان ناھىيەسىدىكى تۆۋەنكى بەلدىر قەبرىستانلىقىنى ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش دوكلاتى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە)، 2004- يىللىق 3- سان، 1-، 59- بەتلەر.

ئورنى بىلەن بىرلىكتە تاشقورغان دەرياسىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي قىرغىقىدىكى سۇ بېسىپ كېتىدىغان دائىرە ئىچىدە، ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، 13 قەبرىستانلىقنى بايقىغانىدى①. ئۇلاردىن BIV نومۇرلۇق ئافراسىياپ قەبرىستانلىقىدىن باشقىسى 1989- يىلى پۈتۈن شىنجاڭ مىقياسىدا قانات يايدۇرۇلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشتە بايقالغاندىن باشقا، قالغان قەبرىستانلىقلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشتە بايقالغان②. 2003- يىلى 8-، 9- ئايلاردا، شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقى - ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى تاشقورغان دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى AI، AII، AIII، AV ۋە AVI نومۇرلۇق قەبرىستانلىقلاردا ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش ئېلىپ بېرىپ، جەمئىي *150* قەبرىنى قازدى. قېزىش جەريانىدا ساپال قاچا، ياغاچ بۇيۇم، بىرونزا بۇيۇم، كۈمۈش بۇيۇم، تاش قورال، ئەينەك ۋە تۆمۈر بۇيۇملاردىن ئىبارەت *170* تىن ئارتۇقراق يادىكارلىق قېزىۋېلىندى. قېزىش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان مەزگىللەردە، AI نومۇرلۇق قەبرىستانلىقنىڭ شەرقىدىن تەخمىنەن 2 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى جايدىن بىر ئېچىلىپ قالغان قەبرە، AII نومۇرلۇق قەبرىستانلىقنىڭ جەنۇبىدىن بىر ئۆتەڭ ئىزى ۋە ئىككى ئورۇندىكى ئۆي ئىزى؛ AV نومۇرلۇق قەبرىستانلىقنىڭ شىمالىدىن بىر ئۆتەڭ ئىزى قاتارلىقلار بايقالدى. قەبرىستانلىقلاردىكى قېزىش خىزمىتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، يۇقىرىقى ئىككى ئورۇندىكى ئۆتەڭ ئىزىدا تەكشۈرۈش ۋە قېزىش

---

① گو جيەنگو: «تاشقورغان تۆۋەنكى بەلدىر سۇ ئامبىرى رايونىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە)، 2002- يىللىق 3 — 4- قوشما سان.

② ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئىشخانىسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش - باشقۇرۇش ئورنى: «قەشقەر ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشتىن قىسقىچە دوكلات»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە)، 1993- يىللىق 3- سان.

ئېلىپ بېرىلدى[1].

تۆۋەنكى بەلدىر قەبرىستانلىقىنىڭ ئارخېئولوگىيەلىك قېزىلىشى. 1976 — 1977- يىللىرىدىكى شامىيابا قەبرىستانلىقىنىڭ قېزىلىشىدىن كېيىن پامىر ئېگىزلىكىدە ئېلىپ بېرىلغان ئىككىنچى قېتىملىق ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش بولۇپ، بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر قەشقەر ۋىلايىتى تەۋەسىدە ئېلىپ بېرىلغان كۆلىمى چوڭ، قېزىلغان قەبرىلەر سانى كۆپ، قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكار- لىقلىرى ئەڭ مول بولغان بىر قېتىملىق ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش ھېسابلىنىدۇ. بۇ قېتىملىق قېزىش پامىر رايونىنىڭ قەدىمكى ئىقتىسادى، مەدەنىيىتى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى تەتقىق قىلىشنى، شۇنداقلا قەدىمكى شەرق - غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ۋە مەدەنىيەت تارقىتىشنى تەتقىق قىلىشنى بىر تۈركۈم خېلى مۇكەممەل، خېلى يۇقىرى ئىلمىي ۋە تارىخىي قىممەتكە ئىگە قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئەتتى.

تۆۋەنكى بەلدىر سۇ ئىنشائاتى تۈگىنى قۇرۇلۇشىدىكى سۇ ئامبىرىنىڭ سۇ بېسىپ كەتكەن رايونىدا جەمئىي 14 قەبرىستانلىق بايقالغانىدى. بۇ قېتىم قېزىلغان 5 قەبرىستانلىق ئىچىدە، AII نومۇرلۇق قەبرىستانلىق ئەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، قەبرىلەرنىڭ تارقىلىشى خېلى زىچ، قەبرىلەرنىڭ ياسىلىش شەكلىمۇ بىردەكلىككە ئىگە، دەپنە يوسۇنى ۋە دەپنە شەكلىمۇ كۆپ خىللىققا ئىگە. قېزىۋېلىنغان بۇيۇملارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى روشەن بولۇپ، كۈچلۈك يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇ ئەلۋەتتە تۆۋەنكى بەلدىر قەبرىستانلىقىدىكى ئاساسلىق مەدەنىيەتكە ۋەكىللىك قىلالايدۇ. (AIIM013 بۇنىڭ ئىچىدە ئەمەس). AI نومۇرلۇق قەبرىستانلىق مەيلى

---

[1] شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق - ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى: «تاشقورغان ناھىيەسىدىكى تۆۋەنكى بەلدىر قەبرىستانلىقىنى ئارخېئولوگىيەلىك قېزىشتىن دوكلات»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى 2006- يىلى 1 — 2- قوشما سان، 30-، 31- بەتلەر.

قەبرىلەرنىڭ ياسىلىش شەكلى ۋە ياكى دەپنە يوسۇنى، قېزىۋېلىنغان بۇيۇم جەھەتتە بولسۇن، خېلى چوڭ پەرق بار. بۇ قەبرىستانلىقتىن بىر دانە قاپاق قېزىۋېلىنغان بولۇپ، ئۇ خېلى كېيىنكى دەۋرلەرگە مەنسۇپ. شۇڭلاشقا، AI نومۇرلۇق قەبرىستانلىق AII نومۇرلۇق قەبرىستانلىقتىن خېلى كېيىنكى دەۋرلەرگە مەنسۇپتۇر. AIII، AV ۋە AVI نومۇرلۇق قەبرىستانلىقلاردا قېزىلغان قەبرىلەرنىڭ سانى ئاز، ئۇلاردىكى دەپنە ھادىسىلىرى ئاددىي ھەمدە قېزىۋېلىنغان بۇيۇملارنىڭ سانىمۇ بەك ئاز. ئەمما، AI ۋە AIII نومۇرلۇق قەبرىستانلىقلاردا قېزىلغان قەبرىلەر ئىچىدە جەسەت كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىنغان قەبرىلەر بايقالغانلىقى، ئۇلارنىڭ AII نومۇرلۇق قەبرىستانلىقتىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئاساسلىق مەدەنىيەت بىلەن مۇئەييەن باغلىنىشى بولۇشى ئېھتىماللىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

AII نومۇرلۇق قەبرىستانلىقتىكى قەبرىلەرنى دەپنە يوسۇنىغا ئاساسەن، جەسەت تۇپراققا دەپنە قىلىنغان ۋە كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىنغان قەبرىلەر دەپ ئىككى خىلغا ئايرىشقا بولىدۇ. ئۇلاردىن جەسەت تۇپراققا دەپنە قىلىنغان قەبرىلەر مۇتلەق كۆپ سانىنى، جەسەت كۆيدۈرۈلۈپ دەپنە قىلىنغان قەبرىلەر بولسا، قەبرىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 1/10 نى ئىگىلەيدۇ.

جەسەت تۇپراققا دەپنە قىلىنغان قەبرىلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ يەر يۈزىگە قەبرە دۆۋىسى ئارقىلىق قەبرە بەلگىسى چىقىرىلغان بولۇپ، ياسىلىش شەكلىگە ئاساسەن، ئۇلار تاش دۆۋىلىك، تاش قورشاۋلۇق ۋە تاش قورشاۋلۇق تاش دۆۋىلىك دەپ ئۈچ خىلغا بۆلۈنىدۇ. تاش دۆۋىلىك قەبرىلەرنىڭ دۆۋىسى ئادەتتە پاكار ۋە كىچىك بولۇپ، ئۇششاق تاشلار ۋە سېرىق توپىدىن دۆۋىلەنگەن. تاش قورشاۋلار بولسا لەھەت ئەتراپىغا تاشلارنى تىزىش ئارقىلىق ياسالغان. بىر قەبرە دۆۋىسى ئاستىدا ئادەتتە بىر لەھەت، ئىككى لەھەت، ئۈچ لەھەت ياكى ئەڭ كۆپ بولغاندا تۆت لەھەت بار. بەزى قەبرىلەرنىڭ ئاغزىغا بىر قەۋەت ياغاچ، چۆپ ۋە ياپىلاق تاشلار يېپىلغان. قەبرىلەرنىڭ ياسىلىش شەكلىدىن قارىغاندا، تىك ئازگاللىق قەبرىلەر ئاساسىي ئورۇندا بولۇپ،

يان لەھەتلىك قەبرىدىن ئىككىسى بار. دەپنە شەكلىدە جەسەت بىرلا قېتىم دەپنە قىلىنغان قەبرىلەر مۇتلەق كۆپ سانىنى ئىگىلىگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە جەسەتنى يېنىچە پۈكلەپ دەپنە قىلىنغان قەبرىلەر ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. جەسەتنى يېرىم يېنىچە پۈكلەپ ئوڭدىسىغا تۈپتۈز دەپنە قىلىنغان، ئوڭدىسىچە يۇقىرىغا پۈكلەپ دەپنە قىلىنغان، دۈم ھالەتتە پۈكلەپ دەپنە قىلىنغان ۋە يېرىم دۈم ھالەتتە پۈكلەپ دەپنە قىلىنغان قەبرىلەر ئاز سانىنى ئىگىلەيدۇ. جەسەتلەرنىڭ بەدىنى، بېشى بىلەن بەدىنىنىڭ يۇقىرى قىسمى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى پۈكلەنگەن بولۇپ، ئىككى بىلىكى ئېگىلىپ كۆپىنچە ھاللاردا قوللىرى بېشىغا، بويىنىغا، كۆكرىكىگە ۋە تېنىنىڭ ئىككى يېنىغا قويۇلغان. بەزىلىرىنىڭ ئىككى قولى تىزىنى قۇچاقلىغان ياكى كۆكرىكىگە قويۇلغان ھالەتتە. پۇتلىرى كۆپىنچە ھاللاردا يۇقىرىدىن تۆۋەنگە تۈپتۈز قويۇلغان. جەسەتنىڭ ئىككى پۇتىنى گىرەلەشتۈرۈپ قويۇش ئەھۋاللىرى كەم ئۇچرايدۇ. جەسەتنى پۈكلەپ ياتقۇزۇشتا، كۆپىنچە ئۇلارنىڭ يوتا بىلەن پاقالچاق سۆڭەكلىرى قورسىقىغا يېقىن قويۇلغان، بولۇپمۇ جەسەتلەرنىڭ تىزى ئېڭىكىگە تەگكۈزۈلگەن. جەسەتلەر سولغا يېنىچە ياتقۇزۇلغان بولۇپ، ئوڭغا يېنىچە ياتقۇزغانلىرى كەم ئۇچرايدۇ. باش يۆنىلىشىدىن قارىغاندا جەسەتلەرنىڭ بېشىنى غەربكە قارىتىش كۆپ سانلىق ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. ئاز بىر قىسىم جەسەتنىڭ بېشى شەرققە قارىتىلغان. جەسەتلەر بىرلا قېتىم دەپنە قىلىنغان قەبرىلەر كۆپ بولۇپ، كۆپ ئادەم بىللە دەپنە قىلىنغان قەبرىلەر بەك ئاز ئۇچرايدۇ. جەسەتلەر بىللە دەپنە قىلىنغان قەبرىلەرنىڭ كۆپىنچىسىگە قۇرامىغا يەتكەنلەر دەپنە قىلىنغان. قۇرامىغا يەتكەنلەر جەسىتى بىلەن باللار جەسىتى بىللە دەپنە قىلىنغان ۋە قۇرامىغا يەتكەنلەر جەسىتى بىلەن جەسەت كۆلى بىللە دەپنە قىلىنغان قەبرىلەرمۇ بار. بىر قەبرىگە ئەڭ كۆپ بولغاندا ئۈچ ئادەم جەسىتى دەپنە قىلىنغان. دەپنە سايمانلىرى يوق دېيەرلىك بولۇپ، AIIM018 نومۇرلۇق قەبرىدىكى ئاددىي ياغاچ قۇرۇلما ۋە AIIM110 نومۇرلۇق قەبرىدىكى ياغاچ شاللارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كۆپىنچە قەبرىلەرنىڭ ئاستىغا چۆپ يېيىلغان. بەزى جەسەتلەرنىڭ ساقلىنىشى

خېلى ياخشى بولۇپ، يېرىم قۇرۇق جەسەتكە ئايلانغان، ھەتتا ئۈچىسىدىكى كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ ئاز بىر قىسمى ساقلىنىپ قالغان (ئۆتۈك ۋە ئۇنىڭ بوغقۇچى قاتارلىقلار).

ھەمدەپنە بۇيۇملارنىڭ كۆپىنچىسى جەسەتنىڭ بېشى ئەتراپىغا قويۇلغان بولۇپ، ئۇلار ئاساسلىقى ساپال قاچا، ياغاچ بۇيۇم، مىس بۇيۇم، كۈمۈش بۇيۇم، تۆمۈر بۇيۇم، تاش قورال ۋە ۋايدۇرى (ئىپتىدائىي ئەينەك) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. كۆپىنچە قەبرىلەرگە پەقەت بىرلا بۇيۇم ھەمدەپنە قىلىنغان. قۇرامىغا يەتمىگەنلەر قەبرىلىرىگە بىر دانە كومزەك تېگى قويۇلغان. ھالقا، ئۈزۈك، بىلەزۈك ۋە پۇت زەنجىرى قاتارلىق زىننەت بۇيۇملار ئاساسەن ئايال جەسەتلەر قويۇلغان قەبرىلەردە ئۇچرايدۇ. ساپال قاچىلارنىڭ كۆپىنچىسى تۇرمۇشتا ئىشلىتىلگەن بولۇپ، بۇيۇم يۈزىدە ئىس، كىر داغلىرى بار، ئىچىدە داغ بار. ئايرىم ساپال كومزەكلەر ئىچىگە قوي سۆڭەكلىرى سېلىنغان. بەزى بۇيۇملارنىڭ شەكلى كىچىكرەك بولۇپ، ياسىلىشىمۇ قوپاللراق ھەم تۇرمۇشتا ئىشلىتىلمىگەن. ئۇلار ئاخىرەتلىك بۇيۇم بولسا كېرەك. كومزەكلەردىن ئاغزى ياپىلاق ۋە بوينى قىسقىلىرى ئەڭ كۆپ ئۇچرايدۇ. ئاز ساندا ئەگمە مۇرىلىك كومزەكلەرمۇ بار. كۆپىنچە ساپال قاچىلارنىڭ تېگى تۈز بولۇپ، تېگى يۇمىلاقلىرى كەم ئۇچرايدۇ. ساپال قاچىلارنىڭ كۆپىنچىسى سىدام بولۇپ، گۈللۈك ساپاللار يوق دېيەرلىك، ئايرىم بەزى ساپال قاچىلارنىڭ گۈل - نۇسخىلىرى ئاددىي ھالدىكى بېسىپ ۋە ئويۇپ چىقىرىلغان نۇسخىلاردىن ئىبارەت. ياغاچ بۇيۇملار ھەر خىل تاۋاقلارنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئاياق، بىر قولاقلىق جام، ياغاچ تاختا ۋە توقۇناق قاتارلىقلار بار. مىس بۇيۇملار ئاساسلىقى كىچىك تىپتىكى زىننەت بۇيۇملاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى كانايسىمان ھالقا، بىلەزۈك، پۇت زەنجىرى، ئۈزۈك ۋە قاپارتما بۇيۇملاردۇر. كۈمۈش بۇيۇم كانايسىمان ھالقىدىن ئىبارەت. يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە ئاز مىقداردىكى ۋايدۇرى مارجان ۋە تاش بېگىز قاتارلىقلار بار.

بەزى قەبرىلەرگە قوي سۆڭىكى، ئۆچكە بېشى، قوۋۇرغا، ئومۇرتقا

ۋە پاقالچاق سۆڭەكلىرى ھەمدەپنە قىلىنغان، يەنە بەزى قەبرىلەرگە سېلىنغان چۆپلەرنىڭ بىر قىسمى بوغداي سامىنى ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى.

جەسەت كۆيدۈرۈلۈپ دەپنە قىلىنغان، يەر يۈزىدە تاش قورشاۋ ۋە تاش دۆۋىلىرى قاتارلىق بەلگىلەر چىقىرىلغان قەبرىلەردىن تاشقىرى يەنە بەزى تاش لەھەتلىك قەبرىلەرمۇ بار. تاش لەھەت يەر يۈزىگە ياسالغان ۋە ئۇزۇنچاق چاسا شەكىللىك لەھەتلەرنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ئاز ساندا سوقىچاق لەھەتلەرمۇ بار. ئۇلار يەر يۈزىگە ياپىلاق تاشلارنى تىكلەپ تىزىش ئارقىلىق ياسالغان. غەربىي شىمال قىسمى كەمتۈك تاش لەھەت قىسمىدىن ئېغىز ئېچىلغان تاش ساندۇقلۇق قەبرىلەرنىڭ لەھىتى كىچىك ۋە تېيىز. جەسەت كۆيدۈرۈلۈپ دەپنە قىلىنغان قەبرىلەر دەپنە يوسۇنىغا ئاساسەن، جەسەت لەھەت ئىچىدە كۆيدۈرۈلگەندىن كېيىن بىۋاسىتە كۆمۈۋېتىلگەن ۋە جەسەتلەر كۆيدۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ كۆيۈپ بولالمىغان چوڭ - چوڭ سۆڭەكلىرىنى تاللاپ قايتىدىن دەپنە قىلغان قەبرىلەر دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. بەزى لەھەت ئىچىدە ئىككى ياكى ئۈچ دۆۋە جەسەت كۈلى بار. يەنە بەزى جەسەت كۈللىرى باشقا جەسەتلەر بىلەن بىللە دەپنە قىلىنغان، ھەمدەپنە بۇيۇملار يوق دېيەرلىك بولۇپ، بەزى قەبرىلەردىكى ساپال قاچا ۋە مىس بۇيۇم قاتارلىق ھەمدەپنە بۇيۇملارمۇ جەسەت بىلەن بىللە كۆيدۈرۈلگەن. ساپال قاچىلار كۆيدۈرۈلگەنلىكتىن ئۆۋۈلىپ كەتكەن ھەمدە مىس بىلەزۈكلەرنىڭ شەكلى ئۆزگىرىپ كەتكەن. AIIM034 نومۇرلۇق قەبرىنىڭ قەبرە ئاغزىغا بىر پۈتۈن سېرىق ئۆچكە كۆمۈلگەن.

تۆۋەنكى بەلدىر قەبرىستانلىقلىرىدىكى قەبرىلەر ياسىلىش شەكلى، ئۇلاردىكى دەپنە يوسۇنى ۋە دەپنە شەكلى قاتارلىق جەھەتلەردە، بۇ رايوندىكى شامبابا قەبرىستانلىقى بىلەن كۆپ جەھەتتىن ئورتاقلىق ۋە ئوخشاشلىققا ئىگە بولۇپ، بۇ قەبرىستانلىقتىن قېزىۋېلىنغان ئاغزى ياپىلاق، بوغما بويۇنلۇق كومزەك، ئاياق ۋە ھېجىر قاتارلىقلار شامبابا قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان II شەكىلدىكى كومزەك، ئاياق ۋە جاملار

بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ[1]. ئىلى ئىلقىدىكى چوڭ‌كۆك قەبرىستان‌لىقىدىن ئاندىرونوۋ مەدەنىيىتىگە تەۋە بىر ئىز قېزىلغان بولۇپ، بۇ ئىزدىن قېزىۋېلىنغان ساپال پارچىلىرى، ساپال سۈپىتى، رەڭگى، شەكلى قاتارلىق جەھەتلەردە تۆۋەنكى بەلدىر قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان ساپال كومزەكلەر بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ[2]. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سىبىرىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدا زور بىر تۈركۈم ئاندىرونوۋ مەدەنىيىتىگە خاس قەبرىستانلىقلار ۋە ئاتالمىش ئاندىرونوۋ مەدەنىيىتىنىڭ ۋارىيانتى دەپ قارالغان تازا باغياب مەدەنىيە‐تىگە خاس قەبرىلەر قېزىلغانىدى[3]. تۆۋەنكى بەلدىر قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان، ئاغزى ياپىلاق، بوغما بويۇنلۇق كومزەكلەر ياسىلىش شەكلى جەھەتتە ئاندىرونوۋ مەدەنىيىتىنىڭ تىپىك بۇيۇمى ھېسابلانغان «ئىدىشسىمان بۇيۇم»لار بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. كانايسىمان ھالقىنىڭ ياسىلىشى ئاندىرونوۋ مەدەنىيىتىگە تەۋە شۇ خىلدىكى ھالقىنىڭ ياسىلىشىغا ئوخشايدۇ. مانا بۇلار مەدەنىيەت مەنبەسى جەھەتتىكى مۇئەييەن مۇناسىۋەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئارخېئولوگلىرى يەنە غەربىي پامىر ئېگىزلىكىدىكى پامىر دەرياسى، ئاقسۇ دەرياسى ۋادىسى ۋە ئالاي تاغلىق

---

[1] شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى: «پامىر ئېگىزلىكىدىكى قەدىمكى قەبرىلەرنى قېزىشتىن دوكلات»، «ئارخېئولوگىيە ئىلمى ژۇرنىلى» (خەنزۇچە)، 1981‐ يىللىق 2‐ سان.

[2] ماتېرىياللار ھازىر شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىدا ساقلانماقتا.

[3] قادىر بايبۇ، قۇرمەنقۇلوۋ: «قەدىمكى چارۋىچىلىق مەدەنىيىتى ۋە سارى‐ئاركېندىكى مېتال تاۋلاش تېخنىكىسى»، ئالما‐ئاتا، 1992‐ يىلى؛ فورمو زىن: «سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرا ئاسىيا ئارخېئولوگىيەسى»، غەربىي رايون ئارخېئولوگىيە مەجمۇئەسى (1)، ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي باستۇرغان شاپىگراف نۇسخىسى، 1981‐ يىلى.

رايونلىرىدا بىر تۈركۈم ساك قەبرىلىرىنى قازغانىدى[1]. تۆۋەنكى بەلدىر قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان تېگى دۈگىلەك ئاياقلار بىلەن قوش قۇلاقلىق تېگى دۈگىلەك كومزەكلەر يۇقىرىقى جايلاردىن قېزىۋېلىنغان شۇ خىلدىكى بۇيۇملار بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

شامبابا قەبرىستانلىقىنىڭ كاربون 14 ئارقىلىق ئېنىقلانغان تۆت قەبرىنىڭ دەۋر سانلىق مەلۇماتى تۆۋەندىكىچە، يەنى M40 نىڭ دەۋرى بۇنىڭدىن 4885±185 يىل، M13 نىڭ بۇنىڭدىن 2505±80 يىل، M17 نىڭ بۇنىڭدىن 2665±120 يىل، M21 نىڭ بۇنىڭدىن 2850±105 يىل بۇرۇن ھېسابلىنىدۇ. M40 نىڭ سانلىق مەلۇماتى سەل بۇرۇنراق بولۇپ قالغاندىن سىرت، باشقىلىرىنىڭ دەۋرى ئاساسەن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 6 — 9- ئەسىرلەر ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ. ئىلى ئىلىقىدىكى چوڭكۆك I نومۇرلۇق قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان ئەۋرىشكىلەرنىڭ كاربون 14 ئارقىلىق ئېنىقلانغان دەۋر سانلىق مەلۇماتىدىن ئىككىسى بولۇپ، ئۇلاردىن M11 نومۇرلۇق قەبرىنىڭ مۇتلەق دەۋرى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 980 — 830- يىللارغا توغرا كېلىدۇ. M52 نومۇرلۇق قەبرىنىڭ مۇتلەق دەۋرى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1040—906- يىللارغا توغرا كېلىدۇ. بۇ ئىككىلا قەبرىستانلىقتىن بىر تۈركۈم تۆمۈر بۇيۇملار قېزىۋېلىنىدى. چوڭكۆك I نومۇرلۇق قەبرىستانلىقى بىۋاسىتە بۇزۇۋەتكەن ئاندىرونوۋ مەدەنىيىتىگە خاس ئىزنىڭ دەۋرى ئاز دېگەندىمۇ چوڭكۆك I نومۇرلۇق قەبرىستانلىقى دەۋرىنىڭ يۇقىرى چېكىدىن خېلى بۇرۇنقى دەۋرلەرگە توغرا كېلىدۇ. مۇناسىۋەتلىك ئالىملارنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، ئاندىرونوۋ مەدەنىيىتىنىڭ دەۋرى تەخمىنەن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 2000—1000-

[1] «پامىردىكى يادىكارلىقلار»، «سوۋېت ئىتتىپاقى ئارخېئولوگىيە ماتېرىياللىرى ۋە تەتقىقات»، 26- توم، 1952- يىلى؛ «دۇنيانىڭ ئۆگزىسىدىكى قەدىمكى كۆچمەن چارۋىچىلار»، 1972- يىلى؛ («شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 2004- يىللىق 3- سانىدىن تەرجىمە قىلىندى).

يىللارغا توغرا كېلىدۇ. تازا باغىياب مەدەنىيىتىنىڭ دەۋرى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1000- يىلىنىڭ ئالدى- كەينىگە توغرا كېلىدۇ. غەربىي پامىر ئېگىزلىكىدىكى پامىر دەرياسى، ئاقسۇ دەرياسى ۋادىسى ۋە ئالاي تاغلىق رايونلىرىدىن قېزىلغان بىر تۈركۈم ساك قەبرىلىرىنىڭ دەۋرى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 4 — 7- ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدۇ. بىزنىڭ مۆلچەرىمىزچە، تۆۋەنكى بەلدىر قەبرىستانلىقىنىڭ ئاساسلىق مەدەنىيەت دەۋرىنىڭ يۇقىرى چېكى شامبابا قەبرىستانلىقى ۋە چوڭكۆك I نومۇرلۇق قەبرىستانلىقىنىڭ يۇقىرى چېكىدىن بالدۇر بولۇپ، تەخمىنەن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1000- يىلغا توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭ تۆۋەن چېكى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غەربىي پامىر رايونىدىكى پامىر دەرياسى، ئاقسۇ دەرياسى ۋادىسى ۋە ئالاي تاغلىق رايونلىرىدا قېزىلغان ساك قەبرىلىرىنىڭ دەۋرى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، تەخمىنەن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 500- يىللارغا توغرا كېلىدۇ. بەزى ئايرىم قەبرىستانلىق ۋە قەبرىلەرنىڭ دەۋرى ئېھتىمال خېلى كېيىنكى دەۋرلەرگە توغرا كېلىشى مۇمكىن[1].

قەدىمكى قەشقەر رايونىدىن تېپىلغان دەسلەپكى تۆمۈر قورال دەۋرىگە تەۋە ئىز- خارابە ۋە قەبرىستانلىقلار ھەممە ئۇلاردىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا ئاساسلانغاندا، دەسلەپكى تۆمۈر قوراللار دەۋرىدە قەدىمكى قەشقەر رايونىنىڭ پامىر تېغى ئېتەكلىرى ۋە ئۇنىڭ شەرقى، شەرقىي شىمالىدىكى تاغ باغىرلىرىدا قەدىمكى ئاھالىلەر پائالىيەت ئېلىپ بارغان ھەممە مىس، تۆمۈر ۋە ياغاچ قوراللاردىن پايدىلىنىپ ھەر خىل ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان، بولۇپمۇ بىرونزا دەۋرىدىكى ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىدىن بولغان تاش قوراللار ۋە بىرونزا قوراللار تەدرىجىي ئازلاپ،

---

[1] شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق- ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى: «تاشقورغان ناھىيەسىدىكى تۆۋەنكى بەلدىر قەبرىستانلىقىنى ئارخېئولوگىيەلىك قېزىشتىن دوكلات»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى 2006- يىلى 3 — 4- قوشما سان، 7-، 11- بەتلەر.

ئۆتنىڭ ئورنىنى قىسمەن مىس قوراللار ۋە تۆمۈر قوراللار ئىگىلىگەن. ئەينى چاغدا مىس بۇيۇملارنى ياساش تېخنىكىسى بىرونزا دەۋرىدىكىدىن تەرەققىي قىلىپ، نەپىس ياسالغان چوڭ تىپتىكى مىس بۇيۇملار بارلىققا كەلگەن؛ بىراق، كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان بۇيۇملار ئاساسەن ساپال ۋە ياغاچ بۇيۇملار بولۇپ، ساپال بۇيۇملار ئىچىدە، ساپال قاچىلار بىرقەدەر ئومۇملاشقان. ئىجتىمائىي ئىگىلىك جەھەتتە، بىرونزا دەۋرىدىلا بۇ جايلاردىكى ئاھالىلەر ئىپتىدائىي يېرىك دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىغان بولۇپ، دەسلەپكى تۆمۈر قورال دەۋرىگە كەلگەندە، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى تېخىمۇ راۋاجلانغان. بىراق، شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بۇ دەۋرگە تەۋە ئىز - خارابە ۋە قەبرىستانلىقلاردا كۆپىنچە ئات، كالا، قويلارنىڭ سۆڭەكلىرى ۋە چارۋىچىلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك كىچىك تىپتىكى قوراللار بولۇپ، دېھقانچىلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك بۇيۇملار ناھايىتى ئاز بايقالدى. بۇ خىل ئەھۋال دەسلەپكى تۆمۈر قورال دەۋرىدە، قەدىمكى قەشقەر رايونىنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىدە خېلى ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرگەنلىكىنى، جۈملىدىن چارۋىچىلىقنىڭ مۇستەقىل ئىگىلىككە ئايلانغانلىقىنى[1] ھەمدە دېھقانچىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىگىلىكىنىڭمۇ تەدرىجىي ھالدا كېڭەيگەنلىكىنى، كىشىلەرنىڭ قوشۇمچە ئىجتىمائىي ئىگىلىك شەكلىگە ئايلىنىپ بېرىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

[1] ئىسراپىل يۈسۈپ، ئەنۋەر قاسىم: «غەربىي يۇرت يىپەك - ئىچمەك مەدەنىيىتى تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 2006- يىلى 6- ئاي نەشرى، 83-، 84- بەتلەر.

## تۆتىنچى باب

# قەشقەرنىڭ بۇددىزم دەۋرى ئارخېئولوگىيەسى

شىنجاڭدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ۋە قېزىشلاردا بايقالغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا ئاساسلانغاندا، تارىختىن ئىلگىرىكى دەۋرلەر ھېسابلانغان كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە يەنى بۇنىڭدىن 10 — 20 مىڭ يىللار ئىلگىرىلا شىنجاڭدا ئىنسانلار پائالىيەت ئېلىپ بارغان. غەربىي يۇرت مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2- ئەسىردىن كېيىن تارىخىي دەۋرگە قەدەم قويغان. غەربىي يۇرت بىلەن خەن سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى رەسمىي قاتناش - ئالاقە ۋە غەربىي يۇرتتىكى ئاھالىلەرنىڭ ئىقتىسادىي فورماتسىيەسى ھەققىدە «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە مۇنداق خاتىرە پۈتۈلگەن: «غەربىي يۇرت بىلەن خەن سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى رەسمىي قاتناش ئالاقىسى خەن ۋۇدى دەۋرىدە (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 140 — 87- يىللار) باشلانغانىدى...... خەن سۇلالىسى گۈللىنىپ خەن ۋۇدى زامانىغا كەلگەندە، ئەتراپتىكى يات ئەللەر بويسۇندۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ شۆھرىتى ئالەمگە تارالدى...... شۇنداق قىلىپ، دۇنخۇاڭدىن لوپنۇرغىچە ئۆتەڭلەر قۇرۇلدى»، «غەربىي يۇرتتىكى ئاھالىلەرنىڭ كۆپىنچىسى شەھەرلەرگە ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى، ئۆرپ - ئادەتلىرى ھۇنلار ۋە ئاسىيۇ (ئۇيسۇن) لارنىڭكىگە ئوخشىمايتتى»، «بوگۇر، چىدىرلاردا خەن سۇلالىسى ئەۋەتكەن تېرىقچى ئەسكەرلەرنىڭ سانى بىرنەچچە يۈزگە

يەتكەن. ئۇلارغا يالاۋاچ چېرىكچى يېتەكچىلىك قىلاتتى، خەن سۇلالىسىنىڭ چەت ئەللەرگە چىققان ئەلچىلىرىنى ئوزۇق - تۈلۈك بىلەن تەمىنلەيتتى». «خەننامە» دىكى مەلۇماتلار شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، خەن ۋۇدى زامانىسىدا، غەربىي يۇرتتىكى ئاھالىلەرنىڭ كۆپىنچىسى بوستانلىقلاردا ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي فورماتسىيەسىدە دېھقانچىلىق ئالدىنقى ئورۇندا تۇرغان. بىراق، ئۇلارنىڭ چارۋىچىلىقىنىڭ ئورنىنىمۇ بەك تۆۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايتتى. ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلارغا ئاساسلانغاندا، بەزى بوستانلىقلاردا چارۋىچىلىقنىڭ ئورنى دېھقانچىلىقنىڭكىدىن قېلىشمايدۇ دېيىشكە بولىدۇ. ھۇن، ئاسىيۇلار بولسا كۆچمەن چارۋىچى ئەللەر ھېسابلىنىدۇ. خەن سۇلالىسى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 101 - يىلىدىن باشلاپ غەربىي يۇرتقا تېرىقچى ئەسكەرلەرنى ئەۋەتكەن ياكى ھەربىيلەرنىڭ بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىشىنى يولغا قويغان. بۇنىڭ بىلەن ئېلىمىزنىڭ ئىچكى رايونلىرىنىڭ ئىلغار دېھقانچىلىق تەجرىبىلىرى غەربىي يۇرتقا تارقىلىپ، غەربىي يۇرت دېھقانچىلىقىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن، بولۇپمۇ خەن شۈەندىنىڭ شېنجۆ 2 - يىلى، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 60 - يىلى، خەن سۇلالىسى بۈگۈنكى بۈگۈر تەۋەسىدە غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى تەسىس قىلغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن شىنجاڭ ۋەتىنىمىز جۇڭگونىڭ مۇقەددەس زېمىنىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىغا ئايلانغان. شىنجاڭنىڭ ئېلىمىزنىڭ ئىچكى رايونلىرى بىلەن بولغان سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئالاقىسى بارغانسېرى كۈچىيىپ، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەرەققىياتى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈلگەن. يىپەك يولىنىڭ راۋانلىشىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭدا ياشىغان قەدىمكى ئاھالىلەر شەرق ۋە غەرب مەدەنىيەتلىرىنىڭ جەۋھەرلىرىنى قوبۇل قىلىپ ۋە ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيىتىنى بېيىتقان، جۈملىدىن ئۇلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىمۇ تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ، يۇقىرى سەۋىيەگە

كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغان[1].

مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2- ئەسىردىن ئىلگىرى، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ قەدىمكى ھۆججەتلىرىدىن غەربىي يۇرت ھەققىدە ھېچقانداق ئېنىق خاتىرە قالدۇرۇلمىغان دېيىشكە بولىدۇ. گەرچە چىن سۇلالىسىدىن ئىلگىرىكى زامانلاردا پۈتۈلگەن «جۇۋ سالنامىسى»، «تاغ - ئېرىقلار قامۇسى»، «مۇتيەنزى تەزكىرىسى»، «گۇەنزى» قاتارلىق كىتابلاردا، غەربىي يۇرتتىكى دەريالار، كۆللەر ۋە ئاھالىلەرگە ئائىت بەزى ئەھۋاللار قىياسەن خاتىرىلەنگەن بولسىمۇ، ئىلىم ساھەسىدە بۇ ھەقتىكى تالاش- تارتىشلار كۆپ بولۇپ، يۇقىرىدىكى كىتابلاردا خاتىرىلەنگەن ئەھۋاللارنى پۈتۈنلەي ئىشەنچلىك تارىخ قىلىۋېلىشقا بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە شىنجاڭدىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2- ئەسىردىن ئىلگىرىكى چاغلارغا تەۋە يازما يادىكارلىقلارمۇ تېپىلمىدى[2].

شىنجاڭنىڭ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2- ئەسىردىن كېيىنكى دەۋرى «تارىخىي دەۋر» يەنى «يېزىق بارلىققا كەلگەن دەۋر» بولۇپ، بۇ دەۋردە بارلىققا كەلگەن ھەر خىل يېزىقتىكى قەدىمكى ۋەسىقە، ھۆججەت ۋە ئەسەرلەر شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى قەدىمكى ئىز - خارابىلەردىن كۆپلەپ تېپىلدى. ھازىرغىچە شىنجاڭدىن تېپىلغان بۇ دەۋرگە ئائىت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا، بۇ دەۋرنى بۇددىزم دەۋرى ۋە ئىسلامىيەت دەۋرى دەپ ئىككى چوڭ بۆلەككە ئايرىشقا بولىدۇ. بۇددىزم دەۋرىدە بۇددا دىنىغا ئائىت بولغان يادىكارلىقلار بۇ دەۋرنىڭ ئاساسىي بىر بەلگىسى سۈپىتىدە گەۋدىلەنگەن بولۇپ، مۇشۇ دەۋرنىڭ ئارخېئولوگىيەلىك مەدەنىيىتىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

بۇددا دىنى مىلادىيەنىڭ ئالدى - كەينىدە ئاۋۋال سۇلىغا

---

①، ② ئىسرايىل يۈسۈپ، ئەنۋەر قاسىم: «غەربىي يۇرت يىپەك - ئىچمەك مەدەنىيىتى تارىخى»، بېيجىڭ، مىللەتلەر نەشرىياتى 2006- يىلى 6- ئاي نەشرى، 21- ، 23- بەتلەر.

(قەشقەرگە)، ئاندىن ئۇدۇنغا (خوتەنگە)، كۇسەنگە (كۇچا)، ئاگنى (قاراشەھەر ئەتراپىدىكى جايلار)غا، ئىدىقۇت (تۇرپان) قاتارلىق جايلارغا تارقالغان. ئەڭ دەسلەپتە پادىشاھ ئاقسۆڭەكلەر قاتلىمىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىپ، ئۇلارنىڭ قەدىرلىشىگە مۇيەسسەر بولغان، كېيىنچە ئاۋام خەلققە تەدرىجىي ئومۇملاشقان. بۇددا دىنى شىنجاڭغا تارقالغاندىن كېيىن، يەرلىكتە ئەزەلدىن بار بولغان مەنىۋى مەدەنىيەت بىرىكىپ ئاۋام ئىچىگە تېخىمۇ چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ، كەڭ ئاۋام خەلقنىڭ ئېتىقاد قىلىشىغا ئېرىشكەن. شىنجاڭ يىپەك يولىنىڭ مۇھىم قاتناش تۈگۈنى بولغانلىقى ھەمدە كۆپ خىل مىللەت بىرلىكتە ئولتۇراقلاشقان جاي بولغىنى ئۈچۈن، بۇددا دىنىنىڭ نوملىرىنى تەرجىمە قىلىش ئىشلىرىمۇ تەرەققىي قىلىپ، نۇرغۇن تەرجىمانلار، بۇددىزملار يېتىشىپ چىققان.

شىنجاڭدا بۇددا دىنىنىڭ تارقىلىشى ۋە تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، سۇلى، كۇسەن، ئۇدۇن، ئىدىقۇت قاتارلىق مەشھۇر بۇددا مەركەزلىرى شەكىللەنگەن، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇدۇن بىلەن كۇسەن جاھانغا مەشھۇردۇر. بۇددا دىنىنىڭ ئەۋج ئېلىشى بىلەن، ئۇنىڭ شەرھى مىزانلىرى، قائىدە - يوسۇنلىرى خەلق ئىچىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ، ئاۋامنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىغان. ھەرقايسى جايلاردا كەڭ كۆلەمدە بۇددا مۇنارلىرى، ئىبادەتخانىلار، مىڭئۆي، ھەيۋەتلىك بۇددا ھەيكەللىرىنى ياساپ، رەڭدار تام رەسىملىرىنى سىزىشقا باشلىغان. بۇددا دىنىنىڭ بۇ يادىكارلىقلىرى ئەينى دەۋرنىڭ بىناكارلىق ئۇسلۇبى، رەسساملىق سەنئىتىنىڭ يارقىن تامايەندىلىرى بولۇپ، زور قىممەتكە ئىگە.

قەدىمكى قەشقەرنىڭ بۇددىزم يادىكارلىقلىرىنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمى قەشقەردە ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان، بۇددا دىنىغا ئائىت ئىز - خارابە، بۇددا مۇنارى ۋە مىڭئۆيلەر ھەمدە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيەلىك قېزىشلاردا قولغا كەلگەن يادىكارلىقلارغا ئاساسەن بۇددىزم يادىكارلىقلىرىنى بۇددىزم بىناكارلىق سەنئىتى ۋە بۇددىزم نەقىش-

بىزەك سەنئىتى، بۇددىزم يازما يادىكارلىقلىرى قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

## 1. قەشقەرنىڭ بۇددىزم دەۋرى ئارخېئولوگىيەسى ھەققىدە بايان

قەشقەر قەدىمدە «سۇلى» دېيىلگەن. مىلادىيە 2- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا قەدىمكى سۇلىلىقلار بىر شەھەر دۆلىتىنى قۇرۇپ چىققان بولۇپ، زەرەپشان دەريا ۋادىسىدىكى يەكەن (خەن دەۋرىدىكى «乌秅» دېيىلىدۇ)، جۇجۇپ (خەن دەۋرىدە شيې «西夜» دېيىلگەن. ھازىرقى قاغىلىق ئەتراپىنى كۆرسىتىدۇ) ۋە قىرپانە (يەنە 竭盘陀 دەپ ئاتالغان، ھازىرقى تاشقورغان ئەتراپىنى كۆرسىتىدۇ) دىن ئىبارەت ئۈچ بەگلىك ئۇنىڭ ھامىيلىقىدا ئىدى. ئۇنىڭ دائىرىسى ئاساسەن ھازىرقى قەشقەر ۋىلايىتى ۋە قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. 7- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا سۇلى بەگلىكى ئاستانىسى قاش (ھازىرقى قەشقەر شەھىرى ئەتراپى) دا ئىدى. سۇي، تاڭ دەۋرىدىكى يازما مەنبەلەردە سۇلى بەگلىكى «چۇشا» بەگلىكى دەپ ئۆزگەرتىلگەن.

سۇلى مەملىكىتىمىزدىكى ئەڭ بۇرۇن بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان رايونلارنىڭ بىرى. بۇددىزم تارىخىدا كۇشان خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانى كانىشكانىڭ دۆلەت ئۇستازى ساڭغا راكشا سۇلىلىق ئىدى. 4 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا كۇسەنلىك مەشھۇر راھىب كوماراجىۋا سۇلىدا تۇرۇپ بۇددىزم ئەقىدىلىرىنى تەتقىق قىلغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى بۇددىزم ئېنسىكلوپېدىيەسى بولغان «بارلىق نوملارنىڭ شەرھىيسى»نىڭ ئاپتورى قۇيلانمۇ سۇلىلىق ئىدى. قۇيلانىنىڭ فامىلىسى «پېي» (بويلا) ئىدى. شۇڭا، ئۇ سۇلى «پېي» فامىلىلىك خان جەمەتى ئەزاسى بولۇشى مۇمكىن.

سۇلى بۇددىزمىغا ئائىت ئەڭ بۇرۇنقى خاتىرە لياڭ دەۋرىدىكى زېڭ يۈ تۈزگەن «ئۈچ ئاغىلىق راھىبكالانلار تەرجىمھالى» 10- جىلد

«ساڭغا راكشا سۈترانىڭ مۇقەددىمىسى» دە ئۇچرايدىغان بولۇپ، ئۇنىڭدا:

«ساڭغا راكشا شۇلەي بەگلىكىدىن...... راھىب بولۇپ، بۇددا ھېكمەتلىرىنى قەندىھارغا ئېلىپ بارغان، پادىشاھ كانىشكا ئۇنى دۆلەت ئۇستازى قىلغان» دېيىلگەن.

بۇ يەردە «شۇلەي» دېيىلگىنى سۇلىنىڭ باشقىچە تەلەپپۇزى ئىدى. مۇبادا ساڭغا راكشا ئۆز يۇرتىدا «راھىب بولۇپ بۇددا ھېكمەتلىرىنى ئۆگەنگەن» بولسا، ئۇ ھالدا بۇ بۆلەكتىكى مەزمۇنلار پادىشاھ كانىشكا دەۋرىدىلا (مىلادىيە 130 — 153- يىللار) بۇددا دىنىنىڭ ئاللىقاچان سۇلىغا تارقىلىپ كىرگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

داۋئەن (مىلادىيە 314 — 385- يىللىرى) يازغان «شى ھەزرەتنىڭ غەربىي يۇرت خاتىرىسى»، «فا شيەنىڭ تەرجىمىھالى»، «سۇڭ يۈن خاتىرىسى»، «ئۇچ ئاغلىق راھىبكالانلار تەرجىمىھالى» 15- جىلد «چۈمىڭنىڭ تەرجىمىھالى»، «لياڭ دەۋرىدىكى راھىبكالانلار تەرجىمىھالى» 2- جىلد، «بۇددا ياساشىنىڭ تەرجىمىھالى» ۋە «كوماراجىۋانىڭ تەرجىمىھالى» دا سۇلى بۇددىزمى ۋە ئۇنىڭ سەنئىتى بىرقەدەر تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن. تاڭ شۈەنزاڭ «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى»نىڭ 12- جىلدىدا بۇ يەرنىڭ بۇددىزمىنىڭ ناھايىتى گۈللەنگەنلىكىنى بايان قىلىپ ئۆتكەن. ئۇ سۇلى بەگلىكىنىڭ قىرپاند رايونىدا ئون ساگرام، ساكارائۇل رايونىدا ئون ساگرام، جۇجۇپ رايونىدا ئون ساگرامنىڭ بارلىقى، لېكىن خانلىقنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەركىزى بولغان چۈشا رايونىدىكى ساگراملار سانىنىڭ 100گە يېتىدىغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ[1].

مىلادىيە 9- ئەسىرنىڭ ئاخىرى قاراخانىيلار خانلىقى قۇرۇلغان

---

[1] لىن مېيسۈن: «قەشقەرنىڭ بۇددىزم ئارخېئولوگىيەسى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە)، 1992- يىلى 2- سان، 35- بەت.

دەسلەپكى چاغلاردا خانلىقتىكى ئەمەلدار، پۇقرالارمۇ بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. بىراق، بۇ خانلىقنىڭ ئۈچىنچى ئەۋلاد خانى سۇتۇق بۇغراخان 10 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ، ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىپ جاكارلىغان ھەمدە تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يەتتىسۇ رايونىدا ئىسلام دىنى ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلىگەن. ئىسلام دىنىنىڭ دىنىي ئەقىدىسىدە بۇتقا چوقۇنۇش مەنئىي قىلىنغاچقا، سۇلىدىكى ساگرام ـ ئىبادەتخانىلار ۋە بۇتخانىلار ۋەيران قىلىنغان. شۇنداق قىلىپ، بۇ يەردىكى نەچچە يۈز يىللىق تارىخقا ئىگە بۇددىزم مەدەنىيىتى كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇنتۇلغان.

19 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگە كەلگەندە چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭ تارىخ ـ تەزكىرىسىنى تۈزۈشكە كىرىشكەندىلا، سۇلى چېگراسى ئىچىدىكى بۇددىزم خارابىلىرىگە دىققەت قىلىشقا باشلىغان. شۇ سوڭ (1781 — 1848 ـ يىللار) ئۆزىنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «غەربىي يۇرت سۇ يوللىرى خاتىرىسى» دە يەكەننىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى قەدىمكى خارابە ئىزى بولغان بايدۆۋە خارابىسىنى تىلغا ئالغان، ئۇ بۇنى غەربىي لياۋ خانلىقى دەۋرىدە سېلىنغان بۇتخانىمىكىن دەپ گۇمان قىلغان. چىڭ سۇلالىسى جياچىڭنىڭ 9 ـ يىلى (مىلادىيە 1804 ـ يىلى) قەشقەر مەسلىھەتچىلەر ئامبىلى خې نىڭ تۈزگەن «مۇسۇلمانلار يۇرتىنىڭ قاتناش تەزكىرىسى» ھەمدە چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى شىنجاڭنىڭ پەرمانبەردارى ۋاڭ شۇدەننىڭ رەھبەرلىكىدە تۈزۈلگەن «شىنجاڭدىكى قەدىمكى ئىزلار زىيارەت خاتىرىسى» دە «خوەيشىنىڭ مۇرەككەپ تەزكىرىسى» دىن نەقىل كەلتۈرۈپ، قەشقەرنىڭ غەربىي شىمالىدا قاشتاشتا ئويۇلغان ھەيكەل بار ئۈچ دانە بۇددا غارى بارلىقىنى سۆزلەيدۇ[1].

قەدىمكى قەشقەرنىڭ بۇددىزم دەۋرىدىكى ئارخېئولوگىيەسى،

---

[1] لىن مېيسۇن: «قەشقەر بۇددىزم ئارخېئولوگىيەسى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە)، 1992 ـ يىلى 2 ـ سان، 35 ـ ، 36 ـ بەتلەر.

بولۇپمۇ بۇ دەۋردىكى قەدىمكى يېزىق، ۋەسىقىلەر ھەققىدىكى تەتقىقاتتا لىن مېيسۇن ئەپەندىنىڭ ئىشلىگەن ئىلمىي ئەمگىكى بىرقەدەر كۆپ ھەم نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك. بىز ئۇنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى ئارقىلىق قەشقەرنىڭ بۇددىزم دەۋرىدىكى ئارخېئولوگىيەسى ھەم قەدىمكى يېزىق، ۋەسىقىلىرى ھەققىدە بىرقەدەر چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگە بولالايمىز. تۆۋەندە لىن مېيسۇن ئەپەندىنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى ئاساسىدا، قەشقەرنىڭ بۇددىزم دەۋر ئارخېئولوگىيەسى قىسقىچە بايان قىلىنىدۇ.

ئەڭ دەسلەپ بۇددىزم دەۋرىدىكى قەدىمكى سۇلى مەدەنىيىتىدىن خەۋەر بەرگەن غەربلىك رۇسىيەنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى پېتروۋسكىي بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ شىنجاڭدا ۋەزىپە ئۆتىگەندە ھەممە يەردىن قەدىمكى بۇيۇملارنى يىغقان. 1892 - يىلى ياكى بۇنىڭدىن بۇرۇنراق غەربىي يۇرتىكى قەدىمكى يېزىقتا يېزىلغان نۇرغۇنلىغان كەمتۈك بۇددا نوملىرىنى يىغقان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا بۇلار قەشقەرنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى خارابىلەردىن تېپىلغانىكەن. شۇڭلاشقا، ئۇ قەشقەر شەھىرى ئەتراپىدىكى مورا بۇددا مۇنارى ۋە ئۈچ مېرۋان مىڭئۆيى خارابىسىنى تەكشۈرگەن ھەمدە «رۇسىيە خانلىق ئارخېئولوگىيە جەمئىيىتى شەرقشۇناسلىق بۆلۈمى ماقالىلەر توپلىمى» نىڭ 7 - تومىدا «قەشقەرنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى بۇددىزم خارابىلىرى» دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، ئۆزى يىغقان بۇددىزم سەنئەت بۇيۇملىرى ۋە كەمتۈك نوملارنى تونۇشتۇرغان. ئۇ بۇ قەدىمكى قول يازمىلارنى قەشقەر (سۇلى) يېزىقىدا يېزىلغان دەپ قىياس قىلغان. 1896 - يىلى ئۇ يەنە شۇ ژۇرنالنىڭ 9 - تومىدا «قەشقەردىكى قەدىمكى ئىزلار ئۈستىدە تەتقىقات» دېگەن ماقالىسىنى يېزىپ، خانئۆي خارابىسى ۋە قەشقەردىكى باشقا خارابىلەرنى تونۇشتۇرغان. رۇسىيەلىك مەشھۇر سانسكرىتشۇناس L. S ئولدېنبۇرگ (S. L. oldenburg) پېتروۋسكىي قەشقەردىن يىغقان قەدىمكى قول يازمىلارنىڭ ئايرىم - ئايرىم ھالدا قارۇشتى يېزىقى ۋە بىراخما يېزىقىدىن ئىبارەت ئىككى خىل يېزىقتا يېزىلغانلىقىنى مەلۇم قىلىپ، قارۇشتى يېزىقىدا يېزىلغان قول يازمىنىڭ بىر قىسمى ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمال لەھجىسىدە يېزىلغان

«دىھارماپادا سۇترا» (Dharma Pada - Sutra) نىڭ پارچىسى ئىكەنلىكىنى بىراخما يېزىقىدىكى نوملارنىڭ بىرسى سانسكرىت تىلىدا يېزىلغان «ماھاما ئورىيا سۇترا» ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى.

بىراخما يېزىقىدا يېزىلغان باشقا بىر قىسىم نوملار كېيىنچە سانسكرىت تىلىدىكى «سادىھارما - پۇندارىكا سۇترا» (saddharma - pundarika) ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى. بۇ قول يازمىلارنى پېتروۋىسكىي قەشقەردىن سېتىۋالغان بولسىمۇ، تېپىلغان جايلار قەشقەر ئەمەس ئىدى. قارۇشتى يېزىقىدىكى «دىھارما - پۇندارىكا سۇترا» نىڭ كەمتۈك بىر قانچە بېتىنى كېيىنچە فىرانسىيەلىك دۇترېئۇئىل دې رىنس (J. L. Dutreuil de Fhins) تەكشۈرۈش ئەترىتى قەشقەردىن سېتىۋالغان. بۇلاردىن ئۇنىڭ خوتەندىن تېپىلغانلىقى مەلۇم بولدى. سانسكرىت نۇسخىسىدىكى «دىھارما - پۇندارىكا سۇترا» مۇ قەشقەردىن تېپىلغان ئەمەس، چۈنكى كېيىن بۇ قول يازمىنىڭ ئالدى تەرىپىگە خوتەن يېزىقىدىكى نومنىڭ مۇقەددىمىسى يېزىلغانلىقى بايقالدى. بۇلاردىن ئۇنىڭ تېپىلغان ئورنىنىڭمۇ خوتەن ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، پېتروۋىسكىينىڭ بۇ ئىككى پارچە ماقالىسى رۇسىيەدىكى ژۇرنالدا رۇسچە ئېلان قىلىنغان بولۇپ، دۆلەت سىرتىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىلىپ كەتكەن، لېكىن ستەيىنلا ئەينى ۋاقىتتا بۇنىڭغا دىققەت قىلمىغان. 1905- يىلى 5- ئايدا ستەيىن شۆەنزاڭنىڭ ھىندىستانغا كەلگەن لىنىيەسىنى بويلاپ شىنجاڭنى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرمەكچى بولغان ۋە 7- ئاينىڭ 29- كۈنى قەشقەرگە كەلگەن. ئۇ بۇ يەردە ئىككى ئايدىن ئارتۇق ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان.

قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن، ئۇ ئالدى بىلەن قەشقەرنىڭ غەربىي شىمالىغا 1.6 كىلومېتىر كېلىدىغان قورغان تىم خارابىسىنى تەكشۈرگەن. بۇ خارابىلىك تۈمەن دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا جايلاشقان بولۇپ، ئەنگلىيەنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى چىنىباغ بىلەن قارىشىپ تۇراتتى. ستەيىننىڭ تەكشۈرۈشىگە ئاساسلانغاندا، بۇ بىر بۇددا ئىبادەتخانا خارابىسى بولۇپ، كۆلىمى 48×39

مېتىر كېلىدىكەن. خارابىلىكنىڭ شەرقىي شىمالىي بۇرجىكىدە بىر بۇددا مۇنارى بولۇپ، كېسەك بىلەن قوپۇرۇلۇپ (كېسەكنىڭ ئۆلچىمى 12.7×45.7×45.7 سانتىمېتىر) ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلغانىكەن. بۇ بۇددا مۇنارىنىڭ قۇرۇلمىسى پاكىستان چېگراسى ئىچىدىكى بەنجابنىڭ غەربىي شىمالىدىكى مۇاكيارو بۇددا مۇنارىغا ئوخشاپ كېتىدىكەن، مۇنار گەۋدىسى يۇمىلاق چاسا تەگلىك بولۇپ، ئۈچ قەۋەتتىن تەركىب تاپقان، ئومۇمىي ئېگىزلىكى 4.5 مېتىر كېلىدىكەن. بۇ خارابىلىكتە قەدىمكى ساپال پارچىلىرى ۋە پۇللار چېچىلىپ ياتقان، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىرسى سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى پۇل بولۇپ، ئۇنىڭ قاراخانىيلار خانلىقى قۇرۇلۇشتىن بۇرۇنقى دەۋرگە تەۋە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇتخانىنىڭ يېقىن ئەتراپىدا سۇغىرىش سىستېمىسىنىڭ ئىزى بارلىقى بايقالغان. بۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئىبادەتخانا خارابىسى قەشقەردىن ئەندىرگىچە بولغان بۇددا خارابىلىكىدىمۇ ئۇچرايدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن ستەين قەشقەر شەھىرىنىڭ جەنۇبىغا 2 — 3 كىلومېتىر كېلىدىغان كونا قىزىل دەريا قىنىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى قىزىلدۆۋە خارابىسىگە كەلگەن. تەكشۈرۈشتىن بۇ يەرنىڭمۇ بىر بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىسى ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان. بۇ يەردىكى قۇرۇلۇش ماتېرىيالى ۋە قۇرۇلمىسى قورغان تىم بىلەن ئوخشاش ئىدى. بۇ بۇددا خارابىسى شەرقتىن غەربكىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى 39 مېتىر، جەنۇبتىن شىمالغىچە ئۇزۇنلۇقى 32.4 مېتىر، ئېگىزلىكى 8.1 مېتىر كېلىدىغان بىر تۆپىلىككە جايلاشقان. بۇددا مۇنارىنىڭ ئۇلى ئەسلىدە تۆت چاسا بولسا كېرەك، كېسەكتىن قوپۇرۇلغان (كېسەكنىڭ ئۆلچىمى 43.18×7.6×43.18 سانتىمېتىر). بۇ تۆپىلىكنىڭ غەربىگە 15 مېتىر كېلىدىغان يەردە بىر خارابىلىك بولۇپ، يەرلىك خەلقلەر «كىچىك تۆپە» دەپ ئاتايدىكەن، تۆپىلىك يۇمىلاق شەكىلدە، دىيامېتىرى 37 مېتىر، ئېگىزلىكى 3.6 مېتىر كېلىدىكەن. بۈگۈنكى كۈندە بۇ يەر مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقى قىلىنىپتۇ. لېكىن، قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا بۇ يەر قىزىلدۆۋە خارابىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بۇددا ئىبادەتخانا خارابىسى بولۇشى مۇمكىن.

كېيىنچە سىتەين قەشقەر كوناشەھەرنىڭ شەرقىي شىمالىغا 32 كىلومېتىر كېلىدىغان خانئۆي قەدىمكى شەھىرىنى تەكشۈرگەن. بۇ شەھەرنىڭ شەرقىي شىمالىغا 6.4 كىلومېتىر كېلىدىغان كۆك شالتاتىنىڭ يېقىن ئەتراپىدىن يەنە بىر بۇددا خارابىسىنى بايقىغان. يەرلىك كىشىلەر بۇ يەرنى «توپا تىم» دەپ ئاتايدىكەن. بۇ يەردە ئاساسلىق ئىككى خارابىلىك بار ئىكەن. ئۇنىڭ بىرسى بۇددا مۇنارى بولۇپ كېسەكتىن قوپۇرۇلغان، مۇنار گەۋدىسى يۇمىلاق، ئۈلى تۆت چاسا، ئېگىزلىكى 8.4 مېتىر، ئايلانمىسى 9.6 مېتىر كېلىدىكەن. ھازىر گۇمۇرۇلۇپ يۇمىلاق توپا دۆۋىسىگە ئايلانغان. ئىككىنچىسى زال بولۇپ، بۇددا مۇنارىنىڭ غەربىگە جايلاشقان، ئۇزۇنلۇقى 78 مېتىر، كەڭلىكى 51 مېتىر، ئېگىزلىكى 2.4 — 3 مېتىر. ھېلىقى بۇددا مۇنارى بىلەن بولغان ئارىلىقى 13.5 مېتىر كېلىدىكەن. بۇ يەردە يەنە بىر بۇتخانا خارابىسىنى بايقىغان. يەرلىكلەر بۇ يەرنى «مورا تىم» دەپ ئاتايدىكەن. بۇ بۇتخانا خارابىسى 152.4×45.72 مېتىر كېلىدىغان توپا تۆپىلىك ئۈستىگە جايلاشقان. بۇ خارابىلىكنىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمى بىر بۇددا مۇنارى بولۇپ كېسەكتە قوپۇرۇلغان (كېسەكنىڭ ئۆلچىمى 8.9×43.18× 43.18 سانتىمېتىر)، مۇنار ئۈلى شوتىسىمان جەمئىي تۆت قەۋەت. ئۇنىڭ ئۈستىدە ئۈستى يۇمىلاق ئىككى قەۋەت مۇنار بار. مۇنار ئۈستىنىڭ قىسمەن بۆلىكى گۇمۇرۇلۇپ چۈشكەن بولسىمۇ، قالدۇق ئېگىزلىكى 11.58 مېتىر كېلىدىكەن. بۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان بۇددا مۇنارلىرىنى سىتەين خوتەن راۋاقىدىمۇ كۆپرەك بايقىغان. بۇ مۇنارنىڭ غەربىي شىمالىغا 61 مېتىر كېلىدىغان يەردە كۆلىمى چوڭراق بىر ئىبادەتخانا خارابىسى بار بولۇپ كېسەكتىن قوپۇرۇلغان، كۆلىمى 21.3×25.8 مېتىر، ئېگىزلىكى تەخمىنەن 10 مېتىر كېلىدىكەن. بۇ ئىبادەتخانا قۇرۇلۇش خارابىسى بىلەن بۇددا مۇنارى ئارىسىدا سىتەين ئۈچ ئورۇندا تۇرالغۇ ئۆي خارابىسىنى بايقىغان بولۇپ، ئۇلارغا ئايرىم - ئايرىم ھالدا C، D ۋە E دەپ نومۇر بەرگەن. بۇلار بۇ يەرنىڭ ئەسلىدە بىر بۇتخانا ئىمارەت توپى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

سىتەين يۇقىرىدا تىلغا ئالغان بەش ئورۇندىن مۇھىم يادىكار-

لىقلارنى بايقىغان، ئۇ ئاساسلىقى ئىمارەت قۇرۇلمىسىغا ئاساسەن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بۇددا دىنى خارابىسى دەپ قىياس قىلغان ھەم ئۆزىنىڭ ئارخېئولوگىيەلىك دوكلاتىدا ھىندىستان، پاكىستان، ئافغانىستان، خوتەن، ئەندىر ھەمدە تۇرپاندىكى ئوخشاش تىپتىكى قۇرۇلۇش بىلەن سېلىشتۇرۇپ چىققان[①].

1904- يىلى 6- ئايدا، ستەيىن قەشقەرنى قايتا زىيارەت قىلغان. بۇ قېتىم ئاساسلىقى قەشقەرنىڭ غەربىي شىمالىغا 3.2 كىلومېتىر كېلىدىغان قاغانىنىڭ شەھىرى بۇتخانا خارابىسىنى تەكشۈرگەن. بۇ خارابە بەشكېرەم دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىغا جايلاشقان. بۇ خارابىلىكتە كېسەكتىن قوپۇرۇلغان (كېسەكنىڭ ئۆلچىمى 10.16×30.48×38.1 سانتىمېتىر)، ئېگىزلىكى 9.6 مېتىر كېلىدىغان بىر بۇددا مۇنارى بار بولۇپ، مۇنارنىڭ ئاستى چاسا شەكىلدە، بۇزۇلۇشى بەك ئېغىر بولغان. ئەسلىدىكىنىڭ قانچە قەۋەت ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلغىلى بولمايدىكەن. بۇ مۇنارنىڭ غەربىي شىمالىدا ئىككى گۇرۇپپا كىچىك قۇرۇلۇش خارابىسى بار بولۇپ، بۇ ئىككى گۇرۇپپا قۇرۇلۇشنىڭ تېمىنىڭ قېلىنلىقى 7.6 — 12.7 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ھەممىسى كېسەكتىن قوپۇرۇلغان، كېسەكنىڭ ئۆلچىمى بۇددا مۇنارىنى قوپۇرۇشتا ئىشلىتىلگەن كېسەك بىلەن تامامەن ئوخشاش. شۇڭلاشقا، ئۇلار چوقۇم ئوخشاش گۇرۇپپىغا تەۋە قۇرۇلۇش بولۇشى كېرەك. بىرىنچى گۇرۇپپىغا تەۋە قۇرۇلۇش خارابىسى بىلەن بۇددا مۇنارىنىڭ ئارىلىقى 151 مېتىر كېلىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە بۇ خارابىلىك پۈتۈنلەي ۋەيران بولغان بولۇپ، پەقەت بىرقەدەر ياخشى ساقلىنىپ قالغان بىر بۆلەك قورشاۋ تامنىڭ قالدۇق ئېگىزلىكى 7.5 مېتىر كېلىدۇ. ئىككىنچى گۇرۇپپىغا تەۋە قۇرۇلۇش خارابىسى بىلەن بۇددا مۇنارىنىڭ ئارىلىقى 50 مېتىر كېلىدۇ. بۇ خارابىلىكنىڭ شەرق ۋە غەرب تەرەپلىرىنىڭ ھەر بىرىدە بىردىن كىچىك بۇددا مۇنارى بار.

---

① لىن مېيسۇن: «قەشقەر بۇددىزم ئارخېئولوگىيەسى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە)، 1992- يىلى 2- سان، 36-، 37- بەتلەر.

بۇ يەردىكى تەكشۈرۈش پائالىيىتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ستەين ئۈچ مىڭئۆيگە بىرىپ، ئۈچ مىڭئۆيىنى تەكشۈرۈشكە كىرىشكەن. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى پېتروۋسكىي ۋە گېرمانىيە ئارخېئولوگىيە ئەترىتىدىكى ئالبېرت گرۈنۋېدېل (A. Grunwedel) بىلەن ئالبېرت فون لېكوك (A. F. Lecog)لار بۇ يەرنى تەكشۈرگەن ۋە بۇ ھەقتىكى تەكشۈرۈش دوكلاتىنى ئېلان قىلغان، شۇڭا ستەين ئۆز دوكلاتىدا بۇ مىڭئۆينىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي تونۇشتۇرمىغان. تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، ئۈچ مىڭئۆي قەشقەرنىڭ شىمالىغا 18 كىلومېتىر كېلىدىغان بەشكېرەم دەرياسى جەنۇبىي قىرغىقىدىكى 30 — 40 مېتىر ئېگىزلىكتىكى ياردا كۆلىگەن قېزىلغان. بۇ يەردە ھازىرغىچە ئۈچ غار ساقلىنىپ قالغان، ئۇلار شەرقتىن غەربكە تىزىلغان. غار ئاغزىدا ئەسلىدە ياغاچ قورۇلما ۋە ئايۋان بار بولۇپ ھازىر يوقالغان، ئۈچ غار ئىشىكىنىڭ شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 10.65 مېتىر كېلىدۇ. ئوتتۇرىدىكى غارنىڭ ئارقا خانىسىدا تاغ جىنسىنى ئويۇپ ياسالغان ساكىيامۇنىنىڭ ئولتۇرغان تاش ھەيكىلىدىن بىرسى بار بولۇپ، ئېگىزلىكى 1.2 مېتىر كېلىدىكەن. شەرق ۋە غەرب تەرەپتىكى ئىككى غاردا ھەيكەل يوق، لېكىن ھەر بىرىدە ئېگىزلىكى 0.3 سانتىمېتىر كېلىدىغان تاش مۇنبەر بار. ئۈچ غارنىڭ ئالدى خانىسىنىڭ يۈگىمە تورۇسى ۋە ئارقا خانىسىنىڭ شەرق، غەرب تاملىرىغا ئەسلىدە تام رەسىمى سىزىلغان، ھازىر پەقەت شەرق تەرەپتىكى غارنىڭ تېمىدا ئازراق تام رەسىمى ساقلىنىپ قالغان[①].

ستەين يەنە بەشكېرەم (ئاتۇش) دەرياسىنىڭ ئارقا نۇقتىسىدىكى باچاڭ ئاغرا (巴昌阿格拉) دا تاغ سۇلالىسى دەۋرىدىكى بۇتخانا خارابىسىنى بايقىغان، يەرلىك كىشىلەر بۇ يەرنى «دۇلدۇل ئوقۇر» دەپ ئاتايدىكەن. ھازىر بۇ يەردە پەقەت كېسەكتىن قوپۇرۇلغان (كېسەكنىڭ ئۆلچىمى 15×12×3 ئىنگلىز چىسى) بىر بۇددا مۇنارى ساقلىنىپ قالغان

---

① لى يۈجۈن: «شىنجاڭ ئۈچ مىرۋان بۇددا مىڭئۆيىنىڭ قېزىلغان ۋاقتى ۋە تام رەسىملىرى ھەققىدە دەسلەپكى تەتقىقات»، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە)، 1982- يىلى 13 — 17- بەتلەر.

بولۇپ، مۇنارنىڭ ئاساسى 4.2 مېتىر، ئېگىزلىكى 2.1 مېتىر كېلىدۇ. بۇ يەردىن قېزىۋېلىنغان يادىكارلىقلار ئانچە كۆپ ئەمەس. بىراق بۇ يەردىن ياغاچتىن ئويۇلغان بىر بۇت ھەيكىلى بايقالغان.

1906- يىلى 9- ئايدا فىرانسىيەلىك شەرقشۇناس ئالىم پائول پېللىئوت شىنجاڭغا قەدىمكى خارابە - ئىزلارنى تەكشۈرگىلى كەلگەندە، قەشقەر شەھىرىنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى ئۈچ مىرۋان مىڭئۆيى ۋە مورا بۇددا مۇنارلىرىنى تەكشۈرىدۇ. بىراق، بۇ يەردىن ستەينگە ئوخشاشلا مۇھىم نەرسىلەرنى تاپالمايدۇ. لېكىن، پائول پېللىئوت قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىگە 2 كىلومېتىر كېلىدىغان قوش تۆگمەن دېگەن يەردە بىر بۇتخانا خارابىسىنى بايقايدۇ. بۇ بۇتخانىمۇ بۇددا مۇنارى بىلەن زالدىن تۈزۈلگەن، پائول پېللىئوت بۇ يەردىن تاسادىپىيلا بىراخما يېزىقىدا يېزىلغان بىر دانە ياغاچ تارىشا پۈتۈكنى بايقايدۇ (بۇنىڭغا PO0 دەپ نومۇر سالغان). بۇ ئەينى چاغدا قەشقەرنىڭ يېقىن ئەتراپىدا ئارخېئولوگىيەلىك قېزىشتا بايقالغان بىردىنبىر قەدىمكى يازما يادىكارلىق ئىدى.

«بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى»نىڭ 12- تومىدىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، «چۈشا بەگلىكى» بۇددا ئەقىدىسىگە ئىخلاس قىلىپ، بۇنى بەخت - سائادەت دەپ بىلىدىكەن، ئۇنىڭدا يەنە ساڭرام - بىھارمالاردىن نەچچە يۈزى بار بولۇپ، راھىبلار تولمەندىن ئاشىدۇ، ھىنايانا مەزھىپىنىڭ سارۋاستى ۋىداۋنايا مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىدۇ، قائىدىلەرگە ئانچە ئەمەل قىلىپ كەتمەيدۇ، ئۆز يېزىقى بارتېرى پىناكا ھەمدە «ۋىبھاسا» نى يادقا بىلىدىغانلار كۆپ دېيىلگەن. ئەھۋال شۇنداق بولغاچقا، قەشقەر ئەتراپىدىكى بۇددىزم خارابىلىرى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان سەككىز ئورۇن بىلەن چەكلەنمەيدۇ.

1985- يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيەسى ئوپال يېزىسىدىكى مەھمۇد كاشغەرىي مازىرىنى رېمونت قىلىۋاتقاندا، بىر تۈركۈم قەدىمكى ياپراقچە نوم پارچىلىرى بايقالغان، ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈشىگە ئاساسلانغاندا، بۇ بىراخما يېزىقىدا يېزىلغان ياپراقچە نوملار ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. ئەپسۇس، بۇ نوم پارچىلىرى بايقالغان

چاغدا مۇۋاپىق ئۇسۇل ـ تېخنىكا بىلەن قوغدالمىغاچقا، لاي بىلەن چاپلىنىپ كەتكەن. بۇ ئەھۋال بۇ نوملارنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قىلىشقا زور ئاۋارىچىلىكلەرنى تۇغدۇردى. ھەزرىتى موللام تېغىدىكى بۇددىزم خارابىسى بىرقەدەر چوڭ خارابە بولۇپ، دائىرىسى قەشقەرنىڭ يېقىن ئەتراپىدا بايقالغان بىرقانچە بۇددىزم خارابىسىدىن چوڭ ئىدى، بۇ يەرنىڭ يەر ئۈستىدە تاڭ سۇلالىسى ياكى ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى دەۋرلەرگە خاس ساپال پارچىلىرى چېچىلىپ ياتقان بولۇپ، خارابىلىك ناھايىتى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. 1985 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «شىنجاڭدىكى قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ يادىكارلىقلىرى» دېگەن ئەسەردە ئېلان قىلىنغان فوتو سۈرەتكە ئاساسلانغاندا، ھەزرىتى موللام تېغى خارابىسىدىن تېپىلغان ياپراقچە نوم سانسكرىت تىلىدىكى نومنىڭ پارچىلىرى ئىدى. شۇ كىتابتا ئېلان قىلىنغان بىراخمانىنىڭ ئوبرازى بار ساپال پارچىسى قەشقەر بۇددىزم سەنئىتىنىڭ قىياپىتىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ①.

قەشقەر دەريا ۋادىسىدىكى بۇددىزم خارابە ئىزىغا دائىر ئەڭ مۇھىم بايقاش مارالبېشىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى توققۇز ساراي قەدىمكى شەھىرى ۋە تۇمشۇق خارابىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مارالبېشى ئەتراپىدىكى خارابىنى كىشىلەر خېلى بۇرۇنلا بىلەتتى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى سۇڭ بولۇ «شىنجاڭدىكى مەمۇرىي ئاپاراتلار تەزكىرىسى» دە: (مارالبېشى) ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 150 چاقىرىم كېلىدىغان «تۇمشۇق تاغنىڭ شىمالىدا قەدىمكى شەھەر بار، ئوتۇنچىلار توپا ئىچىدىن كەييۈەن يارماقلىرىنى قېزىپ چىققان، شۇڭا بۇ يەر تاڭ قاغان شەھىرى (唐王城) دەپ ئاتالغان» دېگەن مەلۇمات بار.

مۇشۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان خاتىرىلەر چىڭ سۇلالىسىنىڭ

---

① شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى: «شىنجاڭدىكى قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ يادىكارلىقلىرى»، مەدەنىيەت يادىكار- لىقلىرى نەشرىياتى 1985 ـ يىلى نەشرى، 249 ـ، 250 ـ سۈرەتكە قاراڭ.

ئاخىرقى يىلىدا شىنجاڭنىڭ يەرلىك تەزكىرىلىرىدىن بىرى بولغان «مارالبېشى ئايمىقىنىڭ يېزا - قىشلاقلار تەزكىرىسى» دىمۇ ئۇچرايدۇ. لېكىن، ئىلمىي ئۇسۇلدا قېزىش ئېلىپ بېرىپ، بۇ يەردىكى قەدىمكى مەدەنىيەتنىڭ سىرىنى ئاچقان تۇنجى كىشى پائۇل پېللىئوت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مارالبېشىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى خارابىلىكلەر مەركەزلىك ھالدا تۇمشۇق، توققۇز ساراي ۋە لەلتاغدىن ئىبارەت ئۈچ تاغنىڭ باغرىغا تارقالغان. قەدىمكى يىپەك يولى دەل مۇشۇ ئۈچ تاغنىڭ ئارىسىدىن كېسىپ ئۆتەتتى. توققۇز ساراي تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى نەچچە ئون مېتىر ئېگىزلىكتىكى قىيالىقتا كۆلىمى ناھايىتى چوڭ بىر قەدىمكى شەھەر بار بولۇپ، يىپەك يولىنى مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرىدۇ. يولنىڭ جەنۇبىدىكى تۇمشۇق تاغ باغرىغا قەدىمكى ئىبادەتخانا خارابىسى تارقالغان. پائۇل پېللىئوت ئاساسەن توققۇز ساراي قەدىمكى شەھىرىنىڭ غەربىدىكى يارلىقنىڭ ئاستىدىكى ئىبادەتخانا تۈپىگە قارىتا قېزىش ئېلىپ بېرىپ، A — N غىچە نومۇر سىزىپ چىققان.

1906 - يىلى 10 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىن 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنىگىچە پائۇل پېللىئوت يەرلىكتىن 30 ئادەمنى ياللاپ بۇ يەردە ئىنچىكە تەكشۈرۈش ۋە قېزىش ئېلىپ بېرىپ، 400 دىن ئارتۇق ھەر خىل يادىكارلىق تاپقان. ئۇنىڭ ئىچىدىكى كۆپ قىسمى تېپىك قەندىھار ئۇسلۇبىدىكى رەڭلىك ساپال ھەيكەللەر، ئېگىز قاپارتما بۇيۇملار ۋە بىر تۈركۈم نەپىس تام رەسىملىرى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا نەچچە ئون پارچە بىراخما يېزىقى ۋە خەنزۇ يېزىقىدىكى ۋەسىقە ھەمدە ۋۇجۇ يارمىقى، كەييۈەن يارمىقى ۋە شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى چوڭ يامبۇسى قاتارلىقلارمۇ بار ئىدى. پائۇل پېللىئوت ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسەن، توققۇز ساراي ئىبادەتخانا خارابىسىنىڭ يىل - دەۋرىنى ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ: A نومۇرلۇق خارابىلىكنى مەركەز قىلغان ئىبادەتخانىلار مىلادىيە 4 — 5 - ئەسىرگە، B نومۇرلۇق خارابىنى مەركەز قىلغان خارابىلەر 6 — 7 - ئەسىرگە، D نومۇرلۇق خارابىلىكتى مەركەز قىلغان ئىبادەتخانىلار

8—9- ئەسىرگە تەئەللۇق ئىدى. A نومۇرلۇق خارابىلىكتىن بىرقانچە دانە ۋۇجۇ يارمىقى ۋە نۇرغۇنلىغان قەدىمكى ئۇسلۇبتىكى ھەيكەللەر بايقالغان. بۇ خارابىلىكتىن بايقالغان بىراخما يېزىقىدىكى «كارماۋاچانا» (Karmavacana) نىڭ تىلى ئوتتۇرا قەدىمكى زامان ئىران تىلى بولۇپ، قەشقەرنىڭ قوشنىسى ئۇدۇن تىلىغا بەكلا يېقىنلاپ كېتەتتى. نورۋېگىيەلىك تىلشۇناس ئالىم سېتىن كونوۋ (S. Konow) بىلەن ئەنگلىيەلىك ئىران تىلى مۇتەخەسسىسى بەيلېي (H. W. Bailey) قاتارلىقلار بۇنى يەرلىك تىلدا يېزىلغان دەپ قاراپدۇ ھەم بۇ تىلغا تۇمشۇق تىلى «Tumshuqese» دەپ نام بېرىدۇ. لىن مېيسۇن ئەپەندى يېقىندا قەشقەر دەريا ۋادىسىدا ئومۇملاشقان بۇ خىل قەدىمكى تىلنىڭ ئەمەلىيەتتە قەدىمكى قەشقەر تىلى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى[1]. B بىلەن D نومۇرلۇق خارابىلىكنىڭ يىل - دەۋرىگە ھۆكۈم قىلىش بىرقەدەر قىيىن. تېپىلغان ھەيكەللەردە ئەڭ دەسلەپكى قەندىھار سەنئەت ئۇسلۇبىنىڭ ئالامەتلىرى يوق. بىراق، بىر قىسىم جايلاردىن تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى پۇللار تېپىلغان. بۇلار خارابىلىكنىڭ بىرقەدەر ئۇزاق ئىشلىتىلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. D نومۇرلۇق خارابىلىكنىڭ يېقىن ئەتراپىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە ئەرەب يېزىقىدا يېزىلغان ھۆججەت پارچىلىرى تېپىلغان[2]. شۇڭلاشقا، بۇ خارابىلىكنى 10- ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە يەنى قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگىچە داۋام قىلغان دېيىشكە بولىدۇ. پائول پېللىئوت B نومۇرلۇق بىلەن D نومۇرلۇق خارابىلىكتىكى مەلۇم داشقال ئازگىلىدىن قارۇشتى يېزىقىدا يېزىلغان قەغەز پارچىسىدىن بىر پارچە بايقىغان. ھەممىگە ئايانكى، قارۇشتى يېزىقىنىڭ تارىم ئويمانلىقىدا

[1] لىن مېيسۇن: «قەشقەر ئارخېئولوگىيەسىنىڭ 90 يىلى»، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى دۇنياسى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە)، 1990- يىلى 2- سان، 24- بەت.

[2] سابىت ئەخمەت: «قاراخانىيلار دەۋرىگە ئائىت بىر پارچە ھۆججەت»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى 1985- يىلى 1- سان، 6- بەت.

ئومۇملاشقان ۋاقتى مىلادىيە 2- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 4- ئەسىرگىچە ئىدى. شۇڭلاشقا، لوئىس ھامبىس توققۇز ساراي ئىبادەتخانا خارابىسى قەدىمكى ئىبادەتخانا ئاساسىدا قەدەممۇقەدەم تەرەققىي قىلغان بولۇشى مۇمكىن دەپ قىياس قىلىدۇ[1].

1908- يىلى ۋە 1913- يىلى سىتەيىن ئىككى قېتىم تۇمشۇققا تەكشۈرۈشكە كەلگەن. 1- قېتىم قېزىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانماي، پەقەت تۇمشۇق خارابىسى، توققۇز ساراي ۋە چوڭ تىم قاتارلىق تالڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۆتەڭلەرنىڭ مۇتلەق ئورنىنى مۇنداقلا ئۆلچەپ چىققان. سىتەيىننىڭ ئەڭ چوڭ نەتىجىسى لەلىتاغ ئىبادەتخانا خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان ئالتە دانە بۇددىزم سەنئەت بۇيۇمىنى سېتىۋېلىش بولدى، بۇ قەشقەر چېگراسى ئىچىدە يەنە بىر بۇددا ئىبادەتخانا خارابىسىنىڭ بايقالغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. 1913- يىلى سىتەيىن تۇمشۇق تاغىنىڭ غەربىي شىمالىغا 27.2 كىلومېتىر كېلىدىغان لەلىتاغ خارابىسىنى مەخسۇس تەكشۈرىدۇ. ئۇ بۇ يەردە ئۆزئارا تۇتاش كەتكەن بەش ئېغىز ئۆي خارابىسىدا قېزىش ئېلىپ بارىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە 3- نومۇرلۇق تۇرالغۇ ئۆي خارابىسى ئەڭ چوڭ بولۇپ، كۆلىمى 22.8×15 مېتىر كېلىدۇ. بۇ ئۆي خارابىسىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا بىر مۇنار ئۇلى بولۇپ، دائىرىسى 10.8×6 مېتىر كېلىدۇ. 2- نومۇرلۇق ئۆي خارابىسى 3- نومۇرلۇق ئۆي خارابىسىنىڭ غەربىگە جايلاشقان، كۆلىمى 14.4×7.8 مېتىر كېلىدۇ، ئۇ 5- نومۇرلۇق ئۆي خارابىسى بىلەن قوشنا بولۇپ، ئوخشاش گورۇپپىدىكى قۇرۇلۇش بولۇشى مۇمكىن. 3- نومۇرلۇق ئۆي خارابىسىنىڭ جەنۇبىغا 27 مېتىر كېلىدىغان يەردە 5- نومۇرلۇق خارابە بار، كۆلىمى 15.9×6.9 مېتىر كېلىدۇ. سىتەيىن بۇنى بىر ۋىھارا (راھىبلار ياتاقخانىسى) مىكىن دەپ گۇمانلىنىدۇ. 2- نومۇرلۇق خارابىنىڭ غەربىي شىمالىغا 27 مېتىر كېلىدىغان يەردە 4- نومۇرلۇق

---

[1] لىن مېيسۈن: «قەشقەر بۇددىزم ئارخېئولوگىيەسى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە)، 1992- يىلى 2- سان، 38- بەت.

خارابىلىك بار، كۆلىمى پەقەت 5- نومۇرلۇق خارابىلىكنىڭ يېرىمىغا تەڭ كېلىدۇ. لەلىتاغ خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان 20 دىن ئارتۇق يادىكارلىقلار ئاساسەن بۇت ھەيكەل پارچىلىرى ۋە مىس بېزەك بۇيۇملىرى بولۇپ، تۇمشۇق ئىبادەتخانىسىدىن بايقالغان بۇيۇملارغا ناھايىتى ئوخشايدۇ. شۇڭا، ستەين بۇ خارابىلىكنى تاڭ دەۋرىگە تەئەللۇق دەپ قارايدۇ. ئۇ يەنە فىرانسىيەلىك خەنزۇشۇناس ئالىم چاۋاننىسنىڭ «غەربىي تۈرك تارىخىي ماتېرىياللىرى» دىكى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى يازما مەنبەلەرگە ئاساسەن، ئۆزىنىڭ ئارخېئولوگىيە دوكلاتى «مەركىزىي ئاسىيا» دا تىلغا ئالغان توققۇز ساراي قەدىمكى شەھىرىنى «كونا تاڭنامە. گاۋشيەنجۇنىڭ تەرجىمىھالى» دا تىلغا ئېلىنغان «جۇشىد شەھىرى» نىڭ ئۆزى شۇ دەپ قارايدۇ①.

ئارقىدىنلا بۇ يەرگە قەدەم باسقىنى لېكوك باشچىلىقىدىكى گېرمانىيە 4- قېتىملىق ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 1913- يىلى لېكوك مارالبېشىغا كېلىپ، قېزىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇنىڭ خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى توققۇز ساراي قەدىمكى شەھىرىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى تۇمشۇق تاغ باغرىدىكى ئىبادەتخانا خارابىسى بولۇپ، جەمئىي ئۈچ گۇرۇپپا ئىمارەت ئۆي خارابىسىدا قېزىش ئېلىپ بارىدۇ. 1- گۇرۇپپا ئىمارەتنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا يۇمىلاق بۇت بار بولۇپ، ئۇلى كىۋادرات شەكىلدە، غەربىي تەرىپى بىرقانچە زالدىن تەركىب تاپقان، قېزىۋېلىنغان ھەيكەللەرنىڭ ھەممىسى قەندىھار ئۇسلۇبىدا، شەرق تەرەپتىكى ئىمارەتنىڭ يىل - دەۋرى بىرئاز كېيىنرەك. تۇمشۇق ئىبادەتخانا ئۆيىنىڭ جەنۇبىي ئۆچىدا بىر قەدىمكى ئىبادەتخانا بار بولۇپ، قېزىشتىن ئىلگىرى يەر ئۈستىدە ھېچقانداق قالدۇق بۇيۇملار يوق ئىدى. لېكوك بۇ يەردىن بۇددا

① ستەين: «مەركىزىي ئاسىيا»، ئوكسفورد، 1929- يىلى ئىنگلىزچە نەشرى، 74-، 81- بەتلەر (لىن مېيسۇن: «قەشقەر بۇددىزم ئارخېئولوگىيەسى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە)، 1992- يىلى 2- سان، 39- بەتتىكى نەقىل).

مۇنارىنىڭ ئۆلى، ئىبادەتخانا زالىنىڭ ئۆلى ھەمدە ئورغۇنلىغان قەندىھار سەنئىتى ئۇسلۇبىدىكى ھەيكەللەر، لاي بوت ۋە تام رەسىملىرىنى قېزىپ چىقىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئون نەچچە پارچە براخما يېزىقىدىكى ھۆججەت ھەمدە يېپەك توقۇلمىلارمۇ بايقىلىدۇ. لۇئىس ھامبىس كېيىنچە تەتقىق قىلىپ، بۇ ئىبادەتخانا بىلەن پائول پېللىئوت توققۇز سارايدا قېزىش ئېلىپ بارغان A نومۇرلۇق خارابىلىكنىڭ مارالبېشىنىڭ شىمالىدىكى ئەڭ قەدىمكى ئىمارەت ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. نورۋېگىيەلىك تىلشۇناس ئالىم S. كونوۋنىڭ ئوقۇپ يېشىشىگە ئاساسلانغاندا، لېكوك بايقىغان براخما يېزىقىدىكى ھۆججەتلەرنىڭ كۆپ قىسمى توختام ھۆججەتلىرى ئىكەن. ئۇنىڭ ئىچىدىكى 2- نومۇرلۇق ھۆججەتتە بۇ يەر wanaci دېيىلگەن، لىن مېيسۈن ئەپەندى بۇ يەر نامىنى «خەننامە. غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دە دېيىلگەن قەشقەرنىڭ شەرقىدىكى مۇھىم بازار «پەنتو» شەھىرى دەپ قارايدۇ[1]. تۇمشۇقتىن تېپىلغان براخما يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر ئىچىدە ئاز بولمىغان سانسكرىت تىلىدىكى نوملارمۇ بار. E. ۋالدىشمىدىت (E. Weldschimdt) بىلەن F. بېرنھارد (F. Bernhard) قاتارلىق گېرمانىيەلىك تىلشۇناسلارنىڭ بېكىتىشىگە ئاساسلانغاندا، ئۇلارنىڭ ئىچىدە «ئۇزۇن ئاگاما سۇترا» (Dirjh agama sutre) ھەمدە «ئۇداناۋارگا» (Udana varga) نىڭ پارچىلىرى بار ئىكەن.

ئالاھازەل، پائول پېللىئوت بىلەن لېكوك مارالبېشىدا قېزىش ئېلىپ بېرىشنىڭ ئالدى - كەينىدە ئىسمى نامەلۇم بىر قىسىم يەرلىك «گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر» تۇمشۇقتا «قېزىش» ئېلىپ بارغان.

1960- يىلى بەيلىينىڭ «ساك تىلىدىكى ھۆججەتلەر» دېگەن ئەسىرىنىڭ 1- تومى ئېلان قىلىنغان. كىتابتا تۇمشۇقنىڭ يەرلىك تىلىدا يېزىلغان ئۈچ پارچە ھۆججەت ئېلان قىلىنغان. بۇنىڭ ئىچىدىكى بىرسى

① لىن مېيسۈن: «قەشقەر بۇددىزم ئارخېئولوگىيەسىدىن ئومۇمىي بايان»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە)، 1992- يىلى 2- سان، 38- بەت.

ئەنگلىيە ھىندىستان ئىشلىرى بۆلۈمى كۇتۇپخانىسى «خوئېرنلې (A. F. Hoernle) ساقلانما بۇيۇملىرى» غا تەۋە ئىدى. بۇ ھۆججەتنى 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەنگلىيەنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى G. ماكارتنېي (G. Macartney) شىنجاڭدىن سېتىۋېلىپ ئەنگلىيەلىك سانسكرىتشۇناس ئالىم خوئېرنلېنىڭ تەتقىق قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن، كېيىنچە مۇشۇ كۇتۇپخانىنىڭ ساقلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن. بەيلېينىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشىغا ئاساسلانغاندا، بۇ ھۆججەتنىڭ مەزمۇنى توخار تىلى (كۇسەن تىلى) دىكى «مىلانىدانىڭ يارالمىش ھېكايىسى» بىلەن ئوخشاش ئىدى[1].

1927- يىلىدىن 1928- يىلىغىچە ئېلىمىز ئارخېئولوگى خۇاڭ ۋېنبى جۇڭگو شىۋېتسىيە غەربىي شىمال بىرلەشمە ئىلمىي تەكشۈرۈش ئەترىتىگە ئەگىشىپ، شىنجاڭغا كېلىپ ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشكە قاتناشقان. 1928- يىلى 8- ئايدا مارالبېشىغا كەلگەن، ئۇلار ئۇشتۇمتۇت تاغ خارابىسىنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى ئۈچ ئېغىز ئۆي خارابىسى ۋە بىر قىسىم راھىبلارنىڭ قەبرىسىنى قازغان. قەبرىدىن رەڭلىك ساپال كومزەك، يىپەك توقۇلما، شارىرا (جەسەت كۈلى) خالتىسى ھەمدە ئىككى پارچە بىراخما يېزىقىدا يېزىلغان ھۆججەت قاتارلىقلار قېزىۋېلىنغان. ئېلان قىلىنغان ھۆججەتنىڭ فوتو سۈرىتىگە ئاساسلانغاندا، بۇ ئىككى پارچە ھۆججەت غەرب توخار تىلىدا يېزىلغان ھېسابات دەپتىرى ئىدى. ئۇلار يەنە ئۆي خارابىسىدىن ئالتە دانە لاي بۇت ھەيكىلى ۋە خەنزۇ يېزىقى - كۇسەن يېزىقى چۈشۈرۈلگەن پۇلدىن بىر خالتا قېزىۋېلىپ چىققان. بۇ ئېلىمىز ئالىملىرىنىڭ تۇمشۇق خارابىسىنى تۇنجى قېتىم قېزىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ[2].

---

[1] لىن مېيسۇن: «قەشقەر بۇددىزم ئارخېئولوگىيەسى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە)، 1992- يىلى 2- سان، 38- بەت.

[2] خۇاڭ ۋېنبى: «قەشقەر دەرياسى بويىدىكى قەدىمكى خارابىلەر»، «تارىم ئويمانلىقى ئارخېئولوگىيەسى»، پەن نەشرىياتى 1958- يىلى خەنزۇچە نەشرى، 58 — 61- بەتلەر.

50 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى بىلەن شىنجاڭ تارماق ئاكادېمىيەسى ھەمدە شىنجاڭ مەدەنىيەت نازارىتى بىرلەشمە تەكشۈرۈش گورۇپپىسى توققۇز ساراي قەدىمكى شەھىرى ئىچىدىكى بىرقانچە ئىبادەتخانا خارابىسىگە قارىتا قېزىش ئېلىپ بارغان، ئۇلار شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىگە ئائىت بىر ئىبادەتخانا ئىچىدىن قەندىھار ئۇسلۇبىدىكى نۇرغۇنلىغان لاي ھەيكەل، ئون نەچچە پارچە بىراخما يېزىقىدا يېزىلغان ياغاچ تارىشا ۋە ساپال پارچىلىرى، يىپەك توقۇلما بۇيۇمى، ۋۇجۇ يارمىقى، خەنزۇچە ـ كۇسەنچە قوش تىللىق پۇل ھەمدە ۋۇجۇ يارمىقى قۇيىدىغان قېلىپ قاتارلىقلارنى بايقىغان[①]. خەنزۇ يېزىقىدىكى ھۆججەتلەرنىڭ مەزمۇنى قەرز ئېلىش ھۆججىتى، ئېلىم ـ سېتىم ھۆججىتى ۋە ئاممۇۋى، شەخسىي خەت ـ ئالاقىلەرگە چېتىلاتتى. ھۆججەتتە «سانغۇن» (将军)، «قورۇل» (守捉)، «يابغۇ» (叶护)، «يانداش ھىراۋۇل» (副使) دېگەن ئەمەل ـ مەنسەپ ناملىرى تىلغا ئېلىنغان. شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىگە تەۋە بىر ئەخلەت ئورىسىدىن نۇرغۇنلىغان ئەرەب يېزىقى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر بايقالغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ساپال بۇيۇم، ياغاچ بۇيۇم ۋە شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى پۇل تېپىلغان[②]. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، توققۇز ساراي قەدىمكى شەھىرى خارابىسىدىن يەنە قارۇشتى يېزىقىدا يېزىلغان بىر دانە ياغاچ تارىشا پۈتۈك تېپىلغان. قارۇشتى يېزىقىنىڭ بايقىلىشى قەشقەر دەريا ۋادىسىنىڭمۇ قەندىھار تىلى ئومۇملاشقان رايونلارنىڭ بىرى ئىكەنلىكى، بۇ ئەتراپتىكى بۇددىزم خارابىلىرىنىڭ تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى مىرەن بۇددىزم خارابىسىگە

[①] ئابدۇقەييۇم خوجا: «بارچۇق يادىكارلىقلىرى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى (ئۇيغۇرچە)، 2005ـ يىللىق 1ـ، 2ـ سان.

[②] مو ىىڭخۋا: «دۆلەت قۇرۇلغاندىن بۇيانقى شىنجاڭ ئارخېئولوگىيەسىدە قولغا كەلگەن مۇھىم نەتىجىلەر»، «مەدەنىيەت يادىكارلىق ـ ئارخېئولوگىيە خىزمىتىنىڭ 30 يىلى (1949 — 1977)»، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى 1979ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 180ـ، 181ـ بەتلەر.

ئوخشاش بولۇپ، دەۋرىنى مىلادىيە 2- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 3- ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە سۈرۈشكە بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغان[①].

سۇلى بەگلىكىدە ئاساسەن ھىنايانا بۇددىزمىنىڭ ساراستىۋىداۋنايا پىرقىسى ئومۇملاشقاندىن سىرت، ماھايانا مەزھىپىمۇ مەۋجۇت ئىدى. كېيىنكىسىنىڭ تارقىلىش دائىرىسى سۇلى بەگلىكىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى يەكەن دەريا ۋادىسى ئىدى. بۇ يەر ماھايانا بۇددىزمى گۈللەنگەن ئۇدۇن بىلەن قوشنا بولغاچقا، بۇ يەردىكى بۇددىزم ئۇدۇننىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانىدى. كوماراجىۋا قەشقەردە ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان مەزگىلدە يەكەن (ساكارائۇل) بەگزادىسى سەنجۇننىڭ ئىنىسى سۈرياسۇمادىن «ئابھىدھارما سۇترا»، «ئوتتۇرا يول تەلىماتى»، «100 تەلىمات»، «ئون ئىككى مەزھەپ تەلىماتى» قاتارلىق ماھايانا نوملىرىنى ئۆگىنىپ ھىنايانادىن ماھايانا تەلىماتىغا ئۆزگىرىشنى تاماملىغان. ئەپسۇسلىنارلىقى، ستەين بىلەن خۇاڭ ۋېنبى كۆپ قېتىم خارابىلەرنى ئىزدىگەن بولسىمۇ، بىرمۇ بۇددا دىنى خارابە ئىزىنى تاپالمىغان. پىراق، خۇاڭ ۋېنبى قاغىلىق رايونىدىن بۇددىزم خارابە ئىزلىرىنى بايقىغان[②].

1929- يىلى 7- ئايدىن 8- ئايغىچە خۇاڭ ۋېنبى يەكەندىكى تەكشۈرۈشنى ئاخىرلاشتۇرۇپ قاغىلىققا بېرىپ، قاغىلىق ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 50 كىلومېتىر كېلىدىغان ئۆشىشارباش يېزىسى تەس كەنتىنىڭ بورشاڭ دېگەن يېرىدە بۇددىزم تاش ئويمىلىرى ۋە مىڭئۆي ئىبادەتخانىسىنى بايقىغان. تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، تاش ئويما ئۇلۇغ ئۆستەڭ دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى ئاق يارداڭلىقتا بولۇپ، قىزىل سىزىقچىلار ئارقىلىق شوتىسىمان پەلەمپەي ھاسىل قىلىنغان، ئېگىزلىكى تەخمىنەن 5 مېتىر كېلىدۇ، ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇۋېتىلگەن

---

①، ② لىن مېيسۈن: «قەشقەر بۇددىزم ئارخېئولوگىيەسى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە)، 1992- يىلى 2- سان، 39-، 40- بەت.

بولۇپ، گۈرجەك بىلەن قىرغان ئىزمۇ بار. شەرقىي تامدا ئۈچ دانە 100 ئولتۇرغان بۇت ھەيكىلىنىڭ قالدۇقى بار. بۇ يەردىن غەربكە چامدامدىن ئارتۇق كېلىدىغان يەردىكى تىك قىيالىقنىڭ ئەڭ ئۈستىدە مالائىكىگە ئوخشايدىغان تاش ئويما بار. بۇرشائىڭنىڭ شەرقىگە 3 چاقىرىم كېلىدىغان يەردە بىر مىڭئۆي بار بولۇپ 100 ئادەم سىغىدىكەن، ئىچىدە پەقەت تاش ئويما قالدۇقلىرىلا قالغان.

خۇاڭ ۋېنبىنىڭ قاغىلىقنىڭ شىمالىدىكى تاغ رايونىدىكى چوڭ بايقىشى چوپان مىڭئۆيى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ مىڭئۆي قاغىلىق ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىگە 115 كىلومېتىر كېلىدىغان چوپان يېزىسىنىڭ چوپان دەريا غەربىي قىرغىقىدىكى يارداڭلىققا جايلاشقان. ھازىر 10 غار ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، خۇاڭ ۋېنبى ئۇنىڭ ئىچىدىكى سەككىزنى تەكشۈرۈپ بىرقانچە پارچە تام رەسىم قالدۇقنى بايقىغان. كېيىنكى تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، بۇ غارلارنىڭ ھەممىسى دىيان غارلىرى بولۇپ، پەقەت بىر ئۆيدىن تەركىب تاپقان، كىۋادرات ياكى تىك تۆتبۇلۇڭ شەكلىدە ئىدى. ئەڭ چوڭ غارنىڭ كۆلىمى 3.9×4.4 مېتىر، ئەڭ كىچىكى پەقەت 2 كىۋادرات مېتىرلا كېلىدۇ. غارنىڭ تۆت تېمى تۈز تەكشى، ئېگىزلىكى 3 — 3.5 مېتىر كېلىدۇ. تورۇس قىسمى ئەگمە شەكىللىك ۋە دۈم كۆمتۈرۈلگەن كۈرە شەكىللىك. ئەڭ ئېگىزدىكى غارنىڭ ئىچىدە قىسمەن تام رەسىم قالدۇقلىرى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، سىنچىلاپ قارىسا بۇتنىڭ ئارقىسىدىكى بەدەن نۇر ھالقىسى ۋە تاغ، دەرەخ قاتارلىق مەنزىرە رەسىملىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ[①].

خۇددى خۇاڭ ۋېنبى پەرەز قىلغاندەك، بورشاڭ بىلەن چوپاندىن ئىبارەت ئىككى يەر خەن دەۋرىدىكى شىيې (西夜)، زىخې (子合)، ھەمدە ۋېي، جىن، سۈي، تاڭ دەۋرىدىكى ۋەسىقىلەردە كۆرۈلگەن جۇجۇپ (朱俱波)، شىجۇبەن (悉居半) ياكى جېجۇجا (斫句迦) غا

① خۇاڭ ۋېنبى: «گوما ۋە قاغىلىقنىڭ تاغ ئارىسىدىكى قەدىمكى خارابىلەر»، «تارىم ئويمانلىقى ئارخېئولوگىيە خاتىرىسى»، پەن نەشرىياتى 1958- يىلى خەنزۇچە نەشرى، 55 — 58- بەتلەر.

تەۋە ئىدى. چوپان دېگەن بۇ يەر نامى ئەينى چاغدىكى جۇجۇپ ياكى شىجۇبەن دېگەنلەرنىڭ باشقىچە ئاتىلىشى ئىدى. بۇ يەردە ئەسلىدىلا مۇستەقىل بىر كىچىك بەگلىك بار بولۇپ، خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدىن تارتىپ ئىزچىل قەشقەر بەگلىكىگە قارام بولۇپ كەلگەن، شۇڭلاشقا بورشاڭ بىلەن چوپان مىڭئۆيى قەشقەردىكى بۇددىزم خارابىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇەنزاڭ «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» نىڭ 12- جىلدىدا جۇجۇپ توغرىسىدا توختىلىپ: «تاغلار بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن ھەمدە يەرنى تاشلار بېسىپ كەتكەن ئىككى دەرياغا يېقىن قالدۇق...... ساگرام — بىھارماللاردىن نەچچە ئونى بار بولۇپ، كۆپ قىسمى ۋەيران بولۇپ كېتىپتۇ. راھىبلاردىن 100دىن ئارتۇقراقى بار، ئۇلار ماھايانا مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىدىكەن» دەيدۇ.[①] بۇ يەردىكى ئىككى دەريا قاغىلىقنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى تىزناپ دەرياسى بىلەن زەرەپشان دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىنى كۆرسىتەتتى. چوپان دەرياسى دەل مۇشۇ ئىككى دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىدى. شۇەنزاڭنىڭ بايانىغا ئاساسلانغاندا، بۇ يەردىكى مىڭئۆي ئىبادەتخانىسى ماھايانا مەزھىپىنىڭ بۇتخانىسى بولۇپ، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە بۇزۇلۇشقا باشلىغان.

يەكەن بىلەن قاغىلىقتىن باشقا، قەشقەرنىڭ يەنە جېچيا، جۇپەنتو دەپ ئاتىلىدىغان مۇھىم بېقىندى بەگلىكى بار ئىدى. بۇ بېقىندى بەگلىكنىڭ ئورنى پامىرنىڭ شەرقىي قىسمىدا بولۇپ، تاشقورغان رايونىدا ئىدى. شەرقىي جىن دەۋرىدىكى راھىب فا شيەن (342 — 423- يىللىرى) غەربكە سەپەر قىلغاندا بۇ يەرنى زىيارەت قىلغان. «فا شيەن-نىڭ تەرجىمىھالى»دا: «جېچيا بەگلىكى تاغلىق، سوغۇق يەر بولۇپ، ئارپىدىن باشقا دانلىق زىرائەت ئۆسمەيدىكەن، راھىبلارنىڭ يازلىق ئىستىقامەتنى ئاخىرلاشقاندا قىرو ۋ چۈشۈپ كېتىدىكەن، شۇڭلاشقا خان

---

① جى شيەنلىن: « (بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى) نىڭ شەرھىيسى» ، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 1985- يىلى خەنزۇچە نەشرى، 999- بەت.

ھەممىشە راھىبلارنىڭ ئارپا پىششىپ، ھاۋا ئىسسىغاندىن كېيىن يازلىق ئىستىقامەت قىلىش خۇسۇسىدا يارلىق چۈشۈرىدىكەن. بۇ ئەلدە بۇددا ھەزرەتىنىڭ بىر دانە تۈكۈرۈك قاچىسى بار بولۇپ، تاشتىن ياسالغانىكەن. قاراشتا بۇتنىڭ پاتراسىدەك قىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، بۇددانىڭ بىر دانە چىشى بار بولۇپ، ئەل ئىچىدىكى خەلق بۇددانىڭ چىشى ئۈچۈن بىر مۇنار (ستۇپا) ياساپتۇ. دۆلەت ئىچىدىكى راھىبلار 1000دىن ئارتۇق بولۇپ، ھەممىسى ھىنايانا مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىدىكەن» دېيىلگەن[1].

«بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» نىڭ 12- جىلدىدا يەنە: «جۇ پەنتو دۆلىتىنىڭ ئايلانمىسى 2000 چاقىرىمدىن كۆپرەك كېلىدىكەن. كەينىدە شىدۇ دەرياسى بار ئىكەن...... تاغ چوققىلىرى بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن بولۇپ، دەريا تىك جىلغىلاردىن ئاقىدىكەن...... ساڭراملار ئوندىن ئارتۇق بولۇپ، راھىبلار 100دىن ئاشىدىكەن. ئۇلار ھىنايانا مەزھىپىنىڭ سارۋاستى ۋىداۋنايا تەلىماتىغا ئېتىقاد قىلىدىكەن» دېيىلگەن[2].

يۇقىرىقى بايانلاردىن شەرقىي جىن سۇلالىسى دەۋرىدىن تاڭ سۇلالىسىغىچە بولغان دەۋردىكى جۇ پەنتو بەگلىكى بۇددىزمىنىڭ گۈللىنىپ، خارابلىشىش ئەھۋالىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. تاڭ شۆەنزاڭ بۇ يەرنى زىيارەت قىلغاندا پەقەت ئونلا ئىبادەتخانا بار ئىدى. 1913- يىلى 4- ئايدا ستەيىن تاشقورغاندا تەكشۈرۈشتە بولغاندا، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىرسىنى بايقىغان. ئۇ تاشقورغان دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى توغلونشاھ بوستانلىقىنىڭ «جاھانگىر گۈمبەز» دەپ ئاتىلىدىغان بىر يېرىدىن بىر دانە قەدىمكى سۇغىرىش ئۆستىڭى خارابىسىنى بايقىغان. بۇ ئۆستەڭنىڭ ئىككى قىرغىقىغا قەدىمكى ئۆي خارابىلىرى،

---

① لىن مېيسۈن: «قەشقەر بۇددىزم ئارخېئولوگىيەسى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە)، 1992- يىلى 2- سان، 40- بەتتىكى نەقىل.

② جى شيەنلىن: «‹بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى› نىڭ شەرھىيسى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 1985- يىلى خەنزۇچە نەشرى، 997- بەت.

قەبرىستانلىق تارقالغان. كۆڭۈل بۆلۈشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئۆستەڭنىڭ شەرقىي قىرغىقىدا ئىككى بۇددا مۇنارى بار ئىكەن. بۇنىڭ بىرىنچىسى ئاللىقاچان گۇمۇرۇلۇپ چۈشكەن بولۇپ، توپا دۆۋىسى ھالىتىگە كېلىپ قالغانىكەن. دىيامېتىرى 21 مېتىر، ئېگىزلىكى 9 مېتىر كېلىدىكەن. بۇ مۇنارنىڭ قۇرۇلمىسى قەشقەرنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى قورغان تىم بۇددا مۇنارى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدىكەن. بۇ مۇنارنىڭ شىمالىغا 18 مېتىر كېلىدىغان يەردە يەنە بىر كىچىك مۇنار بار ئىكەن. مۇنار ھازىر پۈتۈنلەي گۇمۇرۇلۇپ چۈشكەن. قالدۇق ئېگىزلىكى 2.4 مېتىر كېلىدۇ. مۇنار ئۇلىنىڭ دائىرىسى 3×4.5 مېتىر كېلىدۇ. بۇ بۇددا مۇنارىنىڭ غەربىي شىمالىغا 144 مېتىر كېلىدىغان يەردە تىك تۆتبۇلۇڭ شەكىلدىكى تۇرالغۇ ئۆي خارابىسى بار بولۇپ، دائىرىسى 24.9×57.9 مېتىر كېلىدۇ. ستەين بۇ يەرنى قازمىغان بولسىمۇ، بىراق ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان خارابىلىكتىن بۇلارنىڭ شەك - شۈبھىسىزكى، قەدىمكى بۇددا ئىبادەتخانىسى تىپىدىكى قۇرۇلۇش ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش ئانچە قىيىن ئەمەس[①].

تاشقورغان رايونىدا ساقلىنىپ قالغان بۇددىزم خارابىلىرى ئانچە كۆپ ئەمەس، ئەجەبا قەشقەرنىڭ غەربىدىكى جۇپەنتۇدىكى ئىبادەتخانىلار راستتىنلا پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىۋېتىلگەنمىدۇ؟ «لوياڭ ساڭرامى خاتىرىسى»، 5- جىلدىدىكى «سۇڭيۈن خاتىرىسى» دىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن خاتىرىلەرگە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. ئەسەردە:

8- ئاينىڭ باشلىرىدا جۇپەنتو زېمىنىغا كىردۇق. غەربكە قاراپ ئالتە كۈن مېڭىپ، پامىر تېغىغا چىقتۇق. يەنە غەربكە قاراپ ئۈچ كۈن

---

① ستەين: «مەركىزىي ئاسىيا»، ئوكسفورد، 1929- يىلى ئىنگلىزچە نەشرى، 57 — 65- بەتلەر.

لىن مېيسۈن: «قەشقەر بۇددىزم ئارخېئولوگىيەسى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە)، 1992- يىلى 2- سان، 40 ـ، 41- بەتتىكى نەقىل.

ماگغاندىن كېيىن ۋاخان شەھىرىگە يەنى بويۇ (钵盂城) شەھىرىگە يەتتۇق. ئۈچ كۈن يول يۈرۈپ بۈكۈيا تېغىغا كەلدۇق، بۇ يەر ناھايىتى سوغۇق بولۇپ، قىش ـ ياز قار ئۆكسۈمەيدىكەن. تاغ ئىچىدە بىر كۆل بار بولۇپ، زەھەرلىك ئەجدىھانىڭ تۇرار جايى ئىكەن...... پامىردىن تارتىپ بارا ـ بارا ئېگىزلەپ بارىدىكەن...... جۇڭپەنتو بەگلىكى دەل تاغ چوققىسىدا ئىكەن[1] دېيىلگەن.

زەھەرلىك ئەجدىھا كۆل ئېنىقكى «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» 12 ـ جىلدىدا بايان قىلىنغان پامىر چوققىسىدىكى «چوڭ ئەجدىھا كۆلى»، ھازىرقى پامىر سارىقول كۆلى ئىدى. بۈكۈيا تېغى ھازىرقى ئارچۇر تېغىنى كۆرسىتەتتى. پامىر چوققىسى بولسا ۋاخان چوققىسى ئىدى، بۇ يەردىكى بويۇ شەھىرى چوقۇم تاشقورغاننىڭ غەربىدىكى ۋاخان جىلغىسىدىكى نامەلۇم شەھەرنى كۆرسىتەتتى. قەدىمكى قەشقەرنىڭ غەربىي جەنۇب چېگراسىدىكى جۇڭپەنتو ۋاخان جىلغىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى[2]. 1904 ـ يىلى ستەين ۋاخان جىلغىسىدىكى كەنىبىردا قەدىمكى بىر قورغان خارابىسىنى بايقىغان. ئۇنىڭ تەكشۈرۈشىگە ئاساسلانغاندا، ئۇنىڭ قۇرۇلۇش ئۇسۇلى ۋە قۇرۇلمىسى تارىم ئويمانلىقى ھەمدە دۇنخۇاڭدا كۆرۈلگەن قەدىمكى قورغانلار بىلەن ئوخشايدۇ. ئۇ بۇنىڭ تۇبۇتلەر ياكى گاۋ شيەنجى غەربكە يۈرۈش قىلغاندا قۇرغان بولۇشى مۇمكىن دەپ گۇمانلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ جۇڭپەنتو قەلئەسىدىكى بويۇ شەھىرى بولۇشى مۇمكىن. ستەين كەنىبىرا شەھەر قۇرۇلۇشىنىڭ يېقىن ئەتراپىدىن بۇددىزم خارابىسىنى بايقاپ، ئۇنى «كارۋان بالاس بۇددا مۇنارى» دەپ ئاتايدۇ. بۇ خارابە ئىزى كىچىك پامىردىكى بوجاقۇمبازىنىڭ يېقىن ئەتراپىدا ئىدى. بۇ فا شيەن، سۇڭيۈن ۋە شۈەنزاڭلار زىيارەت قىلغان جۇڭپەنتو ئىبادەتخانىسى ياكى مۇشۇ ئەتراپتىكى خارابىلەر بولۇشى مۇمكىن. ستەيننىڭ

---

[1]، [2] لىن مېيسۈن: «قەشقەر بۇددىزم ئارخېئولوگىيەسى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە)، 1992 ـ يىلى 2 ـ سان، 41 ـ بەت.

تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، بۇ مۇنارنى 3 مېتىر يەردىن كۆرگىلى بولىدۇ. ئۈچ قەۋەتلىك بولۇپ، ھەربىر قەۋىتى 1 مېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ. بۇنىڭغا ئوخشاش بۇددا مۇنارىدىن ھىندىقۇش تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ھونزا جىلغىسىدىكى تول بوددا مۇنارى بار، كارۋان بالاس دېگەن يەردە يەنە بىر بۇددا ئىبادەتخانا خارابىسى بار. بۇ قۇرۇلمىسى تىپىك قەندىھار ئۇسلۇبىدىكى ئىبادەتخانا ئىدى. ستەين ئۇنى «كونا تاڭنامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە خاتىرىلەنگەن گاۋ شيەنجى كىچىك بولۇرغا ھۇجۇم قىلغاندا بېسىپ ئۆتكەن «قىزىل بۇتخانا» (赤佛堂) بولۇشى مۇمكىن دەپ گۇمان قىلىدۇ①. ئەمەلىيەتتە بۇ ئىبادەتخانا خەن پەنتو بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنىڭ بىرى بولۇشى مۇمكىن.

يۇقىرىدا بايان قىلغانلارنى خۇلاسىلىگەندە، قەدىمكى قەشقەر بەگلىكى دائىرىسى ئىچىدە بايقالغان بۇددىزم خارابىسى جەمئىي 19 ئورۇن بولۇپ، ئۇنىڭ يېرىمى سۇلى بەگلىكىنىڭ غەربىي چېگراسى بولغان قەشقەر ۋە ئاتۇشنىڭ يېقىن ئەتراپىدا ئىدى. ئۇلار:

1. قورغان تىم خارابىسى؛
2. قىزىل دۆۋە خارابىسى؛
3. كىچىك دۆۋە خارابىسى؛
4. توپا تىم خارابىسى؛
5. مورا تىم خارابىسى؛
6. قاغانىنىڭ شەھىرى خارابىسى؛
7. ئۈچ مېرۋان مىڭئۆيى؛
8. دۇلدۇل ئوقۇر خارابىسى؛
9. قوشتۇگمەن خارابىسى؛
10. ھەزرىتى موللام تېغى خارابىسى.

---

① ستەين: «سېرىندىيا»، ئوكسفورد، 1921- يىلى، ئىنگلىزچە نەشرى، 69 — 72- بەتلەر.

لىن مېيسۇن: «قەشقەر بۇددىزم ئارخېئولوگىيەسى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە)، 1992- يىلى 2- سان، 41- بەتتىكى نەقىل.

تـۆت خارابىلىـك قەشـقەرنىڭ شـەرقىدىكى مارالبېشى ئەتراپىغـا جايلاشقان:

1. تۇمشۇق ئىبادەتخانا توپى؛

2. توققۇز ساراي شەھىرى غەرب ئىبادەتخانا توپى؛

3. توققۇز ساراي شەھەر ئىچى ئىبادەتخانا توپى؛

4. لەلىتاغ ئىبادەتخانا خارابىسى.

ئۈچ خارابە ئىزى سۇلىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى يەكەن، قاغىلىق ئەتراپىغا تارقالغان:

1. بايدۆۋە خارابىسى؛

2. بورشاڭ مىڭئۆيى ۋە تاغ قىياسىغا ئويۇلغان تاش ئويما؛

3. چوپان مىڭئۆيى.

قالغان ئىككىسى سۇلىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى تاشقورغان بىلەن ۋاخاندا ئىدى:

1. جاھانگىر گۇمبەز ئىبادەتخانىسى؛

2. كارۋان بالاس ئىبادەتخانا خارابىسىدىن ئىبارەت[①].

بۇ خارابىلىكلەرنىڭ يىل ـ دەۋرى توغرىسىدا ئىلىم ساھەسىدە تالاش ـ تارتىش بار. فىرانسىيەلىك ئالىم لوئىس ھامبىس مارالبېشى ئەتراپىدىكى بۇددا ئىبادەتخانا خارابىسىنىڭ يىل ـ دەۋرىنى مىلادىيە 4 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا تەۋە دەپ قارايدۇ. گېرمانىيەلىك ئالىم لېكوك بىر قىسىم خارابىلەرنى خەن سۇلالىسى دەۋرىگە يەنى مىلادىيە 2 ـ ئەسىرگە تەۋە بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايدۇ. تۇمشۇق خارابىسىدىن ئارقا ـ ئارقىدىن تېپىلغان قارۇشتى يېزىقىدىكى ھۆججەتلەردىن قارىغاندا، بۇ خارابىلىك ھەقىقەتەنمۇ تارىم ئويمانلىقىدىكى ئەڭ قەدىمكى بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنىڭ بىرسى، ئۇنىڭ يىل ـ دەۋرى مىلادىيە 3 ـ ئەسىردىن بۇرۇن بولۇشى مۇمكىن. بىراق، نۆۋەتتە قەشقەر

---

① لىن مېيسۇن: «قەشقەر بۇددىزىم ئارخېئولوگىيەسى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە)، 1992 ـ يىلى 2 ـ سان، 41 ـ بەت.

تەۋەسىدە مىلادىيە 2- ئەسىرگە ئائىت بۇددىزم خارابىلىرىنىڭ ھەققىي مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلايدىغان ئاساس يوق. توققۇز ساراي ئىبادەتخانا خارابە توپىدىن ئەرەب يېزىقىدىكى ھۆججەت، قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ھۆججەتلىرى، شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى پۇللىرىنىڭ بايقىلىشى قەشقەر بۇددىزم سەنئىتىنىڭ ئۇزاققىچە داۋام قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ۋېي، چىن، سۇي، تاڭ يازما يادىكارلىقلىرىدا ئومۇمەن قەشقەرلىكلەرنى ھىنايانا بۇددىزمنىڭ سارۋاستى ۋىداۋنايا تەلىماتىغا ئېتىقاد قىلىدۇ دېيىلگەن، قەشقەر تەۋەسىدىن تېپىلغان قەشقەر تىلىدا يېزىلغان «كارماۋاچانا سۇترا»، «مىلانىدانىڭ يارالمىش ھېكايىسى» ھەمدە سانسكرىت تىلىدىكى «ئۇزۇن ئاگاما»، «ئودانا ۋارگا» (法集要颂) قاتارلىقلار بۇنى تامامەن ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ. بۇددا دىنىغا ۋارىسلىق قىلىش جەھەتتە قەشقەر بۇددىزمىنىڭ قەندىھار ھەمدە شىمالىي ھىندىستاندىكى كۇسەن بۇددىزمى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ناھايىتى قويۇق. لېكىن، قەشقەر ماھايانا بۇددىزمىنى چەتكە قاقمىغان، بەگلىكنىڭ شەرقىي شىمالى چېگراسىدىكى زەرەپشان دەريا ۋادىسىدىكى يەكەن بىلەن قاغىلىق رايونىدا ماھايانا بۇددىزمىنىڭ ئومۇملىششى قوشنا دۆلەت ئۇدۇن بۇددىزمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن بولغان بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا قەشقەردە يەنە بۇددا دىنىنىڭ مەخپىي دىن مەزھىپىمۇ تارقالغان. پېترووۋسكىي قەشقەرنىڭ يېقىن ئەتراپىدىن سېتىۋالغان «ماھاما ئۇرىيا راجا سۇترا» نىڭ پارچىلىرى دەل مەخپىي دىن مەزھىپىنىڭ دەستۇرلىرىدىن بىرى ئىدى. ئىلگىرى تەتقىقاتلاردا كىشىلەر قەشقەر بۇددىزمىنىڭ يۇنانلاشقان باكتىرىيە سەنئىتى، قەندىھار سەنئىتى ھەمدە خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى ئىسپاتلىغان[①].

---

① لىن مېيسۇن: «قەشقەر بۇددىزم ئارخېئولوگىيەسى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە)، 1992- يىلى 2- سان، 41- بەت.

ئومۇمەن، قەشقەردىكى بۇددىزم خارابىلىرى كىشىلەرگە قەدىمكى قەشقەرنىڭ ئىجتىمائىي كارتىنىسىنى كۆرسىتىپ بەردى. شۇنداقلا قەشقەر بۇددىزم مەدەنىيىتىنىڭ ئېلىمىزنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا تۇتقان ئورنىنى قايتا تونۇتتى. قەشقەرنىڭ بۇددىزم دەۋرىدىكى مەدەنىيىتىنىڭ تەپسىلاتى ۋە ئەھمىيىتى قەشقەر ئارخېئولوگىيەسىدىكى بايقاش ۋە تەتقىقاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ تېخىمۇ سىستېمىلىق ھالدا كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولغۇسى.

## 2. قەشقەرنىڭ بۇددىزم دەۋرىدىكى ئىز - خارابىلەرنى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش

### «ئۈچ بۇرھان بۇددا مىڭئۆيى»

«ئۈچ بۇرھان بۇددا مىڭئۆيى» 4 — 8- ئەسىرلەردىكى سۇلى بەگلىكىنىڭ بۇددا ئىبادەتخانىسى. قەشقەر شەھىرىنىڭ 18 كىلومېتىر شىمالىغا، چاقماق دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى تىك يار تۈۋىگە جايلاشقان، يەنى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيەسىنىڭ خاڭدى يېزىسى تەۋەسىدىكى خوماتاغ تىزمىسىنىڭ چاقماق دەرياسى يۈزىدىن 10 — 13 غۇلاچ ئېگىزلىكتىكى (20 — 25 گەز كېلىدۇ) دەريا قېشىغا ئورۇنلاشقان. ئۈچ غار قاتار تىزىلغان بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 11 مېتىر كېلىدۇ. ئوتتۇرىدىكى غارنىڭ ئىككى تېمىغا ئايرىم - ئايرىم ئىشىك ئويۇش ئارقىلىق ئۈچ غار بىر گەۋدە قىلىپ تۇتاشتۇرۇلغان. غارلارنىڭ قۇرۇلمىسى ئالدى - كەينى ھوجرىلىق بولۇپ، ئالدى ھوجرىنىڭ ئارقا تېمىدىن ئىشىك ئېچىپ كەينى ھوجرىغا تۇتاشتۇرۇلغان. ئوتتۇرىسىدىكى غارنىڭ كەينى ھوجرىسىدىكى جەنۇبىي تېمىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا تاشتىن ئويۇلغان ساكيامۇنىنىڭ ھەيكىلى تۇرغۇزۇلغان، ھەيكەلنىڭ قالدۇق ئېگىزلىكى 2.1 مېتىر كېلىدۇ. شەرقىي ۋە غەربىي غارنىڭ ئالدى ھوجرىسىنىڭ ئىككى تېمىدا ئايرىم - ئايرىم بۇت تەكچىسى بار. غار ئىچىدە تام رەسىملىرىمۇ ساقلىنىپ قالغان. شەرقىي تەرەپتىكى غارنىڭ

ئالدى ئەگمە توروۋسىننىڭ دەل ئوتتۇرىسىدىكى كۆكۈچ رەڭلىك چاسا رامكا ئىچىگە يۇلتۇز، ئاي قاتارلىق ئاسمان جىسىملىرىنىڭ رەسىملىرى، رامكىنىڭ چۆرىسىگە تۆت دانە يېرىم چەمبەر سىزىلىپ، بۇلارنىڭ ئارىسىغا ئاق نۇر ئايلاندۇرۇپ سىزىلغان. يېرىم چەمبەرنىڭ ئەتراپىغا ئولتۇرغان ياكى ئۆرە تۇرغان بۇتتىن 14ى سىزىلغان. كەينىدىكى ھۇجرىنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي تېمى، ئىشىك ماڭلاي ياغىچى بىلەن ئىشىكنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تاملارغا بىردىن بۇددا، ئىككىدىن بودساتۋا سىزىلغان. ئوتتۇرا غارنىڭ ئالدى ھۇجرىسىنىڭ تېمىدا بۇددانىڭ قويۇق رەڭ بىلەن سىزىلغان باش نۇرى، گەجگە نۇرى ۋە بەدەن نۇرى بار. تام رەسىملىرىگە رەڭ بېرىشتە سۇس رەڭ ئاساس قىلىنغان. رەسىملەرنىڭ بەدىئىي تۈزۈلۈشى ئاددىي، ئۆزگىرىشى ئاز بولۇپ، دەسلەپكى مەزگىلدىكى بۇددىزىم تام رەسىملىرى ئۇسلۇبىغا ئىگە[①]. ئۇ ئېلىمىزنىڭ ئەڭ غەربىدىكى تارىخى ئۇزاق تاش كېمىرلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

بۇ مىڭئۆينىڭ نامى ھەر خىل تارىخىي ماتېرىياللاردا ئوخشاش بولمىغان ھالدا ئۇچرايدۇ، يەرلىك خەلقلەرمۇ ئوخشاش بولمىغانناملار بىلەن ئاتايدۇ. مەسىلەن، بۇ مىڭئۆي «ئۈچ مېرۋان»، «ئۈچ نىرۋان»، «ئۈچ بۇرھان بۇددا مىڭئۆيى»، «توققۇز ھۇجرا»، «توققۇز ھۇجرا مىڭئۆيى»، «توققۇز ھۇجرا بۇددا مىڭئۆيى»، «ئۈچ نىرۋان مىڭئۆيى»، «ئۈچ نىرۋان بۇددا مىڭئۆيى»، «ئۈچ بۇرھان» («بۇرھان — بۇت»، «تۈركىي تىللار دىۋانى»، I توم، 567 ـ بەت) دېيىشسە، خەنزۇچە ماتېرىياللاردا «سەنشيەندۇڭ، يەنى ئۈچ پەرىزات كېمىرلىرى» دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتىغان.

قەشقەر ۋىلايىتىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش-باشقۇرۇش ئورنىدىكى خادىملارنىڭ 80 ـ يىللاردىكى تەكشۈرۈش خاتىرىسىگە قارىغاندا، بۇ مىڭئۆي خارابىسىدە خىرە ساقلىنىپ قالغان

---

① ئادىل مۇھەممەت تۇران: «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق جەۋھەرلىرى»، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى 2006 ـ يىلى 5 ـ ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى.

بىر بۇت رەسىمىنىڭ ئۇچىسىدىكى كاتەكچە كاسايا (يىپ بىلەن زەر بىللە توقۇلىدىغان بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بۇرھانلارنىڭ يەڭسىز تونى)نى مۇتەخەسسىسلەر بۇددا دىنىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە، بۇت رەسىملىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىمۇ جۇڭگودا كەم ئۇچرايدۇ دەپ قاراشقان. «جۇڭگو يىپەك يولى لۇغىتى»دە مۇنداق قەيت قىلىنغان: «ئۇچ بۇرھان بۇددا مىڭئۆيى ئېلىمىزنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئەڭ قەدىمكى بۇددا دىنى خارابىسى بولۇپ، تەخمىنەن شەرقىي خەن دەۋرىدە قېزىلغان...... ئوتتۇرىدىكى كېمىرنىڭ ئىچىدە ھەر خىل يېزىقتىكى خاتىرىلەر بار، خەنزۇچە خاتىرىلەرنىڭ كۆپىنچىسى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە تەۋە، يات ئەل يېزىقىدىكى خاتىرىلەر رۇسچە، نېمىسچە، ئىنگلىزچە، ياپونچە پۈتۈلگەن. ئوڭ ياندىكى كېمىردە ھېچنېمە كۆرۈنمەيدۇ»[1].

ھازىر ئۆڭكۈردىكى تام رەسىملىرىنىڭ نۇسخىلىرىنى ئېنىق كۆرگىلى بولمايدۇ، شۇنداقتىمۇ بۇ كېمىرلەرنىڭ ياسىلىشى، ئالاھىدىلىكى ھەم ساقلىنىپ قالغان تام رەسىملىرىنىڭ بەدىئىي خۇسۇسىيەتلىرىدىن قەدىمكى قەشقەر سەنئەتكارلىرىنىڭ ئىجادىيەت ئىندىۋىدۇئاللىقى، دەۋر ئالاھىدىلىكىنى مۇتالىئە قىلىپ بىلگىلى بولىدۇ. بۇددا كېمىرلىرى ئىشلىتىلىش ئالاھىدىلىكىگە قاراپ قۇرۇلما شەكلى جەھەتتىن ئىككى خىلغا بۆلۈنەتتى. بۇنىڭ بىر خىلى قەدىمدە «چايتيا» دېيىلەتتى. بۇنداق كېمىرلەرنىڭ تۈۋرۈك (قازغاندا قالدۇرۇپ قويۇلغان تەبىئىي تۈۋرۈكلەر) ئەتراپىدا ئايلانما ئايۋانلار بار، بۇ ئىبادەت قىلغۇچىلار ئۈچۈن تەييارلانغان كېمىرلەر بولاتتى. يەنە بىر خىلى «ۋىخارا» دېيىلەتتى. بۇنداق كېمىرلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۈۋرۈك يوق، بەزىلىرى سوزۇنچاق، بەزىلىرى چاسا بولاتتى. بۇ شەكىلدىكى كېمىرلەر ئاساسەن دەرسخانا، ئېتىكاپخانا قىلىپ ئىشلىتىش ئۈچۈن ھەم راھىبلارنىڭ يېتىپ - قوپۇشى ئۈچۈن تەييارلانغان بولاتتى. بىز بۇ ئەنئەنىگە ئاساسەن، «ئۇچ

[1] شۆلى قاتارلىقلار تۈزگەن «جۇڭگو يىپەك يولى لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1994- يىلى 10- ئاي خەنزۇچە نەشرى، 180- بەت.

بۇرھان بۇددا مىڭئۆيى»نى ئىلمىي ھالدا بۇددا كېمىرىنىڭ «چايتىيا» خىلىغا كىرىدۇ دېيەلەيمىز. ئەمما، بۇ تارىخىي مەدەنىيەت مەسىلىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ[1].

«ئۈچ بۇرھان بۇددا مىڭئۆيى» ھەققىدە جۇڭگونىڭ قەدىمكى كىتابلىرىدا خاتىرىلەر تېپىلمايدۇ. بىراق، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدىن باشلاپ ئىلمىز ئالىملىرى بۇ مىڭئۆي توغرىسىدا ئىزدىنىشكە باشلىغان ھەمدە بۇ مىڭئۆينىڭ ياسالغان يىل - دەۋرى بىلەن مىڭئۆي تام رەسىملىرىنىڭ مەزمۇنى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش نەتىجىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇلارنىڭ قارىشىچە: «ئۈچ بۇرھان بۇددا مىڭئۆيىنىڭ ياسالغان ۋاقتى قەشقەر رايونىغا بۇددىزمنىڭ تارقالغان دەسلەپكى چاغلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، خەن دەۋرىگە توغرا كېلىدىكەن، ئۇنىڭ بىرىنچى قەۋىتى (ئەڭ دەسلەپكى قەۋىتى)دە ساقلىنىپ قالغان رەسىملىرى شىنجاڭ رايونىدىكى ئەڭ ئىپتىدائىي مىللىي ئۇسلۇبتىكى سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدىكەن. بۇ مىڭئۆي تەخمىنەن مىلادىيە 10 - ئەسىرلەردە قەشقەرگە ئىسلام دىنى تارقىلىپ كىرگەندىن كېيىن خاراب بولغانىكەن»[2].

«ئۈچ بۇرھان بۇددا مىڭئۆيى» خارابىسى ھەققىدىكى تۇنجى مەلۇمات ياۋروپالىق ئېكسپېدىتسىيەچىلەردىن رۇسىيەلىك پېتروۋسكىينىڭ مەلۇماتىدا ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭ بۇ توغرىدىكى بايانى 1903 - يىلى رۇسىيە ئىمپېرىيەسى ئارخېئولوگىيە جەمئىيىتى شەرقشۇناسلىق بۆلۈمىنىڭ «ماقالىلەر توپلىمى»دا «قەشقەرنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى بىر بۇددىزم

---

[1] مۇھەممەت رەھىم ھاجى تۇرسۇن: «قەشقەردىكى قەدىمكى بۇددىزم دىنى مەدەنىيىتىنىڭ قىممەتلىك يادنامىسى — «ئۈچ بۇرھان بۇددا مىڭئۆيى» خارابىسى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژۇرنىلى (ئۇيغۇرچە)، 2004 - يىللىق 2 - سان، 70 - بەت.

[2] لى يۇچۈن: «شىنجاڭدىكى ئۈچ بۇرھان بۇددا مىڭئۆيىنىڭ قېزىلغان ۋاقتى ۋە رەسىملىرىنىڭ مەزمۇنى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش»، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە)، 1982 - يىللىق 4 - سان، 16 -، 17 - بەتلەر.

خارابىسى» دېگەن تېمىدا ئېلان قىلىنغان. يەنە بۇ مىڭئۆينىڭ سۈرىتى بىلەن بىر پارچە تەكشىلىك خەرىتىسى ماقالىنىڭ ئارقىسىغا قوشۇمچە قىلىنغان. پېتروۋسكىي ئەپەندىنىڭ بايانلىرى ئۇنىڭ كازاك قوغداش ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى تەمىنلىگەن ماتېرىيالنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ئۇلار تاغنىڭ ئۈستىدىن بىر دانە ئارغامچا شوتىنى تاشلاش ئارقىلىق بۇ مىڭئۆي غارلىرىغا كىرگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككىنچى بولۇپ بارتوس ئەپەندىمۇ ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن بۇ مىڭئۆي غارلىرىغا سىيرىلىپ چۈشكەن. 1905- يىلى گرۈنۋېدېل باشچىلىقىدىكى گېرمانىيە ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى بۇ مىڭئۆي خارابىسىنى تەكشۈرگەندە، يەنە ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن بۇ مىڭئۆي غارلىرىغا كىرگەن. كېيىن سىتەين بۇ يەرگە كەلگەن، بىراق ئۇ مىڭئۆي غارلىرىغا كىرمىگەن. 1906- يىلى ئاۋغۇستتا فىرانسىيەلىك پېللىئوت بۇ ئورۇننى خەرىتىگە چۈشۈرگەن ۋە مىڭئۆي غارلىرىغا كىرىپ تەپسىلىي تەكشۈرگەن[①]. 1909- يىلى ئىيۇندا ياپونىيە دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ ئوفىتسېرى جۇ رۇيچاۋ، قۇرۇقلۇق ئارمىيەسىنىڭ ئوفىتسېرى سۇنزۇڭ سەنلاڭ قاتارلىقلار قەشقەردە ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشلىرىدە بۇ كېمىرنى تەكشۈرگەن، ئۇڭكۈر تاملىرىغا ئىسىملىرىنى يېزىشنى ھەرگىز ئۇنتۇمىغان. 1915- يىلى ماي ئايلىرىدا ئەنگلىيە تەۋەلىكىدىكى ۋېنگرىيەلىك ئاۋرېل ستەين ئۈچىنچى قېتىملىق مەركىزىي ئاسىياغا قىلغان سەپىرىدە بۇ مىڭئۆينى تەكشۈرۈپ خەرىتىگە ئالغان. 1928- يىلى ئېلىمىزنىڭ مەشھۇر ئارخېئولوگى خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى بۇ كېمىرنى تەكشۈرۈپ خاتىرىگە ئالغان.

«ئۈچ بۇرھان بۇددا مىڭئۆيى»نى تەكشۈرگەن يۇقىرىدىكى ئارخېئولوگ، ئېكسپېدىتسىيەچىلەر ئىچىدە پائۇل پېللىئوتنىڭ تەكشۈرۈشى بىرقەدەر سىستېمىلىق ھەم تەپسىلىي ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ «ئۈچ بۇرھان بۇددا مىڭئۆيى» ھەققىدىكى خاتىرىلىرى

① پائۇل پېللىئوت: «پائۇل پېللىئوتنىڭ غەربىي يۇرت ئېكسپېدىتسىيە خاتىرىسى»، يۇننەن خەلق نەشرىياتى 2001- يىلى 10- ئاي خەنزۇچە نەشرى، 206- بەت.

بىزنى بۇ مىڭئۆي ھەققىدە قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ. پائول پېللىئوت «ئۈچ بۇرھان بۇددا مىڭئۆيى»نى تەكشۈرگەندىن كېيىن، بۇ مىڭئۆينىڭ ساقلىنىشى ھەققىدە تەپسىلىي خاتىرە قالدۇرغاندىن باشقا يەنە مىڭئۆيگە ئالاقىدار بولغان بىر قىسىم رىۋايەت ۋە يازما يادىكارلىقلار توغرىسىدا مەلۇمات بەرگەن:

...... مەن شۇنى قوشۇمچە قىلىپ ئۆتەيكى، تاملىرى ھاكلانغان غارلارغا سەيياھلارنىڭ بېغىشلىمىسى يېزىلغان بولۇپ، بېغىشلىمىلاردا خەنزۇ، موڭغۇل ۋە تۈركلەرنىڭ نامى تىلغا ئېلىنغان. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ زىيارەت ئەھۋالىنى تامغا بېغىشلىما شەكلىدە يېزىپ قويۇشقان. غار قۇيقۇرۇق بولۇپ، ئۇنىڭدا ساقلانغان نەرسە پەقەت بەش دانە ئوقيا ئوقى ۋە ئىككى دانە 1815 - يىلى غارنى قايتا رېمونت قىلغانلىقنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن تۇرغۇزۇلغان ياغاچ تارىشا پۈتۈك قاتارلىق نەرسە بولۇپ، بۇلارنى پېتروۋسكىينىڭ قوغداش ئەترىتى ئېلىپ كەتكەن. بۇلاردىن باشقا، بۇ يەر يىغىپ ساقلىغۇچىلارنى ئۆزىگە شۇنچىۋالا جەلپ قىلىسمۇ، لېكىن بۇ يەرگە كېلىپ - كەتكەن ئادەملەر كۆپ بولغاچقا، بىرنەرسە تېپىۋېلىش ئۈمىدى يوق ئىدى. ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى، بۇ بېغىشلىمىلارنى يازغان سەيياھلارنىڭ بەزىلىرى تاغدىن چۈشۈشتە پەقەت بىر تاللا ئارغامچا ئىشلەتكەن.

بۇنىڭدىن باشقا، «ئۈچ بۇرھان بۇددا مىڭئۆيى» غارىغا كېلىپ زىيارەت قىلغانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئېتىقادى ئوخشاش ئەمەس ئىدى. خەنزۇ ۋە مانجۇلاردىن باشقا، قالغانلارنىڭ كۆپ قىسمى لەشكەرلەر بولۇپ، بېغىشلىمىدا ئۆزلىرىنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ «بۇددا»دىن ئۆزلىرىنىڭ چەت رايوندىكى زىيارىتىنىڭ ئەمىنلىك بولۇشىنى تىلىگەن. مۇسۇلمانلار بولسا بۇددىستلار چوقۇنىدىغان ھەيكەلنى بۇزغاندا ئۆزلىرىنىڭ تەقۋادارلىق بىلەن ياخشى ئىش قىلغانلىقىنى يازغان. «ئۈچ بۇرھان بۇددا مىڭئۆيى» دىكى تام رەسىم ۋە ھەيكەللەرنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان ۋاقتىنى مۇسۇلمانلارنىڭ گۈللەنگەن دەۋرىگە مەنسۇپ دەپ قاراشقا بولىدۇ. شەك - شۈبھىسىزكى، ياقۇپبەگ ئۆز كونتروللۇقىدىكى رايونلاردا مازار، قورغان ياكى بازارلارنى قۇرغاندا، بۇ

يەر بۇزغۇنچىلىقتا ئۆچرىغان، بىراق ئارخېئولوگىيە نۇقتىسىدىن بۇ خىل بۇزغۇنچىلىقنىڭ قانچىلىك چوڭ بولغانلىقى خۇسۇسىدا بىرنېمە دېمەك تەس. شەك ـ شۈبھىسىزكى، غاردا ساقلىنىپ قالغان تام رەسىملىرى كېيىنكى دەۋرلەرگە مەنسۇپ ئىدى. بىز 50 يىل بۇرۇن كەلسەكمۇ ئۇ يەنىلا شۇنداق ھالەتتە بولۇپ، كۆپ نەتىجىگە ئېرىشەلمەيتتۇق. «ئۈچ بۇرھان بۇددا مىڭئۆيى»نىڭ 1815 ـ يىلى قايتا رېمونت قىلىنغانلىقىنى پېتروۋىسكىي سانكىت پېتېربۇرگقا ئەۋەتىپ بەرگەن ياغاچ تاختاي ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ. بىراق، بۇ قېتىمقى رېمونت قىلىش (قايتا ئۆزگەرتىش) ئومۇميۈزلۈك بولماستىن، پەقەت بىر قىسمىغىلا قارىتا ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىلغان. بۇ تاختاي پۈتۈن غارنىڭ دەۋرىگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. چۈنكى، كاكىل ئۈستىدە تېخىمۇ قەدىمكى دەۋردە يېزىلغان بېغىشلىما بار. لېكىن، مەن كۆچۈرۈۋالغان بېغىشلىمىلارنىڭ ھېچقايسىسى 1788 ـ يىلىدىن بۇرۇنقى دەۋرگە تەئەللۇق ئەمەس. ھېس قىلىشىمچە، ھازىر بىز كۆرۈۋاتقان تام رەسىمى چيەنلۇڭ خان 18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شىنجاڭنى قايتىدىن تىنچىتقاندىن كېيىن سىزىلغاندەك قىلىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، مەن 18 ـ ئەسىردىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكلەردە غار قازمىغان دەپ قارايمەن. ئۇلار پەقەت 10 ـ ئەسىردىن ئىلگىرى يەنى مۇسۇلمانلار مىڭئۆيگە سىزىلغان بۇتقا چوقۇنىدىغان بۇددىستلاردىن غالىب كېلىشتىن بۇرۇنقى ساگرامنى قايتىدىن بېزەشتۇرگەن.

بۇ يەردە ئۈچ بۇرھان بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر رىۋايەت تارقالغانىكەن. بۇرۇنقى زاماندا قەشقەرگە بىر دىنسىز پادىشاھ ھۆكۈمرانلىق قىلىدىكەن. ئۇنىڭ ئايالى بىر قىز تۇغۇپتۇ. دانىشمەنلەر ئۇنى يىلان چېقىۋېلىپ ئۆلۈپ كېتىدىكەن دەپ بېشارەت بېرىپتۇ. پادىشاھ ئەنسىزچىلىككە چۈشۈپ، كىشىلەرگە تاغنىڭ تىك يارلىقىغا ئۈچ دانە غار كولىتىپتۇ ھەم مەلىكىنى شۇ يەرگە يوشۇرۇپ قويۇپتۇ. مەلىكە ئۇ يەردە ئاستا ـ ئاستا چوڭ بوپتۇ. ھاۋا ئوچۇق بىر كۈنى كىشىلەر ئۇنىڭغا دادىسىدىن يوشۇرۇنچە بىر سېۋەت مېۋە ئاپىرىپ بېرىپتۇ. لېكىن، سېۋەتنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرنى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ باقماپتۇ.

ئەسلىدە بىر يىلان سېۋەتتىكى مېۋىنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇنۇۋالغان بولۇپ، مېۋىنىڭ ئىچىدىن چىقىپ مەلىكىنى چېقىۋاپتۇ، مەلىكە دانىشمەن دېگەندەكلا ئۆلۈپ كېتىپتۇ. شىنجاڭدا بۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان نۇرغۇن رىۋايەت بولۇپ، يۇقىرىقى رىۋايەتنى شۋېتسىيەلىك مىسسىيونېر هوكبېرگ (Hokberg) تۇنجى قېتىم تىلغا ئالغان. بىرگە ھەمراھ بولۇپ خانئۆينى زىيارەت قىلغان مۇسۇلمان ئىمىنبەگ مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش رىۋايەتنى دەپ بەرگەنىدى. بۇ مەلىكە خانئۆيگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان خاننىڭ قىزى بولۇپ، بۇ شەھەرنى سۇتۇق بۇغراخان ۋەيران قىلغان دېگەننى قېتىپ قويىدى. بۇ رىۋايەت بىلەن يۇقىرىقى رىۋايەت بىر ۋارىيانتتىن كېلىپ چىققان بولۇپ، «ئۈچ بۇرھان بۇددا مىڭئۆيى»نىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى تۇگمەن خارابىسى بىر «چىمەن» مەلىكىسىنىڭ شەھىرى دەپ قارىلىدىكەن. مېنىڭ ھېلىقى 10 رۇس چاقىرىملىق (بىر رۇس چاقىرىمى 1.067 كىلومېتىرغا تەڭ) رۇسچە خەرىتەمنىڭ تۈزگۈچىسى مۇشۇ خاتىرىگە مۇناسىۋەتلىك بىر قىسىم ماتېرىياللارنى توپلىغاندەك قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلار «تۇگمەن» خارابىسىنى خاتالىشىپ «ئۈچ بۇرھان بۇددا مىڭئۆيى»نىڭ شىمالىي قىسمىغا بەلگىلەپ قويغان. ئەمەلىيەتتە، بۇ خارابىلىك «ئۈچ بۇرھان بۇددا مىڭئۆيى»نىڭ جەنۇبىغا توغرا كېلەتتى. لېكىن، ئۇلار بۇ خارابىلىكنى «خانىيە» (خان يېرى) دەپ ئاتىغان. مەن ئۇنى پەقەت «خان» بىلەن مۇناسىۋەتلىك شەكىل بىلەن شەرھلەپ چىقتىم.

لېكىن، رىۋايەتتىكى بىر نۇقتىنى «ئۈچ بۇرھان بۇددا مىڭئۆيى»گە بىرلەشتۈرۈش ناھايىتى تەس. مۇسۇلمانلارنىڭ قارىشىچە، مەلىكىنىڭ تۇرالغۇسى توققۇز ئۆيدىن تەركىب تاپقان. شۇڭلاشقا، ئۇلار ئۈچ دانە پەنجىرىدىكى ھەربىر پەنجىرىنىڭ كەينىدە ئۈچ ئېغىز ئۆي بار دەپ قارايتتى. بۇنىڭدىن باشقا، بۇ قەدىمكى ساگرامغا كىرىشنىڭ تەسلىكىمۇ كىشىلەرنى بۇنىڭ ئىچىدىكى بېزەك ۋە ئۆي سەرمىجانلىرىنىڭ ئۇرۇنلاشتۇرۇلۇشى ئەمەلىي ئەھۋالدىن تېخىمۇ ياخشى ئىدى دېگەن قاراشقا كەلتۈرۈپ قويغان. پېتروۋسكىينىڭ ماقالىسى ئېلان قىلىنغاندىن تارتىپلا ئۇ يەردە ئۈچ دانە پەنجىرىسى بار غارنىڭ بارلىقى، بۇ ئۈچ غاردا

ناھايىتى بۇرۇنقى دەۋردىن تارتىپلا ھېچقانداق قىممەتلىك بۇيۇمنىڭ ساقلىنىپ قالمىغانلىقىنى بىلدۇق[1].

«ئۈچ بۇرھان بۇددا مىڭئۆيى»نى سىستېمىلىق ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلغان. 1979- يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇتەخەسسىسلىرىدىن ۋاڭ مىڭجى، ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدىن لى يۈچۈنلەر بۇ مىڭئۆينى تەكشۈرۈپ، قوغداشنى كۈچەيتىش تەكلىپىنى بەرگەن.

1962- يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى» قىلىپ بېكىتىلىپ ئېلان قىلىنغان[2].

**چوپان مىڭئۆيى**

بۇ مىڭئۆي قاغىلىق ناھىيەسى چوپان يېزىسى، 8- كەنت 3- مەھەللىگە جايلاشقان بولۇپ، كۆلىمى تەخمىنەن 140 كۋادرات مېتىر ئەتراپىدا (بۇ ھازىر ساقلىنىپ قالغان مىڭئۆينىڭ ئەمەلىي سانىنىڭ كۆلىمى).

بۇ مىڭئۆيلەر تىك يارغا ئويۇپ ياسالغان بولغاچقا، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن گۇمۇرۇلۇپ چۈشۈپ كۆمۈلۈپ قالغان. ھازىر ساقلىنىپ قالغىنى يەتتە - سەككىز ئېغىز ئۆي بولۇپ، تارقالغان دائىرىسى شەرقتىن غەربكە 100 مېتىر، ئاستى - ئۈستى كەڭلىكى 5 مېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ. مىڭئۆيلەر ئاساسەن شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ

---

① پائول پېللىئوت: «پائول پېللىئوتنىڭ غەربىي يۇرت ئېكسپېدىتسىيە خاتىرىسى»، يۈننەن خەلق نەشرىياتى 2001- يىلى 10- ئاي خەنزۇچە نەشرى، 207 — 209- بەتلەر.

② مۇھەممەت رەھىم ھاجى تۇرسۇن: «قەشقەرنىڭ قەدىمكى بۇددىزم دىنى مەدەنىيىتىنىڭ قىممەتلىك يادنامىسى — ‹ئۈچ بۇرھان بۇددا مىڭئۆيى› خارابىسى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژۇرنىلى 2004- يىللىق 2- سان، 68 — 71- بەتلەر.

سوزۇلغان بولۇپ، شەكلى جەھەتتىكى ئازراق پەرقنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئومۇمەن ئوخشاش، ئاغزى جەنۇبقا قاراپ تۇرىدۇ، ئۇزۇنچاق شەكىللىك. تورۇسى يۇمىلاق تۆۋرۈكلۈك بولۇپ، بەزى جايلىرىغا رەڭ بېرىلگەن. ئۇنىڭ ئىچىدە بىرقەدەر مۇكەممەل ساقلانغان چاسا شەكىللىك بىر ئۆي (كېمىر) بولۇپ، ھەرقايسى تەرەپلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 4.2 مېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ. ئېگىزلىكى 2.7 مېتىر، ئۈستى يۇمىلاق، تۆۋرۈكلۈك شەكىلدە، ھازىر مىڭئۆيلەرنىڭ تاملىرىدا ئاز مىقداردا كاكىل لاي قالدۇقلىرى، ئاستى تەرىپىدە كەڭلىكى تەخمىنەن 50 — 60 سانتىمېتىر كېلىدىغان «T» شەكىلدە ئىز ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، بۇ خىل شەكىلدىكى ئۆيدىن بۇ يەردە پەقەت مۇشۇ بىرىلا بايقالدى. بۇ مىڭئۆيلەرنىڭ ئىچىدە باشقا ھېچقانداق مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇملىرى ئۇچرىتىلمىغان. يىل - دەۋرى تېخى بېكىتىلمىدى[①].

**بولاڭ (كېتىك) بۇددا مىڭئۆيى خارابىسى**

بۇ خارابە ئىزى بولاڭ كەنتى جەنۇبىي بۇددىزم ئىزى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ ئىز قاغىلىق ناھىيەسى ئۇششاقباش بازىرى بولاڭ كەنتىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، جۇغراپىيەلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىيان "77°23'27 بىلەن شىمالىي پاراللېل "37°16'32 قا توغرا كېلىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2494 مېتىر، كۆلىمى 500 كۋادرات مېتىر.

بۇ قەدىمكى ئىز ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 20- يىللىرىدىن باشلاپ دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى ئارخېئولوگ، ئېكسپېدىتسىيەچىلەر تەرىپىدىن بىرقانچە قېتىم تەكشۈرۈلگەن. ئېلىمىز ئارخېئولوگى خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندىمۇ «تارىم ئويمانلىقى ئارخېئولوگىيەلىك خاتىرىسى» ناملىق كىتابىدا بۇ ھەقتە بىر قىسىم ماتېرىياللارنى قالدۇرغان.

بۇ ئىز جەنۇبتىن شىمالغا 100 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا، يۇقىرى - تۆۋەن كەڭلىكى تەخمىنەن 5 مېتىر ئەتراپىدىكى ئورۇنغا جايلاشقان بولۇپ،

---

① ئادىل مۇھەممەت تۇران: «قەشقەردىكى قەدىمىي ئىزلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001- يىلى 9- ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 157 — 158- بەتلەر.

تۈۋەندىكى بىرقانچە مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

1) ئۇلۇغئۆستەڭ دەرياسىنىڭ غەربىدىن تەخمىنەن 10 مېتىر كېلىدىغان دەريانىڭ غەربىي قىرغاق يۈزىدىكى قوم تاش قاتلىمىدا ئۈچ دانە ئۆڭكۈر بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىش مۇمكىن بولمىغانلىقتىن، پەقەت ئۇنىڭ ئىشىكى (ئاغزى) نىڭ يۇمىلاق ھەم چاسا ئىككى خىل شەكىلدە ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ. باشقا ئەھۋالى نامەلۇم.

2) دەريا بىلەن بولغان ئارىلىقى تەخمىنەن 10 مېتىر كېلىدىغان جايدا — ئىزنىڭ غەربىي تەرىپىدە قاتتىق سېغىز توپىغا قىزىل رەڭ بىلەن بىر قاتار قىلىپ ئۈچ ئادەمنىڭ شەكلى (رەسىمى) سىزىلغان بولۇپ، ئاساسەن بىر خىل قېلىپ بىلەن رەت بويىچە سىزىلغاندەك قىلىدۇ.

3) دەريا ئېقىنى بىلەن بولغان ئارىلىقى 8 مېتىر كېلىدىغان جايدا — ئىزنىڭ شىمالىي تەرىپىدە قىزىل رەڭ بىلەن يۇمىلاق شەكىل چۈشۈرۈلگەن ھەم ئۇنىڭ ئىچىگە ئېگىزلىكى تەخمىنەن 80 سانتىمېتىر، كەڭلىكى تەخمىنەن 3 مېتىر كېلىدىغان ئورۇندا سېرىق رەڭ بىلەن بەش دانە مۇنار شەكلى قاتار قىلىپ چۈشۈرۈلگەن.

4) ئىزنىڭ غەربىي جەنۇبىي تەرىپىدە بۇددا مۇنارى بىلەن ئارىلىقى 50 سانتىمېتىر ئەتراپىدا كېلىدىغان تىك يارلىقتىكى قوم تاش ئۈستىگە قاپارتما نەقىش بىلەن ئىبادەتخانا شەكلى چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، ئىچىگە ئۈچ دانە بۇت تەكچىسى، تەكچە ئىچىگە ئۈچ دانە بۇت ئويۇلغان. بۇددا مۇنارى، بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ ياسىلىش شەكلى ۋە ئۈچ راھىبنىڭ كىيىنىش شەكلى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسلانغاندا، بۇ ئىزنىڭ يىل - دەۋرىنى دەسلەپكى قەدىمدە مىلادىيە 420 — 581 - يىللار ئارىلىقىدىكى بۇددا مەدەنىيەت ئىزى دەپ بېكىتىشكە بولىدۇ[①].

① شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى يەرلىك تەزكىرىلەر مەجمۇئەسى: «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تەزكىرىسى» (81 - توم)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2007 - يىلى 5 - ئاي خەنزۇچە نەشرى، 258 - بەت؛ ئادىل مۇھەممەت تۇران: «قەشقەردىكى قەدىمىي ئىزلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 - يىلى 9 - ئاي نەشرى، 179 — 180 - بەتلەر.

## تۇمشۇق ساگرامى

تۇمشۇق ساگرامى جىن - تاڭ دەۋرلىرىگە تەۋە بۇددا ساگرامى خارابىسى. مارالبېشى ناھىيەسىنىڭ تەخمىنەن 40 كىلومېتىر شەرقىدىكى تۇمشۇق تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان بولۇپ، توققۇز ساراي قەدىمكى شەھىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 1 كىلومېتىر كېلىدۇ. مەزكۇر خارابىنىڭ كۆلىمى 7000 كىۋادرات مېتىر ئەتراپىدا. ئۇنىڭ غەربىي قىسمىدىكى خارابىلىك بىرقەدەر چوڭ بولۇپ، 20 نەچچە ئېغىز ئۆي خارابىسى، بىر بۇددا مۇنارىنىڭ ئۇلى ساقلىنىپ قالغان؛ شەرقىي قىسمىدىكى خارابىلىكتە تەخمىنەن 14 ئېغىز ئۆي خارابىسى ساقلىنىپ قالغان. ئۇنىڭ غەربىي قىسمىدىكى خارابىلىكتە چوڭ تېپىنىكى بىر بۇددا ساگرامىنىڭ خارابىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئالتە پەشتاقلىق پەلەمپەيلا ساقلىنىپ قالغان. بۇ بۇددا ساگرامى تەخمىنەن 4- ئەسىردە ياسالغان بولۇپ، 7-، 8- ئەسىرلەرگىچە ساقلانغان. 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا فرانسىيە ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى مەزكۇر خارابە بىلەن توققۇز سارايىنى ئارخېئولوگىيەلىك قېزىپ، بۇ يەردىن چىققان ھەيكەل، قەدىمكى ھۆججەت، پۇل قاتارلىق 400 دىن ئارتۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئېلىپ كەتكەن.

ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي ئارخېئولوگىيە ئەترىتى 1959- يىلى توققۇز ساراي قەدىمكى شەھىرى خارابىسىدە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش جەريانىدا، توققۇز ساراي تېغىنىڭ قىيپاش جەنۇبىدىن تەخمىنەن بىر كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان تۇمشۇق تېغىدىكى بۇتخانا خارابىلىرىمۇ تەكشۈرۈلگەن. تۇمشۇق بۇتخانا خارابىلىرى ئاساسەن تۇمشۇق تېغىنىڭ شىمالىي ئۇچىغا جايلاشقان. خارابىلىكتە ھازىرغىچە بىرقەدەر ياخشى ساقلىنىپ قالغان قورۇلۇشلار ئۈچ ئورۇنغا مەركەزلەشكەن بولۇپ، بۇتخانا خارابىسىنىڭ غەربىي بۇرجىكىدە شەرقتىن غەربكە قاتار قىلىپ سېلىنغان 22 ئېغىز ئۆينىڭ قالدۇق ئىزى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە نىسبەتەن چوڭراق بىر ئېغىز ئۆينىڭ جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 5.70 مېتىر، شەرقتىن غەربكە

كەڭلىكى 5.40 مېتىر، قالدۇق تامنىڭ ئېگىزلىكى 1.5 مېتىرچە كېلىدۇ. قاتار سېلىنغان ئۆيلەرنىڭ ئومۇمىي مەيدانى 100×100 مېتىر بولۇپ، ئۆيلەرنىڭ تاملىرى ئاساسەن خام كېسەك بىلەن قوپۇرۇلۇپ، كاكىل لاي بىلەن سىلىق سۇۋالغان.

تومشۇق بۇتخانا خارابىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تەبىئىي توپا قاتلىمىغا قېزىلغان پەلەمپەي بولۇپ، پەلەمپەينىڭ پەشتاقلىرى خام كېسەك بىلەن قايتىدىن ياسالغانىكەن.

تومشۇق بۇتخانا خارابىسىنىڭ ئەڭ شەرقىي بۇرجىكىگە چوڭ-كىچىك 14 ئېغىز ئۆينىڭ قالدۇق ئىزلىرى جايلاشقان. بۇ بىر توپ ئۆي خارابە ئىزلىرىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا تاملىرى كېسەكتىن قوپۇرۇلۇپ كاكىل لاي بىلەن سۇۋالغان ئالاھىدە بىر ئۆي ئىزى بار. ئۇنىڭ جەنۇبتىن قالغان ئېگىزلىكى 2.80 مېتىر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 10.40 مېتىر، ھازىر ساقلىنىپ قالغان ئېگىزلىكى 2.80 مېتىر كېلىدۇ. بۇ ئالاھىدە ياسالغان قۇرۇلۇش ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران بولغانلىقتىن، تۆت چاسا دۆڭلۈككە ئايلىنىپ قالغان. ئەسلىدە بۇ ئالاھىدە ئىبادەتخانا بولغان ئۆينىڭ تۆت تەرىپىگە پەلەمپەي ياسالغان بولۇپ، ھازىر ۋەيران بولغان پەلەمپەيلەرنىڭ ئالتە پەشتىقى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. پەلەمپەينىڭ كەڭلىكى 2.20 مېتىر، ئەڭ ئېگىز يېرى 1.20 مېتىرچە كېلىدۇ. بۇ ۋەيرانە تۆپىلىكنىڭ ئەتراپىدا كاكىل لاي پارچىلىرى، گەج، ھاك، ساپال پارچىلىرى ئۇچرايدۇ.

تومشۇق بۇتخانا خارابىسىدىكى ھەر خىل ئۆي - ساگرام قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ياسىلىشى، كۆلىمى، ئورۇنلىشىشى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى پەرقلىق بولۇپ، كۆلىمى چوڭ، ياسىلىشى ئالاھىدە بولغانلىرى تومشۇق بۇتخانا قۇرۇلۇش توركۇمى ئىچىدىكى ئىبادەت مۇراسىملىرىنى ئۆتكۈزىدىغان خانىلار بولۇشى، بەزىلىرى ۋىخارا (ئىبتىكاپخانا) بولۇشى ۋە بەزىلىرى راھىب ۋە تالىپلارنىڭ ھۇجرا ياتاقلىرى بولۇشى مۇمكىن[①].

① ئابدۇقەييۇم خوجا: «بارچۇق يادىكارلىقلىرى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى (ئۇيغۇرچە)، 2005- يىللىق 1 — 2- قوشما سان.

تۇمشۇق بۇتخانا خارابىسىدىن پېللىئوت قولغا چۈشۈرگەن مىلادىيە 5 ـ، 6 ـ ئەسىرلەرگە ئائىت ياغاچتىن ياسالغان بۇددا ھەيكەللىرى ئۆزگىچە بولۇپ، بۇلارنىڭ بەزىلىرى نىلۇپەرگە دەسسەپ ئۆرە تۇرغان، بەزىلىرى باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان قىياپەتتە نەپىس ئىشلەنگەن. ياغاچتىن قىرىپ، سىلىقلاپ ئىشلەنگەن بىرقەدەر چوڭ بۇددا ھەيكىلىنىڭ بېشى ئالاھىدە ياسالغان بولۇپ، ئۇنىڭ بۇدۇر چاچلىرى ۋە دوققىسى كۆك رەڭدە بويالغاندىن تاشقىرى، يۈزىگە ئالتۇن ھەل بېرىلگەن، پېشانىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئاق ئەردىن (گۆھەر)گە ئوخشايدىغان نەرسە ئورنىتىلغان. ئەگمە، قەلەمدەك قاشلىرى قارا، نېپىز لەۋلىرى قىزىل رەڭلەنگەندىن تاشقىرى، ئېلىپتەك قاڭشارلىق بۇرنى، خىرەلەشكەن يوغان كۆزلىرى، ئۇزۇن ۋە يوغان قۇلاقلىرى ئۇنىڭ قىياپىتىنى تېخىمۇ ئالاھىدە خىسلەتكە ئىگە قىلغان. بۇددا ھەيكىلىنىڭ يېرىم ئېچىلغان (خىرە) ھالەتتىكى كۆزلىرى بىلەن يەرگە قارىغان يۈزىدە بۇددانىڭ چوڭقۇر ئوي - پىكىرگە غەرق بولغانلىقى ئەكس ئەتكەن. ھەيكەلنىڭ سول قۇلىقى سۇنۇپ يوقالغان.

پېللىئوت قېزىۋالغان بۇددا (ساكيامۇنى) ھەيكەللىرىنىڭ ئىچىدە يەنە بىر كىچىك ھەيكەل (ياغاچتىن ئويۇپ سىلىقلاپ رەڭلىنىك، كۆركەم ئىشلەنگەن)نىڭ ئېگىزلىكى 23 سانتىمېتىر بولۇپ، ئۇنىڭدا بۇددا (ساكيامۇنى) نىلۇپەر سۇپىدا ئۆرە تۇرغان قىياپەتتە تەسۋىرلەنگەن.

پېللىئوت تۇمشۇقتىكى بۇتخانا خارابىسىدىن يەنە بىر تۈركۈم رەڭدار گەج ھەيكەللەرنى ۋە بۇتخانا خارابىسىنىڭ تاملىرىغا سىزىلغان ساكيامۇنىنىڭ يېرىم يالىڭاچ ھالەتتە نوم ھېكمەتلىرىنى سۆزلەۋاتقان رەڭدار رەسىملىرى بىلەن ئىستىقامەتتە قاتار ئولتۇرغان راھىبلارنىڭ رەڭدار رەسىملىرىنىمۇ تاپقان. گەجدىن ياسالغان ھەيكەللەرنىڭ بىرىدە نىلۇپەر سۇپىدا باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان بۇددا (ساكيامۇنى)نىڭ ئوبرازى نۇر چەمبىرىكى (سانسكرىتچە Mandala، خەنزۇچە «灵光» دېيىلىدۇ) گە ئېلىنغان، ئوڭ مۈرىسى بىلەن قولى يالىڭاچ ھالەتتە تەسۋىرلەنگەن. گەجدىن ياسالغان ھەيكەللەرنىڭ يەنە بىرىدە بۇددا ئوبرازى، كېيىنىشى يەرلىك ئاياللارنىڭ نازۇك قىياپىتىگە ئوخشىشىپ

كېتىدىغان قىلىپ سومباتلىق ۋە تەمكىن تەسۋىرلەنگەن. ئۇنىڭ نىلۇپەر سۇيىدا باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان، بارماقلىرىنى بىر - بىرىگە كىرىشتۈرۈپ، چىرايلىق كىيىملەرگە پۈركەلگەن، ئوڭ كۆكسىنى سەل ئوچۇق قويغان ھالەتتىكى تۇرقى بەكلا يېقىملىق كۆرۈنىدۇ①.

### توققۇز ساراي قەدىمكى شەھىرى بۇددا ئىبادەتخانا خارابىسى

بۇ ئىز تۇمشۇق 51- تۇەن توققۇز ساراي كەنتىنىڭ غەربىدىن تەخمىنەن 600 مېتىر كېلىدىغان جايدا بولۇپ، جۇغراپىيەلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىيان 79°01′48″ بىلەن شىمالىي پاراللېل 39°58′44″ قا توغرا كېلىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1121 مېتىر، كۆلىمى 8000 كىۋادرات مېتىر.

ئىزنىڭ جەنۇبىي تەرىپى نىسبەتەن تەكشى بولۇپ، دائىرىسىدە خام كېسەك بىلەن سېلىنغان چوڭ - كىچىك تەخمىنەن 30 دىن ئارتۇق ئۆي ئىزى بار. بۇ ئۆيلەرنىڭ بەزىلىرىنىڭ پەقەت ئۇلىلا قالغان، ئاز قىسمىلىرىنىڭ تاملىرى ساقلىنىپ قالغان. ئۆيلەرنىڭ ئىچىدە بىر ئېغىز ئۆينىڭ شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 11.2 مېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 10.9 مېتىر، تېمىنىڭ ئېگىزلىكى 5 مېتىر، قېلىنلىقى 1.2 مېتىر كېلىدىغان بولۇپ، بۇ، مۇشۇ ئىزدىكى بىر قەدەر مۇكەممەل ساقلانغان ئۆي ھېسابلىنىدۇ. ئىزدىكى ئۆيلەر كاكىل لاي بىلەن سۇۋالغان بولۇپ، بەزى تاملارنىڭ سۇۋاقلىرىدا سېرىق ۋە ئاق رەڭ قالدۇقلىرى ساقلىنىپ قالغان. ئۆيلەرنىڭ ئىچىدە ۋە ئەتراپىدا (قىزىل رەڭلىك) كۆيگەن توپا، كۈل رەڭ توپا ۋە ساپال پارچىلىرى قاتارلىق مەدەنىيەت دۆۋىسى بار. شۇ جايدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى

---

① پائول پېللىئوت: «تۇمشۇق بۇددىزم خارابىسىنى تەكشۈرۈش خاتىرىسى»، «پائول پېللىئوت غەربىي يۇرت ئېكىسپېدىتسىيە خاتىرىسى»، يۇننەن خەلق نەشرىياتى 2001- يىلى 10- ئاي خەنزۇچە نەشرى، 164 — 204- بەتلەر؛ ئابدۇقەييۇم خوجا: «بارچۇق يادىكارلىقلىرى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى 2005- يىللىق 1 — 2- قوشما سان.

قوغداش - باشقۇرۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يەرلىك خادىملارنىڭ ئېيتىشىچە، مۇشۇ ئەسىرنىڭ دەسلەپىدىكى غەرب ئېكسپېدىتسىيەچىلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى قىدىرىپ تەكشۈرۈشى جەريانىدا بىر قىسىم چەت ئەللىكلەر مۇشۇ ئىزدىن بۇت باشلىرىنى ئېلىپ كەتكەن، ھازىرمۇ بۇ ئىز دائىرىسىدە لايدىن ياسالغان بۇت - ھەيكەللەر ئۇچراپ تۇرىدۇ.

بۇ ئىزدا چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان ھەر خىل رەڭلىك (ئاساسلىقى قىزىل ۋە كۆك رەڭ) ساپال پارچىلىرىنى ئۇچرىتىشقا بولىدۇ. ساپاللار بىر قەدەر سىلىق بولۇپ، ئاساسلىقى قولدا ياسالغان، بىر قىسىملىرىنىڭ ئېغىز قىسمىدا چاقنىڭ ئىزى بار. ساپاللارنىڭ ئاغزىنىڭ شەكلى ھەر خىل، قۇلاقلىرى يېرىم ئاي (ياي) شەكىللىكلىرى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ئىز دائىرىسىدە نېلۇپەر گۈللۈك لاي ھەيكەل ۋە بۇددا دىنى قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ساپالدىن ياسالغان ماتېرىياللىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. گەرچە بۇزۇلغان بولسىمۇ، يۇمىلاق شەكلىنى پەرق ئەتكىلى بولىدۇ[①].

## دەقيانۇس شەھىرى بۇددا ئىبادەتخانىسى ئىزى

دەقيانۇس شەھىرى بۇددا ئىبادەتخانىسى ئىزى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيەسى خانىدى يېزىسىنىڭ 6.9 كىلومېتىر شەرقىي شىمالىدىكى 8-كەنتكە يەنى ئۇزۇمچى - قەشقەر تاشيولىنىڭ چاقماق دەرياسى كۆۋرۈكى يېنىغا جايلاشقان بولۇپ، جۇغراپىيەلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىيان 75°58′ بىلەن شىمالىي پاراللېل 39°34′ قا توغرا كېلىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1460 مېتىر، كۆلىمى 5000 كىۋادرات مېتىر.

ئىز چاقماق دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى كىچىك ئېگىزلىك ئۈستىگە جايلاشقان. تەبىئىي ۋە سۈنئىي بۇزغۇنچىلىق ئېغىر بولغاچقا، ئەسلىدىكى ئىبادەتخانا ۋە تۇرالغۇ ئۆي ئىزلىرىنى ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولمايدۇ. بۇ يەردە لايدىن ياسالغان ۋە قۇم تاش ئارىلاشتۇرۇلغان ساپال

---

① ئادىل مۇھەممەت تۇران: «قەشقەردىكى قەدىمىي ئىزلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001- يىلى 9- ئاي نەشرى، 238 — 241- بەتلەر.

پارچىلىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. لايدىن ياسالغان ساپاللار كۈل رەڭ ۋە ئاچ سېرىق رەڭدە، قۇم تاش ئارىلاشتۇرۇلغان ساپاللار جىگەر رەڭ كەلگەن. بۇيۇملارنىڭ كۆپىنچىسى چوڭ كوزا شەكلىدىكى ئويمان ئېغىزلىق بۇيۇملار بولۇپ، ئېنىق شەكلىگە ئىگە بولغىنى تەگلىكى تۈز ھەم يۇمىلاق كەلگەن كىچىك ساپال ئاياغدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، بىر دانە كىچىك ساپال ئاياغ (KYAHY:190) نىڭ پارچىسى بولۇپ، ئاغزىنىڭ ئايلانمىسى 7.7 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 2.6 سانتىمېتىر كېلىدۇ. قولدا ياسالغان. ئىز دائىرىسىدىن بىر قىسىم بۇيۇملارنىڭ ھەر خىل شەكىلدىكى قۇلاقلىرى يىغىۋېلىنغان.

1997- يىلى 7- ئايدا ئايرودورۇم رايونىنى كۆكەرتىش ئۈچۈن چاقماق دەرياسىدىن سۇ ئېلىش قۇرۇلۇشىغا مايىلىشىش سەۋەبى بىلەن بۇ ئىزدىكى قىسمەن جايلارغا (شەرقىي تەرىپىگە) تازىلاپ قۇتقۇزۇۋېلىش ئېلىپ بېرىلغانىدى. ئەينى چاغدا ئىزنىڭ شەرقىي بۆلىكى ھېسابلانغان يول بويىدىكى قىسمىدىن شىمالدىن جەنۇبقا سوزۇلغان بىر يۇرۇش ئۆيلەر قېزىلغان. ئۆيلەر خام كېسەك بىلەن ياسالغان. تاملىرى كاكىل بىلەن سۇۋىلىپ ئاقارتىلغان. غەربىي تاملىرىدا ئوچاق ئىزى بار. بۇ ئۆي ئىزلىرىدىن ئوخشىمىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى بۇيۇملىرى قېزىۋېلىنغان بولۇپ، ئاساسلىق بۇيۇملاردىن مىس پىچاق، كوزا ۋە بىراخما يېزىقىدىكى يازما ھۆججەت (بۇ بۇيۇملار چوڭ كۈپ ئىچىگە قاچىلانغان بولۇپ، توپا ئارىسىدا قېلىپ، قەغەز سېسىپ كېتىپ، سىياھ قورۇپ قالغان) تىن ئىبارەت. بۇ بۇيۇملار ھازىرمۇ ساقلىنىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ يىل- دەۋرى تەخمىنەن مىلادىيە 3 — 9- ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدۇ[①].

### كەپتەرخانا بۇددا ئىبادەتخانىسى ئىزى

كەپتەرخانا بۇددا ئىبادەتخانىسى ئىزى قەشقەر شەھىرى بەشكېرەم يېزىسى، كەپتەرخانا كەنتىگە يەنى يېزا مەركىزىنىڭ 8.8 كىلومېتىر

---

① ئادىل مۇھەممەت تۇران: «قەشقەردىكى قەدىمىي ئىزلار». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001- يىلى 9- ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 49- ، 50- بەتلەر.

شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، جۇغراپىيەلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىيان 76°12′ بىلەن شىمالىي پاراللېل 39°34′ قا توغرا كېلىدۇ. كۆلىمى 300 كىۋادرات مېتىر.

ئىزدا ئۈچ بۆلۈك ھالىتىدىكى بۇت تەكچىلىرى ئويۇلغان، لايدىن خاڭداپ ياسالغان تام ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ئويۇلغان بۇت تەكچىلىرى شەكىل ۋە چوڭ - كىچىكلىك جەھەتتە بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ. ئىز دائىرىسىدە باشقا ھېچقانداق مەدەنىيەت قاتلىمى ساقلىنىپ قالمىغان، غەربىي تەرىپىدە «بىبى مەريەم خېنىم مازىرى» بار. يىل - دەۋرى مىلادىيە 3 — 9 - ئەسىرلەرگە توغرا كېلىشى مۇمكىن①.

كەپتەرخانا بۇددا ئىبادەتخانا خارابىسىنى 1894 - يىلى شۋېتسىيەلىك مەشھۇر جۇغراپىيون، ئارخېئولوگ سىۋېن ھېدىن تەكشۈرۈپ ئۆلچىگەن. ئۇ 1894 - يىلى قەشقەرگە ئىككىنچى قېتىم كېلىشىدە قەشقەر شەھىرى تەۋەسىدىكى ئەسكىھىسار قەدىمىي شەھەر خارابىسى، مورا بۇددا مۇنارى، خانئۈي قەدىمىي شەھىرى خارابىسى قاتارلىق ئورۇنلارنى تەكشۈرۈش جەريانىدا، كەپتەرخانا بۇتخانىسىنىمۇ تەكشۈرۈپ مۇنداق خاتىرە قالدۇرغان: «مورا تىمدىن قايتىش يولىدىكى تەخمىنەن 3 ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان جايدا تەخمىنەن 22 ئىنگلىز مىلى كۆلەمدىكى غەلىتە بىر ئىمارەتنى كۆردۈم. تاختايدا قوپۇرۇلغان قېلىن توپا تام كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇ كەپتەرخانا بولۇپ، 10 ئىنگلىز دىيۇم كېلىدىغان كىچىك كاتەكلەرگە ئايرىلغانىكەن. تامنىڭ ئىچىدىكى يەردە ئادەمنىڭ پارچە - پارچە سۆڭەكلىرى تۇراتتى. بۇ تاشلاندۇق ئىمارەتتىن ئۇنىڭ يىل - دەۋرىنى ئىسپاتلىغۇدەك بىرەر نەرسە تېپىلمىدى. شەكلى ۋە تاشقى كۆرۈنۈشى خۇددى جەسەت كۆلى ساقلايدىغان ئۆيدەك غەلىتىرەك ئىدى. ئەمما، بۇددا دىنىدا ياكى ئىسلام دىنىدا بۇ خىل ئادەت يوق.»②

① ئادىل مۇھەممەت تۇران: «قەشقەردىكى قەدىمىي ئىزلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 - يىلى 9 - ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 54 - بەت.

② سىۋېن ھېدىن: «قۇمغا كۆمۈلگەن خوتەن خارابىلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 141 - بەت.

يەرلىك كىشىلەر بۇ يەرنى بۇتپەرەسلەرنىڭ ئۆيى، مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن چېقىپ تاشلانغان، ئىلگىرى بۇ يەردە نۇرغۇن بۇتلارنىڭ چېقىلغان قالدۇقلىرى بار ئىكەنلىكىنى كۆرگەنلەر بولغانىكەن دەپ قارىشىدۇ. بۇتخانا خارابىسى دەپ ئاتالغان بۇ قەدىمىي ئىمارەتنى سۇۋېن ھېدىندىن باشقا يەنە قايسى دۆلەتلەرنىڭ ئارخېئولوگلىرىنىڭ تەكشۈرگەنلىكى، بۇ يەردىن زادى قانداق نەرسىلەرنىڭ يىغىۋېلىنغانلىقى توغرىسىدا مەلۇمات يوق[1].

## توققۇز قازناق بۇددا ئىبادەتخانىسى

توققۇز قازناق بۇددا ئىبادەتخانىسى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيەسى ئوپال يېزىسى موللامېيغى كەنتىدە، يەنى يېزا مەركىزىنىڭ غەربىي شىمالىدىن 3.2 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا بولۇپ، جۇغراپىيەلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىيان 75°30′31″ بىلەن شىمالىي پاراللېل 39°18′19″ قا توغرا كېلىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1450 مېتىر، كۆلىمى 2000 كىۋادرات مېتىر.

ئۇ ھەزرىتى موللام تېغىنىڭ شەرقىي تەرىپىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە (تاغ قاپتىلىغا) جايلاشقان، تاش پارچىلىرىدىن ياسالغان ئىبادەتخانا ھۇجرىلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، ھۇجرىلار ئۆرۈلۈپ چۈشكەن ۋە كىشىلەر تەرىپىدىن بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىقتىن، بۆلەكلەرنى ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولمايدۇ. تاغ باغرىدا نىسبەتەن چوڭ، تۈز بىر مەيدان بولۇپ، ئۇنىڭدىن قاتتىقلاشتۇرۇلغان يەر يۈزىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. قاتتىقلاشتۇرۇلغان بۇ يەرنىڭ كۆلىمى 2500 كىۋادرات مېتىر كېلىدۇ. مەيدان گەج بىلەن سۇۋىلىپ قاتتىقلاشتۇرۇلغان بولۇپ، قېلىنلىقى 7 — 8 سانتىمېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ يەر «قالماق شەھىرىم» دەپ ئاتىلىدىكەن. تەپسىلىي تەكشۈرۈپ كۆرگەندە، بۇ يەر بىلەن تاغ قاپتىلىدىكى ئىبادەتخانىنىڭ ئارىلىقى 100 مېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، ئۇ،

---

[1] يولۋاس مۇھەممەتئىمىن: «ئۇستى ئوچۇق مۇزېي — قەشقەر»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2007- يىلى 5- ئاي نەشرى، 74- بەت.

ئىبادەتخانىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى، بىرقەدەر چوڭ بىر قۇرۇلۇشنىڭ ئاستى تەرىپى بولۇشى مۇمكىن. شۇنداق بولغاندا، بۇ ئىبادەتخانا ئىزى بىر يۇرۇش ئىبادەتخانا ھۇجرىلىرى، قۇرۇلۇش ئىزى ۋە تاش غار ئىبادەتخانىسىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، 20 مىڭ كىۋادرات مېتىر كېلىدىغان كۆلەمنى ھاسىل قىلغان.

ئېيتىلىشىچە، بۇ يەردىن ئىلگىرى تاش بۇت ۋە قېيىن قوۋزىقىغا يېزىلغان سانسكرىتچە نوم تېپىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىرقەدەر نېپىز كەلگەن بىر پارچە ساپال پارچىسى تېپىلغان بولۇپ، ئۇ لايدىن ياسالغان ئاچ سېرىق كوزا شەكلىدىكى بويۇمنىڭ قورساق قىسمى ئىكەن. ئۇنىڭغا ئىنتايىن نەپىس قىلىپ بۇددىزمغا خاس نەقىشلەر چۈشۈرۈلگەن. بۇ ئىزدىن يىغىۋېلىنغان بۇيۇملار ئىچىدە كىچىك بىر ساپال جام (SFWTY:190) نىڭ پارچىسى بولۇپ، لايدىن ياسالغان. ئىچى توق قىزىل، سىرتى ئاچ قىزىل رەڭدە ئەستەرلەنگەن، قولدا ياسالغان. بۇيۇملارنىڭ ئاستى كىچىك، تەكشى دىيامېتىرى 4.4 سانتىمېتىر، ئاغزى كەڭ، ئېگىزلىكى 5.5 سانتىمېتىر، ئاغزىنىڭ ئايلانمىسى 110 سانتىمېتىر كېلىدۇ. بۇ ئىبادەتخانا ئىزىنىڭ يىل - دەۋرى مىلادىيە 3 — 9 - ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدۇ[①].

مورا بۇددا مۇنارى

مورا بۇددا مۇنارى 5 — 8 - ئەسىرلەردىكى سۇللاغ بەگلىكىنىڭ بۇددا سائىرامى خارابىسى. قەشقەر كوناشەھەر ناھىيەسى بەشكېرەم يېزىسىنىڭ كەپتەرخانا كەنتىگە جايلاشقان بولۇپ، چاقماق دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا توغرا كېلىدۇ. ھازىر بۇت قەسرى، راھىبلار ھۇجرىسى خارابىلىرى ۋە جەنۇب - شىمالدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئىككى بۇددا مۇنارى قۇرۇلۇشى ساقلىنىپ قالغان. شىمال تەرەپتىكى بۇددا مۇنارى دۈم قىلىنغان كوزە شەكلىدە بولۇپ، ئۇلى پۈتەي ھەم چاسا شەكىللىك،

---

① ئادىل مۇھەممەت تۇران: «قەشقەردىكى قەدىمىي ئىزلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 - يىلى 9 - ئاي نەشرى، 54 - بەت.

كېسەكتە قوپۇرۇلغان مۇنار گەۋدىسىنىڭ شىمالىي ۋە غەربىي يۈزىدە بۇت تەكچىسى ئىزى بار، ئەمما شىمالدا ناھايىتى ئېغىر دەرىجىدە يالىنىپ كەتكەن. جەنۇب تەرەپتىكى بۇددا مۇنارىنىڭ شەكلى مۇكەممەلرەك، گەۋدىسى دۈم قىلىنغان چىنە شەكلىدە، كېسەكتە قوپۇرۇلغان بۇ مۇنارنىڭ سىرتى سامانلىق لاي بىلەن سۇۋالغان. مۇنار ئۇلى چاسا شەكىلدە بولۇپ، ئومۇمىي ئېگىزلىكى 14 مېتىر. تېگىنىڭ تەرەپ ئۇزۇنلۇقى ۋە كەڭلىكى 12.5 مېتىر كېلىدۇ. مۇنار دائىرىسىدىكى يەر يۈزىدە لايغا قوم ئارىلاشتۇرۇلغان قىزىل ساپال ۋە سىرلانغان ساپال بۇيۇملارنىڭ پارچىلىرى ئۇچرايدۇ①.

بۇ بۇددا مۇنارى جايلاشقان يەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يەر قاتلىمىدىن كۆل قالدۇقلىرى ئۇچرايدۇ. ئېھتىمال بۇ جايدىكى بۇددا ئىبادەتخانىسى ئوت ئاپىتى سەۋەبىدىن ۋەيران بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭدىن باشقا، يېقىن ئەتراپتىن بۇت بېشىنىڭ قالدۇقلىرى ئۇچرايدۇ. ئۇلاردا ناھايىتى يۇقىرى ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتى نامايان قىلىنغان.

مورا بۇددا مۇنارى خارابىسىدە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇ يەر قەدىمكى سۇلى بەگلىكى ئەتراپىدىكى بىر داڭلىق بۇددا ساگرامى خارابىسى بولۇپ، ھازىرقى قەشقەر شەھىرىنىڭ 20 نەچچە كىلومېتىر شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان قومالتاغ تىزمىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى بىر قوم بارخانىدىن ئىبارەت. بۇددا مۇنارى ئەينى يىللاردا بۇتخانىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە بولۇپ، جەنۇبقا قارىغان، ھازىر ئۇ تاغنىڭ كەينىدە بولۇپ، چۆل - جەزىرىگە قارايدۇ، ئۇنىڭ جەنۇبىدا چاقماق دەرياسىنىڭ قەدىمكى ئېقىنى بار، ئۇ نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى خانئۆي قەدىمكى شەھىرىگە ئۇدۇل جايلاشقان. بۇ ئەتراپتىن قېزىۋېلىنغان ساپال پارچىلىرى، پۇل ۋە تاشلىۋېتىلگەن كارىزلار، غەربىي جەنۇب تەرىپىدىكى ئاق قاش تىنم

① ئادىل مۇھەممەت تۇران: «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق جەۋھەرلىرى»، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى 2006- يىلى 5- ئاي نەشرى، 132-، 133- بەتلەر.

قەدىمكى تۇر خارابىسى قاتارلىقلار بۇ يەرنىڭ ئەينى يىللاردا ئادەم زىچ ئولتۇراقلاشقان، يەرلىرى مۇنبەت، ئىقتىسادى گۈللەنگەن جاي ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. خارابىلىكنىڭ كۆلىمى خېلى چوڭ بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىككى بۇددا مۇناردىن باشقا، شەرقىي جەنۇب تەرىپىدە بىر قاتار راھىبلار ھۇجرىلىرىمۇ بار. دۆڭنىڭ ئاستىدىكى قۇملۇقتا 1 كىلومېتىردەك سوزۇلغان قەدىمكى كارىزلارمۇ بار. ئۇ بۇتخانا راھىبلىرىنىڭ سۇ ئىچىشى ئۈچۈن كولانغان. شەرقىي جەنۇب تەرىپىدە بىر مۇنار بار بولۇپ، مۇتەخەسسىلەرنىڭ دەلىللىشىچە، بۇ ھىندىستاندىكى بۇددا دىنى ئىمارەتلىرىدە مەخسۇس شارىرا يەنى جەسەت كۆلى قويۇلىدىغان ئىمارەت ھېسابلىنىدىكەن. غەربىي شىمالىي تەرىپىدە بىر بۇددا مۇنارى بار. بۇ بۇتخانىنىڭ مەركىزىي بىناسى بولۇپ، ئۈستىدە قوڭغۇراقلىق بىنا ياكى بۇدساتۋاخانا ياسالغان بولۇشى مۇمكىن. مورا بۇددا مۇنارى جايلاشقان جايدىن بۇ خارابىنىڭ شەكلى ۋە تۈزۈلۈشىگە، بولۇپمۇ راھىبلارنىڭ ھۇجرىسى ۋە بۇتخانا خارابىسىنىڭ ئاستى گەج بىلەن قاتۇرۇلغان ھەشەمەتلىك بىزىلىشىگە قارىغاندا، بۇ بۇتخانىنىڭ ئەينى يىللاردا سۇلى بەگلىكىدىكى ئورنى بىرقەدەر يۇقىرى بولغان بۇددا دىنى ئىمارىتى ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلغىلى بولىدۇ، بەلكىم سۇلى بەگلىكىنىڭ خان جەمەتىدىكىلەر مەخسۇس پايدىلىنىدىغان بۇتخانا بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ياسالغان ۋاقتى ۋە بۇتخانىنىڭ نامى ۋۇ زېتيەن ۋۇ جۇ تيەنشۇنىڭ 1- يىلى(690- يىلى)جايلارغا ئومۇميۈزلۈك بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ياساتقان «دايۈن بۇتخانىسى» ياكى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىنىڭ جوڭزۇڭ يىللىرى (705- يىلىدىن 709- يىلىغىچە) دۆلەت بۇيرۇق چىقىرىپ ياساتقان شىڭلۇڭ بۇتخانىسى بولۇشى مۇمكىن[1]. بىر قىسىم تەتقىقات نەتىجىلىرىگە قارىغاندا، بۇ ئىبادەتخانا مىلادىيە 10- ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ساقلانغان بولۇپ، ئىسلام دىنى قەدىمكى

① قەشقەر ۋىلايەتلىك تەزكىرە كومىتېتى: «قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ تەزكىرىسى» (1- توم)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2005- يىلى 10- ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 424- بەت.

قەشقەر رايونىغا تارقىلىپ كىرگەندىن كېيىن، ئۇرۇش ئوتى ئىچىدە ۋەيران بولغان[①].

مورا بۇددا مۇنارىنىڭ جەنۇبىي قىسمى چاقماق دەرياسىنىڭ قەدىمىي ئېقىنى ۋە بىرنەچچە كىلومېتىر سىرتىدىكى «خانئۆي» قەدىمىي شەھىرى بىلەن قارىشىپ تۇرىدۇ.

## مىڭيول بۇددا مۇنارى ئىزى

بۇ ئىز مۇش يېزىسى مىڭيول كەنتىگە يەنى يېزا مەركىزىنىڭ 11.6 كىلومېتىر غەربىي شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، جۇغراپىيە- لىك ئورنى شەرقىي مېرىدىيان 75°32′10″ — 75°32′11″ بىلەن شىمالىي پاراللېل 39°33′09″ — 39°33′10″ قا توغرا كېلىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1740 مېتىر، كۆلىمى 140 كىۋادرات مېتىر كېلىدۇ.

بۇددا مۇنارى ئىزىنىڭ شەرقىدە دەريا بار. قالغان ئۈچ تەرىپى تېرىلغۇ يەر بىلەن ئورالغان. بۇ يەردە ئىككى كىچىك ئېگىزلىك بولۇپ، مۇنار ئىزى ئېگىزلىكى تەخمىنەن 5 مېتىر، كۆلىمى 300 مېتىر كېلىدىغان يۇملاق سۇپىغا ئورۇنلاشقان. يۆنىلىشى شەرقتىن غەربكە بولۇپ، قۇرۇلمىسى ئېنىق ئەمەس. لېكىن، قالدۇق ئىزى (پەشتاق) ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ئۇ چاسا شەكىلدە شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 14 مېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 10 مېتىر كېلىدۇ. مۇنارنىڭ پەشتىقى يەر يۈزىدىن بىرئاز چىقىپ قالغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئىككى قەۋەت پەشتاق ھالىتىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ ئېھتىمال مۇنارنىڭ ئۇل قىسمى بولۇشى مۇمكىن. ھازىر بۇ مۇنارنى «بۇددا مۇنارى ئەمەس، بەلكى تۇر خارابىسى» دېگۈچىلەرمۇ بار. مۇنارنىڭ ئەتراپىغا ئاز مىقداردا ساپال پارچىلىرى تارقالغان، ئەمما ئۇلارنىڭ بۇيۇم شەكلىنى پەرق قىلغىلى بولمايدۇ. يىل - دەۋرى مىلادىيە 618 — 907-

---

① «بۈگۈنكى قەشقەر»، شاگخەي سەنلىيەن كىتابخانىسى 1992- يىلى 5- ئاي خەنزۇچە نەشرى، 32- بەت.

يىللارغا توغرا كېلىدۇ[①].

## ياۋىلىق ئىزى

بۇ ئىز قورغان يېزىسى يۇقىرىقى قازىرىق كەنتى تۆتتۆرگە مەھەللىسىگە يەنى قەشقەر شەھىرىنىڭ 12 كىلومېتىر شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، جۇغراپىيەلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىيان 75°59′07″ — 75°59′06″ بىلەن شىمالىي پاراللېل 39°34′25″ — 39°34′24″ قا توغرا كېلىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1350 مېتىر، كۆلىمى 405 كۋادرات مېتىر.

بۇ ئىز چاقماق دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا جايلاشقان بولۇپ، غەرب تەرىپى دەقيانۇس شەھىرى بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىسى بىلەن بىۋاستە تۇتىشىدۇ. ئۇنىڭ تېخىمۇ غەربىدە ئۈچ بۇرھان بۇددا ئۆڭكۈرى (مىڭئۆي) بىلەن دەقيانۇس شەھىرى خارابىسىنىڭ تاش دۆۋىلەنگەن قەبرىلىرى بار. جەنۇبىي تەرىپىدە يېقىنقى زامانغا تەۋە ياۋۇلۇق ئۆتەڭ بار. ئۇنىڭ شەرقىي تەرىپىدە لايىلىقتىكى تاش دۆۋىلەنگەن قەبرىلەر ھەم تېخىمۇ شەرقىي تەرىپىدە مورا بۇددا مۇنارى، خانئۆي قەدىمكى شەھىرى، كەپتەرخانا بۇددا ئىبادەتخانىسى ئىزى بار. مىلادىيەدىن بىرقانچە ئەسىر بۇرۇنقى دەۋردىن چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئىزلىرى تۇتاشقان بەلباغقا توغرا كەلگەن بۇ ئىزنىڭ مەدەنىيەت خاراكتېرى ئالاھىدە كۈچلۈك بولۇپ، ئۇ قەشقەرنىڭ بۇددىزم دەۋر مەدەنىيىتى توپلانغان مەركىزىي نۇقتا ھېسابلىنىدۇ. ئىزنىڭ دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 900 مېتىر ئەتراپىدا، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 450 مېتىر كېلىدۇ. ئىز ئېقىن دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان بولۇپ، ساپال پارچىلىرى ئۇنىڭ شىمال تەرىپىگە مەركەزلەشكەن. بۇ دائىرىدە يەنە بۇزۇلۇپ كەتكەن خۇمدان ئىزى بار، كۆپكە ئوخشاش چوڭ ھەجىمدىكى بۇيۇملارنىڭ پارچىلىرى ئۇچرايدۇ. قالدۇق بۇيۇم

---

[①] ئادىل مۇھەممەت تۇران: «قەشقەردىكى قەدىمىي ئىزلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001- يىلى 9- ئاي نەشرى، 55- بەت.

پارچىلىرىدىن قارىغانىدا، دىيامېتىرى 1 مېتىردىن ئارتۇق كېلىشى مۇمكىن. بۇنداق چوڭ تىپتىكى كۆپلەر بۇ جايدا ئۇلتۇراقلاشقان ئائىلىلىكلەردە ساقلانغان بولۇپ، بۇلارنىڭ خارابە ئىزدىن قېزىۋېلىنغانلىقى ھەم ئېچىلىپ قالغان جايلاردىن يىغىۋېلىنغانلىقى مەلۇم.

خارابە ئىز دائىرىسىدە كىشىلەر توپا ئېلىپ كولاپ قويغان ئورەك بار بولۇپ، ئۇنىڭ تەكشى يۈزىدە مەدەنىيەت قاتلىمى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئاستى تەرىپىدىن باشلاپ كۆزەتكەندە، بىرىنچىسى تاشلىق قاتلام بولۇپ، 50 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا؛ ئىككىنچىسى مەدەنىيەت قاتلىمى، كۈل قاتلىمى؛ ئۈچىنچىسى كۈل رەڭ لاتقا قاتلىمى بولۇپ، قېلىنلىقى 15 سانتىمېتىر؛ تۆتىنچىسى كۈل رەڭ توپا قاتلىمى بولۇپ، لايدىن ياسالغان ساپاللار بار؛ بەشىنچىسى قۇم تاش قاتلىمى؛ ئالتىنچىسى كۈل رەڭ ئۇششاق تاش قاتلىمى بولۇپ، لايدىن ياسالغان سېرىق ساپال ھەم ھايۋانلار سۆڭىكى بار. ئاستى قىسمى قۇم تاش قاتلام بولۇپ، ئەڭ تۆۋەن قاتلام ئېنىق ئەمەس. بۇ يەر كەلكۈن سۈيى يىغقان تاش قاتلىمى بولۇشى مۇمكىن.

ئىزدىكى ساپال بۇيۇملار چاق بىلەن ياسالغان بولۇپ، لايدىن ھەم قۇم تاش ئارىلاشتۇرۇپ ياسالغان قىزىل ۋە سېرىق رەڭلىك ساپاللاردۇر. ساپال بۇيۇملارنىڭ ئاغزى ۋە قۇلاق شەكىللىرى، ھەر خىل نەقىشلەر ئاساسەن ئويما، باسما ۋە توپچا شەكىللەردە كەلگەن. يىغىۋېلىنغان بۇيۇملار ئىچىدە كۆپ، كومزەك، تەخسە ئورىق، قاچا قاتارلىقلار بار.

1984 ـ يىللىرى قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ـ باشقۇرۇش ئورنى بۇ ئىزغا قارىتا ئىككى قېتىم ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان بولۇپ، تۇنجى قېتىمدا ئۈچ قۇلاقلىق كوزا (84SFHYY:1) تېپىلغان. ئۇنىڭ ئېگىزلىكى 58 سانتىمېتىر، ئاغزىنىڭ تاشقى قىسمىنىڭ دىيامېتىرى 28.2 سانتىمېتىر، ئىچكى قىسمىنىڭ 11 سانتىمېتىر، ئاستى تەرىپىنىڭ 19.5 سانتىمېتىر كېلىدۇ. بۇ كوزا ئىنتايىن نەپىس ئىشلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭغا چىقىرىلغان نەقىش ھەم ئادەم بېشىنىڭ سۈرىتى ئەڭ ئۇستا نەقىشچىلىك ۋە ساپالچىلىق

تېخنىكىسىنى نامايان قىلىدۇ. شۇڭا، 1996 - يىلى دۆلەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى بۇ ئۈچ قۇلاقلىق كوزىنى دۆلەت گۆھىرى دەرىجىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقى بۇيۇمى دەپ بېكىتتى. ھازىر ئۇ قەشقەر ۋىلايەتلىك مۇزېيدا كۆرگەزمە ھەم تەتقىق قىلىنىۋاتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ ئىزدىن نۇرغۇن مۇكەممەل ساقلانغان ساپال بۇيۇملار تېپىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى قول بىلەن لايدىن ياسالغان سېرىق رەڭدىكى ساپال بۇيۇملاردۇر. قىزىل رەڭدىكى ساپال بۇيۇملار كۆپىنچە نەپىس بۇيۇملاردا كۆرۈلىدۇ.

1992 - يىلى جەنۇبىي شىنجاڭ ئېلېكتىر ئېنېرگىيە شىركىتى بۇ ئىز دائىرىسىدە خۇمدان سالىدىغانلىقى سەۋەبلىك ئاپتونوم رايونلۇق ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى بىلەن قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش - باشقۇرۇش ئورنى تەرىپىدىن بىر قېتىم قۇتقۇزۇش خاراكتېرلىك قېزىش ئېلىپ بېرىلغان. بۇ چاغدا ئىزدىن ناھايىتى كۆپ مىقداردا كۆپ ۋە باشقا ساپال بۇيۇملىرى، شۇنداقلا ئىزنىڭ چاقماق دەرياسىغا ياندىش شىمالىي تەرىپىدىكى ئېگىز دۆڭدىن قېيىن قوۋزىقىغا يېزىلغان بۇددا نوملىرى تېپىلغان. ئىزنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمى ھەم تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بۇيۇملىرىغا ئاساسەن، ئۇنىڭ يىل - دەۋرىنى مىلادىيە 3 ~ 9 - ئەسىرلەرگە تەۋە دەپ قاراشقا بولىدۇ[1].

كەڭباغ قەبرىستانلىقى

بۇ قەبرىستانلىق يەكەن ناھىيەسى كاچۇڭ يېزىسى چامسال كەنتىگە جايلاشقان بولۇپ، جۇغراپىيەلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىيان 76°47'5" بىلەن شىمالىي پاراللېل 37°54'26" قا توغرا كېلىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1555 مېتىر، كۆلىمى 4000 كىۋادرات مېتىر.

قەبرىستانلىق ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان بولۇپ، يەر

① ئادىل مۇھەممەت تۇران: «قەشقەردىكى قەدىمىي ئىزلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 - يىلى 9 - ئاي نەشرى، 22 — 25 - بەتلەر.

يۈزىدە ھېچقانداق ئالاھىدە بىر بەلگە يوق. لېكىن، قەبرىلەرنىڭ يېنىدا ئېچىلىپ قالغان شېغىل تاشلار بار. بۇ ئېھتىمال قەبرىلەرنىڭ ئۈستىگە دۆۋىلەنگەن تاشلار بولۇشى مۇمكىن. 1983- يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي بۇ يەردە قېزىش ئېلىپ بارغان بولۇپ، ئۇلار قازغان بىر قەبرىدىن بىر تاۋۇت چىققان، تاۋۇتتا ئادەم ۋە يولۋاسنىڭ رەڭلىك سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. تاۋۇت كاكىل لاي بىلەن سۇۋىلىپ، رەتلىك قىلىپ تاش تىزىپ قويۇلغان. ئۆلگۈچىنىڭ بېشى غەربىي شىمال ياكى جەنۇب تەرەپكە قارىتىپ قويۇلغان بولۇپ، مۇقىم دەپنە قىلىش شەكلى يوق، ئاخىرەتلىك بۇيۇمىمۇ قويۇلمىغان. قەبرىستانلىقنىڭ يىل - دەۋرى مىلادىيە 386 — 581- يىللارغا توغرا كېلىدۇ. بۇ قەبرىستانلىق ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن 1999- يىلى «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى» دەپ ئېلان قىلىنغان①.

كەڭباغ قەدىمىي قەبرىستانلىقنىڭ تارىخى نىسبەتەن ئۇزاق بولغانلىقتىن، تەبىئىي ۋە سۈنئىي بۇزغۇنچىلىقلارنىڭ تەسىرىگە كۆپ ئۇچراپ، يەر يۈزىدە كۆزگە چېلىقىدىغان روشەن قەبرە بەلگىلىرىمۇ قالمىغان. شۇڭا، بۇ يەردىكى قەدىمىي قەبرىلەرنىڭ تاش دۆۋىلىك قەدىمىي قەبرە ياكى تاش دائىرىلىك قەدىمىي قەبرىلەر تىپىغا كىرىدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلماق تەس.

كەڭباغ قەدىمىي قەبرىستانلىقى ئازادلىقتىن كېيىن بايقالغان. 1983- يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ خادىملىرى بۇ قەبرىستانلىقتا تۇنجى قېتىم ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش خىزمىتىنى ئىشلىگەن. شۇ قېتىم بۇ يەردە ئىككى قەبرە قېزىلغان بولۇپ، $M_2$ نومۇرلۇق قەبرىدىن ئېگىزلىكى 56 سانتىمېتىرلىق مېيىت سېلىنغان، ئۇزۇنلۇقى 178 سانتىمېتىر، ئۈستىگە رەڭلىك رەسىملەر سىزىلغان بىر دانە ياغاچ تاۋۇت قېزىۋېلىنغان. تاۋۇتنىڭ ياپقۇچىغا ئەجدىھا رەسىمى

① ئادىل مۇھەممەت تۇران: «قەشقەردىكى قەدىمىي ئىزلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001- يىلى 9- ئاي نەشرى، 132- بەت.

سىزىلغان. ئىككى يېنىغا دەرەخ يوپۇرماقلىرىغا ئوخشاپ كېتىدىغان نەقىشلەر سىزىلغان. ئارخېئولوگلار تاۋۇتنىڭ ئۈستىگە سىزىلغان رەسىملەرنىڭ ئۇسلۇبىنى كۇچادىكى قۇمتۇرا تاشكېمىر غارلىرىنىڭ ئىچىگە سىزىلغان تام رەسىملىرىنىڭ ئۇسلۇبىغا ئوخشاپ كېتىدۇ دەپ قارىغان. تاۋۇتنىڭ باش قىسمىغا ئاغزىنى يوغان ئېچىپ نەرە تارتىۋاتقان ئەجدىھا ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە مىنىۋالغان بىر راھىبنىڭ رەسىمى سىزىلغان. تاۋۇتنىڭ ئاياغ قىسمىغا توپلىشىپ نوم ئوقۇۋاتقان راھىبلارنىڭ رەڭلىك رەسىملىرى سىزىلغان. ئادەم سۈرەتلىرىنىڭ ئەتراپلىرىغا △ شەكىللىك ۋە گىرەلەشمە ھالقا شەكلىدىكى قارا رەڭلىك نەقىشلەر سىزىلغان. تاۋۇتنىڭ ئۈستىدىكى رەسىملەرنى سىزىشتا قىزغۇچ، قوڭغۇر، قارا، كۆك رەڭلەر ئارىلاش ئىشلىتىلگەن. تاۋۇتنىڭ ئىچىدىن چىرىپ ئۈۋۈلۈپ كەتكەن بىر ئەر كىشىنىڭ ئىسكىلىتىدىن باشقا ھېچقانداق ھەمدەپنە بۇيۇم چىقمىغان. مۇتەخەسسلەر بۇ يەردىكى قەبرىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ۋە تاۋۇتنىڭ ئۈستىگە سىزىلغان رەسىم ۋە گۈل - نەقىشلەرنىڭ ئۇسلۇبىغا ئاساسەن، كەڭباغ قەدىمىي قەبرىستانلىقىنى بۇددا دىنى تارىم ئويمانلىقىدا ئومۇملىشىپ بولغان دەۋرلەردە يەنى جىن سۇلالىسىدىن تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگىچە بولغان ئارىلىقتا شەكىللەنگەن قەدىمىي قەبرىستانلىق بولۇشى مۇمكىن دەپ قارىماقتا[①].

## 3. قەشقەرنىڭ بۇددىزم دەۋرىدىكى ۋەسقە ۋە يازما يادىكارلىقلارنى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش

قەشقەر قەدىمدە «يىپەك يولى»نىڭ مۇھىم تۈگۈنى بولغاچقا، تارىختا غەرب بىلەن شەرق ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ

---

① يولۋاس مۇھەممەتئىمىن: «ئۆستى ئۇچۇق مۇزېي — قەشقەر»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2007- يىلى 5- ئاي نەشرى، 77-، 78- بەتلەر.

كۆۋرۈكى بولغان. قەدىمكى چاغدا غەرب بىلەن شەرق ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنىڭ گۈللىنىشى ئارقىسىدا غەرب ۋە شەرقنىڭ مەدەنىيىتى بۇ يەردە ئۇچراشقان ھەمدە دۇنيادىكى تۆت چوڭ مەدەنىيەت — قەدىمكى جۇڭگو مەدەنىيىتى، قەدىمكى ھىندى مەدەنىيىتى، قەدىمكى يۇنان مەدەنىيىتى ۋە ئەرەب - پارس مەدەنىيەتلىرى؛ دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ دىن — بۇددا دىنى، خىرىستىيان دىنى، ئىسلام دىنى؛ ئۈچ چوڭ تىل سىستېمىسى — ھىندى - ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسى، ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى ۋە خەنزۇ - زاڭزۇ تىللىرى سىستېمىسى قەشقەردە ئۇچراشقان ۋە ئۆزئارا تەسىر كۆرسەتكەن. بۇنىڭ بىلەن قەشقەردە كۆپ خىل مەدەنىيەت، كۆپ خىل دىن بىللە مەۋجۇت بولغان، كۆپ خىل يېزىق قوللىنىلغان ھالەت بارلىققا كەلگەن.

قەشقەردە ھازىرغىچە بايقالغان ۋە قوللىنىلغان قەدىمكى يېزىقلارنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ تۈرى كۆپ، مەزمۇنى مول بولۇپ، ئىقتىسادىي، سىياسىي، ھەربىي، دىنىي، تارىخ، ئەدەبىيات، قانۇن، تىبابەتچىلىك، تەقۋىمچىلىك قاتارلىق ساھەلەرگە چېتىلىدۇ، شۇنداقلا قەشقەرنىڭ قەدىمكى زامان تارىخ - مەدەنىيىتى ھەققىدىكى بىرىنچى قول ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

قەشقەردىن تېپىلغان يېزىق ماتېرىياللىرى ئاساسەن دىنىي مەزمۇندىكى يادىكارلىقلار بولۇپ، ئۇلار بىر تەرەپتىن قەشقەرنىڭ قەدىمكى تىل - يېزىق ئەھۋالىدىن ئۇچۇر بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن قەدىمكى قەشقەرنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەھۋالى، مۇھىمى بۇددا دىنىنىڭ قەدىمكى قەشقەر رايونىدىكى ئەھۋالى توغرىسىدا مەلۇمات بېرىدۇ.

قەدىمكى قەشقەر ۋە تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئىچىدىكى قەدىمكى خانلىق - بەگلىكلەرنىڭ قوللانغان تىل - يېزىقى ھەققىدە قەدىمكى تارىخىي ماتېرىياللاردا ئېنىق بىر مەلۇمات يوق. پەقەت بىر قىسىم خانلىق - بەگلىكلەرنىڭ خەلقىگە باغلاپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋاستىلىك ئۇچۇرلار — «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دىكى ئازغىنە بايانلار بار. گەرچە «خەننامە»دىن كېيىنكى دەۋرلەردە بارلىققا كەلگەن تارىخىي كىتابلاردا بۇ ھەقتە بۇرۇنقىغا قارىغاندا بىرقەدەر كۆپرەك مەلۇماتلار تىلغا

ئېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلاردىن يەنىلا ئېنىق بىر يەكۈن چىقارغىلى بولمايتتى. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئالدى - كەينىدە، تارىم ئويمانلىقىدىن كەڭ كۆلەمدە بايقالغان يېزىق ھەققىدىكى ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلار ۋە بۇ ھەقتە تىلشۇناسلارنىڭ ئېلىپ بارغان جاپالىق ئىزدىنىش، تەتقىقاتلىرى تارىختا تارىم ئويمانلىقىدىكى ھەرقايسى خانلىق- بەگلىكلەردە بىرقانچە خىل ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسىدىكى تىللارنىڭ تارقالغانلىقىنى كۆرسەتتى. بىراق، كۈسەن، ئاگنى ۋە قوچۇ قاتارلىق جايلارغا تارقالغان توخرى تىلى بىلەن خوتەنگە تارقالغان ساك تىلى ھەققىدە بىرقەدەر ئىشەنچلىك ماتېرىياللار تېپىلىپ ئېنىق بىر خۇلاسە چىقىرىلغان بولسىمۇ، قەشقەر دەريا ۋادىسى (قىزىل دەريا ۋە تۈمەن دەريا ۋادىلىرى) دىكى قەدىمكى قەشقەر (سۇلى) بەگلىكىدە قايسى خىل تىلنىڭ ئىشلىتىلگەنلىكى ئېنىق بولماي كەلگەنىدى.

ھازىرغىچە بايقالغان ھۆججەتلەردىن قارىغاندا، مىلادىيە 3 — 11- ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىدىكى خوتەن (ئۇدۇن)، غەربىدىكى بارچۇق (قەشقەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى ئېھتىمالغا بەك يېقىن) ئەتراپىدىكى ئاھالىلەر ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسىدىكى ئىران تىللىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى شەرقىي ئىران تىلىنىڭ بىر خىل دىيالېكتىنى قوللانغان. ھازىر تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەسىدىكى تاجىكلار قوللانغان شىغنان (shignan) تىلى، ۋاخان تىلى ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاش بىر سىستېمىغا تەۋە[1] بولغان.

19- ئەسىرنىڭ 90- يىللىرىنىڭ ئاخىرىدا قەشقەرنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى كىشىلەرگە بىلىنىشكە باشلىدى. 1897- يىلى ئەتراپىدا چاررۇسىيەنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى پېتروۋىسكىي قەشقەردە بىر تۇركۇم بىراخما يېزىقىدىكى بۇددا نوم پارچىلىرىنى قولغا چۈشۈرگەن

---

① جى شيەنلىن: «‹بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى› نىڭ شەرھىيسى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 1985- يىلى 2- ئاي خەنزۇچە نەشرى، 997- بەت.

بولۇپ، بۇ يادىكارلىقلار قەشقەر ئەتراپىدىكى قەدىمكى ئىزلاردىن تېپىلغان. دەسلەپتە بۇ يادىكارلىقلار «سۇلى يېزىقى» دەپ بېكىتىلگەن. كېيىن چاررۇسىيەنىڭ داڭلىق سانسكرىتشۇناس ئالىمى ئولدېنبۇرگ بۇ يادىكارلىقلار ئىچىدىكى بىر قىسىملىرىنى سانسكرىت يېزىقىدىكى نوم پارچىلىرى دەپ بېكىتكەن.

ئېلىمىز ئالىملىرىدىن لىن مېيسۈن 1989- يىلى ۋە 1991- يىلى شىنجاڭدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا، تۇرپاندىن قەشقەرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى يىپەك يولىنىڭ بويلىرىدىكى قەدىمكى شەھەرلەرنى تەكشۈرگەن. ئۇ پېللىئوت ۋە لېكوكلار ئىزلىرىنىڭ ئارخېئولوگىيەگە ئائىت ئەسەرلىرىدە دائىم تىلغا ئېلىپ تۇرىدىغان مارالبېشى ناھىيەسىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى توققۇز ساراي قەدىمكى شەھىرى بىلەن تۇمشۇق بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىسىگە كەلگەن ھەمدە بۇ قەدىمكى ئىزلارنىڭ جايلاشقان ئورنى ھەققىدە ئالاھىدە دىققەتتە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئورنىنىڭ تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىي تەرىپىدىكى قەشقەر دەرياسى ئاياغ ئېقىنىدا ئىكەنلىكىنى، ئۇلار جايلاشقان قەشقەر دەرياسى ۋادىلىرىنىڭ قەدىمكى قەشقەر (سۇلى)گە تەۋە زېمىنلار ئىكەنلىكىنى جەزم قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، بۇ مەسىلىنى ئېنىق بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن، تۇمشۇق ئەتراپىدىكى جايلارغا ئائىت بولغان ئارخېئولوگىيەلىك ماتېرىياللار ۋە قەشقەر (سۇلى)گە مۇناسىۋەتلىك بولغان تارىخىي خاتىرىلەرنى تەكشۈرۈپ ئىزدەنگەن، بولۇپمۇ بۇ يەردىن تېپىلغان ئۆلگەن يېزىق ماتېرىياللىرى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان. ئەسلى تۇمشۇق ئەتراپىغا تارقالغىنى قەدىمكى ئىران تىلىنىڭ شەرقىي قىسىم دىيالېكتى ئىدى. بۇ خىل دىيالېكت بىلەن قەدىمكى ئۇدۇن خانلىقىنىڭ دائىرىسىگە تارقالغان ساك تىلى بەك يېقىن بولۇپ، نۆۋەتتە ئىلىم ساھەسىدىكىلەر بىردەك ھالدا ئۇنى «تۇمشۇق تىلى» (Tumshuqese) دەپ ئاتىماقتا. لىن ئەپەندىم نۇرغۇن تەكشۈرۈش ۋە دەلىللەش ئارقىلىق، توققۇز ساراي قەدىمكى شەھىرىنىڭ خەن، تاڭ دەۋرىدە قەشقەر (سۇلى) بەگلىكىنىڭ شەرقىي چېگراسىدىكى مۇھىم بازار (شەھەر) ئىكەنلىكىگە، بۇ ئەتراپقا تارقالغان قەدىمكى ئىران تىلىنىڭ

شەرقىي دىيالېكتىنىڭ باشقا تىل ئەمەس، دەل كىشىلەر ئىزچىل ئىزدەپ كېلىۋاتقان قەدىمكى قەشقەر (سۇلى) تىلى ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلغان[1].

گېرمانىيە ئالىمى كېلىنكېتىنىڭ قارىشىچە، مىلادىيەنىڭ ئەڭ دەسلەپكى بىرقانچە ئەسىردىن باشلاپ، ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىدىكى قەندىھار رايونىدا ئىشلىتىلگەن تىل خوتەن رايونىنىڭ بۇددا دىنىنىڭ ئاساسلىق تىلى بولغان، مىلادىيە 330- يىللىرىدىن كېيىنكى ۋاقىتقا كەلگەندە، ساك تىلى (خوتەن ساك تىلى ياكى خوتەن تىلى) يېزىقتا ئىشلىتىلىدىغان (كىتابىي) تىلغا ئايلانغان. بۇ خىل كىتابىي تىلدا ئىشلىتىلگەن يېزىق بولسا ھىندىستاننىڭ بىراخما يېزىقىنىڭ ھەرپلىرى بولغان[2]. ئادەتتە، «خوتەن يېزىقى» دېگەن ئۇقۇم «خوتەن ساك يېزىقى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تۇرپان، خوتەن ساك تىلىدا يېزىلغان ھۆججەت - ۋەسىقىلەر ئاساسلىقى شىنجاڭنىڭ خوتەن، مارالبېشى، تۇرپان ئەتراپىدىكى جايلارغا تارقالغان. «بەزى ئالىملار ساك تىلىنى بۇرۇنقى (دەسلەپكى) خوتەن ‹ئۇدۇن› ساك تىلى، كېيىنكى (ئاخىرقى) خوتەن ‹ئۇدۇن› ساك تىلى، مۇرتۇق ساك تىلى (بۇ تۇرپاندىكى مۇرتۇقنى كۆرسىتىدۇ)، تۇمشۇق ساك تىلى، ھىندى ساك تىلى، كېلويا ساك تىلى، قەشقەر ساك تىلى قاتارلىقلارغا ئايرىيدۇ»[3]. ھازىرغىچە ئېلان قىلىنغان ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، شىنجاڭدىن تېپىلغان خوتەن (ئۇدۇن) ھۆججەتلىرى ئىچىدە تۇمشۇقتىن تېپىلغىنى ئەڭ قەدىمكى ئىكەن[4].

ئىلگىرى بىر قىسىم ئالىملىرىمىز «شىنجاڭنىڭ مارالبېشى، خوتەن، كۇچا، تۇرپان قاتارلىق رايونلىرىدىن قېيىن قوۋزىقى، تارىشا، تېرە،

---

[1] لىن مېيسۇن: «غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى»، شەرق نەشرىياتى 1995- يىلى 12- ئاي خەنزۇچە نەشرى، 234-، 236- بەتلەر.

[2]، [3]، [4] شاۋ جۇڭيى: «شىنجاڭدىكى تىل ۋە يېزىقلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1997- يىلى 3- ئاي خەنزۇچە نەشرى، 3-، 63-، 65- بەتلەر.

قەغەزلەرگە يېزىلغان سانسكرىتچە بۇددىزم ئەسەرلىرى تېپىلدى. ھازىر بەزى تەتقىقاتچىلار بۇ ئەسەرلەرنىڭ يىل - دەۋرىنى مىلادىيە 3 — 8- ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىققا مەنسۇپ دەپ قارىماقتا، لېكىن ئۇنىڭ ئىچىدە بۇنىڭدىنمۇ ئىلگىرىكى مەزھەپلەرنىڭ ئەسەرلىرى بار» دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى[1]. ئارخېئولوگىيەلىك بايقاش ۋە مۇناسىۋەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى ئالىملارنىڭ قارىشىچە، يىراق قەدىمكى زاماندىن ئوتتۇرا قەدىمكى زامانغىچە بولغان ۋاقىتتىن ئىلگىرى، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي يولىدىكى «شەھەر دۆلەتلىرى»نىڭ ئاھالىسى ئاساسلىقى ھىندى - ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسىدا سۆزلىشىدىغان توخرىلار ۋە ساكلار ئىدى. تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىدىكى كۇچا، كىنگىت (قارا شەھەر)، تۇرپاننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئەترابىغا كىنگىت - كۇسەن تىلى (خاتا ھالدا توخرى A، B تىلى دەپ ئاتالغان) تارقالغان بولۇپ، يېزىقى ھىندىستاندىن تارقالغان بىراخما يېزىقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا قىيپاش (يانتۇ) شەكلى ئىدى. سۇلى (قەشقەر)، ساكارائۇل (يەكەن) ئەترابىغا تارقالغان يېزىق بىراخما يېزىقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تىك (تۈز) شەكلى ئىدى[2].

ئېلىمىز ئالىمى گېڭ شىمىن ئەپەندىنىڭ قارىشىچە، بارچۇق - مارالبېشىدىن تېپىلغان 10 نەچچە پارچە ساك تىلىدىكى ۋەسىقىلەرنىڭ تىلى بىلەن خوتەن ساك تىلى ئوتتۇرىسىدا بىرقەدەر چوڭ پەرق بولۇپ، ئالىملار ئۇنى «بارچۇق ساك تىلى (ياكى تۇمشۇق ساك تىلى)» دەپ ئاتىغان. بەزى ئالىملار (مەسىلەن، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پروفېسسورى رۇڭ شىنجياڭ) ئۇنى «جۇشىد (据史德) تىلى» دەپ ئاتاشنى تەۋسىيە قىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا كۆرسىتىشكە تېگىشلىكى، بارچۇق ساك تىلى

---

[1] «يېزىنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1986- يىلى 8- ئاي نەشرى، 131- بەت.

[2] شاۋ جۇگيى: «شىنجاڭدىكى تىل ۋە يېزىق»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1997- يىلى 3- ئاي خەنزۇچە نەشرى، 3-، 4- بەتلەر.

تىل تەۋەلىكىدە ساك تىلىغا تەۋە بولسىمۇ، بىراق مەدەنىيەت جەھەتتىن (مەسىلەن، يېزىق، دىن قاتارلىق جەھەتلەردىن) شىمالىي قىسىم كۇسەن مەدەنىيەت چەمبىرىكىگە تەۋە. ئۇنىڭدىن باشقا، تاڭ دەۋرىدىكى شۇەنزاڭنىڭ «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى»، قۇيلاننىڭ «بارچە نوملارنىڭ شەرھىيسى» ۋە 11 - ئەسىردىكى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» قاتارلىق ئەسەرلەردىكى ئۇچۇرلاردىن قارىغاندا، ئەينى چاغدا قەشقەر رايونىدىكى ئاھالىلەر قوللانغان تىلمۇ بىر خىل ساك تىلى ئىدى. دېمەك، قەدىمدە قەشقەرگە تارقالغان تىل «تۇمشۇق - قەشقەر ساك تىلى» بولۇپ، بۇنىڭغا ئائىت يېزىق ماتېرىياللىرى قەشقەر دائىرىسىدىن كۆپلەپ تېپىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا، قەشقەردە سانسكرىتچە يېزىقمۇ قوللىنىلغان. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدىن كېيىن، قەشقەر تەۋەسىدە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش، تەكشۈرۈش جەريانىدا ئىگە بولغان يېزىق ماتېرىياللار ئىچىدە سانسكرىتچە ھۆججەت - ماتېرىياللار بار.

1983 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى باشقارمىسى شىنجاڭ مۇزېيى ئارخېئولوگىيە ئەترىتى ۋە ئالاقىدار ئورۇنلاردىكى مۇنەۋۋەر كەسپىي خادىملاردىن تەركىب تاپقان بىر تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، كوناشەھەر ناھىيەسى ئوپال يېزىسىدىكى مەھمۇد كاشغەرىي مازىرىنى ئارخېئولو-گىيەلىك تەكشۈرۈش ۋە دەلىللەش خىزمىتى ئېلىپ باردى. بۇ جەرياندا ئۇلار مەھمۇد كاشغەرىي مازىرى جايلاشقان ھەزرىتى موللام تېغى ئېتىكىدىن (تاغنىڭ شەرقىي يان باغرىدىن) بىر بۆلەك چالمىغا يېپىشىپ قالغان يېزىق ماتېرىياللىرىنى تاپقان ھەم بۇ يېزىق ماتېرىياللىرىنى دەسلەپكى قەدەمدە «بىراخما يېزىقى» دەپ قارىغان (بۇ يېزىق ماتېرىياللىرى يېزىلغان قەغەز پارچىسى چالمىغا چاپلىشىپ قالغان بولۇپ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قەغەز ئېرىپ ياكى چالمىغا سىڭىشىپ كېتىپ، چالما يۈزىدە يېزىق شەكلى قالغان. لېكىن، يېزىقنىڭ بەزى جايلىرى بەك ئوچۇق بولمىغاچقا، ئۇنى يەنە بىر قىسىم كىشىلەر

«سانسكرىت يېزىقى» دەپ قارىماقتا. بۇ يېزىق ماتېرىياللىرى ھازىر قەشقەر مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. ئۇنى يەنىمۇ ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈپ بېكىتىش زۆرۈر).

1992-يىلى كۈز ۋە 1993-يىلى ئەتىيازدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ خادىملىرى بىلەن قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش - باشقۇرۇش ئورنى بىرلىكتە قەشقەر شەھىرى قوغان يېزىسى يۇقىرىقى قازىرىق كەنتى توتۇرگە دېگەن جايدا قەشقەر ئايرودرومى رايونىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىغا ماسلىشىپ، بۇ جايدىكى ياۋىلىق ئىز - خارابىسىدە قۇتقۇزۇش، تازىلاش خاراكتېرىدىكى ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش ئېلىپ بارغان ھەمدە ئىزنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى چاقماق دەرياسى قىرغىقىدىكى ئېگىزلىكتىن بىر تۈركۈم بۇددىزم يادىكارلىقلىرى بىلەن بىراخما، سانسكرىت يېزىقىدىكى يادىكارلىقلارنى تاپقان (بۇ يادىكارلىقلار ئاپتونوم رايونلۇق ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىدا، تەكشۈرۈش نەتىجىسى تېخى ئېلان قىلىنمىدى).

1997-يىلى 9-ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى بىلەن قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش-باشقۇرۇش ئورنى قەشقەر شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيەسى خاڭدى يېزىسىنىڭ 6.9 كىلومېتىر شەرقىي شىمالىغا يەنى ئۈرۈمچى - قەشقەر تاش يولىنىڭ چاقماق دەرياسى كۆۋرۈكى يېنىغا، ياۋىلىق ئىزىنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى ئېگىزلىككە جايلاشقان «دەقيانۇس بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىسى»دا قۇتقۇزۇش خاراكتېرلىك قېزىش ئېلىپ بارغان. ئۇ قېتىمقى ئارخېئولوگىيەلىك قېزىشتا، چالمىغا چاپلىشىپ قالغان يېزىق پارچىسى ئۇچرىغان (قەغەز چالمىغا چاپلىشىپ قالغان بولۇپ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قەغەز تەدرىجىي چالمىغا سىڭىشىپ كېتىپ، قارا سىياھ بىلەن يېزىلغان خەت چالما يۈزىدە قېتىپ قالغان، بۇيۇم ئەۋرىشكە نومۇرى T②8:1). بىرقەدەر چوڭراق پارچىسى (ئۇزۇنلۇقى 11.2 مىللىمېتىر، قېلىنلىقى 0.6 مىللىمېتىر كېلىدۇ)نىڭ يۈزىدىكى خەت ئېنىقراق بولۇپ، قىسقا بەش قۇر خەت

ساقلىنىپ قالغان. دەسلەپكى قەدىمدە بۇ بىراخما يېزىقىنىڭ قىيپاش (ياتۇ) خەت شەكلىدە يېزىلغان كىنگىت - كۇسەن تىلى دەپ قارالدى①.

قەدىمكى قەشقەردە قوللىنىلغان تىل ھەققىدىكى قاراشلار بىرقەدەر ئومۇمىيراق بولسىمۇ، لېكىن بۇ جايدىن تېپىلغان يېزىق ماتېرىياللىرىنىڭ ئەھۋالى بىرئاز مۇرەككەپ. ئوخشاش بىر دەۋر ئىچىدە تىل ۋە يېزىقنىڭ بىرقانچە خىل ھالەتتە بولۇشى كىشىنى ئويغا سالىدۇ. شۇڭا، قەدىمكى قەشقەر (سۇلى) دائىرىسىدىن تېپىلغان يېزىق ماتېرىياللىرىنىڭ ئىلگىرى تەتقىق قىلىنغانلىرى بىلەن كېيىن تېپىلىپ تېخى رەسمىي تەتقىق قىلىنمىغانلىرى (ھازىر قەشقەر ۋىلايەتلىك مۇزېيدا ۋە قەشقەردىن تېپىلىپ باشقا جايلاردا ساقلىنىۋاتقان يېزىق ماتېرىياللىرى) ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىنىشى، بۇ ئارقىلىق تېخىمۇ ئېنىق يەكۈن چىقىرىلىشى كېرەك②.

1959- يىلى 4-، 5- ئايلاردا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي ئارخېئولوگىيە ئەترىتى قەشقەر مارالبېشى بارچۇق خارابىسى-توققۇز ساراي شەھەر خارابىسىدە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيەلىك قېزىشتا، بارچۇق خارابىسىنىڭ بىرقانچە قېزىپ تەكشۈرۈش نۇقتىسىدىكى ھەرقايسى دەۋرلەرگە تەۋە مەدەنىيەت قاتلاملىرىدىن ياغاچ تارىشا ۋە قەغەزلەرگە پۈتۈلگەن قارۇشتى، بىراخمىچە (بىراخما يېزىقىنىڭ باشقىچە شەكىللىرى)، سوغدىچە، خەنزۇچە، قەدىمكى ئۇيغۇرچە، ئەرەبچە، ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدا ئىجادىي تۈزۈلگەن ئۇيغۇرچە (قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئەرەب يېزىقى بىلەن خاتىرىلەنگەن تۈركچە)

---

① شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى، قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش - باشقۇرۇش ئورنى: «قەشقەر ياۋئىلىق ئىزىنى قېزىش دوكلاتى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە)، 1997- يىللىق 3- سان، 52 — 55- بەتلەر.

② ئادىل مۇھەممەت تۇران: «قەدىمكى قەشقەرنىڭ تارىخ - جۇغراپىيەسى» (1)، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2001- يىلى 12- ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 25- بەت.

بىرقانچە خىل يېزىق ۋە ۋەسىقىلەرنى تاپقان.

قەدىمكى قەشقەر رايونىدىكى تۇمشۇق «يىپەك يولى»نىڭ ئوتتۇرا لىنىيەسىدىكى مۇھىم ئورۇن بولۇپ، قەدىمدە تارىم ئويمانلىقىدىكى قەدىمكى مەدەنىيەت، ئىقتىساد ۋە سودا مۇشۇ يەرگە مەركەزلەشكەن ھەم ئۈزلۈكسىز تارقالغان. بۇ يەر ئارخېئولوگىيەدە «تارىم ۋادىسىدىكى بوستانلىقلار ئىچىدە مۇھىم بىر مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلانغانىدى.

قەشقەر بوستانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان ھازىرقى مارالبېشىدىكى تۇمشۇق ۋە توققۇز ساراي بۇددا ئىبادەتخانا خارابىسى قەشقەرنىڭ بۇددىزم مۇھىتىدىكى ۋەسىقىلەر كۆپ تېپىلغان قەدىمكى خارابىلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئارخېئولوگ، سەيياھلىرى بۇ يەرگە ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرغان ھەم ئارخېئولوگىيەلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، نۇرغۇنلىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ۋە قەدىمكى ۋەسىقىلەرنى تاپقان. فىرانسىيەلىك پائول پېللىئوت 1906 - يىلى توققۇز ساراي خارابىسى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بۇددا ئىبادەتخانا خارابىسىنى بايقىغاندىن كېيىن، ئەنگلىيەلىك ئاۋرېل ستەيىن (1908 - يىلى ۋە 1912 - يىلى)، گېرمانىيەلىك ئالبېرت فون لېكوك (1913 - يىلى)، دۆلىتىمىزدىكى خۇاڭ ۋېنبى (1928 - يىلى)، ليۇ يۈنچۈن (1959 - يىلى) ۋە لىن مېيسۈن (1989 - يىلى) قاتارلىقلار كەينى - كەينىدىن بۇ يەردە تەكشۈرۈش ۋە قېزىش ئېلىپ بارغان. ئۇلار قەندىھار سەنئەت ئۇسلۇبىدىكى نۇرغۇنلىغان رەڭلىك ھەيكەل، ياغاچ ئويما بۇت ھەيكىلى، قارۇشتى يېزىقىدا يېزىلغان ۋەسىقىلەرنى بايقىغان. ئۇنىڭ ئىچىدە گېرمانىيەلىك ئالبېرت فون لېكوك (1913 - يىلى) بۇ يەردىن جەمئىي تۆت پارچە قەدىمكى ۋەسىقىنى بايقىغان. فىرانسىيەلىك پائول پېللىئوت 1906 - يىلى «قەدىمكى تىل»دا يېزىلغان «كارما ۋاجانا» نومىنىڭ پارچىسىنى بايقىغان، لېكىن ئەينى چاغدا رەتلەپ ئېلان قىلىنمىغان.

لېكوك ئېلىپ چىقىپ كەتكەن 1 - نومۇرلۇق ھۆججەتنىڭ بىرىنچى قۇرىدا «بارلىق ئىلاھلارنىڭ پەرزەنتى، ھوقۇق تۇتقۇچى مۇقەددەس تەڭرى خان ۋاسۇدىۋا ئالىيلىرى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 6 - يىلى، يىلان يىلى

قش ئېيىنىڭ 23 ـ كۈنى» دېگەن مەلۇمات بار.
فرانسىيەلىك ئالىم لۇئىس هامبىسنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، تۇمشۇقتىن تېپىلغان ۋەسىقىلەرنىڭ يىل ـ دەۋرىنى تەخمىنەن 4 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا تەۋە دەپ هۆكۈم چىقىرىشقا بولىدۇ.
1913 ـ يىلى لېكوك تۇمشۇق ئىزىدىن بىر پارچە هۆججەت تاپقان بولۇپ، بۇ هۆججەتكە «تۇمشۇق 6 ـ نومۇرلۇق هۆججىتى» دەپ نام بېرىلگەن. هازىر ئۇ بېرلىندا ساقلىنىۋاتىدۇ. بۇ هۆججەتنى ئەڭ دەسلەپ نورۋېگىيەلىك تىلشۇناس سېتېن كونوۋ (S. Konow) ئوقۇپ يەشكەن، كېيىن ئەنگلىيەلىك تىلشۇناس هېنىنىڭ (W. B. Henning) ئۇنىڭ مەزمۇنىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا تولۇقلاپ شەرهلىگەن هەمدە تۆۋەندىكىدەك خۇلاسە چىقارغان:
1. بۇ ۋەسىقىنىڭ تىلى قەدىمكى ساكلارنىڭ يېڭى بىر دىيالېكتى (لەهجە) گە تەۋە بولۇپ، ئېهتىمال ئۇدۇن تىلىنىڭ ئەڭ قەدىمكى شەكلى بولۇشى مۇمكىن.
2. بۇ ۋەسىقىنىڭ مەزمۇنى بىر مانى دىنى ئۆمىكىگە چېتىلىدۇ.
3. ۋەسىقىدە كۆرسىتىلگەن Sudana دېگەن كىشى سوغد.
هالبۇكى، بۇ ئىككى تىلشۇناسنىڭ بۇ ۋەسىقىنى ئوقۇپ يېشىشى ئاجايىپ زور تۆهپە بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ بۇ يەكۈنىنى ئاسانلىقچە قوبۇل قىلغىلى بولمايدۇ، بۇ هەقتە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا تەتقىقات ئېلىپ بېرىش كېرەك.
تۇمشۇق 6 ـ نومۇرلۇق ۋەسىقىنىڭ ئوقۇپ يېشىلىشى:
6 ـ نومۇرلۇق هۆججەت قارا رەڭلىك سىياهتا قومۇش قەلەم بىلەن يېزىلغان، جەمئىي سەككىز قۇر، مەزمۇنغا ئاساسەن A، B قىسمىغا ئايرىلغان.
تۆۋەندە بۇ هۆججەتنىڭ ترانسكرىپسىيەسى ۋە تەرجىمىسى ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققىتىگە سۇنۇلىدۇ هەمدە بۇ هۆججەتنىڭ مەزمۇنى توغرىسىدا مۇهاكىمە ئېلىپ بېرىلىدۇ.
ئالبېرت فون لېكوك تۇمشۇقتىن تاپقان 6 ـ نومۇرلۇق هۆججەتنىڭ تەرجىمىسى:

## A

دىھارماغا ئاساسەن مەن ئايماقىبېگى چازبا sudana لىق كىشىنى يازلىق ئېتىكاپقا ئولتۇرۇشقا بۇيرۇدۇم، ھازىر مەن ھەربىر ئادەمدىن 13 بارا (barra) يىغىپ خانلىققا سېلىق تاپشۇرىمەن، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىككى سولا (sola) ئاشلىق يىغىپ خان ئالىيلىرىغا تاپشۇرىمەن. تاپشۇرۇش ۋاقتى 6- ئاينىڭ 25- كۈنىگىچە، يازلىق ئىستىقامەتتە تۇرۇۋاتقان مەن ۋە sudana لىق سىڭجۇ خانلىققا سېلىق تاپشۇرۇشى كېرەك. مېنىڭ دوستۇم ياكى دۈشمىنىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر خانلىققا سېلىق تاپشۇرۇشى كېرەك.

## B

دىھۋانا ئىپىي (ساكيامۇنىنىڭ نىرۋاناغا يەتكەن ئىپىي) دا، راھىبكالان ھەزرەت دىھارما بۇددا ھېكمەتلىرىنى تەشۋىق قىلىدۇ. شۇڭلاشقا، بىز ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىمىزنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن بىر سولا (sola) ئاشلىق سەدىقە بەردۇق، ئۆمرىدە ئۇنىڭ دىھارماسىنى ئاڭلاپ باققان ئادەملەر، بىز چوقۇم ئۇنىڭ بىھاگاۋات (bhagavat، ساكيامۇنىنىڭ باشقىچە نامى) نىڭ قېشىدىن ئېلىپ كەلگەن كۈچ-قۇدرىتى چەكسىز بولغان بۇددا ھېكمىتىگە ئەمەل قىلىمىز. ئاشلىق سەدىقە بېرىپ بولغاندىن كېيىن، بىز يەنە راھىبكالانىنىڭ تۆھپىسىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنىڭغا ئازراق تېرىق ۋە ئاشلىق سەدىقە بەردۇق.

سېتىن كونوف قەدىمكى ئۇدۇن تىلى تەلىماتى ئاساسىدا يۇقىرىقى ھۆججەتنىڭ B بۆلىكىنىڭ 2-، 3- قۇرىدىكى hvadani دېگەن سۆزنى خاتا چۈشىنىپ، بۇ سۆزنى «خوتەنلىك» دەپ شەرھلىگەن. 1987- يىلى نورۋېگىيەلىك سكيائېرۋ (P.O. Skjaervø) ئۆزىنىڭ تۇمشۇق تىلىدىكى «كارماۋاچانا نومى» (karmavačana) توغرىسىدىكى ماقالىسىدە بۇ نومنىڭ سانسكرىتچىسىنى تەكشۈرۈپ hvadani دېگەن

سۆزىنىڭ سانسكرىتچە ئۇسخىدىكى bhagavat قا ماس كېلىدىغانلىقىنى بايقىغان ھەم بۇ سۆز ساكيامۇنىنىڭ باشقا بىر خىل ئاتىلىشى بولۇپ، ھەرگىزمۇ «خوتەنلىك» دېگەنلىك ئەمەس دېگەن. 1988 - يىلى گېرمانىيەلىك ئالىم كىلائۇس شىمىد (K. T. Schmidt) ئۆزىنىڭ بىر پاچە ماقالىسىدە بۇ ھۆججەتنىڭ توخرىچە ئۇسخىسىنى تونۇشتۇرغان ھەم تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا سكيائېرۋ (P. O. Skjaervø) نىڭ تەتقىقاتىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىغان. بۇنىڭدىن كېيىن ئامېرىكىلىق ئالىم ئېممېرىك (R. E. Emmerick) تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن تۇمشۇق تىلى بىلەن خوتەن ساك تىلى مۇناسىۋىتىنىڭ ئوخشاش بىر تىلنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل لەھجىسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىققان. ئۇ تۇمشۇق تىلىنىڭ يەرلىك تىل ئىكەنلىكىنى، خوتەن تىلى بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلىدى. شۇڭلاشقا، سېتىن كونوۋنىڭ تۇمشۇق تىلى خوتەن تىلىدۇر دېگەن كۆزقارىشى پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ①.

بۇ ھۆججەتتە تىلغا ئېلىنغان دىنىي ئاتالغۇلار بىلەن دىنىي لىمات ھىنايانا مەزھىپىنىڭ «ھەممىدە بارلىق پىرقىسى» بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. مەسىلەن، بۇ ھۆججەتنىڭ A بۆلۈمىنىڭ بىرىنچى قۇرىدىكى asi دېگەن سۆزنى سېتىن كونوۋ «تاماق يېمەسلىك» دەپ شەرھلىگەن بولسا، ھېنىڭ «پەرھىز» دەپ شەرھلىگەن، بىراق فونېتىكا جەھەتتىن تەھلىل قىلغاندا، بۇ خەتنى چوقۇم vasi دەپ شەرھلەش كېرەك ئىكەن، بۇ سانسكرىت تىلىدىكى vasin «ئولتۇرۇش» دېگەنگە ماس كېلىدۇ ۋە بۇ بۇددا دىنىدىكى بىر خىل پائالىيەت بولۇپ، بۇددا دىنى مۇخلىسلىرىنىڭ يامغۇرلۇق ئۈچ پەسىل ئىچىدە سىرتقا چىقىشى چەكلىنىدۇ، بۇنىڭ ۋاقتى تەخمىنەن 6 - ئايدىن 10 - ئايغىچە بولىدۇ. بۇ خىل پائالىيەت پالى تىلىدا vasan - vassa، خەنزۇ تىلىدا «ئولتۇرۇش» دېيىلىدۇ. بۇ ھۆججەتتە دېيىلگەن يەرلىك خەلقلەرنىڭ

① لىن مېيسۇن: «غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى»، شەرق نەشرىياتى 1995 - يىلى 12 - ئاي خەنزۇچە نەشرى، 246 - بەتلەردىكى نەقىللەرگە قارالسۇن.

دىنىي پائالىيەتلىرى يامغۇرلۇق پەسىلدە دەل 6 ـ ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن، بۇ ئېنىقلا بۇددا دىنىدىكى «ئولتۇرۇش» بىلەن مانى دىنىدىكى پەرھىزنىڭ قىلچىمۇ ئالاقىسى يوقلۇقىنى كۆرسىتىدۇ.

ھۆججەتنىڭ B بۆلىكىدە buza dine~buzada دېگەن بىر سۆز ئۇچرايدۇ، بۇ سۆزنى يەنە budha da دەپ ئوقۇشقا بولىدۇ. بۇ سانسكرىت تىلى ياكى پالى تىلىدىكى بۇددھاتا (buddhata) دېگەن سۆزگە ماس كېلىدۇ، بۇ بۇددا دىنىدىكى بىر ئاتالغۇ بولۇپ، ساكيامۇنىنىڭ نىرۋاناغا ياكى بۇددالىق مۇقامىغا يەتكەنلىكىنى بىلدۈرەتتى. شۇنداق بولغاچقا، بىز بۇ يەردىكى buza dine~buzada دېگەن ئاينى ساكيامۇنىنىڭ نىرۋاناغا يەتكەن ئېيى دەپ ئېيتالايمىز.

لىن مېيسۈن ئەپەندى چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ تەتقىقاتى ئاساسىدا، تۇمشۇق ۋەسىقىلىرىدە كۆرۈلگەن sudana دېگەن سۆز توغرىسىدا توختىلىپ، ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتىكى قارىشىنى مۇنداق ئوتتۇرىغا قويىدۇ: خەت شەكلى بىلەن مەزمۇنىغا قارىغاندا، بۇ ھۆججەتنى ھېچبولمىغاندا ئىككى ئادەم يازغان دېيىشكە بولىدۇ، يەنى ئۇنىڭ بىرى چازبا (cazba)، ئۇ تۇمشۇقنىڭ يەرلىك ئەمەلدارى ــ ئايماقبېگى، sudana لىقلاردىن سېلىق يىغىپ خانلىققا تاپشۇرۇشقا مەسئۇل، باشقا بىرى سېنجۇ (cencu)، بۇ sudana لىق ئادەم. بۇ سۆزدىكى na سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە بولۇپ، كېلىپ چىققان يەر نامى ياكى مىللەت نامىنى بىلدۈرىدىغان سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە. مەسىلەن، تۇمشۇق تىلىدىكى xserana دېگەن سۆز «كۇسەنىنىڭ» ياكى «كۇسەنلىك» دېگەننى، khogana دېگەن سۆز «كاسىرا ئايمىقىنىڭ» ياكى «كاسىرالىق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇنداقتا sudana دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى «suda دۆلىتىنىڭ» ياكى «suda لىق» دېگەنلىك بولىدۇ. قەشقەرنىڭ قەدىمكى نامىنىڭ خەنزۇچە مەنبەلەردە «شۇلې، سۇلى» (疏勒) دەپ خاتىرىلەنگەنلىكىنى بىلىمىز. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1 ـ ئەسىردىكى رىم تارىخچىسى مالىنىنىڭ «جۇغراپىيەگە كىرىش» دېگەن ئەسىرىدە قەشقەر sulana دەپ خاتىرىلەنگەن. مىلادىيە 3 ـ ئەسىردىكى كىروران قارۇشتى يېزىقىدىكى ھۆججەتتە قەشقەرلىكلەر

«suliga» دەپ خاتىرىلەنگەن. مىلادىيە 9 ـ ئەسىردىكى تىبەت يېزىقىدىكى ۋەسىقە «ئۇدۇن ئېلى خاتىرىلىرى»دە قەشقەر suleg دېيىلگەن. لېكىن، ئوتتۇرا ئەسىر ئىران تىلىدا da, tha تاۋۇشىنىڭ I تاۋۇشىغا ئۆزگىرىدىغانلىقى توغرىسىدىكى مىساللارنىڭ ھەقىقەتەنمۇ مەۋجۇتلۇقىنى بايقىدۇق. مەسىلەن، پارس تىلىدىكى pahlva فارفىينى، قارۇشتى يېزىقىدىكى sokhaliga سوغد تىلىدىكى Swydyk (سوغداق)نى كۆرسىتىدۇ. شۇڭلاشقا، suda دېگەن سۆز sula نى يەنى «سۇلى»، (قەشقەر) نى كۆرسىتىدۇ، sudana بولسا بۇ سۆزنىڭ سۈپەت شەكلى بولۇپ، «سۇلىنىڭ، سۇلىلىق» (قەشقەرنىڭ، قەشقەرلىك) دېگەن مەنىدە ئىدى[①].

«كونا تاڭنامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە: «قەشقەر خانلىقى...... بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، غوز يېزىقىنى قوللىنىدۇ» دېيىلگەن. «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى»نىڭ 12 ـ بابىدا قەشقەر خانلىقىنىڭ بۇ خىل يېزىقىنى ناھايىتى تەپسىلىي بايان قىلغان، بۇ ئەسەردە: «بۇ دۆلەتنىڭ يېزىقى ھىندىستاندىن قوبۇل قىلىنىپ ئازراق ئۆزلەشتۈرۈپ قوللىنىلغان، سۆزلىگەندىكى ئىنتوناتسىيە ـ سى باشقا ئەللەردىن پەرقلىنىدىكەن» دېيىلگەن. بۇ يەردە شۇنىڭغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەككى، يۇقىرىدا قەشقەرلىكلەرنىڭ يېزىقى ھىندىستاننىڭ بىراخما يېزىقى ئاساسىدا ئازراق ئۆزگەرتىپ ئىجاد قىلىنغانلىقى، بىراق قەشقەر تىلى ھىندىستان بىلەن غەربىي يۇرتتىكى باشقا ئەللەر بىلەن ئوخشىمايدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، بىزنىڭ تۇمشۇقتىن تېپىلغان ھۆججەتتە كۆرگەنلىرىمىز دەل مۇشۇ يېزىق ئىكەنلىكى ئۆز ـ ئۆزىدىن مەلۇم بولىدۇ.

1906 ـ يىلى فىرانسىيەلىك پائول پېللىئوت تۇمشۇقنىڭ شىمالىدىكى توققۇز ساراي قەدىمكى شەھەر خارابىسىدىن بىر تۈركۈم «سۇلى تىلى» دىكى بۇددىزم ۋەسىقىلىرىنىڭ پارچىلىرىنى تاپقان. بۇ

---

① لىن مېيسۇن: «غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى»، شەرق نەشرىياتى 1995 ـ يىلى 12 ـ ئاي خەنزۇچە نەشرى، 247 ـ، 248 ـ بەتلەر.

ۋەسىقىلەر ھازىر پارىژدا P410 نومۇرلۇق ھۆججەت نامى بىلەن ساقلىنىۋاتىدۇ.

پېللىئوت بۇ قېتىم تاپقان ۋەسىقە «كارما ۋاجانا» ناملىق نومنىڭ پارچىلىرى بولۇپ، بۇ ۋەسىقىنى 1942 ـ يىلى نورۋېگىيەلىك تىلشۇناس ئالىم سېتىن كونوۋ تۇنجى قېتىم تەتقىق قىلىپ دۇنيا جامائەتچىلىكىگە ئېلان قىلغان. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەنگلىيەلىك بەيلېي (H. W. Baily) (1950 ـ يىلى)، ئامېرىكىلىق R. E. ئېممېرىك (R. E. Emmerick) (1985 ـ يىلى)، نورۋېگىيەلىك سكيائېرۋ (P. O. Skjaerv) (1987 ـ يىلى) ۋە گېرمانىيەلىك شمىد (K. T. Schmidt) (1988 ـ يىلى) قاتارلىقلار كەينى ـ كەينىدىن ماقالە ئېلان قىلىپ، بۇ قەدىمكى قەشقەر تىل ـ يېزىقىدا يېزىلغان ۋەسىقە توغرىسىدا ئۆزلىرىنىڭ كۆزقاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى①.

تۆۋەندە بۇ ھۆججەتنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ۋە بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ شەرھىيسى توغرىسىدا قىسقىچە بايان بېرىلدى②.

ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى:

1 — 4 ـ قۇر: «مەن دىھارماداسى بۈگۈن بۇتقا ھۆرمەت بىلدۈرىمەن، بۇددا دىھارمىسىغا ھۆرمەت بىلدۈرىمەن، راھىبلارغا ھۆرمەت بىلدۈرىمەن.»

5 — 6 ـ قۇر: «مەن ئاغزى ـ ئاغزىمدىن چۈشۈرمەي شۇنى تەكرارلايمەنكى.»

6 — 10 ـ قۇر: «مەن دىھارماداسى بۇتقا ھۆرمەت بىلدۈرىمەن، بۇددا دىھارمىسىغا ھۆرمەت بىلدۈرىمەن، راھىبقا ھۆرمەت بىلدۈرىمەن.»

10 — 11 ـ قۇر: «سەن ئۇپاساكنىڭ پەرھىزلىرىنى قوبۇل قىلامسەن؟»

---

① لىن مېيسۇن: «سۇلى ئارخېئولوگىيەسىنىڭ 90 ـ يىلى»، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلار دۇنياسى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە)، 1990 ـ يىللىق 1 ـ، 2 ـ سانلار.

② لىن مېيسۇن: «غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى»، شەرق نەشرىياتى 1995 ـ يىلى 12 ـ ئاي خەنزۇچە نەشرى، 421 — 424 ـ بەتلەر.

12 — 19- قۇر: «سەن ماڭا ئۇپاساكىنىڭ قانداق ئىسمى بولىدىغانلىقىنى، نامۇ ھىۋاتا، ئەۋلىيا شاكيانانىڭ دىھارمىلىرىنى ئۆگەتكىن! ئۇ باشتىن - ئاخىر ئۈچ ئەردىنىگە ئېتىقاد قىلسۇن، ئۇ پاكلانسۇن!»

19 — 20- قۇر: «مەن ئاغزى - ئاغزىمدىن چۈشۈرمەي شۇنى تەكرارلايمەنكى.»

20 — 27- قۇر: «ئۇپاساكى قۇلاق سالغىن، بۇلارنىڭ ساكيامۇنى دەپ ئاتالغان دانا، يىراقنى كۆرىدىغان تاتھاگاتادەك مۇبارەك ئىسمى بار، ھەزرىتى ساكيامۇنى سۆزلىگەن ئۇپاساكىنىڭ بارلىق بەش پەرھىزىنى ئۆز لايىقىدا يادلاپ بېرەلەيدۇ!»

28 — 30- قۇر: «پەقەت بىر ئۆمۈر جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ ئىستىقامەت قىلغاندىلا، ئاندىن ئۇپاساكى بولغىلى بولىدۇ.»

بۇنىڭدىن باشقا:

31 — 32- قۇر: «جانلىقلارنى ئۆلتۈرمەسلىك ئۇپاساكىنىڭ پەرھىزىدۇر.»

33 — 36- قۇر: «شۇڭلاشقا، سەن پۈتۈن ئۆمرۈڭدە جانلىقلارنى ئۆلتۈرمەسلىكىڭ كېرەك.»

36 — 37- قۇر: «ھەتتا كىچىك چۈمۈلە بالىلىرىنىمۇ ئۆلتۈرمەسلىكىڭ كېرەك.»

38 — 39- قۇر: «سەن ھەرگىزمۇ مۇنداق ئىشلارنى قىلماسلىقىڭ كېرەك.»

40 — 41- قۇر: «مۇبادا سەن قىلالىساڭ ‹قىلالايمەن› دېگىن.»

42 — 45- قۇر: «باشقىلار سەدىقە قىلمىغان بايلىقلارنىڭ كويىدا بولماسلىق ئۇپاساكىنىڭ پەرھىزىدۇر.»

45 — 48- قۇر: «شۇڭلاشقا، سەن بىر ئۆمۈر باشقىلار سەدىقە بەرمىگەن بايلىقلارنىڭ.»

49 — 50- قۇر: «ھەتتا ئوت - چۆپنىڭ بىر پۇچۇقىنىڭمۇ كويىدا بولماسلىقىڭ كېرەك.»

50 — 52- قۇر: «سەن ھەرگىز بۇنداق ئىشلارنى قىلمىغىن.»

53 — 54 ـ قۇر: «مۇبادا قىلالىساڭ، «قىلالايمەن» دېگىن.»
55 — 56 ـ قۇر: «شەھۋەتكە بېرىلمەسلىك ئوپاساكىنىڭ پەرھىزىدۇر.»
57 — 58 ـ قۇر: «شۇڭلاشقا، بىر ئۆمۈر شەھۋەتكە بېرىلمەسلىك پەرھىزىنى بۇزماسلىقىڭ كېرەك.»
59 — 60 ـ قۇر: «ھەتتا چىشى مۈشۈك، ئىتنىمۇ خىيالىڭغا كەلتۈرمەسلىكىڭ كېرەك.»
60 — 62 ـ قۇر: «سەن ھەرگىز بۇنداق ئىشلارنى قىلمىغىن.»
62 — 63 ـ قۇر: «مۇبادا قىلالىساڭ، «قىلالايمەن» دېگىن......»
(ئاخىرى كەمتۈك).

قەدىمكى قەشقەر رايونىدىن تېپىلغان بۇددىزم يادىكارلىقلىرى ھەر خىل تىل ـ يېزىقتىكى يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ قالدۇق پارچىلىرى بولۇپ، ھازىرغىچە قەشقەر رايونىدىن مۇكەممەلرەك ساقلانغان بۇددىزم يادىكارلىقلىرى تېپىلغىنى يوق. قەدىمكى قەشقەرنىڭ بۇددىزم دەۋرىدىكى يازما يادىكارلىقلىرى دېگەندە، پەقەت بۇددىزم دەۋرىدىكى قەشقەردە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان بۇددا ئالىمى قۇيلانىڭ «بارچە نوملارنىڭ شەرھىيسى» ناملىق ئەسىرىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا بولىدۇ.

«بارچە نوملارنىڭ شەرھىيسى» تاڭ دەۋرىدىكى چاڭئەن شەھىرىنىڭ شىمېڭ بۇتخانىسىدىكى راھىب قۇيلان (خۇي لىن) يازغان بۇددا نوملىرى توغرىسىدىكى ئەسەر. قۇيلان (734 — 820 ـ يىللىرى) سۇلى (بۇگۈنكى قەشقەر) دە تۇغۇلغان بولۇپ، قەشقەردە ئۇزاققىچە سەلتەنەت سۈرگەن بويلا (خەنزۇچە خاتىرىلەرگە «裴» دەپ پۈتۈلگەن) فامىلىلىك خان جەمەتىنىڭ ئەۋلادى. ھىندى تىللىرىغا پىششىق، جۇڭگوچە تەپسىر قىلىشى راۋان، 20 نەچچە يىل ئەجىر قىلىپ يۈەنخېنىڭ 5 ـ يىلى (801 ـ يىلى) «بارچە نوملارنىڭ شەرھىيسى» ناملىق بۇ كىتابنى يېزىپ تاماملىغان. بۇ كىتاب «بۈيۈك نېرۋانا»دىن باشلىنىپ «ھاياتنى قەدىرلەش شەرھىيسى» بىلەن ئاخىرلاشقان. ئەسەردە نوملارنىڭ قەدىمكى ئوقۇلۇش ئاھاڭى، قەدىمىي يېزىق ھەم بۇددا قانۇنلىرىدىن تارتىپ بۇددا شەرھى ـ چۈشەندۈرۈشلىرىگىچە

يېزىلغان بولۇپ، ھەممە مەزمۇننى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن 1300 بۆلۈملۈك، 5700 جىلدتىن ئارتۇق چوڭ ھەجىملىك ئەسەردۇر. بۇ ئەسەر سۇڭ دەۋرىدە قايتا كۆچۈرۈلمىگەن، لياۋ، يۈەن سۇلالىلىرى دەۋرىدە قايتا كۆچۈرۈلگەن نۇسخىلىرى بار بولۇپ، يەنە شەرقتە چاۋشيەن، ياپونىيەلەرگىچە تارقالغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ يىللىرىدا ياپونىيەدىن قايتۇرۇپ كېلىنگەن، مىنگونىڭ تۇنجى يىلى (1912-يىلى) نەشر قىلىنىپ جامائەتچىلىك بىلەن قايتا يۈز كۆرۈشكەن.

قۇيلان ياشىغان دەۋردە قەشقەر شەھىرى غەربىي يۇرتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ھەيۋەتلىك بىلىم يۇرتلىرى ۋە ئىبادەتخانىلىرى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر ئىدى، بولۇپمۇ شۇ چاغدىكى بۇددا دىنىنىڭ گۈللەپ ياشنىشى قەشقەرنى مەشھۇر بۇددا دىنى مەركەزلىرىنىڭ بىرىگە ئايلاندۇرغان بولۇپ، غەربتىن شەرققە ۋە شەرقتىن غەربكە توختىماي ئۆتۈپ تۇرىدىغان بۇددا مۇخلىسلىرى قەشقەردىكى بۇددا مۇتەپەككۇرى ۋە ئۇستازلىرىنى پېشۋا بىلىپ، ئۇلاردىن ئىلىم تەھسىل قىلاتتى. بۇ دەۋردە يەنە سانسىزلىغان بۇددا مۇتەپەككۇرلىرى، ئالىملار يېتىشىپ چىقىپ، قەشقەرنىڭ مەدەنىيىتىنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا، ھەتتا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككىمۇ تەسىر كۆرسەتكەنىدى. ئەنە شۇنداق ئەۋزەل شارائىتتا يېتىشىپ چىققان قۇيلان كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا بۇددا دىنىنى تېخىمۇ سىستېمىلىق ئۆگىنىش ئۈچۈن تىل - يېزىق ئۆگىنىشكە ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلىپ، ئانا تىلىدىن باشقا يەنە خەنزۇ تىلى ۋە سانسكرىتچىنى پىششىق ئۆزلەشتۈرۈپ، بۇددا نوملىرىنىڭ ئەڭ قابىل شەرھلىگۈچىسى، مەشھۇر تىلشۇناس، ئالىم بولۇپ يېتىشكەن.

قۇيلان زور ھەجىملىك مەشھۇر ئەسىرى «بارچە نوملارنىڭ شەرھىيسى» نى قەشقەردە ئەمەس، بەلكى ئوتتۇرا ئىقلىم بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزى بولغان چاڭئەندە يازغان. ئالىم بۇ ئەسەرنى 52 يېشىدا يېزىشقا كىرىشىپ، 74 يېشىدا تاماملىغان.

«بارچە نوملارنىڭ شەرھىيسى» ناملىق ئەسەرنىڭ مەزمۇننى بۇددا دىنىنىڭ ئەڭ كاتتا نومى چوڭ يوللۇقلار مەزھىپى (ماھايانا مەزھىپى)نىڭ

تولۇپ نەزەرىيەۋى ئاساسى بولغان ئەقىل - پاراسەت ئارقىلىق راھەت- پاراغەتكە يېتىش ھەققىدىكى «ماھابخاراژانا پارامىتا سۇترا» (mahaprajna paramita sutra) دىن باشلىغان. بۇ ئەسەردە ئىزاھلانغان ۋە شەرھلەنگەن نوملار جەمئىي 5480 جىلد بولۇپ، بۇ قامۇس خاراكتېرلىك يىرىك ئەسەرنى بۇددا ئالىملىرى، مۇتەپەككۇرلىرى ئەتىۋارلاپ قوللانما سۈپىتىدە ئوقۇپ كەلگەن.

قۇيلانىنىڭ «بارچە نوملارنىڭ شەرھىيسى» ناملىق ئەسىرى بۇددا نوملىرىنى ئوقۇش قائىدىلىرىنى تىلشۇناسلىق نۇقتىئىنەزەرى بىلەن چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان ۋە بۇددا ئەقىدىلىرىنى شەرھلەيدىغان دىنىي دەستۇر بولۇپلا قالماستىن، خەلقىمىزنىڭ ئېتنوگرافىيەسىگە دائىر مۇھىم مەلۇماتلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئۇنى تىل - ئەدەبىيات، پەلسەپە، جۇغراپىيە، ئەدەبىيات - سەنئەت قاتارلىقلارغا ئائىت مول مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان زور تەربىيەۋى قىممەتكە ئىگە قوللانما دېيىشكە بولىدۇ.

قۇيلانىنىڭ «بارچە نوملارنىڭ شەرھىيسى» ناملىق ئەسىرىنىڭ داڭقىنى ئاڭلىغان كورېيەلىكلەر مەخسۇس ئەلچى ئەۋەتىپ بۇ ئەسەرنى كۆچۈرۈۋېلىشنى ئىلتىماس قىلغاندا، تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن رەت قىلىنغان. سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە كورېيەلىكلەر يەنە ئەلچى ئەۋەتىپ ئىلتىماس قىلىپ تۇرۇۋالغاندا، سۇڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى كۆچۈرۈۋېلىشقا قوشۇلغان. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ياپونلار كېلىپ كۆچۈرۈپ ئېلىپ كەتكەن. مىلادىيە 1737- يىلى (چيەنلۇڭنىڭ 2- يىلى) قۇيلانىنىڭ بارلىق ئەسەرلىرى رەتلەپ بېسىلغان. 1880- يىلى مەزكۇر ئەسەرنىڭ ياغاچ ئويما نۇسخىسى ياپونىيەدىن ئېلىپ كېلىنىپ، رەسمىي كۆپەيتىپ بېسىپ تارقىتىلغان[①].

① ئۆمەرجان ھەسەن بوزقىر: «پىرخۇيلان ۋە مەھمۇد كاشغەرىي»، «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى 2007- يىللىق 7- سان، 41 — 43- بەتلەر.

## بەشىنچى باب

# قەشقەرنىڭ ئىسلامىيەت دەۋرى ئارخېئولوگىيەسى

ئارخېئولوگىيە — ئىجتىمائىي پەنلەر جۈملىسىدىن بولغان تارىخشۇناسلىقنىڭ تەركىبىي قىسمى. ئۇ — قەدىمكى زامانىدىكى ئىنسانلارنىڭ ھەر خىل پائالىيەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ماددىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلغان، ئىنسانلارنىڭ قەدىمكى زامان تارىخىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. شۇڭا، ئۇنىڭ تەتقىقات دائىرىسى يېقىنقى زامان تارىخى ۋە ھازىرقى زامان تارىخىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.

ھەرقايسى ئەللەردىكى ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتىنىڭ يىل - دەۋرى چەكلىمىسى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ. ئەنگلىيەدە ئارخېئولوگىيە نورمانلار بېسىپ كىرگەن ۋاقىت (1066 - يىلى) بىلەن چەكلىنىدۇ. ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ھەرقايسى مەملىكەتلەرنىڭ ئارخېئولوگىيەسى كولومبو (1451 — 1506) يېڭى چوڭ قۇرۇقلۇق — ئامېرىكا قىتئەسىنى تاپقان ۋاقىت (1492 - يىلى) بىلەن چەكلىنىدۇ، ئېلىمىزدە ئارخېئولوگىيە مىڭ سۇلالىسى گۇمران بولغان ۋاقىت (1644 - يىلى) بىلەن چەكلىنىدۇ①.

ھالبۇكى، ئارخېئولوگىيە ئىلمىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشى ئارقىسىدا، ئۇنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى ۋە يىل - دەۋر چەكلىمىسىدىمۇ

① «جۇڭگو ئېنسىكلوپېدىيەسى. ئارخېئولوگىيە»، جۇڭگو ئېنسىكلوپېدىيە نەشرىياتى 1986 - يىلى 8 - ئاي خەنزۇچە نەشرى («شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، 1987 - يىلى 1 - سان، 32 - بەتتىكى نەقىل).

بىر قىسىم ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى، يەنى ئىلگىرىكى ئەنئەنىۋى قاراش بويىچە ئىسلام مەدەنىيىتىگە ئائىت يادىكارلىقلار، بولۇپمۇ ئىسلام دىنىغا ئائىت بولغان قەبرىستانلىقلاردىن ھەمدەپنە بۇيۇملارنىڭ تېپىلماسلىقى قاتارلىق ئالاھىدە سەۋەبلەر بىلەن ئارخېئولوگىيە ئىلمىنىڭ تەتقىقات دائىرىسىگە كىرگۈزمەيدىغان بىر تەرەپلىمە خاھىشلار مەۋجۇت ئىدى. بىراق، ھازىرغا كەلگەندە ئىسلام مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا بولغان تونۇشنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، ئىسلام دىنىغا ئائىت بولغان مەدەنىيەت ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ تارىخشۇناسلىق، ئارخېئولوگىيە ئىلمىنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە پۈتكۈل تەتقىقات جەريانىغا بولغان تەسىرىنىڭ زورىيىشى تۈپەيلىدىن بۇ تۈردىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا ئەھمىيەت بېرىش كۈچەيدى ھەمدە بۇ خىل مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىمۇ ئارخېئولوگىيە ئىلمىنىڭ تەتقىقات دائىرىسىگە تەدرىجىي سىڭىپ كىردى. نۆۋەتتە ئىسلام مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى — قەدىمكى قۇرۇلۇشلار، ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرى، فارفۇر بۇيۇملار، زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرى، گىلەم، ھەر خىل خەتتاتلىق ئەسەرلىرى ۋە قەدىمكى پۇل قاتارلىق ماددىي يادىكارلىقلار ئارخېئولوگىيە ئىلمىنىڭ تەتقىقاتىدا كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ماتېرىياللاردىن بولۇپ قالدى①.

ئىسلام دىنى شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ ئەسلىدىكى مەدەنىيىتىدە زور بىر بۇرۇلۇش بارلىققا كېلىپ، ئىسلام دىنى تەسىرى ئاستىدىكى ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتى بارلىققا كەلدى ۋە ناھايىتى ئۇزاق بىر تەرەققىيات دەۋرىنى باشتىن كەچۈردى ھەمدە ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەرگە خاس بولغان مەدەنىيەتنى بارلىققا كەلتۈردى ۋە بۇ خىل مەدەنىيەتكە خاس بولغان ماددىي مەدەنىيەت

① ما ۋېنكۇەن: «ئىسلام مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» (غەربىي شىمال رايونى بويىچە ئاز سانلىق مىللەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كەسپىي خادىملىرىنى تەربىيەلەش كۇرسىنىڭ ماتېرىيالى)، ئۈرۈمچى، 1999- يىلى 10- ئاي، 1- بەت.

يادىكارلىقلىرى زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلدى. نەۋۋەتتە شىنجاڭنىڭ ئىسلامىيەت دەۋرىگە خاس بولغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ناھايىتى مول بولۇپ، بۇلار شىنجاڭنىڭ قەدىمكى تارىخى ۋە ئارخېئولوگىيەلىك مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ماتېرىياللاردىن بولۇپ قالدى.

قەدىمكى قەشقەرنىڭ قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئارخېئولوگىيەلىك مەدەنىيىتى، ئەمەلىيەتتە قەشقەردە قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن دەۋرى (مىلادىيە 850 — 1212 - يىللار)دە بارلىققا كەلگەن مەدەنىيەتنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، بۇ دەۋرنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئىسلام دىنى 10 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شىنجاڭغا تارقالغان. قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خانى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلغان. بۇ، ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىشىنىڭ باشلىنىشىدىن دېرەك بېرىدۇ. سۇتۇق بۇغراخان ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى ھۆكۈمرانلىق كۈچىگە تايىنىپ ئىسلام دىنىنى كۈچەپ تارقاتقان. 960 - يىلى 200 مىڭ ئۆيلۈك تۈرك - ئۇيغۇر ئاھالىسى ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلغان. شۇنىڭ بىلەن قاراخانىيلار دۆلىتى بىلەن ئۇدۇن بۇددا دۆلىتى ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش باشلىنىپ، قايتا - قايتا تىركىشىش ئارقىلىق 1006 - يىلى قاراخانىيلار قوشۇنى ئۇدۇننى ئىگىلىگەن. ئىسلام دىنى شىنجاڭدىكى بۇددا دىنىنىڭ مەركىزى بولغان ئۇدۇنغا كېڭەيگەن.

موڭغۇللار ۋە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، ئىسلام دىنى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا تارقىلىشقا باشلىغان. جەنۇبتا چەرچەن، شىمالدا ئاقسۇ قاتارلىق جايلارغا كېڭەيگەن. ئىلى دەرياسى بويىدىكى ئالمالىق (بوگۇنكى قورغاس) ئىسلام دىنىنىڭ شىمالدىكى تەرەققىياتىنىڭ ئاساسلىق بازىسى بولۇپ قالغان. شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدىكى تۇغلۇق تۆمۈر شىنجاڭ رايونىدىكى ئىسلام دىنىغا ئالدى بىلەن بەيئەت قىلغۇچى، شۇنداقلا موڭغۇللار ئارىسىغا ئىسلام دىنىنى تارقاتقۇچى موڭغۇل خانىدۇر. ئۇ 160 مىڭ چېدىرلىق موڭغۇلنى ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلدۇرغان، شۇنىڭ بىلەن ئىسلام دىنى كۇسەن بۇددا

كۆچلىرىدىن غالىب كېلىپ، ئوڭۇشلۇق ھالدا كۇسەننىڭ شەرقىگە قاراپ كېڭەيگەن. تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ ئوغلى خىزىرخان خوجىنىڭ كۈچى بىلەن ئىدىقۇتنى ئىگىلەپ ئىسلام دىنىنى تۇرپان رايونىغا كېڭەيتكەن، 16-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قومۇل رايونىغا تارقالغان. ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭدا، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار رايونىدا تارقىلىشى بۇددا دىنىنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك تەسىرىگە خاتىمە بېرىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ، يەرلىك خەلقنىڭ بىردىنبىر دىنىي ئېتىقادىغا ئايلانغان.

ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىپ ئومۇملىشىشى بىلەن، شىنجاڭدىكى خەلقلەرنىڭ يالغۇز دىنىي ئېتىقادى ئۆزگىرىپلا قالماي، بەلكى تۇرمۇش ئۆرپ - ئادەتلىرىمۇ ئۆزگەردى. پۈتۈن خەلق ئىسلام مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىپ، ئەسلىدىكى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئاساسىغا دەسسەتتى ياكى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندۇردى. شۇ قاتاردا شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر قاتارلىق ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان خەلقلەرنىڭ ئولتۇراق ئۆي، دەپنە قىلىش ئادەتلىرى ۋە بىناكارلىق سەنئىتىدىمۇ زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كېلىپ، ئىسلام مەدەنىيىتىگە خاس بولغان بىناكارلىق ئۇسلۇبى ۋە دەپنە قىلىش ئادەتلىرى بارلىققا كەلدى. قەشقەر ئەينى ۋاقىتتا قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ پايتەختى ھەم سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزى بولۇش سۈپىتىدە، مۇشۇ مەزگىلدە بارلىققا كەلگەن ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ ئېسىل ئۆرنەكلىرى جۇغلانغان جايغا ئايلاندى. قەشقەردە بارلىققا كەلگەن قەدىمكى مەدەنىيەت ۋە ئىسلام دىنى تارقىلىشى بىلەن بارلىققا كەلگەن ئىسلام مەدەنىيىتى — ھازىرغىچە ئەينەن ساقلىنىپ كېلىۋاتقان مەسچىت ۋە مازارلار بۇ خىل ئۆزگىرىشنىڭ ئەڭ تىپىك ئىپادىلىنىشى بولۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىشى بىلەن بارلىققا كەلگەن مەسچىت-مەدرىسەلەر ئۆز دەۋرىنىڭ قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراسى سۈپىتىدە، ئۇيغۇر ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ نامايەندىلىرى سۈپىتىدە ساقلىنىپ كەلمەكتە. ئۇنىڭدىن باشقا، قەشقەردىن تېپىلغان قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىگە مەنسۇپ بولغان مۇھىم ئارخېئولوگىيەلىك مەدەنىيەتتىن شۇ دەۋردە قوللىنىلغان ۋە ئوبوروت قىلىنغان بىر تۈركۈم

يارماق پۇللار ھەممە قەدىمكى يېزىقلار ئىنتايىن قىممەتلىك ماتېرىياللار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 1. قەشقەرنىڭ ئىسلامىيەت دەۋرى ئارخېئولوگىيەسى ھەققىدە بايان

قەدىمكى قەشقەر شىنجاڭغا ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشىدىكى تۈنجى ئېغىز، تۈنجى نۇقتا بولۇش سۈپىتىدە، ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ ئېسىل نەمۇنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلغان ۋە ۋەكىل خاراكتېردىكى ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى زامانىمىزغىچە يەتكۈزگەن.

ئۈچ يېرىم ئەسىردىن ئارتۇق ھۆكۈم سۈرگەن قاراخانىيلار دەۋرىدە (850 — 1212) ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئۇنىڭغا يانداش رايونلاردا مەدەنىيەت مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان. ئۇيغۇرلار دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ، جۈملىدىن جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ خەزىنىسىگە شانلىق تۆھپىلەرنى قوشقان.

قاراخانىيلار ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىقتىسادىي جەھەتتە يېتەكچى رول ئوينىغان رايونلار (تارىم ۋادىسى ۋە ماۋارەئۇننەھر) مەدەنىيىتىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە ئۆز تېررىتورىيەسىدىكى مەدەنىي رايونلار بىلەن چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان رايونلار (يەتتىسۇ، ئالتاي قاتارلىق رايونلار)نىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئالاقىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان. شۇ سەۋەبتىن، ئولتۇراقلىشىش كۈچىيىپ، شەھەرلەر تېخىمۇ ئاۋاتلاشقان. ئاۋاتلاشقان شەھەرلەردىن قەشقەر، خوتەن، بالاساغۇن، ئوترار، تاشكەنت، سەمەرقەنت، بۇخارا قاتارلىق شەھەرلەردە ئىقتىساد، سودا، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىنتايىن تەرەققىي قىلغانىدى، بولۇپمۇ قاراخانىيلارنىڭ پايتەختى قەشقەر شەرق بىلەن غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزئارا ئۇچرىشىپ، بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسەتكەن نۇقتا بولۇپ، ئۇ قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن دۇنياۋى شەھەرگە ئايلانغانىدى.

قاراخانىيلار شەرقتە جۇڭگودىكى سۇڭ سۇلالىسى، قىتانلار خانلىقى، غەربىي ئاسىيا، شەرقىي جەنۇبىي ياۋروپا، شىمالىي ئافرىقا بىلەن سودا ئالاقىسى قىلاتتى، بولۇپمۇ قاراخانىيلارنىڭ سۇڭ سۇلالىسى، قىتانلار خانلىقى بىلەن بولغان سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى مۇناسىۋىتى ناھايىتى قويۇق ئىدى.

قاراخانىيلار دەۋرىنىڭ ئاساسەن تىنىچ، خاتىرجەم بىر دەۋر بولۇشى ۋە قاراخانىيلار قاغانلىرىنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشى نەتىجىسىدە، ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە مەدەنىيەتتە شانلىق بىر مەنزىرىنىڭ يارىتىلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىلدى، بولۇپمۇ قاراخانىيلار بىلەن مۇسۇلمان ئەللىرى ئارىسىدىكى قىزغىن ۋە ئۈزلۈكسىز كۈچىيىپ بارغان مەنىۋى يېقىنلىق ئاساسىدىكى مەدەنىي ئالاقىلەر قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ گۈللەپ ياشنىشىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەنىدى.

قاراخانىيلار دەۋرىدە تەرەققىي قىلغان بۇ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى تارىم ۋە ماۋارەئۇننەھر مەدەنىيىتى) ۋە ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئورخۇن مەدەنىيىتى (ئاساسەن ئورخۇن يادىكارلىقلىرى)نىڭ ئۇلى ئاساسىدا، ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئىلغار ئامىللىرىنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، بۇ دەۋر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىكى دۇنياۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بىر دەۋر ئىدى. قاراخانىيلار دەۋرىدە ئۇيغۇرلار ياراتقان شانلىق مەدەنىيەت غەرب مەدەنىيىتىدىن يۇكسەكلىكى بىلەنمۇ، مەزمۇنىنىڭ موللۇقى، ئۆز زامانىسىغا يارىشا ئىلغارلىقى بىلەنمۇ ئۈستۈن ئىدى.

شۇ دەۋردە قاراخانىيلار سۇلالىسى تېررىتورىيەسىدە دۇنياغا مەشھۇر بولغان شەرقنىڭ ئارىستوتېلى ئەبۇناسىر فارابى (873 — 950)، پەلسەپە ۋە مېدىتسىنا ساھەسىدىكى قىممەتلىك ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى ئەبۇئەلى ئىبنى سىنا (980—1037)، ئەبۇ رەيھان بىرونى (973—1048)، يۇسۇپ خاس هاجىپ (1018—1085)، مەھمۇد كاشغەرىي (1008—1105) قاتارلىق ئۇلۇغ ئالىم، مۇتەپەككۇر ۋە شائىرلار

مەيدانغا كەلگەنىدى.

شەرقىتىكى بۇتپەرەس قوچۇ ئۇيغۇرلىرى ئىچىدە چىڭگىز ئىمپېرىيەسىدە سىياسىي، ھەربىي، مەمۇرىي ئىشلاردا ئاساسىي ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان تۇراقايا، بولادقايالغا ئوخشاش بەشبالىقلىق ھەربىي سەركەردىلەر، سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ قاتارلىق ئۇلۇغ ئالىم ۋە تەرجىمانلار يېتىشىپ چىققانىدى. قاراخانىيلار دەۋرىدە قوچۇ ئۇيغۇرلىرى بۇددا دىنىغا، قاراخانىيلار تېررىتورىيەسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقىدىن قەتئىينەزەر، ئۆز زامانىسىغا نىسبەتەن يۈكسەك سەۋىيەگە ئىگە بىر پۈتۈن مەدەنىيەتنى ۋۇجۇدقا كەلگەنىدى.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دانىشمەن ئوغلى، ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، پەيلاسوپ، تالانتلىق شائىر، مەشھۇر دۆلەت ئەربابى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانى؛ مەشھۇر تىلشۇناس، دۇنيا تۈركولوگىيە ئىلمىنىڭ باشلامچىسى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ۋە ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇلھەقايىق» قاتارلىق ئەسەرلەر ئەنە شۇنداق بىر تارىخىي شارائىتتا مەيدانغا كەلگەن.

ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىپ ئومۇملىشىشى بىلەن، شىنجاڭدىكى خەلقلەرنىڭ يالغۇز دىنىي ئېتىقادى ئۆزگىرىپلا قالماي، بەلكى تۇرمۇش ئۆرپ ـ ئادەتلىرىمۇ ئۆزگەرگەن. پۈتۈن خەلق ئىسلام مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىپ، ئەسلىدىكى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئاساسىغا دەسسەتكەن ياكى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندۇرغان ھەمدە ئۆزگىچە بولغان ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بۇ مەدەنىيەت — ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتى مۇنداق ئىككى جەھەتتىن ئالاھىدە خاراكتېرلىنىدۇ:

بىرىنچى، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر قاتارلىق ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان خەلقلەرنىڭ ئولتۇراق ئۆيى، دەپنە قىلىش ئادەتلىرى ۋە بىناكارلىق سەنئىتىدە زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كېلىپ، ئىسلام مەدەنىيىتىگە خاس بولغان بىناكارلىق ئۇسلۇبى ۋە دەپنە قىلىش

ئادەتلىرى بارلىققا كەلگەن. شىنجاڭدىكى مەسچىت ۋە مازارلار بۇ خىل ئۆزگىرىشنىڭ ئەڭ تىپىك ئىپادىلىنىشى بولۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىشى بىلەن بارلىققا كەلگەن مەسچىت- مەدرىسەلەر ئۆز دەۋرىنىڭ قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراسى سۈپىتىدە، ئۇيغۇر ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ نامايەندىلىرى بولۇپ ساقلىنىپ كەلمەكتە.

ئىككىنچى، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر قاتارلىق ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان خەلقلەرنىڭ ئىدېئولوگىيەسىدە زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كېلىپ، شىنجاڭنىڭ ئەسلىدىكى ئۆزىگە خاس يەرلىك مەدەنىيەت - ئىدېئولوگىيەسى ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە ئىسلام ئىدېئولوگىيەسىگە ماسلىشىپ، ئۆزىنىڭ خاسلىقى، ئۆزگىچىلىكى ۋە ئەنئەنىۋىلىكىنى ساقلاپ قالغان ئاساستا، ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە ئىدېئولوگىيەسىنى ئىجادىي يوسۇندا قوبۇل قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي پسىخىكىسى، مىللىي ئەنئەنىسى ۋە مىللىي مەدەنىيىتى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بۇ ھال ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن بارلىققا كەلگەن بارلىق مەدەنىيەت - سەنئەت، ئەدەبىي ئىجادىيەت مىراسلىرىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن خاراكتېرلەنگەن مەدەنىيەت مىراسلىرى ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇرلارغا تارقىلىشىدا تۈنجى بېكەت — كۆۋرۈك بولغان قەشقەردە ئەڭ گەۋدىلىك ۋە ئەڭ مۇكەممەل ھالەتتە ساقلانغان بولۇپ، قەشقەردە ھازىرغىچە ساقلانغان ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بىزنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىسلامىيەت دەۋرىدىن باشلانغان قەدىمكى مەدەنىيىتىمىزنى تەتقىق قىلىش ۋە ئۆگىنىشىمىزدە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ كىتابتا، قەشقەردە ساقلانغان ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدە خاراكتېرلەنگەن تىپلىرى بولغان ئۇيغۇر ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتى، ئۇيغۇر ئىسلام ۋەسىقىلىرى ۋە قەدىمكى يازما يادىكارلىقلىرى ھەمدە قاراخانىيلار دەۋرىدىكى قەدىمكى پۇللار ھەققىدە نۇقتىلىق توختىلىپ ئۆتۈلىدۇ.

## 2. قەشقەرنىڭ ئىسلامىيەت دەۋرىدىكى قۇرۇلۇشلارنى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش

### 1. قەشقەرنىڭ ئىسلامىيەت دەۋرىدىكى قۇرۇلۇشلارنى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش

ئىسلام دىنىنىڭ قەدىمكى قەشقەر رايونىغا تارقىلىشى بىلەن قەدىمكى قەشقەر بوستانلىقىدا ئۇيغۇر ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ نامايەندىلىرى بولغان مەسچىت، مازار ۋە مەدرىسەلەر كۆپلەپ سېلىنىپ، ئەينى دەۋر ئۇيغۇر ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بۇ يادىكارلىقلار ئىچىدىكى بىر قىسىم نەمۇنىلەر ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇلار ئۆزگىچە بىناكارلىق ئۇسلۇبى، سەنئىتى ۋە تارىخى، مەدەنىيەت قاتلىمى بىلەن ئەينى دەۋرنىڭ مەدەنىي ھاياتىدىن ئۇچۇر بېرىدۇ.

دۆلەتلىك مەدەنىيەت مىنىستىرلىقى، دۆلەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ تەستىقلىشى، قوللاپ ياردەم بېرىشى بىلەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئەترىتى 1983- يىلى ۋە 1984- يىلى ئۇدا ئىككى يىل مەخسۇس تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئىسلام دىنىغا ئائىت قەدىمكى ئىمارەت ۋە ئۇنىڭ خارابىسىغا قارىتا مەدەنىيەت يادىكارلىق- ئارخېئولوگىيەلىك قايتا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ئەينى چاغدا تەكشۈرۈش خىزمىتى بىرقانچە باسقۇچقا بۆلۈپ ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، بىرىنچى باسقۇچتا 1983- يىلى 10- ئايدىن 12- ئايغىچە بولغان ئۈچ ئاي ۋاقىت ئىچىدە قەشقەر شەھىرى، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيەسى، يەكەن ناھىيەسى ۋە ئاتۇش شەھىرىدە ئىسلام دىنى ئىمارەتلىرى ۋە

ئۇنىڭ خارابىسى نۇقتىلىق تەكشۈرۈلدى. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشتە دالا تەكشۈرۈش خىزمىتى بىلەن ماتېرىيال رەتلەش، تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش، مۇھاپىزەت قىلىش، سىېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش ۋە ئىلمىي ئارخىپىنى تۇرغۇزۇش قاتارلىق خىزمەتلەر بىرتۇتاش ئېلىپ بېرىلدى ھەمدە قەشقەر رايونىدىكى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرى ئىچىدىكى تارىخىي ۋە بىناكارلىق سەنئىتى بويىچە بەلگىلىك ئىلمىي تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە بولغان قەدىمكى ئىمارەتلەر ئۆلچەپ خەرىتىگە ئېلىنغان؛ فوتو سۈرەتكە تارتىش ۋە ھەر خىل نەقىش نۇسخىلىرىدىن ئۈلگىلەرنى سىزىش خىزمىتى ئىشلەنگەن؛ بۇ ئىمارەتلەرنىڭ ياسالغان دەۋرى، ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە رېمونت قىلىنىش ئەھۋالى ۋە مۇناسىۋەتلىك تارىخىي شەخسلەرنىڭ تەرجىمىھالى قاتارلىقلار تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى ھەمدە بۇ ئىمارەتلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، ياسىلىش شەكلى، قۇرۇلمىسى، قۇرۇلۇش ماتېرىيالى ۋە نەقىش ـ بېزەكلىرىگە قارىتا سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش خىزمىتى سىستېمىلىق ئىشلەندى؛ ئىمارەتلەرنىڭ تەكشى يۈز خەرىتىسى، تىك يۈز خەرىتىسى، كەسمە يۈز خەرىتىسى ۋە ئايرىم بۆلەكلىرىنىڭ قۇرۇلما خەرىتىسى بولۇپ جەمئىي 40 پارچىدىن ئارتۇق خەرىتە سىزىپ چىقىلدى؛ بىرنەچچە يۈز پارچە ھەر خىل كۆرۈنۈشتىكى رەڭلىك، رەڭسىز فوتو سۈرەتلەر ۋە 200 پارچىدىن ئارتۇق نەقىش نۇسخىسى رەتلەپ چىقىلدى. شۇنداق قىلىپ، بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئىسلام دىنى ئىمارەتلىرىنىڭ بىرقەدەر تولۇق بولغان ئىلمىي ئارخىپىنى تۇرغۇزۇشقا ئاساس سېلىندى ھەمدە ئىسلام دىنى بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ شەكىللىنىشى، تەرەققىي قىلىشى ۋە ئۇنىڭ بىناكارلىق سەنئەت ئالاھىدىلىكىنى تەتقىق قىلىش خىزمىتى ئىلگىرى سۈرۈلدى[①].

تۆۋەندە قەشقەر رايونىدىكى ئىسلام دىنى ئىمارەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ

[①] ھەسەن ئابدۇرېھىم: «شىنجاڭ رايونىدىكى ئىسلام دىنى ئىمارەتلىرى ۋە ئۇنىڭ خارابىسىنى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش دوكلاتى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، 1986ـ يىللىق 1ـ سان، 21ـ، 22ـ بەتلەر.

خارابىسىنى قايتا تەكشۈرۈش جەريانى، ئىسلام دىنى ئىمارەتلىرىنىڭ ساقلىنىش ئەھۋالى، ياسالغان دەۋرى ۋە تارىخىي تەرەققىياتى، بىناكارلىق سەنئەت ئالاھىدىلىكى قاتارلىق جەھەتلەردىكى تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىش نەتىجىلىرى قىسقىچە تونۇشتۇرۇلىدۇ.

## سۇتۇق بۇغراخان مازىرى

### (1)

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مەقبەرىسى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مەركىزىي شەھىرى بولغان ئاتۇش شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن 3 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىكى سۇنتاغ يېزىسىنىڭ مەشھەد كەنتىگە جايلاشقان، بۇ قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ تۇنجى بولۇپ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان خاقانى سۇتۇق بۇغراخاننىڭ مازىرى. بۇ مازار شەرقىي ئۇزۇنلۇق 73°10′3″، شىمالىي كەڭلىك 39°41′15″ قا جايلاشقان بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1298 مېتىر، مازارنىڭ دائىرىسى ئانچە چوڭ ئەمەس، لېكىن بىر يۈرۈش مۇكەممەل قۇرۇلۇشلىرى بار. مەسىلەن، ئېگىز مۇنارلىق دەرۋازا، قورشاۋ تام، مەسچىت، سەراپ، ياتاق، ئىش بېجىرىش ئۆيلىرى، هويلا، قەبرىستانلىق، كۆل، مېۋىلىك باغلاردىن تەركىب تاپقان. قەبرىستانلىقتا سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مەقبەرىسىدىن باشقا يەنە نۇرغۇنلىغان هازىرقى زامان ئىسلام قەبرىلىرى بار. مەقبەرىنىڭ شەرقىي شىمالىدىن تەخمىنەن 40 مېتىر كېلىدىغان جايدا رىشاتكا ئىچىگە ئېلىنغان يەنە بىر مەقبەرە بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا بۇ سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئۇستازى ئەبۇناسىر سامانىينىڭ مەقبەرىسى ئىكەن.

يەرلىك خەلقلەر «ھەسۇلتان مازىرى» دېيىشىدۇ ئاتايدۇ. 955-، 956- يىللىرى (ھىجرىيە 344- يىلى) سېلىنغان شىنجاڭدىكى ئەڭ بۇرۇنقى مازار. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇرۇنقى مازار ئۆرۈلۈپ كەتكەندىن كېيىن، يەنە قايتىدىن توققۇز گۈمبەزلىك ئېگىز مازار سېلىنغان. بۇ مازار

يەكەن خانلىقى دەۋرىدە كەلكۈن ئاپىتىدە ۋەيران بولغاندىن كېيىن، شۇ چاغدا قايتىدىن بىر كىچىك مازار سېلىنغانىكەن. 1872 ـ يىلى چوڭ كۆلەمدە قايتا ياسالغان ۋە كېڭەيتىلگەن. 1944 ـ يىلى كەلكۈن ئاپىتىدە يەنە ۋەيران بولغان. 1956 ـ يىلى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قاتارىدا نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان ئورۇن قىلىپ بېكىتىلىپ، ھۆكۈمەت مەبلەغ سېلىپ، ئەسلىي شەكلى ئۆزگەرتىلمەي قايتا ياسالغان. مازار مەسچىت، مەدرىسە، دەرۋازا، كۆل قاتارلىقلاردىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، نامازخانا 1902 ـ يىلى رېمونت قىلىنغان، تورپا ـ ياغاچ قۇرۇلمىلىق، چاسا، تۆز ئۆگزىلىك بولۇپ، 57 تال نەقىش ئويۇلغان تۈۋرۈك كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. مەقبەرە خىش ـ ياغاچ قۇرۇلمىلىق بولۇپ، ئاستى چاسا، ئۈستى قۇببىلىك، ئۆچ تەرىپىگە مېھرابسىمان دېرىزە قويۇلغان. تام يۈزى خىشلار بىلەن قوپۇرۇپ چىقىرىلغان كۆپ خىل گېئومېتىرىيەلىك شەكىللەر بىلەن نەقىشلەنگەن، نەقىشلەرنىڭ سىزىقلىرى ئېنىق، شەكىللىرى كۆركەم. ئۇنىڭدىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردە ياغاچ سالاسۇن ئېچىگە ئېلىنغان بىر قەبرە بولۇپ، بۇ قەبرە سۇتۇق بۇغراخاننىڭ دىنىي ئاقارتقۇچىسى ئەبۇناسىر سامانىينىڭ مازىرى. سۇتۇق بۇغراخان مازىرىنىڭ شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا ناھايىتى ئىناۋىتى بار. 15 ـ ئەسىردىن بۇيان خوجا ـ ئىشانلار بۇ مازارغا كۆپلەپ كېلىپ تاۋاپ ۋە ئىستىقامەت قىلىشقان. ھازىرغىچە تاۋاپ قىلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلگىنى يوق.

(2)

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قەبرىگاھى 10 ئەسىر مابەينىدە كۆپ قېتىم رېمونت قىلىنغان ۋە قايتا ياسالغان. ئۇنىڭ ئىچىدە يەكەن خانلىقى دەۋرىدە ياسالغان قەبرىگاھ 1902 ـ يىلىدىكى يەر تەۋرەش ۋە 1944 ـ يىلىدىكى كەلكۈن ئاپىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ بۇزۇلغان. قەبرىگاھ 1954 ـ يىلى قايتا ياسالغان. 1954 ـ يىلى قايتا ياسالغاندا قەبرىگاھنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرى تولۇق بولمىغاچقا ۋە شارائىت ۋە

مەبلەغنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغاچقا، قۇرۇلۇش شەكلى ۋە زىننەتلەش سەنئىتى جەھەتتە ئەسلىدىكى ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتى ئالاھىدىلىكىنى تولۇق گەۋدىلەندۇرۇپ بېرەلمىگەن، قۇرۇلمىسى ئەسلىدىكىسى بىلەن ئوخشاش بولمىغان. يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالىم ۋە مۇتەخەسسىسلەر سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قەبرىگاھىغا ئائىت مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى ئىزدەش ئارقىلىق، ئۇنىڭ 1875- يىلى ئەنگلىيەلىك ئالىم تەرىپىدىن تارتىلغان فوتو سۈرىتى بىلەن سىزما رەسىمىنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىغا ئېرىشتى. 1995- يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىق - ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى خادىملىرى نەق مەيداندا ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش ئېلىپ باردى ۋە ئەسلىي قەبرىگاھ جايلاشقان ئورۇندىن 20 نەچچە خىل كاھىش قېزىۋېلىندى (بەزى كاھىشلار ئۈستىگە ئىسلام دىنى ئايەتلىرى چۈشۈرۈلگەن). ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش ماتېرىياللىرى بىلەن فوتو سۈرەت ماتېرىياللىرى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قەبرىگاھىنىڭ ياسىلىشى گۈزەل، نەقىش - بېزەكلىرى مول بولغان ئىسلام قەدىمكى بىناكارلىقىغا تەۋە ئىمارەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى[1].

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرىنى رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش - باشقۇرۇش خىزمىتىدىكى ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە خىزمەت بولۇپ، بۇ مازارنىڭ 1875- يىلىدىكى فوتو سۈرىتى بىلەن سىزما رەسىمىنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسى ۋە ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش ماتېرىياللىرىغا ئاساسلىنىپ، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قەبرىگاھىنىڭ ئەسلىي ھالىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندىلا، ئاندىن مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇن قاتارىدا قوغداش قىممىتىگە ئىگە بولالايدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى رەھبەرلىكىنىڭ تاپشۇرۇقىغا

---

[1] ھەسەن ئابدۇرېھىم: «سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قەبرىگاھىنى ياساپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش قۇرۇلۇشى ئاخىرلاشتى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، 1999- يىللىق 1 — 2- سان، 42- بەت.

بىنائەن، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش - رېمونت قىلىش ئىشخانىسى 1995 - يىلى 5 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يىغىن خاتىرىسىگە ۋە تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قەبرىگاھىنى رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش لايىھەسىنى ئىشلەپ چىقتى. ئاپتونوم رايونلۇق بىناكارلىق لايىھەلەش - تەتقىق قىلىش ئورنى قۇرۇلمىسىنى لايىھەلىدى. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قەبرىگاھىنى ياساش قۇرۇلۇشى 1995 - يىلى 7 - ئاينىڭ 8 - كۈنى رەسمىي باشلاندى.

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قەبرىگاھى ئەسلىي ھالىتىگە ئاساسەن لايىھەلەنگەن مەدەنىيەت يادىكارلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قۇرۇلۇشى بولۇپ، گۈمبەز تورۇسلۇق ۋە تۈز تورۇسلۇقتىن ئىبارەت ئىككى خىل بىناكارلىق شەكلى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن.

قەبرىگاھنىڭ بىرىنچى قەۋىتىنىڭ ئىچى كەڭ، ئېگىز ۋە يورۇق بولۇپ، تورۇسى بىر چوڭ گۈمبەز، سەككىز كىچىك گۈمبەز ۋە بىرنەچچە تۈز تورۇستىن تەشكىل تاپقان، ئاستى تۆت تېمىغا پەنجىرىلىك چوڭ دېرىزە ئېچىلغان، بۇ قەۋەتنىڭ غەرب تەرىپىنىڭ ئىككى بۇلۇڭىغا ئىككىنچى قەۋەتكە چىقىدىغان پەلەمپەي قويۇلغان، ئىككىنچى قەۋەتتە بولسا ئۆگزىگە چىقىدىغان ياغاچ شوتا ئورنىتىلغان. قەبرىگاھنىڭ ئۆگزىسىدە چوڭ گۈمبەز بار. قەبرىگاھنىڭ سىرتقى تېمىدا توققۇز دانە ئەگمە تەكچە، ئەگمە تەكچە ئوتتۇرىسىدا ياغاچ پەنجىرىلىك دېرىزە بولۇپ، ئۇنىڭ ئىشىكى شەرق تەرەپكە قارىتىپ ئېچىلغان. قەبرىگاھنىڭ تۆت بۇرجىكىدە تۆت مۇنار، ئاستىدا 1.08 مېتىر ئېگىزلىكتە سۇپىسى بولۇپ، پۈتۈن قۇرۇلۇش لايىھەسى چىرايلىق ۋە كۆركەم قىلىپ ئىشلەنگەن.

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قەبرىگاھى خىش - بېتون قۇرۇلمىلىق بولۇپ، ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشىنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرى (ئۇل قۇرۇلۇشى، تام گەۋدە قۇرۇلۇشى، بېتون قۇرۇلۇشى قاتارلىقلار) ئاساسىي قۇرۇلمىسى لايىھەسىگە ئاساسەن ئىشلەنگەن. زىننەتلەش قۇرۇلۇشى ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. سىرتقى تام يۈزى، چوڭ گۈمبەز سىرتقى قەبرىگاھ

سىرتىدىكى ئالتە مۇنار ۋە قەبرە سىرتى قەدىمكى كاھىشلارغا ئوخشىتىپ ياسالغان رەڭلىك كاھىشلار بىلەن زىننەتلەنگەن. كاھىشلارنى چاپلاشنىڭ تېخنىكا تەلىپى يۇقىرى بولۇپ، چىرايلىق ھەم كۆركەم قىلىپ چاپلانغان. قەبرىگاھنىڭ ئىچكى قىسمى گەج نەقىشلەر بىلەن زىننەتلەنگەن. بۇ قۇرۇلۇشنىڭ گەج نەقىشلەر بىلەن زىننەتلەش تەلىپى يۇقىرى بولۇپ، 30 نەچچە خىل نەقىش كۆركەم، پۇختا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. قەبرىگاھ دەرۋازىسى ۋە يان ئىشىكلەر ئەنئەنىۋى ئۇسۇل بىلەن ياسالغان بولۇپ، نەقىش ئويۇلغان. دېرىزە پەنجىرىلىرى رەتلىك، ئۆلچەملىك ھەم پۇختا ياسالغان، ئىچىگە ئەينەك سېلىنغان. قەبرىگاھ سۇپىسى كۆركەم ياسالغان بولۇپ، خىش تىزما نەقىش بىلەن زىننەتلەنگەن، پۈتۈن قەبرىگاھ گەۋدىسىگە كۆركەم تۈس كىرگۈزۈلگەن.

**(3)**

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرىنىڭ قايتا رېمونت قىلىش قۇرۇلۇشىغا ماسلىشىش ئۈچۈن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىق - ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئىنستىتۇتى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، بۇ مازاردا 1994- يىلى 8- ئايدىن 9- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە، 1995- يىلى 2- ئاينىڭ ئاخىرىدىن 4- ئاينىڭ باشلىرىغىچە ئىككى قېتىم ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ۋە قېزىش خىزمىتى ئېلىپ باردى. تۇنجى قېتىمدا مازاردىكى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مەقبەرىسىنىڭ يېقىندىن ياسىلىدىغان لايىھە دائىرىسى ئىچىدە تەكشۈرۈش ۋە سىناق تەرىقىسىدە قېزىش ئېلىپ بېرىلدى. ئىككىنچى قېتىمدا ھازىرقى مەۋجۇت مەقبەرىنىڭ تۆت تەرىپىدىن جەمئىي بەش ئېرىقسىمان ئورەك، ئۈچ چاسا ئورەك قېزىلدى.

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مەقبەرىسىنىڭ غەرب ۋە جەنۇب تەرىپىدىن ئايرىم - ئايرىم ھالدا 5×5 مېتىرلىق چاسا ئورەكتىن ئۈچى، 10×2 مېتىرلىق ئېرىقسىمان ئورەكتىن ئىككىسى قېزىلدى. ئەبۇناسىر سامانىي مەقبەرىسىنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدىن (سۇلتان سۇتۇق

بوغراخان مازىرىنى يېڭىدىن ياساشقا لايىھەلەنگەن قىزىل سىزىق دائىرىسى ئىچىدىن) 10×2 مېتىرلىق ئېرىقسىمان ئورەكتىن ئۈچى قېزىلدى. قېزىش دائىرىسى جەمئىي 175 كۋادرات مېتىر.

T1 ئېرىقسىمان چاسا ئورەكنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىگە (ھازىرقى مەقبەرىنىڭ شەرقىي جەنۇب بۇرجىكىگە) جايلاشقان بىر قەبرە ئالاھىدە بولۇپ، بۇ قەبرىنىڭ ئاغزى ئۈچىنچى قاتلامدىن ئېچىلغان. يەر يۈزىدىن ھېسابلىغاندا 170 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا بولۇپ، قەبرە شەكلى ئۈزۈنىسىغا چاسا شەكىللىك تىك قەبرىدىن ئىبارەت. ئىچكى قەبرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 310 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 150 سانتىمېتىر كېلىدۇ، قەبرىنىڭ شەرقىي تېمى تۆۋەندىن ئۈستىگە قارىتىلىپ تاق تىز خىش بىلەن قوپۇرۇلغان بىر خىشلىق تامدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى بىر بۇرجىكى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن. قالغان قالدۇق تامنىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن 130 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 170 سانتىمېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ، قەبرە ئاستىغا بىر قۇر خىش ياتقۇزۇلغان. بۇ خىشلارنىڭ ئۆلچىمى: 10×20×40 سانتىمېتىر. بۇ قەبرىدىن بىر ئوتتۇرا ياش ئەرنىڭ مۇكەممەل ساقلانغان جەسىتى قېزىۋېلىندى. جەسەت يۈزى غەربكە قارىتىلغان. جەسەت ئۈگدىسىغا يۆت - قولى تۈپتۈز قىلىپ قويۇلغان. قەبرىدىن ھېچقانداق ھەمدەپنە بۇيۇملار ئۇچرىتىلمىدى.

1) مەقبەرىنىڭ غەربىي شىمال بۇرجىكىدىن قېزىلغان T3 - نومۇرلۇق چاسا ئورەكنىڭ ئىككىنچى قاتلىمىدىن يەنى يەر يۈزىدىن 30 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا رەڭلىك نەقىشلىك خىشلارنى ئاساس قىلغان مەلۇم مىقداردىكى خىش پارچىلىرى ئارىلاشقان بىر دۆۋىلەنمە قاتلام بايقالدى. ئۇنىڭ قېلىنلىقى تەخمىنەن 80 سانتىمېتىر ئەتراپىدا. بۇ نەقىشلەر ئورەكنىڭ شەرقىي شىمال ۋە شەرقىي جەنۇب تەرەپلىرىگە تارقالغان. بۇيۇم تارقالغان دائىرە تەخمىنەن 12 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. قېزىۋېلىنغان نەقىشلىك كاھىشلار بولسا 112 پارچىدىن كۆپ بولۇپ، كۆپىنچىسى پۇچۇلۇپ كەتكەن.

2) T2 - نومۇرلۇق ئېرىقسىمان چاسا ئورەكنىڭ شەرقىي شىمال بۇرجىكىدىن يەتتە يەر قاتلىمىدىن تەخمىنەن 240 سانتىمېتىر

چوڭقۇرلۇقتىكى جايدىن چاغاتاي خانلىقىغا خاس 23 دانە كۈمۈش تەڭگە قېزىۋېلىندى.

3) T1 ـ نومۇرلۇق ئېرىقسىمان چاسا ئورەكنىڭ غەربىي شىمال بۇرجىكىدىن يەنى يەر يۈزىدىن تەخمىنەن 3 مېتىر كېلىدىغان چوڭقۇرلۇقتىن قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت مىس تەڭگىدىن ئىككى دانە، سۇڭ دەۋرىگە ئائىت «يۈەنفېڭ تۇڭباۋ» دىن ئىككى دانە قېزىۋېلىندى.

**1. ھەمدەپنە بۇيۇملار**

1) قاراخانىيلار سۇلالىسىغا ئائىت مىس تەڭگىلەر

بۇ پۇل ئىككى دانە بولۇپ، بىرسى ئېغىر دەرىجىدە ئۇپراپ كەتكەن، شۇڭا خەتلىرىنى پەرق ئېتىشكە مۇمكىن بولمىدى. يەنە بىرسىنىڭ شەكىل ئالاھىدىلىكى ۋە ئۈستىدىكى خەتنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسلانغاندا، ئۇ ئېھتىمال مۇھەممەت ئارسلانخان تەختتە ئولتۇرغان دەۋرلەردە سوقۇلغان تەڭگە بولۇشى مۇمكىن. تەڭگە ئۈستىدىكى خەت ئەرەب يېزىقىنىڭ كۇفى خەت شەكلىدە يېزىلغان. تەڭگىنىڭ بىر يۈزىگە ئەرەبچە «لائىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدىن رەسۇلىللا» دېگەن خەت يېزىلغان. كەينى تەرىپىگىمۇ خەتلەر ئويۇلغان، ئەمما پۇلنىڭ ئۇپرىشى ناھايىتى ئېغىر بولغاچقا ئۇنى ئوقۇشقا ئىمكانىيەت يار بەرمىدى. تەڭگىنىڭ شەكىل ئالاھىدىلىكى تىپىك ھالدىكى «دەرھەم» كۈمۈش تەڭگىسىنىڭ شەكلىدە بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە رايونىمىزدىن تېپىلۋاتقان قاراخانىيلار سۇلالىسى پۇللىرىدا دائىم كۆرۈلىدىغان ۋەكىللىك خاراكتېردىكى تەڭگىلەردىن ئىبارەت.

2) بېي سۇڭ يۈەنفېڭ تۇڭباۋ پۇلى

بۇ پۇل ئىككى دانە بولۇپ، پۇختا ساقلانغان، پۇل يۈزىدىكى خەتلەرنى ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولىدۇ. مەزكۇر پۇل سۇڭ شېنزۇڭ دەۋرىدىكى يۈەنفېڭ يىللىرى سوقۇلغان (مىلادىيە 1078 — 1085 ـ يىللار). A دانىسىنىڭ ئېغىرلىقى 4 گىرام، دىيامېتىرى 2.5 مىللىمېتىر، يۇملاق، ئوتتۇرىسىدا چاسا شەكىللىك تۆشۈكچىسى بار، پۇل يۈزىدە

B. «يۈەنفېڭ تۇڭباۋ» (元丰通宝) دېگەن تۆت خەت يېزىلغان. B دانىسىنىڭ ئېغىرلىقى 4 گىرام، دىيامېتىرى 2.5 مىللىمېتىر، يۇمىلاق شەكىللىك. ئوتتۇرىسىدا چاسا شەكىللىك تۆشۈكچىسى بار، پۇل يۈزىدە «يۈەنفېڭ تۇڭباۋ» دېگەن خەت يېزىلغان (بۇ پۇللار ئۈستىدىكى خەنزۇچە خەتنىڭ شەكلى ئىككى خىل ئۇسلۇبتا يېزىلغان)، بۇ ئىككىلا تەڭگە ئوخشاشلا مىستىن سوقۇلغان بولۇپ، سۇڭ دەۋرىدە ئوبوروتقا قاتناشتۇرۇلغان ئادەتتىكى پۇللار بولۇشى مۇمكىن.

3)چاغاتاي خانلىقىنىڭ كۈمۈش تەڭگىسى

بۇ پۇل 23 دانە بولۇپ، كۆپ قىسمى ئېغىر دەرىجىدە ئۇپراپ كەتكەن بولۇپ، پۇل ئۈستىدىكى خەتلەرنى پەرق ئېتىش ئىنتايىن تەس. تۆۋەندە بىز مۇشۇ 23 دانە كۈمۈش تەڭگە ئىچىدىكى بىرقەدەر مۇكەممەل ساقلانغان ئۈچ دانە تەڭگىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز:

A دانىسى: تەڭگىنىڭ شەكلى يۇمىلاق، دىيامېتىرى 1.9 سانتىمېتىر، ئېغىرلىقى تەخمىنەن 1.6 گىرام، تەڭگە يۈزىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كىچىك چەمبەر ئىچىگە چاغاتاي يېزىقى بىلەن يېزىلغان «ئالمالىغ» دېگەن خەت بار. «ئالمالىغ» دېگەن خەتنىڭ چۆرىسىدىكى قوش سىزىقلىق چەمبەر ئىچىگە يەنە خەتلەر يېزىلغان بولۇپ، ئۇلارنى پەرق ئەتكىلى بولمايدۇ. پۇلنىڭ ئارقا يۈزىدىكى خەتلەر پۈتۈنلەي ئۇپراپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭدا پەقەت ئىككى بەلگىنىلا پەرق ئەتكىلى بولىدۇ.

B دانىسى: دىيامېتىرى 2.4 سانتىمېتىر، ئېغىرلىقى 2.1 گىرام، يۇمىلاق شەكىللىك، تەڭگە يۈزى ئوتتۇرىسىدىكى چەمبەر ئىچىدە نۇرغۇنلىغان چېكىتلەر بار، بۇ كىچىك چېكىتلەرنىڭ چۆرىسىدە خەتلەرنىڭ ئىزى بولۇپ، ئۇنى ئوقۇغىلى بولمايدۇ. پۇلنىڭ كەينى تەرىپىگە ئويۇلغان خەتلەردىن پەقەت «ئاللا» دېگەن خەتنىلا ئوقۇشقا بولىدۇ.

بۇ ئۈچ خىل كۈمۈش تەڭگە ئوخشاشلا يۇمىلاق شەكىلدە بولۇپ، ئوتتۇرىسىدا تۆشۈكچە يوق. تەڭگە بېسىش ئۇسۇلى بىلەن ياسالغان. پۇل ئۈستىدىكى «ئالمالىغ»، «كاشغەر» دېگەن خەتلەر بەلكىم پۇل

زەربپ ئېتىلگەن جاينىڭ نامى بولۇشى مۇمكىن.

## 2. سىرلانغان نەقىشلىق خىشلار

### 1) نەقىش نۇسخىلىرى

نەقىش نۇسخىلىرى ئاساسىي جەھەتتىن گېئومېتىرىيەلىك نۇسخا، ئۆسۈملۈك شەكلى چۈشۈرۈلگەن نۇسخىلار ۋە ھۆسنخەتتىن ئىبارەت ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. گېئومېتىرىيەلىك نۇسخىلار ئاساسەن چەمبەر، ئۈچ بۇرجەك، رومبا قاتارلىق شەكىللەرنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ئۆتۈشمە، بىرىكمە، تىزىشقا ئوخشاش ئۇسۇللار ئارقىلىق نۇرغۇنلىغان مۇرەككەپ زىنچ نۇسخىلارنى ھاسىل قىلغان. ئۆسۈملۈكلەر تەسۋىرىدىكى نۇسخىلار بولسا يۆگەلمە نەقىش، گۈللۈك نەقىش نۇسخىلىرىنى ئاساس قىلغان بولۇپ، شۇ ئارقىلىق ھەر خىل شەكىلدىكى نەقىش نۇسخىلىرىنى شەكىللەندۈرگەن، شۇنداقلا سىزىقلارنىڭ ئۆزئارا بىرىكىشىدىن سىممېتىرىك گۈللەر ۋە سەككىز بۇلۇڭلۇق يۇلتۇزلارنى شەكىللەندۈرگەن.

### 2) ھۆسنخەتلەر

ھۆسنخەت ئاساسەن «قۇرئان كەرىم» دىكى ئايەتلەر بولۇپ، ئاللا ۋە مۇھەممەد پەيغەمبەرگە بولغان مەدھىيە سۆزلىرىدىن ئىبارەت. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئابستراكتلىق گېئومېتىرىيەلىك نەقىش شەكلى ۋە ئۆسۈملۈك گۈل - غۇنچىلىرى ئايلانمىسىدىن تەركىب تاپقان.

ياساش ئۇسۇلى ۋە ئىشلىتىلگەن ئورۇنلىرى سىلىقلانغان ھەر خىل خىش پارچىلىرىنى بىر - بىرىگە جۈپلەپ بىر يەرگە كەلتۈرۈپ، شۇ ئارقىلىق ھەر خىل كۆركەم نەقىش نۇسخىلىرىنى بەرپا قىلىپ، سىر ۋە بوياقلارنى بېرىپ، ئۇلارنى گەج ئارقىلىق ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇپ، سۇپەتلىك ماتېرىيالغا ئايلاندۇرغان. بۇ مۇكەممەل ماتېرىياللارنى شەكىل تۈزۈلۈشى ۋە ئىشلىتىش ئورۇنلىرىغا ئاساسلىنىپ، ئىمارەت دەرۋازىسى، مۇنار، قەبرە...... قاتارلىق مۇھىم ئورۇنلارنى زىننەتلەشكە ئىشلەتكەن دېيىشكە بولىدۇ.

بۇ قېتىمقى قېزىش خىزمىتى جەريانىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن يادىكارلىق بۇيۇملاردىن قارىغاندا، بۇ مازارنىڭ تارىخى خېلىلا ئۇزاق،

قېزىۋېلىنغان تەڭگىلەردىن قارىغاندا بۇ جاي سۇڭ، يۈەن دەۋرلىرىدە بىر مۇھىم دىنىي سورۇن سۈپىتىدە مەيدانغا چىققان ۋە ھازىرغىچە شۇنداق بولماقتا.

نەقىشلىك خىشلارنىڭ ياسىلىشى ۋە ئۇنىڭدىكى بېزەك نۇسخىلىرىنىڭ شەكىللىرى يەكەن سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىكى قۇرۇلۇشلارنىڭ بېزەك نۇسخىلىرى بىلەن زىننەتلەش ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلغان. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مەقبەرە يەكەن سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە ئاساسەن ئۆزگەرتىپ قايتا قۇرۇلغان. 1902-يىلىدىكى يەر تەۋرەش ۋە 1944-يىلىدىكى كەلكۈن ئاپىتىدە ۋەيران بولغان[1].

**(4)**

سۇتۇق بۇغراخان مازىرى ھەققىدە بىر قىسىم تارىخىي مەلۇماتلار قالدۇرۇلغان. ئۇيغۇر ئالىمى جەمال قارشى 1282-يىلى يازغان «مۇلھەقاتى سۇرراھ» ناملىق ئەسىرىدە، سۇتۇق بۇغراخاننىڭ دىنىي ئېتىقادىنى ئۆزگەرتكەنلىكىنىڭ ئۆتمۈشىنى بايان قىلىپ، سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ھىجرىيە 344-يىلى (مىلادىيە 955 - ، 956-يىللار) ۋاپات بولغانلىقى، ئۇنىڭ قەبرىسىنىڭ ئاتۇش مەشھەد كەنتىدە ئىكەنلىكى، كىشىلەر ئۇلۇغلاپ تاۋاپ قىلىدىغان ئورۇنغا ئايلانغانلىقى، كىشىلەرنىڭ بۇ جاينى تاۋاپ قىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى يازغان.

يەنە شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى دىن تەتقىقات ئورنىدا «تەزكىرەئى بۇغراخان»نىڭ پارسچىدىن تەرجىمە قىلىنغان

---

[1] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىق - ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى: «سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش ئەھۋالىدىن قىسقىچە دوكلات»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى 1996-يىلى 3 — 4-قوشما سان، 33-، 34-، 36-، 39-بەتلەر.

نۇسخىسى ساقلانغان. بۇ نۇسخىنىڭ لېنىنگرادتىكى قول يازمىسى A.237.C582 نومۇر بىلەن ساقلانماقتا. خانىدا ئەپەندى لېنىنگرادتىكى قول يازما ئاساسىدا كىتاب مەزمۇنىنى تونۇشتۇرغاندا، ئاساسلىقى خوجا مۇھەممەد شېرىپنى قىسقىچە تونۇشتۇرغان. خوجا مۇھەممەد شېرىپ سۇتۇق بۇغراخان مازىرىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى شەيخلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، سايرامدا تۇغۇلغان، يەتتە ياشتا ئاتىسىدىن، 12 ياشتا ئانىسىدىن يېتىم قالغان. ئۇ كېيىن سەمەرقەنتكە بېرىپ ئۇلۇغبەگ مەدرىسەسىدە 30 يىل قاتتىق ئىستىقامەتتە بولغان. كېيىن ئاتۇشقا كېلىپ سۇتۇق بۇغراخان مازىرىغا شەيخ بولغان.

ئابدۇرەشىدخان سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرىنى ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتى ئۇسلۇبى بويىچە تېخىمۇ چىرايلىق ياساتقان.

خوجا مۇھەممەد شېرىپ 93 ياشتا يەكەندە ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، شاگىرتى مۇھەممەد ۋەلى ئۇنىڭ ئورنىغا شەيخ بولغان[①].

ئاۋستىرىيەنىڭ لوند ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا گ. راكوت شىنجاڭدىن ئېلىپ كەتكەن يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ يەتتە پارچە يارلىقى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككى پارچىسى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرىنىڭ شەيخىگە بېرىلگەن يارلىق. بۇ يارلىقنىڭ ۋاقتى 1679 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ كېيىنكى يېرىمىغا توغرا كېلىدۇ. يارلىقتا سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرىغا ۋەخپە قىلىنغان يەرلەردىن ئۆشرە ـ زاكاتتىن باشقا ھېچقانداق باج ئېلىنمايدىغانلىقى كاپالەت قىلىنغان. بۇ يارلىقتىن بىز سۇتۇق بۇغراخان مازىرى ۋە ئۇنىڭ ۋەخپە يەرلىرىگە قاراش ھوقۇقىغا ئېرىشىش ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزدىن مىراس قالىدىغانلىقى ۋە ئۇلارنى شۇ زامانلاردىكى خاقان، سۇلتانلار ئېتىراپ قىلىدىغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز[②].

---

① ھاجى نۇر ھاجى: «سۇتۇق بۇغراخان مازىرى»، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى (ئۇيغۇرچە)، 1998 ـ يىللىق 3 ـ سان، 62 ـ، 63 ـ بەتلەر.

② ھاجى نۇر ھاجى: «سۇتۇق بۇغراخان مازىرى»، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى (ئۇيغۇرچە)، 1998 ـ يىللىق 3 ـ سان، 63 ـ بەت؛ ھاجى نۇر ھاجى: «سۇتۇق بۇغراخان مازىرى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1997 ـ يىللىق 4 ـ سان، 63 ـ بەت.

1874 ـ يىلى سۇتۇق بۇغراخان مازىرىنى زىيارەت قىلغان بىللىلىۋ ۋە ئې. ف. چاپماننىڭ تارتقان سۈرىتىگە ئاساسلانغاندا، مازارنىڭ قۇرۇلمىسى ئېگىز گۈمبەز شەكىللىك بولۇپ، گۈمبەزنىڭ تۆت بۇرجىكىدە مۇنار بار. گۈمبەز كۆك، يېشىل، سېرىق چاقچۇقلار ۋە گۈل نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن، ئۇنىڭ شەرق تەرىپىدە ئېگىز ياغاچ ئەگمە ئىشىك بولۇپ، ئىشىكنىڭ ئۈستىدە «1838 ـ يىلى قەشقەرنىڭ ھاكىمبېگى زوھۇرىددىن قايتا ياساتقان» دېگەن ئەرەبچە خەت بار ئىكەن①. 1930 ـ يىلى شىۋىتسىيەلىك ئېكسپېدىتسىيەچى گۇننار ياررىڭ ئاتۇشقا كېلىپ سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرىنى كۆرگەندە، بۇ مازار گۈمبەزلىرى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن، ئادەتتىكى بىر مازار ھالىتىدە ساقلىنىپ قالغان②. ئېھتىمال، گۇننار ياررىڭنىڭ كۆرگىنى 1901 ـ يىلى قەشقەردە 10 بال يەر تەۋرەپ، 1902 ـ يىلى ئاتۇشتا 8.2 بال يەر تەۋرەپ، كۈچلۈك يەر تەۋرەش زەربىسىدىن سۇتۇق بۇغراخاننىڭ مەقبەرىسى ئۆرۈلۈپ كەتكەن ھالەتتىكى قالدۇق قىسمى بولۇپ، سۇتۇق بۇغراخان مەقبەرىسى كېيىن قايتا ياسالغان بولۇشى مۇمكىن③.

## مەھمۇد كاشغەري مازىرى

بۇ قاراخانىيلار سۇلالىسىدە ئۆتكەن ئۇيغۇر ئالىم، «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ ئاپتورى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ مازىرى بولۇپ، «ھەزرىتى موللام مازىرى» مۇ دېيىلىدۇ، تولۇق نامى «ھەزرەت موللا شەمسىددىن

① بىگتىيەن جىگمېي (ياپونىيە): «سۇتۇق بۇغراخان مازىرى توغرىسىدا» (ھاجى نۇر ھاجى: «سۇتۇق بۇغراخان مازىرى»، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى (ئۇيغۇرچە)، 1998 ـ يىللىق 3 ـ سان، 61 ـ بەت؛ ھاجى نۇر ھاجى: «سۇتۇق بۇغراخان مازىرى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى (ئۇيغۇرچە)، 1997 ـ يىللىق 4 ـ سان، 62 ـ بەتلەردىكى نەقىل).

② گۇننار ياررىڭ: «قەشقەرگە قايتا سەپەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1998 ـ يىلى 9 ـ ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى.

③ «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 1997 ـ يىللىق 1 ـ سان، 51 ـ بەت.

بىن مەھمۇد كاشغەرىي مازىرى». قەشقەر كوناشەھەر ناھىيەسىنىڭ ئوپال يېزىسىدا. بۇ مازار 12 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياسالغان بولۇپ، دەرۋازا ۋە قەبرىلا ساقلىنىپ قالغان. دەرۋازىنىڭ ئىككى يېنىدا تۆۋرۈك شەكلىدە پەشتاق سېلىنغان، ئەرەب ئۇسلۇبىدىكى ئىمارەتكە تەۋە. قەبرە دەرۋازىدىن 50 مېتىرچە يىراقتا، كېسەك ـ ياغاچ قۇرۇلمىلىق، ئۆگزىسى تۈز، تورۇسى رەڭلىك رەسىم ۋە ئويما نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن. تۆت تېمىدا پارسچە يېزىلغان بېغىشلىمىلار بولۇپ، ھازىر تونۇغىلى بولمايدۇ. قەبرىنىڭ سول تەرىپىدە بىر خارابە بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ بىر مەدرىسەنىڭ خارابىسى ئىكەن. مەھمۇد كاشغەرىي ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا باغدادتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆز يېزىسىدا مۇشۇ مەدرىسەدە باش مۇدەررىسلىك قىلغانىكەن. ئەسلىي بىر قەبرە تېشى بار بولۇپ، كېيىن يوقىلىپ كەتكەنىكەن. ھازىر بۇنىڭدىن 150 يىل بۇرۇن مەلۇم بىر تاۋاپ قىلغۇچىنىڭ مازارغا كىتاب ھەدىيە قىلغانلىقى توغرىسىدا يازغان ئىسپات بار، ئىسپاتنىڭ ئاخىرىسىغا ھەدىيە قىلغۇچى بىلەن بىر دەۋردە ياشىغان ئالىم ـ ئۆلىمالارنىڭ قويغان ئىمزاسى بار. نەچچە يۈز يىلدىن بۇيان مەزكۇر مازار ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ، بولۇپمۇ زىيالىيلارنىڭ زىيارەت ۋە تاۋاپ قىلىدىغان يېرى بولۇپ كەلدى. نۇرغۇن سوپىلارمۇ مۇشۇ يەردە ئۇزاق ۋاقىت ئىستىقامەت قىلىشىدۇ. مەزكۇر مازار يېقىنقى يىللاردا تولۇق رېمونت قىلىنىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدا ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئەترىتى مەھمۇد كاشغەرىي مازىرى خارابىسىدە مەدەنىيەت يادىكارلىق ـ ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ۋە مازارنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ساقلىنىش ئەھۋالىدىن تەكشۈرۈش خاتىرىسى قالدۇرغان.

مەھمۇد كاشغەرىي مازىرى ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، ياسىلىش شەكلى، قۇرۇلمىسى، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ۋە نەقىش ـ بېزەكلىرى جەھەتتە ئۆزىگە خاس بىناكارلىق سەنئەت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئۇيغۇر ئىمارىتى بولۇپ، روزا مەرىكە، تىلاۋەتخانا، ئايۋان، ئېتىكاپخانا، ھۇجرا، مەسچىت ۋە چوڭ دەرۋازا قاتارلىق بىر يۈرۈش ئۆي ـ ئىمارەتلەردىن تەشكىل

تاپقان. روزا مەرىكە، تىلاۋەتخانا، ئايۋان، مەسچىت قىسمى توپا ـ ياغاچ قۇرۇلمىلىق جۇپ ئۆز تورۇسلۇق ياسالغان. ئىتىكاپخانا، ھۇجرا ۋە دەرۋازا زالى توپا قۇرۇلمىلىق گۇمبەز تورۇسلۇق ياسالغان. دېرىزىلىرىگە ياغاچ پەنجىرە ئورنىتىلغان. لىم، جەگە، پارامانلىرىغا نەقىش ئويۇلغان. نەقىش ـ بېزەكلىرى ناھايىتى قويۇق دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇپ، بىناكارلىقتا دەسلەپ قوللىنىلغان تەكشى يۈزلۈك ياغاچ ئويما، گەج ئويما نەقىشنى ئاساس قىلغان. نەقىشلەر ئىچىدە سۇخەر، غۇنچە، چېچەك، ياپراق، ئۈزۈم، بادام، يازا، كورگۇل، شەددە، بېلىق قاسىرىقى ۋە ھەر خىل گۈل ـ ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلىدىن ھاسىل بولغان 10 نەچچە خىل نۇسخا بولۇپ، كېيىنكى دەۋرلەردە ئىسلام دىنى ئىمارەتلىرىدە بۇ نەقىشلەرنىڭ بەزىلىرى ئۆز شەكلىدە ۋە بەزىلىرىنىڭ ئۆزگەرگەن شەكىللىرى ساقلىنىپ قالغان. بەزى نەقىش نۇسخىسى قاراخانىيلار دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇزاق ۋاقىت قوللىنىش جەريانىدا باشقا شەكىللەرگە ئۆزگەرگەن ياكى ئاستا ـ ئاستا ئىشلىتىلمەي چۈشۈپ قالغان.

مەھمۇد كاشغەرىي مازىرى قاراخانىيلار دەۋرىدىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر بىرنەچچە قېتىم رېمونت قىلىنغان ۋە كېڭەيتىپ ياسالغان. پارامانلاردا ساقلىنىپ قالغان قارا سىياھ بىلەن پارس تىلىدا يېزىلغان بېغىشلىمىلارنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، بۇ مازارنى ھىجرىيە 1245 ـ يىلى ۋە 1315 ـ يىللىرى يەرلىك كىشىلەر ئىقتىساد توپلاپ ئىككى قېتىم رېمونت قىلدۇرغان.

روزا مەرىكىسىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى ئىككى پارچە پارامانغا رېمونت قىلىنغان ۋاقتى، رېمونتقا مەدەت قىلغۇچىلار نەزمىي ئۇسۇلدا خاتىرىلەنگەن.

ئوڭ تەرەپتىكى پارامانغا:

«سالى شىرەست ھەزارۇدوسەت چەھلى پەنجەست،
بۇد تەئمىرى مازارۇ مەدىدى سىددىقەست.»

يەشمىسى: «يولۋاس يىلى بىر مىڭ ئىككى يۈز قىرىق بەش

(ھىجرىيە) مازارنى رېمونت قىلىشقا كۆچ چىقارغان كىشى سىدىقتۇر.»

سول تەرەپتىكى پارامانىنىڭ ئوڭ قويۇلغىنىدا:
«شاھى سىدىقبەگ ئەلبەك بىر - بىرىگە يار بولۇپ، قىلدى
بۇزرۇكۋارى ئالىنى بىنا.»

ئايۋانغا كىرىدىغان ئىشىكنىڭ سىرتقى تەرەپ ئۈستىدىكى پارامانغا:

«كى بىر مىڭ ئۈچيۈز ئونبەشتە قىلدى بۇ ئىمارەتنى،
نامازۇ روزا ئەيلەپ قىلسا ھەركىمكى تىلاۋەتنى»

دەپ يېزىلغان.

بىرىنچى قېتىملىق رېمونتتا روزا مەرىكىسى، تىلاۋەتخانا، ئايۋان رېمونت قىلىنغان. ئىككىنچى قېتىملىق رېمونتتا مەسچىت، ئېتىكاپخانا، ھۇجرا ۋە چوڭ دەرۋازىسى قايتا ياسالغان. رېمونت قىلىش جەريانىدا ئەڭ قەدىمىي بولغان روزا مەرىكىسى، تىلاۋەتخانا، ئايۋان ئۆينىڭ ياسىلىش شەكلى ۋە قۇرۇلمىسى ئۆزگەرتىلمىگەن. ئەسلىدە نەقىش ئويۇلغان لىم، جەگە، ھاراق، پارامانلارنىڭ بۇزۇلمىغانلىرى يەڭگۈشلەنمەي ئۆز پېتى ساقلاپ قېلىنغان. يېقىنقى 100 نەچچە يىلدىن بۇيان رېمونت قىلىنمىغاچقا، ئارقىسىدىكى ئۈچ ئېغىز ھۇجرىسى، بىر ئېغىز ئېتىكاپخانىسى، دەرۋازا زالى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن. بىر قىسىم جەگىلىرى ئېگىلگەن، پەنجىرىلىرى بۇزۇلغان بولۇپ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش قانۇن - نىزاملىرىغا ئاساسەن، ئۆز ۋاقتىدا نۇقتىلىق رېمونت قىلىپ، ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىنتايىن زۆرۈر بولۇپ قالغان.

بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشتىن كېيىن، قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش - باشقۇرۇش ئورنىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، مەھمۇد كاشغەرىي مازىرىنىڭ ھازىرقى كۆلىمى، بىناكارلىق ئۇسلۇبى، بىناكارلىق سەنئىتى، قۇرۇلمىسى ۋە نەقىش بېزەكلىرىنى ئۆزگەرتمەي ساقلاپ قېلىش ئاساسىدا رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش لايىھەسى

ھەمدە مازارنىڭ ئالدىدىكى يول، پەشتاقلىرىنى ياساش، ھاي - ھاي تېرەك بىلەن سۈزۈك بۇلاقنى مۇھاپىزەت قىلىش لايىھەسى تۈزۈلگەن. بۇ لايىھە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى تەرىپىدىن تەكشۈرۈپ تەستىقلانغاندىن كېيىن، مەھمۇد كاشغەرىي مازىرىنى رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش قۇرۇلۇشى 1984 - يىلى 9 - ئايدا باشلىنىپ، 1985 - يىلى 11 - ئايدا ئاخىرلاشقان[①].

## يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرى

### (1)

يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ مەشھۇر ئالىمى، «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ مۇئەللىپى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قەبرىسى. ئورنى قەشقەر شەھىرىدە. يۈسۈپ خاس ھاجىپ 11 - ئەسىردە قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ پايتەختى بالاساغۇندا تۇغۇلۇپ، كېيىن قەشقەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان، بۇ يەردە مەشھۇر ئىلمىي ھېكمەت خاراكتېرلىك داستان «قۇتادغۇبىلىك»نى يازغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرى ئۇزاق يىللىق تارىخ ۋە ئۆزىگە خاس بىناكارلىق سەنئەت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە تارىخىي خاتىرە ئىمارەت بولۇپ، تەكشى يۈزى ئۇزۇنچاق چاسا شەكلىدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ۋە ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن. شەرق تەرىپىگە يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرى، غەرب تەرەپكە مەسچىت ئورۇنلاشقان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرى خىش قۇرۇلمىلىق، گۈمبەز تورۇسلۇق ياسالغان. ئالدى تىك يۈزى ھەر خىل نۇسخىدىكى رەڭلىك نەقىشلەر بىلەن ئىشلەنگەن كاھىشلار

---

① ھەسەن ئابدۇرېھىم: «شىنجاڭ رايونىدىكى ئىسلام دىنى ئىمارەتلىرى ۋە ئۇنىڭ خارابىسىنى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش دوكلاتى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى (ئۇيغۇرچە)، 1986 - يىللىق 1 - سان، 32 — 34 - بەتلەر.

بىلەن زىننەتلەنگەن، تۆت بۇلۇڭىغا يۇمىلاق مۇنار چىقىرىلغان بولۇپ، مازارنىڭ ئەتراپىدىكى چوڭ ـ كىچىك مۇنار ۋە گۈمبەزلەر ئۆزئارا قوشۇلۇپ، پۈتۈن مازارغا نىسبەتەن گۈزەل سىرتقى مەنزىرە ھاسىل قىلغان. مەسچىت قىسمى ئىچكىرى ـ تاشقىرى ئىككىگە بۆلۈنگەن. ئىچكىرىكى مەسچىت خىش قۇرۇلمىلىق گۈمبەز تۇرۇسلۇق ياسالغان، تاشقىرىقى مەسچىت ياغاچ تۈۋرۈك ۋە لىملار بىلەن ۋاسا جۈپ تۈز تۇرۇسلۇق يېپىلغان.

پۈتۈن مازار ياسىلىش شەكلى جەھەتتە كۆركەم بولۇپلا قالماستىن، بەلكى رەڭلىك كاھىش، ياغاچ ئويما نەقىش ۋە گەج ئويما نەقىشلەرنى ئىشلەش ھۈنەر ـ سەنئىتى يۇقىرى بولۇپ، يەكەن خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مازار بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ يۈكسەك مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى مەركەزلىك ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن.

مازار ئەرەب بىناكارلىق ئۇسلۇبىدا سېلىنغان، ئاستى چاسا، ئۈستى گۈمبەز بولۇپ، قەبرە ئىچىدىكى تام يۈزىگە يېشىل سىرلىق ساپال خىش چاپلانغان، ئالدى قىسمى نامازخانا. ئۇزاق يىللاردىن بۇيان رېمونت قىلىنمىغان، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن بۇزۇلۇپ خارابىگە ئايلىنىپ، كىشلەر بىلەلمەس ھالەتكە چۈشۈپ قالغان. 50 ـ يىللاردا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ھەيئىتى تۈزگەن «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ تارقىلىشى ۋە قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ تىزىملىكى»دە قەشقەر شەھىرى خەلق باغچىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ سەردارى يۈسۈپ قادىرخاننىڭ مۇكەممەل ساقلانغان قەبرىسىنى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مازىرى دەپ خاتا بېكىتىپ قويغان. 1980 ـ يىللارغا كەلگەندىلا مۇتەخەسسىس، ئالىملار تەرىپىدىن تۈزىتىلگەن. كېيىن يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرى دۆلەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورنى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. 1980 ـ يىلى ھۆكۈمەت مەبلەغ ئاجرىتىپ، ئەسلىي شەكلى بويىچە بۇرۇنقى ئورنىغا قايتا ياساتتى.

## (2)

يۈسۈپ خاس ھاجىپ① مىلادىيە 1085- يىلى 67 يېشىدا قەشقەردە ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ جەسىتى تۈمەن دەريا بويىدىكى بارگاھ يېزىسىغا دەپنە قىلىنغان. ئارىدىن 50 يىلچە ئۆتكەندىن كېيىن شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ قاغانى ئەھمەد بىننى ھارۇننىڭ ۋاقتىدا (مىلادىيە 1120- يىللىرى) تۈمەن دەرياسىغا كەلكۈن كەلگەندە، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ جەسىتى ئەسلىي قەبرىگاھىدىن كۆچۈرۈلۈپ، ھازىرقى پايناپقا دەپنە قىلىنغان.

ئۇيغۇر خەلقى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئالەمدىن ئۆتكەندىن تارتىپ تا ھازىرغىچە ئۇنىڭغا بولغان چەكسىز ھۆرمەت، ئېتىقادى بىلەن قەبرىگاھىنى يوقلاپ، تاۋاپ قىلىپ كەلمەكتە. شەيخ، جارۇپكەشلەرنى قويۇپ قوغدىدى، يەر - زېمىنلىرىنى ۋەخپە قىلىپ، ئۇنىڭدىن كەلگەن كىرىم بەدىلىگە قەبرىگاھىنى ئۈزۈكسىز تۈزەشتۈرۈپ، كۆز قارىچۇقىنى ئاسرىغاندەك ئاۋايلاپ ساقلاپ كەلدى. قەبرىگاھ ئەتراپىدىن تەخمىنەن 200 مو يەر ئاجرىتىپ ۋەخپە قىلىپ، دەل - دەرەخ قويۇپ ئورمان بىنا قىلدى. ھىجرىيە 1074- يىلى (مىلادىيە 1665- يىلى) يەكەن سەئىدىيە خانلىقى (1514 — 1678) نىڭ سۇلتانلىرىدىن ئابدۇللاخان (1639 — 1668) يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قەبرىگاھىنى بىر قېتىم ئىسلاھ قىلىپ، ئىلگىرىكى تۈز تورۇسلۇق ھالىتىنى گۈمبەز شەكلىگە كەلتۈرگەن. قەبرىگاھ ئالدىنى غەربكە قارىتىپ، توققۇز مېتىر ئېگىزلىكتە پەشتاقلىق دەرۋازا ئورناتقان.

يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ خانى ئابدۇللاخان خانىقا تەۋەسىدىن

---

① ھاجىپ (ئەرەبچە) ئارىپچى، ۋاكالەتدار، خاننىڭ ئەڭ يېقىن مەسلىھەتچىسى دېگەن مەنىلەردىكى سۆز بولۇپ، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئېيتىشىچە، بۇ سۆزنىڭ قەدىمكى تۈركچىسى «تاياڭغۇ» يەنى تايانچ، سەلتەنەت تايانچى، دۆلەت تۈۋرۈكى دېمەكتۇر («تۈركىي تىللار دىۋانى» فاكسىمىل نۇسخا، 320- بەت).

سېتىۋالغان 30 پاتمان يەرنى كونا ئات بازىرىدىكى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قەبرىگاھىغا مۇتلەق ۋەخپە قىلغانلىقى ھەققىدە ئۆز مۆھۈرىنى بېسىپ بىر ھۆججەت قالدۇرغان. ئابدۇلەتىپخان مىلادىيە 1639- يىلى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، يولۋاسخاننىڭ ۋاقتىدا (1666 — 1667) يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەبرىگاھىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا سەئىدىيە خانلىقىنىڭ خانلىرىدىن بەش كىشىنىڭ ۋە تاشقىرىقى مەسچىتنىڭ شەرقىي شىمالىغا تۆت كىشىنىڭ جەسىتى دەپنە قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، بۇرۇن «ئات بازىرى» دەپ ئاتالغان بۇ جايغا «ئالتۇنلۇق» دەپ نام بېرىلگەن.

ھىجرىيە 1242- يىللىرى (مىلادىيە 1828- يىلى) قەشقەر ھاكىمى ئىسھاق ۋاڭ (كۇچا ۋاڭلىرىنىڭ ئەۋلادىدىن) يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قەبرىگاھىنى يەنە بىر قېتىم ئىسلاھ قىلغان. شۇ قېتىمقى ئىسلاھ قىلىشتا قەبرىگاھنىڭ تۆت چۆرىسىگە گۈمبەز، مۇنار ۋە قەبرىنىڭ ئۈستىگە سۇپەتلىك، رەڭلىك كاھىشلار يېپىشتۇرۇلغان.

ئېنىق ۋە ئىشەنچلىك مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قەبرىگاھى مىلادىيە 1874- يىلى يەنە بىر قېتىم ئىسلاھ قىلىنغان.

يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەبرىگاھىنىڭ بەزى جايلىرى بۇزۇلۇشقا باشلىغان. شۇ سەۋەبتىن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1956- يىلى 5- ئايدا ئۇنى بىر قېتىم ئومۇميۈزلۈك تۈزەشتۈرۈپ ياسىغان. چۈنكى، 1955- يىلى مەدەنىيەت نازارىتى تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان ئارخېئولوگىيە ئەترىتىنىڭ تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش نەتىجىسىگە ئاساسەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بۇ قەبرىگاھ ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىي يادىكارلىق ئورنى دەپ ئېلان قىلغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەبرىگاھىنىڭ تارىختىن بۇيان داۋاملىق ئىسلاھ قىلىنىپ، ئۈزۈكسىز يېڭىلىنىپ تۇرۇشى خەلق ئاممىسىنىڭ يۈسۈپ خاس ھاجىپقا ۋە ئۇنىڭ قەبرىگاھىغا بولغان ئەقىدىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتكەن. خەلقىمىز ئەسىرلەردىن بۇيان بۇ قەبرىگاھنى ئۇلۇغلاپ،

ئۇنىڭغا يۈكسەك ھۆرمەت بىلەن قاراپ كەلدى. قەبرىگاھ ئالدىدىن ئۆتكەندە، خېلى يىراق جايدىن ئات - ئۇلاغلىرىدىن چۈشۈشۈپ، خېلى ئۇزۇن يەرلەرگىچە پىيادە مېڭىشاتتى، نورۇز بايرىمى، تۈنەك، ئايەم كېچىلىرىدە بۇ يەرگە جەم بولۇپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپقا بولغان سېغىنىش ۋە يۈكسەك ھۆرمىتىنى نامايان قىلىشاتتى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قەبرىگاھى يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن خەلق ئەقىدىسىنىڭ ئۇلۇغ كۈچ - قۇدرىتى سەۋەبىدىن ئۆلمەس يادىكارلىق بولۇپ قالدى. شۇڭا، تارىختا ئۆتكەن ئەدىبلەر بۇ يادىكارلىق ھەققىدە قىسسەلەر، شېئىرلار يېزىپ، ئۇنىڭ ئورنى، قەبرىدە ياتقۇچىنىڭ نەسەبىنى چۈشەندۈرۈش توغرۇلۇق خاتىرىلەر قالدۇرۇشتى. ئەنە شۇنداقلارنىڭ بىرى، 19 - ئەسىردە ياشىغان ئۇيغۇر شائىرى ئىمىرھۈسەيىن سەبۇرىيدۇر. سەبۇريي «بەھرۇل - ئەنساب» («نەسەب دەرياسى»)نى تۈزگەن، بىراق ئۇنىڭ ئۆمرى «بەھرۇل - ئەنساب»نى ئاخىرلاشتۇرۇشقا يار بەرمىگەنلىكتىن، شاگىرتى قازى مۇھەممەد سايىم سوپى ئاللايارىغا ئۇنى داۋاملاشتۇرۇشنى تاپشۇرغان ھەمدە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ۋاپات بولغان يىلنامىسىنى، قەبرىگاھ ئورنىنى شۇ ئەسەرگە كىرگۈزۈپ قويۇشنى ۋەسىيەت قىلغان. قازى مۇھەممەد سايىم سوپى ئاللايارى ئۇستازى سەبۇرىينىڭ ۋەسىيىتى بويىچە «بەھرۇل - ئەنساب»نى يېزىپ بولغاندىن كېيىن، ئەسەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بېتىگە ئۇستازىنىڭ ئېيتىپ بەرگىنىگە ئاساسەن «ھەزرىتى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھىجرىيە 478 - يىلى (مىلادىيە 1085 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ) ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ قەبرىسى كونىھىسار (ئەسكى - ھىسار)نىڭ شىمالىدىكى پايى ئابدا...... ئامىن، مەن شەيخ دۇئا قىلغۇچى مۇھەممەت سايىم سوپى ئاللايارى» دېگەن سۆزلەرنى پارسچە ۋە ئۇيغۇرچە يېزىپ ئۆز مۆھۈرىنى باسقان.

مىلادىيە 1827 - يىلى جاھانگىر خوجا قوزغىلىڭى باستۇرۇلغاندىن كېيىن، مانجۇلار تەرىپىدىن قەشقەرگە ھۆكۈمران قىلىپ تەيىنلەنگەن زوھۇرىدىن ھاكىمبەگ (1830 — 1848) مىلادىيە 1835 - يىلى تاشقىرىقى شەھەرگە سېپىل سوقتۇرماقچى بولغان. دىنىي ئېتىقادى

كۆچلۈك بولغان زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ بۇ ئىشنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىنى ئاللادىن تىلەش مەقسىتىدە شۇ زامانىنىڭ مەشھۇر ئۆلىمالىرىدىن نىئمەتۇللا كاشغەرىينى يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ قەبرىگاھىغا چىقىپ ئاللاغا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇغان. بۇ ۋەقە توغرىسىدا نىئمەتۇللا كاشغەرىي مۇنداق بىر خاتىرىنى يېزىپ قالدۇرغان: «شۇنداق بىر ۋاقىئە يۈتۈلدىكىم، ھەزرىتى ۋالى زوھۇرىددىن ھاكىم ئالىيلىرى قەشقەر قەلئەسىنىڭ سېلىنىشىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇش - بولماسلىقى توغرىسىدا پېقىر كەمتەر دەرۋىشكە پىر ئىگىسى يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ تەۋەررۈك قەبرىگە چىقىپ، 10 — 11 كۈن تۇرۇپ دۇئا - تىلاۋەت قىلدىم. قەشقەر قەلئەسىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولىدىغانلىقىغا بېشارەت بولدى ۋە قەلئەنىڭ ياخشى پۈتىدىغانلىقىغا رۇخسەت بولدى. بۇ بېشارەتنى ھەزرىتى ھاكىم ئالىيلىرىغا بايان قىلدىم. رەھمەت، دۇئا قىلغۇچى پەقىر نىئمەتۇللا كاشغەرىي مۆھۈرۈمنى باستىم. ھىجرىيە 1253 - يىلى. تامغا: نىئمەتۇللا بىن سەدرىددىن (تامغا ھىجرىيە 1238 - يىلى ئويۇلغان)».

20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدا ياشىغان تارىخچى، شائىر ئىمىر-ھۈسەيىن قازىئاخۇنۇم 1983 - يىلى 2 - ئاينىڭ 19 - كۈنى يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ قەبرىگاھى ۋە قەبرىگە يېزىلغان بىر ئايەت توغرىسىدا تەتقىقاتچى ئىبراھىم مۇتىئى بىلەن، تەتقىقاتچى مىرسۇلتان ئوسمانوفقا ناھايىتى قىممەتلىك بىر مەلۇمات بەرگەن. مەلۇماتنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى مۇنداق:

(1) يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ قەبرىسى ئەسلى پايناپ «ئالتۇنلۇقۇم» دا، غەربتىن شەرققە تارتىلغان قەبرىنىڭ بېشىغا: «بىلىملىكلەر بىلەن بىلىمسىزلەر باراۋەر - تەڭ بولالمايدۇ» دېگەن ئايەت يېزىلغان بولۇپ، بۇ قەبرە يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭدۇر.

(2) پەرىدۇن ۋاڭ يازغان ھۆججەتتە، ئاتام ئىسھاق ۋاڭ ياساپ تەئمىر قىلغان يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ مازىرىغا پايناپ يېزىسىدا ئالتە پاتمانلىق يەرنى مۇتلەق ۋەخپە قىلدىم دەپ ۋاڭلىق تامغا باسقانىكەن، بۇنى مەزكۇر قازى كۆرگەن.

يۇقىرىدا بىز تىلغا ئالغان بىر قاتار پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلايدۇكى،

يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەبرىگاھى ئۇزاق زاماندىن بېرى قايتا - قايتا ئىسلاھ قىلىنىپلا قالماستىن، يەنە خەلق تەرىپىدىن خاتىرىلىنىپ، شائىرلار ۋە ئالىملار ئۆز ئەسەرلىرىدە ئۇنى چەكسىز ھۆرمەت تۇيغۇسى بىلەن تىلغا ئېلىشقان.

**(3)**

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11- ئەسىردىكى بۈيۈك مۇتەپەككۇر شائىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قەبرىگاھى قەشقەر شەھىرىدىكى ئەسكىھىسار قەدىمكى شەھىرىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان «پايناپ»① تەۋەسىدىكى «ئالتۇنلۇق»②تا ئىككەنلىكى تارىختىن بۇيان ھەممىگە ئايان. بۇ قىل سىغمايدىغان ئەمەلىي پاكىت. ئەمما، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بەزى كىشىلەر: «بۇ قەبرىگاھ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەمەس، يۈسۈپ قادىرخان غازى پادىشاھنىڭ ئىدى»، «يۈسۈپ خاس ھاجىپ بالاساغۇنلۇق بولغاندىكىن، قەبرىگاھىمۇ بالاساغۇندا بولۇشى كېرەك» دېگەن دەۋالاردا بولۇپ، جامائەتچىلىك ئارىسىدا بەزى مۇجمەل قاراشلارنى شەكىللەندۈرۈپ قويدى.

قايتا ياساپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەبرىگاھىغا ئۇل قويۇشتىن ئىلگىرى، قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش - باشقۇرۇش ئورنى ئۈچ ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت سەرپ قىلىپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەبرىگاھىنىڭ ئورنىغا دائىر بىرمۇنچە پاكىتلارنى توپلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىدىكى

---

① ئەسلىي «پايى ئاب» (سۇنىڭ ئاخىرى) دېگەن سۆز بولۇپ، كىشىلەرنىڭ بۇ پارىسچە سۆزگە ئاغزى كەلمىگەنلىكتىن، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «پايناپ»قا ئۆزگەرتىۋالغان.

② ئىلگىرى بۇ جاينىڭ ئىسمى «ئات بازىرى» بولۇپ، موڭغۇل ئىستىبلاسى دەۋرىدە «ئالتۇنلۇق»قا ئۆزگەرتىلگەن. چۈنكى موڭغۇللار جەسەتنى «ئالتۇن» دەپ ئاتىغانلىقتىن، بۇ جايدىكى پادىشاھلار قەبرىستانلىقىغا «ئالتۇنلۇق» دەپ نام بەرگەن.

مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرنى ئەۋەتىپ، پاكىتلارنى دەلىللەش خىزمىتىنى ئىشلەپ باردى. ئالىم ۋە مۇتەخەسسىسلەر پاكىتنى تەكشۈرۈش، سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، تېپىلغان ھۆججەتلەرنىڭ ھەقىقىيلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈردى.

ھازىر قولىمىزدا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھىجرىيە 410- يىلى (مىلادىيە 1019 — 1020- يىللىرى) بالاساغۇندا تۇغۇلۇپ، ھىجرىيە 478- يىلى (مىلادىيە 1085 — 1086- يىللىرى) قەشقەردە ۋاپات بولغانلىقى، جەسىتىنىڭ دەسلەپ قەشقەر شەھىرىنى غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا كېسىپ ئۆتىدىغان تۈمەن دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى دۆلەتباغ يېزىسىغا قاراشلىق «بارگاھ» دېگەن جايغا دەپنە قىلىنغانلىقى، ھىجرىيە 514- يىلى (مىلادىيە 1120 — 1121- يىللىرى) ئۇ جايدىن ھازىرقى «ئالتۇنلۇق» قا يۆتكەپ دەپنە قىلىنغانلىقى توغرىسىدا خېلى كۆپ پاكىتلار ساقلانماقتا. بۇ پاكىتلار ئىچىدىكى 19- ئەسىرگە تەئەللۇق بولغان ئىككى پارچە ھۆججەت ئىنتايىن مۇھىم.

بىرىنچى ھۆججەت «بەھرۇل - ئەنساب» («نەسەب دەرياسى») ناملىق ئەسەر بولۇپ، بۇنى 19- ئەسىردە قەشقەردە ياشىغان ئۇيغۇر شائىرى ئىمىرھۇسەيىن سەبۇرىي تۈزگەن، بىراق سەبۇرىينىڭ ئۆمرى «بەھرۇل - ئەنساب» نى ئاخىرلاشتۇرۇشقا يار بەرمىگەنلىكتىن، شاگىرتى قازى مۇھەممەد سايىم سوپى ئاللايارىغا ئۇنى داۋاملاشتۇرۇشنى تاپشۇرغان ھەمدە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ۋاپات بولغان يىلنامىسىنى، قەبرىگاھ ئورنىنى شۇ ئەسەرگە كىرگۈزۈپ قويۇشنى ۋەسىيەت قىلغان. قازى مۇھەممەد سايىم سوپى ئاللايارى ئۇستازى سەبۇرىينىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن «بەھرۇل - ئەنساب» نىڭ ئەڭ ئاخىرىسىنىڭ سول بۇرجىكىگە: «ئەز ھەزرەتى يۈسۈپ خاس ھاجىپ دەرسەنە چەھارسەد ھەفتاد ھەشت ھىجرىيە ۋەفات شۇدە. قەبرى شىمالىي كۆھنە ھىسار زەمىنى فايى ئاب مەدفۇن شۇدەست. سوگرە يۈسۈپ قادىرخان، يۈسۈپ قىدىرخان مەزكۇر دوتەن قەبرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ رايەيۋەند دەفن شۇدەست، ئامىن. مىن شەيخى دۇئاگوي مۇھەممەد سائىم سوفى

ئاللايارى سۇبھۇ شام، بەلكى ئەلەدداۋام مەزارى مەزكۇر سېھتەن بۇزرۇكۋار روھى پۇرفۇتۇھ دۇئايى قۇرئان مىكۇنەم»[①] دەپ يېزىپ، يۇسۇپ خاس ھاجىپ ۋاپاتىنىڭ ھىجرىيە 470- يىلى ئىكەنلىكىنى، قەبرىگاھىنىڭ شىمالىي كونىھىساردىكى «فايى ئاب» تا ئىكەنلىكىنى، بۇ قەبرىگاھتا يەنە يۇسۇپ قادىرخان غازى پادىشاھىم ۋە يۇسۇپ قىدىرخان ئىسىملىك شاھزادە مازىرىنىڭ بارلىقىنىمۇ ئىزاھلىغان. تەتقىقاتچىلارنىڭ قارىشىچە، يۇسۇپ قىدىرخان مىلادىيە 1040- يىللىرى غەربىي قاراخانىيلار زېمىنىدىن شەرقىي قاراخانىيلار زېمىنىغا قېچىپ كەلگەن يۇسۇپ ئىبنى ئەلى ئىسىملىك شاھزادە ئىكەن. قازى مۇھەممەد سايىم سوپى ئاللايارى «بەھرۇل - ئەنساب» نىڭ ئاخىرقى بېتىنىڭ تۆۋەنكى ئوڭ بۇرجىكىگە: «ئەز ھەزرەتى ساھىب قەلەم ئۇستازىم موللا مىر ھۇسەيىن سەبۇرىي ۋە مەزكۇر ‹بەھرۇل - ئەنساب› نىڭ تامامىغە يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ قەبرى شەرىفلىرى شىمالىي كۇھنە ھىساردۇر. مەزافىئى فايى ئابتا مەدفۇن ئىكەنلىكىنى ئىزھار قىلىپ، يېزىپ تاماملاشنى پېقىرگە تەۋسىيە قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇستازىم مەرھۇم موللا مىر ھۇسەيىن سەبۇرىينىڭ ۋەسىيىتىگە بىنائەن يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ دەپنىگاھىنى بۇ ‹بەھرۇل - ئەنساب› قا كىرگۈزۈپ، جەمە مۇسۇلمان، ئەۋلادى تۈرك خەلقلىرىگە يادىكار قىلدىم. قازى مۇھەممەد سايىم سوفى ئاللا يارى» دەپ يېزىپ، يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ۋاپات بولغان ۋاقتىنى، قەبرىگاھىنىڭ ئورنىنى، كىمنىڭ تەشەببۇسى بىلەن، نېمە سەۋەبتىن بۇ ‹بەھرۇل - ئەنساب› قا كىرگۈزۈپ قويغانلىقىنى ئەسكەرتكەن ھەمدە ئۆزىنىڭ قازىلىق مۆھۈرىنى باسقان.

---

[①] تەرجىمىسى: «يۇسۇپ خاس ھاجىپ ھىجرىيە 470- يىلى (مىلادىيە 1085 — 1086- يىللىرى) ۋاپات بولغان. قەبرىسى شىمالىي كونىھىسار (ئەسكىھىسار) دىكى ‹پايناپ› دېگەن جايدا. كېيىنچە يۇسۇپ قادىرخان، يۇسۇپ قىدىرخاندىن ئىبارەت ئىككى كىشىنىڭ جەسىتىمۇ يۇسۇپ خاس ھاجىپ بىلەن بىر قەبرىگە دەپنە قىلىنغان. مەن دۇئاگۇي شەيخ مۇھەممەد سايىم سوپى ئاللا يارى كېچە - كۈندۈز، بەلكى ھەمىشە مەزكۇر مازاردىكى ئۈچ تەن بۇزرۇكۋارنىڭ مۇقەددەس روھلىرىغا قۇرئان ئوقۇپ، دۇئا قىلىمەن.»

مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرنى ئەۋەتىپ، پاكىتلارنى دەلىللەش خىزمىتىنى ئېلىپ باردى. ئالىم ۋە مۇتەخەسسىسلەر پاكىتنى تەكشۈرۈش، سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، تېپىلغان ھۆججەتلەرنىڭ ھەقىقىيلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈردى.

ھازىر قولىمىزدا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھىجرىيە 410- يىلى (مىلادىيە 1019 — 1020- يىللىرى) بالاساغۇندا تۇغۇلۇپ، ھىجرىيە 478- يىلى (مىلادىيە 1085 — 1086- يىللىرى) قەشقەردە ۋاپات بولغانلىقى، جەسىتىنىڭ دەسلەپ قەشقەر شەھىرىنى غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا كېسىپ ئۆتىدىغان تۈمەن دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى دۆلەتباغ يېزىسىغا قاراشلىق «بارگاھ» دېگەن جايغا دەپنە قىلىنغانلىقى، ھىجرىيە 514- يىلى (مىلادىيە 1120 — 1121- يىللىرى) ئۇ جايدىن ھازىرقى «ئالتۇنلۇق»قا يۆتكەپ دەپنە قىلىنغانلىقى توغرىسىدا خېلى كۆپ پاكىتلار ساقلانماقتا. بۇ پاكىتلار ئىچىدىكى 19- ئەسىرگە تەئەللۇق بولغان ئىككى پارچە ھۆججەت ئىنتايىن مۇھىم.

بىرىنچى ھۆججەت «بەھرۇل - ئەنساب» («نەسەب دەرياسى») ناملىق ئەسەر بولۇپ، بۇنى 19- ئەسىردە قەشقەردە ياشىغان ئۇيغۇر شائىرى ئىمىرھۈسەيىن سەبۇرىي تۈزگەن. بىراق سەبۇرىينىڭ ئۆمرى «بەھرۇل - ئەنساب»نى ئاخىرلاشتۇرۇشقا يار بەرمىگەنلىكتىن، شاگىرتى قازى مۇھەممەد سايىم سوپى ئاللايارىغا ئۇنى داۋاملاشتۇرۇشنى تاپشۇرغان ھەمدە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ۋاپات بولغان يىلنامىسىنى، قەبرىگاھ ئورنىنى شۇ ئەسەرگە كىرگۈزۈپ قويۇشنى ۋەسىيەت قىلغان. قازى مۇھەممەد سايىم سوپى ئاللايارى ئۇستازى سەبۇرىينىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن «بەھرۇل - ئەنساب»نىڭ ئەڭ ئاخىرىسىنىڭ سول بۇرجىكىگە: «ئەز ھەزرەتى يۈسۈپ خاس ھاجىپ دەرسىنە چەھارسەد ھەفتاد ھەشت ھىجرىيە ۋەفات شۇدە. قەبرى شىمالىي كۆھنە ھىسار زەمىنى فايىي ئاب مەدفۇن شۇدەست. سوگرە يۈسۈپ قادىرخان، يۈسۈپ قىدىرخان مەزكۇر دوتەن قەبرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ راپەيۋەند دەفن شۇدەست، ئامىن. مىن شەيخى دۇئاگويى مۇھەممەد سائىم سوفى

ئاللايارى سۇبھۇ شام، بەلكى ئەلەدداۋام مەزارى مەزكۇر سېھتەن بۇزرۇكۋار روھى پۇرفۇتۇھە دۇئايى قۇرئان مىكۇنەم»[①] دەپ يېزىپ، يۇسۇپ خاس ھاجىپ ۋاپاتىنىڭ ھىجرىيە 470- يىلى ئىكەنلىكىنى، قەبرىگاھىنىڭ شىمالىي كونىھىساردىكى «فايى ئاب» تا ئىكەنلىكىنى، بۇ قەبرىگاھتا يەنە يۇسۇپ قادىرخان غازى پادىشاھىم ۋە يۇسۇپ قىدىرخان ئىسىملىك شاھزادە مازىرىنىڭ بارلىقىنىمۇ ئىزاھلىغان. تەتقىقاتچىلارنىڭ قارىشىچە، يۇسۇپ قىدىرخان مىلادىيە 1040- يىللىرى غەربىي قاراخانىيلار زېمىنىدىن شەرقىي قاراخانىيلار زېمىنىغا قېچىپ كەلگەن يۇسۇپ ئىبنى ئەلى ئىسىملىك شاھزادە ئىكەن. قازى مۇھەممەد سايىم سوپى ئاللايارى «بەھرۇل - ئەنساب» نىڭ ئاخىرقى بېتىنىڭ تۆۋەنكى ئوڭ بۇرجىكىگە: «ئەز ھەزرەتى ساھىب قەلەم ئۇستازىم موللا مىر ھۇسەيىن سەبۇرىي ۋە مەزكۇر ‹بەھرۇل - ئەنساب› نىڭ تامامىغە يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ قەبرى شەرىفلىرى شىمالىي كۆھنە ھىساردۇر. مەزافىئى فايى ئابتا مەدفۇن ئىكەنلىكىنى ئىزھار قىلىپ، يېزىپ تامىملاشنى پېقىرگە تەۋسىيە قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇستازىم مەرھۇم موللا مىر ھۇسەيىن سەبۇرىينىڭ ۋەسىيىتىگە بىنائەن يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ دەپنىگاھىنى بۇ ‹بەھرۇل - ئەنساب› قا كىرگۈزۈپ، جەممە مۇسۇلمان، ئەۋلادى تۈرك خەلقلىرىگە يادىكار قىلدىم. قازى مۇھەممەد سايىم سوفى ئاللا يارى» دەپ يېزىپ، يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ۋاپات بولغان ۋاقتىنى، قەبرىگاھىنىڭ ئورنىنى، كىمنىڭ تەشەببۇسى بىلەن، نېمە سەۋەبتىن بۇ ‹بەھرۇل - ئەنساب› قا كىرگۈزۈپ قويغانلىقىنى ئەسكەرتكەن ھەمدە ئۆزىنىڭ قازىلىق مۆھۈرىنى باسقان.

[①] تەرجىمىسى: «يۇسۇپ خاس ھاجىپ ھىجرىيە 470- يىلى (مىلادىيە 1085 — 1086- يىللىرى) ۋاپات بولغان. قەبرىسى شىمالىي كونىھىسار (ئەسكىھىسار) دىكى ‹پايناپ› دېگەن جايدا، كېيىنچە يۇسۇپ قادىرخان، يۇسۇپ قىدىرخاندىن ئىبارەت ئىككى كىشىنىڭ جەسىتىمۇ يۇسۇپ خاس ھاجىپ بىلەن بىر قەبرىگە دەپنە قىلىنغان. مەن دۇئاگۇي شەيخ مۇھەممەد سايىم سوپى ئاللا يارى كېچە - كۈندۈز، بەلكى ھەمىشە مەزكۇر مازاردىكى ئۈچ تەن بۇزرۇكۋارنىڭ مۇقەددەس روھلىرىغا قۇرئان ئوقۇپ، دۇئا قىلىمەن.»

ئۇزۇنلۇقى 8.20 مېتىر، كەڭلىكى 26 سانتىمېتىر كېلىدىغان بۇ «بەھرۇل - ئەنساب» نى 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشىغان قەشقەر كوناشەھەر ناھىيە قوغان يېزىسىدا ئولتۇرۇشلۇق ئۆلىما ۋە شائىر ئابدۇرېھىم ھاجىم (1897 — 1945) ساقلاپ كەلگەن. ئابدۇرېھىم ھاجىم ۋاپات بولغاندىن كېيىن، بۇ «بەھرۇل - ئەنساب» مەرىپەت سۆيەر ئوغلى مۇھەممەت ئىمىن قارىمغا مىراس قالغان. 1965- يىللاردا بۇ «بەھرۇل - ئەنساب» مۇھەممەت ئىمىن قارىمنىڭ قولىدىن 20- ئەسىرنىڭ 80- يىللىرىدا ياشىغان تارىخچى ئالىم، تالانتلىق شائىر ئىمىر ھۇسەيىن قازى ھاجىم (1900 — 1985) نىڭ قولىغا ئۆتكەن. مەرھۇم ئىمىر ھۇسەيىن قازى ھاجىم 1985- يىلى بۇ «بەھرۇل - ئەنساب» نى ئاۋۋال قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش - باشقۇرۇش ئورنىغا، كېيىن شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىگە تەقدىم قىلغان. بۇ «بەھرۇل - ئەنساب» ھازىر شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ ماتېرىيال بۆلۈمىدە ساقلانماقتا.

ئىككىنچى ھۆججەت «قەلەمىي قۇرئان»[1] بولۇپ، خوتەندىن تېپىلغان. بۇ قۇرئاننى خوتەنلىك بىر كىشى ئىمىر ھۇسەيىن قازى ھاجىمغا ھەدىيە قىلغان. ئىمىر ھۇسەيىن قازى ھاجىم بۇ قۇرئاننى 1984- يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش- باشقۇرۇش ئورنىغا تەقدىم قىلغان.

قۇرئان 726 بەت بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 34 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 22 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 6 سانتىمېتىر، ھەر بېتىدە 13 قۇردىن خەت بار. قۇرئاننىڭ تاش مۇقاۋىسى بىلەن باشتىكى ئىككى بېتى يوقالغان. قۇرئاننى ساقلىغۇچى كىشى تاش مۇقاۋىسىنى ھازىرقى زامان رەختىنى

[1] «قەلەمىي قۇرئان» — كىتابنى تىزىمغا ئېلىش جەريانىدا قويۇلغان ئىسىم بولۇپ، ئەسلىي قۇرئاندا بۇ ئىسىم مەۋجۇت ئەمەس. قۇرئان قومۇش قەلەمدە خوتەننىڭ يىپەك قەغىزىگە ھۆسنخەت شەكلىدە يېزىلغانلىقتىن، تىزىمغا ئالغۇچىلار شۇنداق نام قويغان بولسا كېرەك.

ئىشلىتىپ قاتتىق قەغەز بىلەن مۇقاۋىلاپ قويغاندىن باشقا، ئىچ بېتىگە: «قۇرئاننى بىتەرەت قولغا ئالساق گۇناھكار بولىمىز» دېگەن خەتنى ۋە يوقالغان ئىككى بەت ئورنىغا: «سۈرە فاتىھە» بىلەن «سۈرە ئەلىف، لام، مىم» نى ھۆسنىخەت شەكلىدە يېزىپ، تولۇقلاپ قويغان. قۇرئاننىڭ ئاخىرىدا يەنە ئەسلىي كۆچۈرگۈچى كاتىپ تەرىپىدىن يېزىپ قويۇلغان «ئاللاھۇممە ئەنفەئنا» دېگەن دۇئا بار.

بۇ قۇرئان ئەسلىدە 1830 ـ يىلىدىن 1848 ـ يىلىغىچە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قەشقەرگە ھاكىمبەگلىككە ئەۋەتىلگەن زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ دىۋانىدىكى كىتاب بولۇپ، بۇ كىتابنى زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ يۇسۇپ خاس ھاجىپ مازىرىغا چىقىپ، 11 كۈن ئېتىكاپتا ئولتۇرۇپ، ئىستىخارە قىلىپ، قەشقەر شەھىرىنىڭ تاشقىرىقى شەھەر سېپىلىنى سوقسا خەيرلىك بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى خۇش خەۋەر بېشارىتىنى ئېلىپ كەلگەن شۇ زامانىنىڭ مەشھۇر مۆتىۋەر ئۆلىمالىرىدىن نېمەتۇللا كاشغەرىي① گە تەقدىم قىلغان. زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ نېمەتۇللا كاشغەرىينى بۇ ئىشقا ئۆزى بۇيرۇغان. بۇ ھەدىيەدىن ئىنتايىن سۆيۈنۈپ كەتكەن نېمەتۇللا كاشغەرىي بۇ ئىشنىڭ خاتىرىسى سۈپىتىدە قۇرئاننىڭ 723 ـ بېتىنىڭ ھاشىيەسىگە (بەت چۆرىسىدىكى بىكار جايغا) تۆۋەندىكىلەرنى يېزىپ قويغان: «بۇ سۈرەنى ۋاقىئە تەھرىر ئولدىكىم، ھەزرەتى ۋالىي زوھۇرىددىن ھاكىم ئالىيلىرى فەقىر دەرۋىش كەمتەرنى كاشغەر قەلئەسىنىڭ تەئمىراتى ئۈچۈن نەھس-سەئدلىكىدە بىر ئىستىخارە رۇئىياغە تەكلىپ قىلغانلىقىدىن، مەن ھەزرەتى پادىشاھ ساھىب قەلەم يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ مازار قەبرى مۇتەبەررۇكلەرىگە چىقىپ، 11 كۈن ئېتىكاپ ئىستىخارە قىلدىم. كاشغەر

① نېمەتۇللا كاشغەرىي 19 ـ ئەسىردە قەشقەردە ئۆتكەن مەشھۇر مەرىپەتچىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ 1846 ـ يىلى ۋاپات بولغان. ئاپاق خوجا مازىرىغا بارىدىغان كونا يولدىكى ھارۋا توختايدىغان جاي نېمەتۇللا كاشغەرىينىڭ نامى بىلەن «نەمتىم» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ جايدىن 50 قەدەم يۇقىرىدا بۇ كىشىنىڭ رەڭلىك كاھىشلىق چوڭ گۈمبەز ئىچىگە ئېلىنغان قەبرىسى بار ئىدى. بۇ قەبرە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا چېقىۋېتىلگەن.

ئۇزۇنلۇقى 8.20 مېتىر، كەڭلىكى 26 سانتىمېتىر كېلىدىغان بۇ «بەھرۇل - ئەنساب» نى 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشىغان قەشقەر كوناشەھەر ناھىيە قوغان يېزىسىدا ئولتۇرۇشلۇق ئۆلىما ۋە شائىر ئابدۇرېھىم ھاجىم (1897 — 1945) ساقلاپ كەلگەن. ئابدۇرېھىم ھاجىم ۋاپات بولغاندىن كېيىن، بۇ «بەھرۇل - ئەنساب» مەرىپەت سۆيەر ئوغلى مۇھەممەت ئىمىن قارىمغا مىراس قالغان. 1965- يىللاردا بۇ «بەھرۇل - ئەنساب» مۇھەممەت ئىمىن قارىمنىڭ قولىدىن 20- ئەسىرنىڭ 80- يىللىرىدا ياشىغان تارىخچى ئالىم، تالانتلىق شائىر ئىمىر ھۈسەيىن قازى ھاجىم (1900 — 1985) نىڭ قولىغا ئۆتكەن. مەرھۇم ئىمىر ھۈسەيىن قازى ھاجىم 1985- يىلى بۇ «بەھرۇل - ئەنساب» نى ئاۋۋال قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش - باشقۇرۇش ئورنىغا، كېيىن شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىگە تەقدىم قىلغان. بۇ «بەھرۇل - ئەنساب» ھازىر شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ ماتېرىيال بۆلۈمىدە ساقلانماقتا.

ئىككىنچى ھۆججەت «قەلەمىي قۇرئان»① بولۇپ، خوتەندىن تېپىلغان. بۇ قۇرئاننى خوتەنلىك بىر كىشى ئىمىر ھۈسەيىن قازى ھاجىمغا ھەدىيە قىلغان. ئىمىر ھۈسەيىن قازى ھاجىم بۇ قۇرئاننى 1984- يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش- باشقۇرۇش ئورنىغا تەقدىم قىلغان.

قۇرئان 726 بەت بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 34 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 22 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 6 سانتىمېتىر، ھەر بېتىدە 13 قۇردىن خەت بار. قۇرئاننىڭ تاش مۇقاۋىسى بىلەن باشتىكى ئىككى بېتى يوقالغان. قۇرئاننى ساقلىغۇچى كىشى تاش مۇقاۋىسىنى ھازىرقى زامان رەختىنى

① «قەلەمىي قۇرئان» — كىتابنى تىزىمغا ئېلىش جەريانىدا قويۇلغان ئىسىم بولۇپ، ئەسلىي قۇرئاندا بۇ ئىسىم مەۋجۇت ئەمەس. قۇرئان قومۇش قەلەمدە خوتەننىڭ يىپەك قەغەزگە ھۆسنخەت شەكلىدە يېزىلغانلىقتىن، تىزىمغا ئالغۇچىلار شۇنداق نام قويغان بولسا كېرەك.

ئىشلىتىپ قاتتىق قەغەز بىلەن مۇقاۋىلاپ قويغاندىن باشقا، ئىچ بېتىگە: «قۇرئاننى بىتەرەت قولغا ئالساق گۇناھكار بولىمىز» دېگەن خەتنى ۋە يوقالغان ئىككى بەت ئورنىغا: «سۈرە فاتىھە» بىلەن «سۈرە ئەلىف، لام، مىم» نى ھۆسنىخەت شەكلىدە يېزىپ، تولۇقلاپ قويغان. قۇرئاننىڭ ئاخىرىدا يەنە ئەسلىي كۆچۈرگۈچى كاتىپ تەرىپىدىن يېزىپ قويۇلغان «ئاللاھۇممە ئەنفەئنا» دېگەن دۇئا بار.

بۇ قۇرئان ئەسلىدە 1830- يىلىدىن 1848- يىلىغىچە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قەشقەرگە ھاكىمبەگلىككە ئەۋەتىلگەن زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ دىۋانىدىكى كىتاب بولۇپ، بۇ كىتابنى زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرىغا چىقىپ، 11 كۈن ئېتىكاپتا ئولتۇرۇپ، ئىستىخارە قىلىپ، قەشقەر شەھىرىنىڭ تاشقىرىقى شەھەر سېپىلىنى سوقسا خەيرلىك بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى خۇش خەۋەر بېشارىتىنى ئېلىپ كەلگەن شۇ زامانىنىڭ مەشھۇر مۆتىۋەر ئۆلىمالىرىدىن نېئمەتۇللا كاشغەرىي[1] گە تەقدىم قىلغان. زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ نېئمەتۇللا كاشغەرىينى بۇ ئىشقا ئۆزى بۇيرۇغان. بۇ ھەدىيەدىن ئىنتايىن سۆيۈنۈپ كەتكەن نېئمەتۇللا كاشغەرىي بۇ ئىشنىڭ خاتىرىسى سۈپىتىدە قۇرئاننىڭ 723- بېتىنىڭ ھاشىيەسىگە (بەت چۆرىسىدىكى بىكار جايغا) تۆۋەندىكىلەرنى يېزىپ قويغان: «بۇ سۈرەنى ۋاقىئە تەھرىر ئولدىكىم، ھەزرەتى ۋالى زوھۇرىددىن ھاكىم ئالىيلىرى فەقىر دەرۋىش كەمتەرنى كاشغەر قەلئەسىنىڭ تەئمىراتى ئۈچۈن نەھس- سەئدلىككە بىر ئىستىخارە رۇئياغە تەكلىپ قىلغانلىقىدىن، مەن ھەزرەتى پادىشاھ ساھىب قەلەم يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مازار قەيرى مۇتەبەررۇكلەرىگە چىقىپ، 11 كۈن ئېتىكاپ ئىستىخارە قىلدىم. كاشغەر

---

[1] نېئمەتۇللا كاشغەرىي 19- ئەسىردە قەشقەردە ئۆتكەن مەشھۇر مەرىپەتچىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ 1846- يىلى ۋاپات بولغان. ئاپاق خوجا مازىرىغا بارىدىغان كونا يولدىكى ھارۋا توختايدىغان جاي نېئمەتۇللا كاشغەرىينىڭ نامى بىلەن «نەمتىم» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ جايدىن 50 قەدەم يۇقىرىدا بۇ كىشىنىڭ رەڭلىك كاھىشلىق چوڭ گۈمبەز ئىچىگە ئېلىنغان قەبرىسى بار ئىدى، بۇ قەبرە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا چېقىۋېتىلگەن.

قەلئەسىنىڭ تەئمىراتىنىڭ سەئدىنەھسىلىكىگە ئىستىخارە رۇئيا بېشارەت بولدى ۋە قەلئەنىڭ تەئمىراتىنىڭ ياخشى ئاقىۋەتىگە رۇخسەت بولدى. بۇ رۇئيانى ھەزرەتى ھاكىم ئالىيلەرىغە بەيان قىلدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەزرەتى ھاكىم دىۋانە شاھانەدىن بۇ كەلام شەرىفنى فەقىرغە ھەدىيە، ئىنئام قىلدى، رەھمەت، فەقىر ساھىب دۇئا نېئمەتۇللا كاشغەرىي مۆھۈرۈمنى باستىم. 1253 ـ ھىجرى».

تامغا (مۆھۈر) ھىجرىيە 1238 ـ يىلى (مىلادىيە 1822 — 1823 ـ يىللىرى) ئويۇلغان. تامغىدىكى خەت «نېئمەتۇللا بىن سەدرىددىن»دۇر.

مانا بۇ ئىككى پارچە ھۆججەت يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ۋاپات بولغان ۋاقتىنى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرىنىڭ ئورنىنى ئىسپاتـ ـلايدىغان قىممەتلىك ماتېرىيالدۇر[①].

يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەبرىگاھى 1000 يىلدىن بېرى قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى پايناپ مەھەللىسىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» 1972 ـ يىلى بۇ قىممەتلىك يادىكارلىقنى ۋەيران قىلىپ تاشلىدى. ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ ئەقىل ـ پاراستى، ھۈنەر ـ سەنئىتى، بىناكارلىق تېخنىكىسىنىڭ ئۇلۇغ نامايەندىسىدىن مەھرۇم بولۇپ، تولدۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان غايەت زور، ئېغىر زىيانغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، يۈسۈپ خاس ھاجىپقا بولغان ئەقىدىسىنى قىلچە بوشاشتۇرۇپ قويمىدى. 1978 ـ يىلىدىكى باھار (3 ـ ئۇمۇمىي يىغىن) ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەلبىدە ئۈمىد پەيدا قىلدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قەبرىگاھىنى ياساپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش ساداسى ياڭرىدى. 1985 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى خەلق ئۆزلۈكىدىن تەشكىللىنىپ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قەبرىگاھىنى ياساپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىئانە توپلاش ھەيئىتى تەشكىل قىلدى. خەلقنىڭ بۇ ھەققانىي پائالىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق

① ئابدۇرېھىم سابىت: «يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەبرىگاھى توغرىسىدىكى تارىخىي ھۆججەتلەر»، «بۇلاق» ژۇرنىلى 1992 ـ يىللىق 3 ـ سان، 141 — 144 ـ بەتلەر.

ھۆكۈمىتىنىڭ قىزغىن قوللىشىغا ئېرىشتى. 1986 - يىلى 8 - ئاينىڭ 26 - كۈنى يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ يۇرتى قەشقەردە «مەملىكەتلىك تۇنجى قېتىملىق ‹قۇتادغۇبىلىك› ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» ئېچىلدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن قۇرۇلۇش ئىشى باشلىنىپ، توپتوغرا ئۈچ يىل داۋاملاشقاندىن كېيىن 1989 - يىلى 10 - ئايدا غەلىبىلىك تاماملاندى.

يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن قەبرىگاھىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 1900 كىۋادرات مېتىردىن ئارتۇق بولۇپ، قەبرىگاھ، مەسچىت، خاتىرە مۇنارى، كۆرگەزمە زالى ۋە قوبۇلخانىدىن ئىبارەت بەش قىسىمدىن تەركىب تاپقان. بۇ قۇرۇلۇش پۈتۈنلەي پىششىق خىش ۋە بېتون قۇرۇلمىلىق بولۇپ، قەبرىگاھنىڭ ئىگىلىگەن ئورنى 825 كىۋادرات مېتىر كېلىدۇ. قەبرىگاھ ئايۋان، يەر ئاستى ئۆيى، گۈمبەز قاتارلىق ئۈچ قىسىمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئايۋان 22 كىچىك گۈمبەزلىك ئالدى ئوچۇق 22 ئېغىز ئۆيدىن تەركىب تاپقان. بۇ ئۆيلەر شىمال، شەرق، جەنۇب تەرەپتىن 9 مېتىر ئارىلىقتا ئاساسىي قەبرە ئۆيدىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ. ئالدى تەرەپتىن بولسا، تۆتتىن سەككىز قەپىزەكلىك مۇنار چىقىرىلغان، ئىككى ياندىكى پەشتاقلىق ئىككى ئىشىك ئارقىلىق ئاساسىي قەبرە ئۆيگە تۇتىشىپ تۇرىدۇ. ئايۋاننىڭ تالا بۇرجىكىدە يەنە ئېگىزلىكى 9.4 مېتىر كېلىدىغان قەپىزەكلىك تۆت مۇنارمۇ بار. قەبرە ئۆيى تاشقىرىقى ۋە ئىچكىرىكى ئۆي دەپ ئىككىگە بۆلۈنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ شەرقىدىن غەربكە بولغان ئۇزۇنلۇقى 17.58 مېتىر كېلىدۇ. شىمالدىن جەنۇبقا بولغان كەڭلىكى 11.30 مېتىر كېلىدۇ. قەبرە ئۆيى غەربكە قارىتىپ ئېچىلغان. ئىككى تەرىپىدە ئېگىزلىكى 16.40 مېتىر كېلىدىغان ئىككى قەپىزەكلىك مۇنارى بار دەرۋازا ئارقىلىق كىرگىلى بولىدىغان ئىشىك، ئۈستىگە چىقىپ قەبرە ئۆينىڭ ئەتراپىنى ئايلانغىلى بولىدىغان ئايلانما پەلەمپەي ۋە كىچىك ئۆيلەر بار. ئىچكىرىكى ئۆي مەخسۇس قەبرە ئۆيى بولۇپ، 19.60 مېتىر ئېگىزلىكتىكى، دىيامېتىرى 9 مېتىر كېلىدىغان چوڭ، يۇملاق گۈمبەز بىلەن يېپىلغان. ئىچكىرىكى ئۆينىڭ تۆت تەرىپىدە چوڭ - كىچىك پەنجىرىلىك بىرنەچچە كۆزنەك ۋە روجەك بار. قەبرىگاھنىڭ ھەممە تەرىپى 20 خىل رەڭدىكى گۈللۈك

كاھىش بىلەن زىننەتلەنگەن. قەبرىگاھ قىسمىدا يەنە چوڭلۇقى 198.85 كىۋادرات مېتىر كېلىدىغان بېتون بىلەن قوپۇرۇلغان يەر ئاستى ئۆيىمۇ بار بولۇپ، چوڭ - كىچىكلىكى ھەر خىل بولغان بەش خانىدىن تەركىب تاپقان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قايتىدىن ياسىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن بۇ قەبرىگاھى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي بىناكارلىق ئۇسلۇبى بىلەن زامانىۋى قۇرۇلۇش تېخنىكىسى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلۈپ بىنا قىلىنغان ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بىر بىناكارلىق ئۆلگىسى بولۇپ، ئۆزىنىڭ كۆركەملىكى، ھەيۋەتلىكى، پۇختا - مەزمۇتلۇقى بىلەن مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى سەيلە - ساياھەتچىلەرنىڭ دىققەت- ئېتىبارىنى ئۆزىگە مەڭگۈ جەلپ قىلغۇسى.

## قەشقەر ھېيتگاھ جامەسى

قەشقەر ھېيتگاھ جامەسى شىنجاڭدىكى مەشھۇر كاتتا مەسچىت. ئورنى قەشقەر شەھىرى ئازادلىق يولىدا. بۇ مەسچىت قەشقەردىكى مۇسۇلمانلار يىغىلىش - مۇراسىملارنى ئۆتكۈزىدىغان كاتتا مەسچىت، دىنىي تەلىم - تەربىيە ۋە مەدەنىيەت مەركىزى.

ھېيتگاھ جامەسى ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردىن بۇيان جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ سىياسىي، سودا، مەدەنىيەت ۋە دىنىي مەركىزى بولغان قەشقەرنىڭ سىمۋولى بولۇپ، ئۇنىڭ تارىخى ھەققىدە خېلى ئۇزاقتىن بېرى نۇرغۇنلىغان ئالىملار ئىزدىنىشلەردە بولۇپ كەلگەن ۋە بىر قىسىم تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئېلان قىلغانىدى. گەرچە بۇ تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ ھەممىسىدە ھېيتگاھ جامەسىنىڭ بىنا قىلىنىشى ۋە كېيىنكى تەرەققىياتى ھەققىدە بىر قىسىم ئۆزگىچە پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمىي بىر ئەھۋال سۈپىتىدە ھېيتگاھ جامەسىنىڭ تارىختىكى تۇنجى قېتىم بىنا قىلىنىشىدىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان ئۇزاق جەرياندىكى تارىخىي تەرەققىياتى ۋە بۇ جەرياندا ئېلىپ بېرىلغان ئۆزگەرتىپ قۇرۇش، رېمونت قىلىش، مۇھىم

ھېيتگاھ جامەسىگە ئالاقىدار بولغان تارىخىي شەخسلەر ھەققىدىكى مەلۇماتلاردا ئورتاق بىر تونۇش ھاسىل بولۇپ، ھېيتگاھ جامەسىنىڭ مۇنتىزىم تارىخىي ماتېرىيالىنىڭ بولماسلىقىدەك ئەھۋالغا خاتىمە بېرىلدى. ئەمما، ھازىرقى بۇ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئاخىرقى نەتىجە دەپ قاراشقا بولمايدۇ. مېنىڭچە، ھېيتگاھ جامەسىنىڭ تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن تەرەپلەردە يەنىلا چوڭقۇر ئىزدىنىش ۋە ئىشەنچلىك بىرىنچى قول تارىخ ماتېرىياللىرىغا ئىگە بولۇش ئىنتايىن زۆرۈر. بۇ مۇشۇ ھەقتىكى تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتقانلارنىڭ ئۇزاق ۋاقىتلىق سىستېمىلىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىشىغا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى، ئەلۋەتتە. تۆۋەندە ھېيتگاھ جامەسى ھەققىدە ھازىرغىچە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات نەتىجىلىرى ئاساسىدا، ھېيتگاھ جامەسى ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەر، شۇنداقلا ھېيتگاھ جامەسىنىڭ بىناكارلىق ئۇسلۇبى، بىناكارلىق سەنئىتى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىمىز.

## (1)

بۇ مەسچىتنىڭ قاچان سېلىنىشقا باشلىغانلىقى توغرىسىدا ئىشەنچلىك ماتېرىيال يوق. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ مەسچىت ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ ئەمىرى قۇتەيبە ئەرەبىستاندىن دىن تارقاتقىلى كەلگەن ئىمامنىڭ مازىرىنى كۆچۈرۈپ مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلغانىكەن. مىڭ سۇلالىسىنىڭ جېڭتۇڭ يىللىرىدا (1436 — 1449- يىللىرى) قەشقەر ھۆكۈمرانى سانىز مىرزا ئۆلگەندىن كېيىن مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىنغانىكەن، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى مازارنىڭ يېنىغا بىر مەسچىت سالدۇرغانىكەن، شۇ مەسچىت مۇشۇ ھېيتگاھ مەسچىتىنىڭ ئاساسى ئىكەن. 16- ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا يەكەن خانلىقىنىڭ قەشقەرنى ئىدارە قىلىپ تۇرغان ئەمەلدارلىرى بۇ مەسچىتنى كېڭەيتىپ چوڭ جامەگە ئايلاندۇرغانىكەن. 1798- يىلى يېڭىسارلىق ئۇيغۇر قىزى زۇلپىيە خېنىم پاكىستانغا كېتىۋېتىپ، سەپەر ئۈستىدە قەشقەردە قازا قىپتۇ. كىشىلەر ئۇنىڭدىن قالغان سەپەر خىراجىتىنى ئىشلىتىپ، بۇ مەسچىتنى يەنە

كېڭەيتىپ ھېيتگاھ دەپ نام بېرىپتۇ. كېيىن يەنە كۆپ قېتىم كېڭەيتىلىپتۇ. چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ يىللىرىدا (1821 — 1850- يىللىرى) قەشقەر شەھىرى كېڭەيتىلگەندە، ھېيتگاھ مەسچىتى شەھەرنىڭ ئىچىگە ئېلىنىپ، تولۇق رېمونت قىلىنىپ، يەنە بىر قېتىم كېڭەيتىلگەنىكەن. 1872- يىلى قوقەندلىك تاجاۋۇزچى ياقۇپبەگنىڭ بۇيرۇقى بىلەن مەزكۇر مەسچىت ئېخىمۇ زور كۆلەمدە كېڭەيتىلىپ، مەسچىت ئۆيلىرى، ئىسسىق بۆلمىلەر، غۇسلىخانا، پەشتاق، سۇنئىي كۆللەرنى ياسىغاندىن باشقا، مەسچىت دەرۋازىسى، جاينامازلارنى ھازىرلاپ، مەسچىتنى قايتىدىن ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن، ھېيتگاھ مەسچىتى ھازىرقى دائىرىگە ئىگە بولغان. مەسچىتنىڭ بارلىق ئىگىلىگەن كۆلىمى 25 مو، بۇ ئاساسەن مەسچىت دەرۋازىسى، خانىقا، پەشتاق، مەسچىت ئۆيلىرى، سۇنئىي كۆل قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئالدىنقى دەرۋازىسى شەرققە قاراپ تۇرىدۇ، دەرۋازا ئالدىدا مەسچىتنىڭ نامدىكى ھېيتگاھ مەيدانى بار. دەرۋازا مۇنارى ئەرەب بىناكارلىق ئۇسلۇبىدا سېلىنغان، دەرۋازا چوققىسىدا قۇببە بار، ئۈستىگە كىچىك ئۈچلۇق مۇنار چىقىرىلغان. دەرۋازا ئىچىدە سەككىز بۇرجەك دەھلىز، دەھلىزنىڭ ئىككى يان تەرىپىدە مەسچىت قورۇسىغا ئېچىلغان مېھرابسىمان ئىككى ئىشىك بار. ئېگىزلىكى 18 مېتىرچە كېلىدىغان، خىشتا قوپۇرۇلغان ئىككى تۈۋرۈكسىمان ئەزان ئېيتىش مۇنارى مەسچىتنىڭ شەرقىي شىمال بۇرجىكىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، مۇنار تۆۋەندىن يۇقىرىغا ھەر قەۋەتتە ئاز- ئازدىن قوپۇرۇلۇپ، ھەر خىل نەقىش ۋە شەكىللەرنى چىقارغان. مۇنار بىلەن دەرۋازا راۋىقى قىسقا تام بىلەن تۇتاشتۇرۇلغان. تام ۋە دەرۋازا راۋىقى ھەممىسى سۇس سېرىق رەڭدە سىرلانغان، خىشلارنىڭ ئارىلىقلىرى ۋە تامغا چىقىرىلغان ئويۇقلار ھاك بىلەن ئەنكاپلانغان، مىزىقلىرى ئېنىق ۋە راۋان بولۇپ، كىشىگە كۈچلۈك ئىستېتىك تۇيغۇ بېرىدۇ. خانىقا (نامازخانا) مەسچىت قورۇسىنىڭ غەربىي تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، خىش ۋە ياغاچتىن ياسالغان، ئۆگزىسى تۈز، ئۇزۇنلۇقى 160 مېتىر، ئىشىكتىن غول تامغىچە 16 مېتىر. ئىچكى- تاشقى نامازخانا ۋە دەھلىزدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، نەقىش ئويۇلغان

158 تۈۋرۈك ئاق تورۇسنى تىرەپ تۇرىدۇ، تورۇسقا ھەر خىل گۈل ۋە گېئومېتىرىيەلىك شەكىللەر سىزىلغان. مەسچىت قورۇسى كۆركەم، ئازادە، دەرەخلەر سايە تاشلاپ تۇرغان بولۇپ، كىشىگە راھەتبەخش ئېتىدۇ. پۈتۈن مەسچىتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى مۇۋاپىق، بىناكارلىق سەنئىتى نەپىس، بېزىلىشى ئاددىي - ساددا بولۇپ، كۆركەم كۆرۈنىدۇ، ئۇسلۇبى ئالاھىدە. نامازخانا، مەسچىت قورۇسى ۋە ھېيتگاھ مەيدانىنى قوشقاندا نەچچە ئون مىڭ كىشى بىمالال ناماز ئوقۇيالايدۇ. يېقىنقى زامانلاردىن تارتىپ ھېيتگاھ مەسچىتى قەشقەر شەھىرىدىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ دىنىي پائالىيەت مەركىزى بولۇپ كەلدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، خەلق ھۆكۈمىتى مەسچىتنى رېمونت قىلدۇرۇش ئۈچۈن كۆپ قېتىم پۇل ئاجرىتىپ بېرىپ، مەسچىتنى يېڭىلاپ تۇردى. ھازىر ئۇ مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورنى[1].

## (2)

«ھېيتگاھ» دېگەن سۆز ئۇيغۇر تىلىغا ئەرەب، پارس تىلىدىن كىرگەن قوشما سۆز بولۇپ، «ھېيت» دېگەن سۆز ئەرەبچە «عيد» (ئەيد) دېگەن سۆزنىڭ بىزدىكى بۇزۇلۇپ تەلەپپۇز قىلىنىشى، ئۇ «بايرام» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «گاھ» سۆزى پارس تىلىدا «مەيدان»، «ئورۇن» دېگەن مەنىلەرگە ئىگە. بۇ ئىككى سۆز قوشۇلغاندا «بايرام قىلىنىدىغان ئورۇن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئادەتتە جانلىق تىلىمىزغا «ھېيتگاھ»، «ھېيتكار» دەپ ئۆزلىشىپ كەتكەن.

«جامە» ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «جەمئىي قىلغۇچى» دېگەنلىك

---

[1] ئادىل مۇھەممەت تۇران: «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق جەۋھەرلىرى»، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى 2006- يىلى 5- ئاي نەشرى، 164 — 166- بەتلەر.

بولىدۇ. ئەرەبچىدە چوڭ مەسچىتلەر «جامە» دەپ ئاتىلىدۇ.

بىر قىسىم تارىخىي مەنبەلەر ۋە تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، ھېيتگاھ جامەسى بىنا قىلىنغىنىغا ھازىر 600 يىلغا يېقىن ۋاقىت بولغان. ئەڭ دەسلەپتە بۇ جاي بىر سازلىق، قومۇشلۇق، توغراقلىق بولۇپ، ھىجرىيە 96- يىلى (مىلادىيە 714- يىلى) ئەمىر قۇتەيبە قوماندانلىقى ئاستىدا پەرغانە ئارقىلىق شىنجاڭغا كەلگەن دىن تارقاتقۇچى ئەرەبلەر ۋە 11- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قاراخانىيلارنىڭ ئىسلام دىنىنى تارقىتىشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن كەلگەن مۇسۇلمان-لاردىن ۋاپات بولغانلىرى مۇشۇ ھېيتگاھ جامەسى ئورنىغا دەپنە قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ جايدا مازار شەكىللىنىپ، كىشىلەر ھۆرمەتلەيدىغان جايغا ئايلانغان.

بۇنىڭدىن تەخمىنەن 500 يىللار بۇرۇن ئۆتكەن قەشقەر ھۆكۈمرانى سانىسىز مىرزا ھازىرقى ھېيتگاھ جامەسى ئورنىدىكى مازارغا دەپنە قىلىنغان. ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ تۇپراقلىرىنى يوقلاپ كەلگەن كىشىلەرنىڭ ناماز ئوقۇشى ئۈچۈن بىر مەسچىت ياسىتىش نىيىتىگە كېلىپ، ھىجرىيە 846- يىلى (مىلادىيە 1442-يىلى) غا كەلگەندە بۇ يەرگە بىر كىچىك مەسچىت سالدۇرغان. ئۇ ھازىرقى ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ئالدىنقى گەۋدىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

16- ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە سەئىدىيە خانلىقىنىڭ خانى سەئىدخاننىڭ ئىنىسى سۇلتان مىرزا ئەزىز ۋەلى ۋاپات بولغاندا مۇشۇ قەبرىستانلىققا دەپنە قىلىنغان. ئۇ چاغدا بۇ جاي «پاقالچەك مازار» دەپ ئاتالغان.

ھىجرىيە 946- يىلى (مىلادىيە 1539- يىلى) قەشقەر ھۆكۈمرانى ئوبۇل ھادى مىرزا ئابابەكرى ئوغلى ئۆز تاغىسى بۇ يەرگە دەپنە قىلىنغانلىقتىن بىر ياخشى ئىش قىلىشقا نىيەت باغلاپ، تاغىسىنىڭ مازىرىنىڭ شەرىپى ئۈچۈن ھېلىقى مەسچىتنى كېڭەيتىپ، بەش ۋاق ناماز ئوقۇلىدىغان مەھەللىۋى مەسچىتتىن جۈمە نامىزى ئوقۇلىدىغان «جامە» گە ئۆزگەرتكەن.

ھىجرىيە 1224- يىلى (مىلادىيە 1809- يىلى) قەشقەرنىڭ

ئەمەلدارى ئىسكەندەر ۋاڭ ئۆز ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن گۈمبەز ياسىتىش بىلەن بىللە، ھېيتگاھ جامەسىنىمۇ ئومۇمىيۈزلۈك قايتا رېمونت قىلدۇرغان، جامە ئىچىگە كۆل كولىتىپ، ئېرىق چاپتۇرۇپ، سەمەن يېزىسىدىن سۇ باشلاپ كىرگەن ۋە جامە ئىچىگە نۇرغۇن كۆچەت تىككەن.

ھىجرىيەنىڭ 1235- يىلى (مىلادىيە 1820- يىلى) قەشقەردە بىر قېتىم قاتتىق يامغۇر يېغىپ جامەنىڭ تورۇسلىرى خېلى ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلغان. ئۇزاق ئۆتمەي نېيدىر خوجا ئەبرىشىمكار دېگەن كىشى ھېيتگاھ جامەسىنىڭ بۇزۇلغان جايلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك رېمونت قىلغان.

ھىجرىيە 1255- يىلى (مىلادىيە 1839- يىلى) قەشقەر ھۆكۈمرانى زوھۇرىدىن ھاكىمبەگ قەشقەر شەھىرىنى كېڭەيتىپ ياساش بىلەن بىللە، تاشقىرىقى شەھەرگىمۇ سېپىل سوقتۇرۇپ، 400 يىلدىن بۇيان شەھەرنىڭ سىرتىدا بولۇپ كەلگەن مەھەللە بىلەن ھېيتگاھ جامەسىنى شەھەرنىڭ ئىچىگە كىرگۈزگەن ھەمدە مۇناسىپ ھالدا كۆركەملەشتۈرۈپ، قايتا ياساتقان.

ھىجرىيە 1281- يىلى (مىلادىيە 1865- يىلى) ياقۇپبەگ ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، جەنۇبىي شىنجاڭدا، جۈملىدىن قەشقەردە كۆپلىگەن مەسچىت، مەدرىسە، مازار ۋە لەڭگەرلەرنى ياساتقان. ھىجرىيە 1290- يىلى (مىلادىيە 1873- يىلى) ئۆزىنىڭ يېقىن مەنسەپدارلىرىدىن ئالداش دادىخانى مەسئۇل قىلىپ ھېيتگاھ جامەسىنى كېڭەيتىپ ياساتقۇزغان. بۇ چاغدا جامەنىڭ غەرب تەرىپى مەسچىت، شەرق تەرىپى مەدرىسە قىلىنىپ ئىككى قىسمغا ئايرىپ ياسالغان. مەدرىسە قىسمىنىڭ شىمالىي، شەرقىي ۋە جەنۇبىي تەرەپلىرىگە 24 ئېغىزدىن 72 ئېغىزلىق ھۇجرا بىنا قىلىنغان. بۇنىڭدا 400 دىن ئارتۇق تالىپ يېتىپ - قوپۇپ دەرس ئالغان. شەرقىي شىمالىي بۇرجىكىگە 100 دىن ئارتۇق كىشى بىرلا ۋاقىتتا بىمالال يۇيۇنالايدىغان ھاممام، 400 كىشىلىك گۇلەخ، 40 كىشىلىك ھاجەتخانا ياسالغان. تۆت جايدا كۆل قازدۇرۇلۇپ، ئەتراپىغا دەرەخ تىكىلگەن. جامەنىڭ مۇنار، گۈمبەز، پەشتاق، دەرۋازا قاتارلىق قۇرۇلۇشلىرىمۇ ياسالغان. شۇنىڭ

بىلەن ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ھازىرقى قىياپىتى شەكىللەنگەن.

ھېيتگاھ جامەسى رېمونت قىلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەي ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلغان. قەشقەرنىڭ ھەربىي - مەمۇرىي ئەمەلدارلى جۇيا ھېيتگاھ جامەسىنى ياقۇپبەگدىن ئولجا قىلىپ ئۆتكۈزۈۋالغان مۈلۈك قاتارىدا ھېسابلاپ، بىر مەزگىل جامە دەرۋازىسىغا قۇلۇپ سېلىپ قويغان. كېيىن خەلق ئاممىسىنىڭ كۈچلۈك بېسىمى ئاستىدا جامەنى خەلققە قايتۇرۇپ بەرگەن.

ھىجرىيە 1320 - يىلى (مىلادىيە 1902 - يىلى) قەشقەردە ئاپەت خاراكتېرلىك قاتتىق يەر تەۋرەپ، يەر يېرىلىپ، ئۆي - ماكانلار ئۆرۈلۈپ، خەلقنىڭ مال - مۈلكى زور زىيانغا ئۇچرىغان. ھېيتگاھ جامەسىنىڭ تاشقىرىقى مەسچىت قىسمىغا خېلى ئېغىر زىيان يېتىپ بەزى يەرلىرى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن، ئىككى مۇنارنىڭ ئۈستى تەرىپى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن، سول تەرەپتىكى مۇنارغا دەز كەتكەن. جامەنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ئايۋاننىڭ بىر قىسمى گۇمۇرۇلۇپ چۈشكەن. پېشايۋان بىلەن سول تەرەپتىكى ئايۋان زەخىملەنگەن.

ھىجرىيە 1322 - يىلى (مىلادىيە 1904 - يىلى) ئەينى زامانىدىكى قەشقەر بايلىرىدىن «ئاخۇنبايوفلار» دەپ ئاتالغان تۇردى باي ھاجىم بىلەن كېرىم بايۋەچچە جايلاردىن ئۇستىلارنى تەكلىپ قىلىپ، جامەنى رېمونت قىلدۇرغان. ئۇستىلار مۇنارنىڭ ئۈستىنى يوگىمە قىلىپ ئوڭشاپ، ھازىرقى شەكىلگە كىرگۈزگەن.

ھىجرىيە 1352 - يىلى (مىلادىيە 1933 - يىلى) شېڭ شىسەي دەۋرىدە قەشقەر شەھىرىدە قۇرۇلغان ماتارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم رىياسەتچىلىكىدە ھېيتگاھ جامەسى يەنە بىر قېتىم رېمونت قىلىنغان.

ھىجرىيە 1354 - يىلى (مىلادىيە 1935 - يىلى) جامە خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت مۇھىتىلار تەرىپىدىن بىر قېتىم رېمونت قىلىنغان. جامە ئىچىدىكى قېرى، ئېگىز - پەس ئۆسكەن دەرەخلەر ئېلىپ تاشلىنىپ، دەرەخلەر رەتلىك تىكىلگەن. سېسىق كۆللەر تىندۇرۇلۇپ، يېڭى كۆللەر قېزىلغان. جامە ئىچىنىڭ ئەتراپىغا سالاسۇن (رېشاتكا)

مەساجىدى ھەيئىتى»
بېكىتىلگەن. كېيىن جامە «ئىلاھى مادارىس ۋە
(«مەدرىسە ۋە مەسچىتلەرنى ئىسلاھ قىلىش ھەيئىتى») دېگەن ئاممىۋى تەشكىلات تەرىپىدىن ئومۇمىيۈزلۈك رېمونت قىلىنغان. بۇ جامەنىڭ ئەسلىدە بىرلا دەرۋازىسى بولۇپ، ھېيت ۋە جۈمە كۈنلىرى قىستا-قىستاڭچىلىق بولۇپ كېتەتتى. بۇ ھەيئەت جامەنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىي تەرىپىگە ئىككى يان دەرۋازا ئېچىپ، كىشىلەرنىڭ كىرىش-چىقىشىنى راۋانلاشتۇرغان، شۇنىڭدەك جامەنىڭ تام - تورۇسلىرىنى ئاقارتقان ۋە سىرلىغان.

ھىجرىيە 1355- يىلى (مىلادىيە 1936- يىلى) شەھەر كوچىلىرى كېڭەيتىلگەندە، ھېيتگاھ جامەسىنىڭ شەرق تېمى ئېلىپ تاشلانغان. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كىچىك مەسچىت، ھاممام، 24 ئېغىزلىق ھۇجرا، جامەنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى 100 دىن ئارتۇق دۇكان قاتارلىقلار چېقىپ تاشلىنىپ، يولغا قوشۇۋېتىلگەن. شەرقىدىكى تامنىڭ ئورنىغا سالاسۇن ئورنىتىلىپ، جامەنىڭ ئىچكى مەنزىرىسىنى سىرتتىن كۆرگىلى بولىدىغان بولغان ھەمدە بۇ تەرەپتىن يەنە ئىككى دەرۋازا ئېچىلغان. بۇ قېتىمقى ئىسلاھات ئارقىلىق جامەنىڭ ئەتراپىدا چوڭ بىر مەيدان شەكىللەنگەن.

ئازادلىقتىن كېيىن يەنى 1955- يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قۇرۇلغانلىق مۇناسىۋىتى بىلەن ھېيتگاھ جامەسى چوڭ كۆلەمدە رېمونت قىلىنىپ، سىرلانغان ۋە ئاقارتىلغان.

1981- يىلى ھېيتگاھ جامەسى ئوتتۇرىسىدىكى كۆلگە بىر فونتان ئورنىتىلغان. 1983- يىلى ھېيتگاھ جامەسى يەنە بىر قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك رېمونت قىلىنغان. 1984- يىلى قەشقەر شەھىرىدە يول كېڭەيتىش مۇناسىۋىتى بىلەن جامەنىڭ جەنۇبىدا ساقلىنىپ قالغان 40 دۇكانمۇ يولغا چىقىپ كەتكەن.

1998 — 1999- يىللىرى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ زور بىر تۈركۈم مەبلەغ ئاجرىتىشى بىلەن ھېيتگاھ جامەسىنىڭ مەركىزىي نامازخانىسى ۋە ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى پېشايۋانلىق نامازخانا رېمونت قىلىنغان.

**(3)**

ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى (شىمالدىن جەنۇبقا) 140 مېتىر، كەڭلىكى (غەربتىن شەرققە) 120 مېتىر بولۇپ، ئومۇمىي يەر مەيدانى 16800 كىۋادرات مېتىر (25.22 موغا تەڭ). كۆلىمى جەھەتتىن شىنجاڭ بويىچە بىردىنبىر چوڭ مەسچىت ھېسابلىنىدۇ.

پۈتۈن جامە «مەسچىت» ۋە «مەدرىسە» دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، سالاسۇنلۇق توسۇق بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدۇ. «مەسچىت» قىسمى ئىچكەركى مەسچىت، تاشقىرىقى مەسچىت، ئايۋاندىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمغا ئايرىلىدۇ. ئىچكەركى مەسچىتنىڭ ئۇزۇنلۇقى 36.5 مېتىر، كەڭلىكى 10.5 مېتىر، پۈتۈن مەيدانى 456 كىۋادرات مېتىر، بۇنىڭغا تاشقىرىقى مەسچىت، ئايۋانلارنى قوشقاندا 2600 كىۋادرات مېتىر كېلىدۇ. بىرلا ۋاقىتتا 4200 ئادەم ناماز ئوقۇيالايدۇ.

جامەنىڭ بىناكارلىق قۇرۇلمىسى ئۇيغۇر بىناكارچىلىقىنىڭ يۈكسەك سەنئىتى بىلەن ئۆزئارا سىڭىشكەن. تورۇسلىرىنىڭ يېپىلىشى ئالاھىدە، تۈت قاتار جەگە (لىم) قارىمۇقارشى ئورۇنلاشتۇرۇلغان، 100 ئارا بار. ئۇلار ناھايىتى پۇختا ھېسابلاش نەتىجىسىدە بىر - بىرىگە جىپسىلاشتۇرۇلغان ۋە توغرا تۆت بۇلۇڭلۇق گېئومېترىيەلىك شەكىللەرنى ھاسىل قىلغان بولۇپ، خۇددى شاھمات تاختىسىغا ئوخشايدۇ. پۈتۈن تورۇسنى تۈت قاتار قويۇلغان 140 تۈۋرۈك كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ (ئىلگىرى ۋە كېيىن تامغا يۆلەپ قويۇلغان تۈۋرۈكلەر بۇنىڭ سىرتىدا). بۇ تۈۋرۈكلەرگە ئۆز ئالاھىدىلىكى بويىچە زىننەت بېرىلىپ، پۈتۈن قۇرۇلۇشتا دەبدەبىلىك مەنزىرە ھاسىل قىلىدۇ. تورۇسلارنىڭ ئىچىدىكى توققۇز ئاراغا رەڭ بىلەن مىللىي ئۇسلۇبتىكى چىرايلىق گۈل - نەقىشلەر سىزىلغان. شەرققە قاراپ تۇرىدىغان چوڭ دەرۋازىنىڭ ئىككى تەرىپىگە جايلاشقان مۇنارنىڭ ئېگىزلىكى 18 مېتىر، ئىككى مۇنارنىڭ ئارىلىقى 25 مېتىر، ئىككى مۇنار پىششىق خىشتىن خۇددى زامانىۋى ئالىي

ئىمارەتلەرنىڭ مۇنارلىرىغا ئوخشاش سېپتا ياسالغان بولۇپ، ئۇچىغا مېتالدىن ئىشلەنگەن ھىلال ئاي بېكىتىلگەن. ھېيت كۈنلىرى ناغرا چېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان پەشتاقنىڭ ئېگىزلىكى 12 مېتىر، پىششىق خىشتىن قوپۇرۇلغان. ئۇنىڭ ئارقىسىغا چوڭ گۈمبەز ۋە گۈمبەز ئۈستىگە كىچىك مۇنار سېلىنغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۆچتىن ياسالغان ھىلال ئاي ئورنىتىلغان. چوڭ دەرۋازىنىڭ ئېگىزلىكى 4.3 مېتىر كېلىدۇ. دەرۋازا يېشىل سىرلانغان ۋە نەقىشلەنگەن. دەرۋازىنىڭ ئۈستىدىكى تاختايغا چىرايلىق نەقىشلەر ۋە ئەرەبچە ئايەتلەر ئويۇلغان. بۇ ھەيۋەتلىك چوڭ دەرۋازا، مۇنار ۋە پەشتاقلار، تامغا چىقىرىلغان مېھراب شەكىللىك تەكچىلەر ۋە نەقىشلەر ئۆزئارا قوشۇلۇپ قويۇق مىللىي ھۈنەر - سەنئەتنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ[1].

## ئاپاق خوجا مازىرى

ئاپاق خوجا مازىرى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شىنجاڭ ئىسلام دىنىنىڭ ئاق تاغلىقلار مەزھىپىنىڭ داھىيسى ئاپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ جەمەتىنىڭ قەبرىگاھى. «ھەزرەت مازىرى»، «خوجا مەقبەرىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يېقىنقى زامانلاردا چىڭ سۇلالىسى پادىشاھى چيەنلۇڭنىڭ ئۇيغۇر توقال خانىشى ئىپارخان مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان دېگەن گەپ تارقالغانلىقتىن، كىشىلەر «ئىپارخان قەبرىسى» دەپمۇ ئاتايدۇ، مىلادىيە 1640 - يىلى ياسالغان.

ئاپاق خوجا مازىرى مىلادىيە 1640 - يىللىرى ئاپاق خوجىنىڭ

[1] مۇھەممەت زۇنۇن سىدىق: «ھېيتگاھ جامەسى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى (ئۇيغۇرچە)، 1985 - يىللىق 1 - سان، 11 — 14 - بەتلەر؛ ھەسەن ئابدۇرېھىم: «شىنجاڭ رايونىدىكى ئىسلام دىنى ئىمارەتلىرى ۋە ئۇنىڭ خارابىسىنى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش دوكلاتى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى (ئۇيغۇرچە)، 1986 - يىللىق 1 - سان، 25 — 26 - بەتلەر.

## (3)

ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى (شىمالدىن جەنۇبقا) 140 مېتىر، كەڭلىكى (غەربتىن شەرققە) 120 مېتىر بولۇپ، ئومۇمىي يەر مەيدانى 16800 كۋادرات مېتىر (25.22 موغا تەڭ). كۆلىمى جەھەتتىن شىنجاڭ بويىچە بىردىنبىر چوڭ مەسچىت ھېسابلىنىدۇ.

پۈتۈن جامە «مەسچىت» ۋە «مەدرىسە» دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، سالاسۇنلۇق توسۇق بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدۇ. «مەسچىت» قىسمى ئىچكەركى مەسچىت، تاشقىرىقى مەسچىت، ئايۋاندىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمغا ئايرىلىدۇ. ئىچكەركى مەسچىتنىڭ ئۇزۇنلۇقى 36.5 مېتىر، كەڭلىكى 10.5 مېتىر، پۈتۈن مەيدانى 456 كۋادرات مېتىر، بۇنىڭغا تاشقىرىقى مەسچىت، ئايۋانلارنى قوشقاندا 2600 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. بىرلا ۋاقىتتا 4200 ئادەم ناماز ئوقۇيالايدۇ.

جامەنىڭ بىناكارلىق قۇرۇلمىسى ئۇيغۇر بىناكارچىلىقىنىڭ يۈكسەك سەنئىتى بىلەن ئۆزئارا سىڭىشكەن. تورۇسلىرىنىڭ يېپىلىشى ئالاھىدە، تۈز قاتار جەگە (لىم) قارىمۇقارشى ئورۇنلاشتۇرۇلغان، 100 ئارا بار. ئۇلار ناھايىتى پۇختا ھېسابلاش نەتىجىسىدە بىر - بىرىگە جىپسلاشتۇرۇلغان ۋە توغرا تۈت بۇلۇڭلۇق گېئومېترىيەلىك شەكىللەرنى ھاسىل قىلغان بولۇپ، خۇددى شاھمات تاختىسىغا ئوخشايدۇ. پۈتۈن تورۇسنى تۈت قاتار قويۇلغان 140 تۈۋرۈك كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ (ئىلگىرى ۋە كېيىن تامغا يۆلەپ قويۇلغان تۈۋرۈكلەر بۇنىڭ سىرتىدا). بۇ تۈۋرۈكلەرگە ئۆز ئالاھىدىلىكى بويىچە زىننەت بېرىلىپ، پۈتۈن قۇرۇلۇشتا دەبدەبىلىك مەنزىرە ھاسىل قىلىدۇ. تورۇسلارنىڭ ئىچىدىكى توققۇز ئاراغا رەڭ بىلەن مىللىي ئۇسلۇبتىكى چىرايلىق گۈل - نەقىشلەر سىزىلغان. شەرققە قاراپ تۇرىدىغان چوڭ دەرۋازىنىڭ ئىككى تەرىپىگە جايلاشقان مۇنارىنىڭ ئېگىزلىكى 18 مېتىر، ئىككى مۇنارىنىڭ ئارىلىقى 25 مېتىر، ئىككى مۇنار پىششىق خىشتىن خۇددى زامانىۋى ئالىي

ئىمارەتلەرنىڭ مۇنارلىرىغا ئوخشاش سىپتا ياسالغان بولۇپ، ئۇچىغا مىتالدىن ئىشلەنگەن ھىلال ئاي بېكىتىلگەن. ھېيت كۈنلىرى ناغرا چېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان پەشتاقنىڭ ئېگىزلىكى 12 مېتر، پىششىق خىشتىن قوپۇرۇلغان. ئۇنىڭ ئارقىسىغا چوڭ گۈمبەز ۋە گۈمبەز ئۈستىگە كىچىك مۇنار سېلىنغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۈچتىن ياسالغان ھىلال ئاي ئورنىتىلغان. چوڭ دەرۋازىنىڭ ئېگىزلىكى 4.3 مېتىر كېلىدۇ. دەرۋازا يېشىل سىرلانغان ۋە نەقىشلەنگەن. دەرۋازىنىڭ ئۈستىدىكى تاختايغا چىرايلىق نەقىشلەر ۋە ئەرەبچە ئايەتلەر ئويۇلغان. بۇ ھەيۋەتلىك چوڭ دەرۋازا، مۇنار ۋە پەشتاقلار، تامغا چىقىرىلغان مېھراب شەكىللىك تەكچىلەر ۋە نەقىشلەر ئۆزئارا قوشۇلۇپ قويۇق مىللىي ھۈنەر - سەنئەتنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ[1].

## ئاپاق خوجا مازىرى

ئاپاق خوجا مازىرى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شىنجاڭ ئىسلام دىنىنىڭ ئاق تاغلىقلار مەزھىپىنىڭ داھىيسى ئاپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ جەمەتىنىڭ قەبرىگاھى. «ھەزرەت مازىرى»، «خوجا مەقبەرىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يېقىنقى زامانلاردا چىڭ سۇلالىسى پادىشاھى چيەنلۇڭنىڭ ئۇيغۇر توقال خانىشى ئىپارخان مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان دېگەن گەپ تارقالغانلىقتىن، كىشىلەر «ئىپارخان قەبرىسى» دەپمۇ ئاتايدۇ، مىلادىيە 1640- يىلى ياسالغان.

ئاپاق خوجا مازىرى مىلادىيە 1640- يىللىرى ئاپاق خوجىنىڭ

① مۇھەممەت زۇنۇن سىدىق: «ھېيتگاھ جامەسى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى (ئۇيغۇرچە)، 1985- يىللىق 1- سان، 11 — 14- بەتلەر؛ ھەسەن ئابدۇرېھىم: «شىنجاڭ رايونىدىكى ئىسلام دىنى ئىمارەتلىرى ۋە ئۇنىڭ خارابىسىنى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش دوكلاتى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى (ئۇيغۇرچە)، 1986- يىللىق 1- سان، 25 — 26- بەتلەر.

دادىسى ھاجى مۇھەممەد يۈسۈپنى دەپنە قىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن قۇرۇلۇشقا باشلىغان. مىلادىيە 1679- يىلى ئاپاق خوجا جۇڭغار موڭغۇللىرىنىڭ باشلىقى غالدان سېرىننىڭ ياردىمىگە تايىنىپ يەكەن سەئىدىيە خانلىقىدىن ھوقۇق تارتىۋالغاندىن كېيىن، دادىسىنىڭ مازىرىنى ياسىتىش نامى بىلەن مازارنى قايتا كېڭەيتىپ ياساتقان ۋە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىگە بىر ئېتىكاپخانا ۋە مەسچىت، غەربىي جەنۇب تەرىپىگە چوڭ دەرۋازا ۋە خانىقا ياساتقان. بۇ مازار ئەڭ دەسلەپتە ئاپاق خوجىنىڭ دادىسى خوجا يۈسۈپ دەپنە قىلىنغان چاغدا دائىرىسى چوڭ ئەمەس ئىدى. 1694- يىلى مازار قارا تاغلىقلارنىڭ مۇخلىسلىرى تەرىپىدىن كۆيدۈرۈپ ۋەيران قىلىنغاندىن كېيىن، ئاپاق خوجا نەچچە مىڭ سەر كۈمۈش سەرپ قىلىپ، نەچچە يۈز مەدىكارنى ئىشقا سېلىپ، بۇ مازارنى ياساتقانىكەن. كېيىنكى يىلى ئاپاق خوجا ئۆز رەقىبى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، دادىسىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىنغان. ئاپاق خوجا ئاق تاغلىقلارنىڭ كاتتىبېشى بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنى ۋە ئىناۋىتى ھېسابقا ئېلىنىپ، مازار شۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. كېيىن ئۇنىڭ ئۇرۇق - جەمەتىنىڭ جەسەتلىرىمۇ مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان.

1811- يىلى بۇ مازار كېڭەيتىلگەندە، مەقبەرە چاسا شەكىلگە كەلتۈرۈلۈپ، دەرۋازا راۋىقى ياسالغان. 1874- يىلى قوقەندلىك تاجاۋۇزچى ياقۇپبەگنىڭ بۇيرۇقى بىلەن مازار ئوتتۇرا ئاسىيا مازارلىرىنىڭ ئۇسلۇبىغا ئۆزگەرتىلگەن.

چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، چيەنلۇڭ خان بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ئاپاق خوجا مازىرىنى بىرىنچى قېتىم ئومۇمیۈزلۈك چوڭ رېمونت قىلدۇرغان. چوڭ مەسچىتنى كېڭەيتىپ ياساتقان. كىچىك مەسچىتنى قايتا سالغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئاپاق خوجا مازىرى بىرنەچچە قېتىم رېمونت قىلىنغان بولسىمۇ، ئاساسىي كۆلىمى ۋە ياسىلىش شەكلىدە چوڭ ئۆزگىرىش بولمىغان. ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىنكى ئاساسلىق قۇرۇلۇشلاردىن گۈمبەز، مەسچىت، مەدرىسە، دەرۋازا راۋىقى، مۇتىۋەللىنىڭ ياتىقى، سەراپ، سۇنئىي كۆل

قاتارلىقلار بار. ھەرقايسى قىسىملىرى ئۆز ئالدىغا بىر گەۋدە بولۇپ، قۇرۇلۇش ئۇسلۇبى ئۆزگىچە بولسىمۇ، ئۆزئارا جۇلالىنىپ، بىر - بىرىگە ماسلاشتۇرۇپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان، مۇكەممەل بىر پۈتۈن ئىمارەتلەر توپىنى تەشكىل قىلىدۇ.

ئاپاق خوجا مازىرى يەنى چوڭ گۈمبەز مازاردىكى ئىمارەتلەر ئىچىدە ئاساسلىق ئىمارەت بولۇپ، ئۇزۇن تۆت چاسا شەكىلدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ۋە خىش قۇرۇلمىلىق، گۈمبەز تۇرۇسلۇق ياسالغان. شەرق تەرەپكە قارىتىپ ئېگىز پەشتاقلىق ئىشىك ئېچىلغان. قالغان ئۈچ تەرىپىگە پەنجىرىلىك قوش دېرىزە ئورنىتىلغان. تۆت بۇرجىكىگە يۇمىلاق مۇنار چىقىرىلغان. غەربىي شىمال بۇرجىكىگە سىرتىدىن چىقىدىغان ئايلانما پەلەمپەي ئارقىلىق ئىككىنچى قەۋەتتىكى ئارىلىققا ۋە ئۈستىگە چىقىشقا بولىدۇ. ئوتتۇرىسىدىكى گۈمبەزنىڭ ئېگىزلىكى 26.5 مېتىر، دىيامېتىرى 16 مېتىر بولۇپ، تۆت ئەگمە تۈۋرۈك بىلەن تۇرغۇزۇلغان. تۆت تەرىپىگە ئىككىنچى قەۋەتتىن سىرتقا قارىتىپ دېرىزە ئېچىلغان ۋە ھەر خىل نۇسخىدىكى ياغاچ پەنجىرىلەر ئورنىتىلغان. مازارنىڭ تاشقى تەرىپى كۆك، يېشىل، توق سېرىق ۋە ئاق رەڭدىكى نەقىشلىك ئىشلەنگەن رەڭلىك كاھىشلار بىلەن زىننەتلەنگەن. گۈمبەزنىڭ ئۈستىگە يېشىل كاھىش خىش چاپلانغان بولۇپ، كاھىشلارنىڭ نەقىش نۇسخىسىلا 70 خىلدىن ئاشىدۇ.

مازارنىڭ ئىچى كەڭ ۋە ئازادە ياسالغان بولۇپ، ئوتتۇرىسىدىكى ئېگىز سۇپا ئۈستىگە چوڭ - كىچىك ياسالغان قەبرىلەر رەت - رەت ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ھاجى مۇھەممەد يۈسۈپ ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ھىدايىتۇللا (ئاپاق خوجا) نىڭ قەبرىسى ئوتتۇرىسىغا ئورۇنلاشقان ۋە چوڭ ياسالغان. ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئەر - ئايال، چوڭ - كىچىك ئۇرۇق-ئەۋلادلىرىنىڭ قەبرىسى ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئەسلىدە مازار ئىچىگە بەش ئەۋلاد 72 كىشى دەپنە قىلىنغان. ھازىر ئەمەلىيەتتە پەقەت 57 قەبرە ساقلىنىپ قالغان. قەبرىلەرنىڭ ئۈستى نەقىشلەنگەن رەڭلىك گۈمبەز بىلەن قوشۇلۇپ مازارنىڭ ئىچى ناھايىتى ھەيۋەتلىك ۋە سىرلىق تۈس ئالغان.

چوڭ مەسچىت ئازادە، كۆركەم ياسالغان. ئالدى تەرىپى 70 دانە ياغاچ تۈۋرۈك بىلەن ۋاسا جۈپ تۈز تورۇسلۇق يېپىلغان پېشايۋاندىن، ئارقىسى ۋە ئىككى يان تەرىپى بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ ياسالغان گۈمبەز تورۇسلۇق زالدىن تەشكىل تاپقان. تۈۋرۈك ۋە لىملىرىغا ئويۇلغان نەقىش ۋە سىزىلغان گۈل نۇسخىلىرى ناھايىتى نەپىس ۋە ئىنچىكە ئىشلەنگەن. پېشايۋاننىڭ تورۇسى ئوتتۇرىسىدىكى چاسا خالىق ئويۇقچە ئىچىگە ھەر خىل رەڭدىكى نەقىش ۋە گۈل نۇسخىلىرى سىزىلغان. ئايەت ۋە بىناكارچى ئۇستىلارنىڭ ئىسىملىرى، رېمونت قىلىنغان ۋاقتى خەتتاتلىق ئۇسلۇبى بىلەن خاتىرىلەنگەن. ئارقىسىدىكى گۈمبەزلەرنىڭ ئەگمىلىرى بەلگىلىك گېئومېترىيەلىك شەكىلگە ئىگە بولۇپ، بىناكارلىق تېخنىكىسىغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇلۇپ پۇختا ياسالغان.

ئېتىكاپخانا زالى ئالدىدىكى ئايۋان ئاپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى قۇرئان ئوقۇپ ئىبادەت قىلىدىغان ئورۇن بولۇپ، ئېتىكاپخانا زالى تۆت چاسا گۈمبەز تورۇسلۇق ياسالغان. گۈمبەزنىڭ ئۈستىگە يېشىل كاھىش چاپلانغان. ئايۋان ياغاچ تۈۋرۈك ۋە لىملار بىلەن ۋاسا جۈپ تۈز تورۇسلۇق ياسالغان. تۈۋرۈك ۋە لىملىرىغا ھەر خىل نۇسخىدىكى نەقىش ئويۇلغان. ئالدى تەرىپى ياغاچ رېشاتكا بىلەن دائىرىگە ئېلىنغان بولۇپ، بىناكارلىق سەنئىتى جەھەتتە ئۆزىگە خاس دەۋرىي ئالاھىدىلىككە ئىگە.

ئاپاق خوجا مازىرىنىڭ چوڭ دەرۋازىسى مازارنىڭ جەنۇب تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، ئېگىز، مۇستەھكەم ياسالغان ۋە نەقىش ئىشلىگەن رەڭدار كاھىش بىلەن زىننەتلەنگەن. تۈۋرۈكلەردىكى ھەر خىل نۇسخىدىكى نەقىش ئويمىلار، ھاراق، لىم ۋە جەگىلەردىكى نەقىش، گۈل نۇسخىلىرى ۋە ھەر خىل مەنزىرىلەر، تامدىكى گەج ئويما نەقىش ۋە خىش ئويمىلار، دېرىزىلەردىكى ياغاچ پەنجىرىلەرمۇ بىر - بىرىدىن نەپىس ۋە گۈزەل ئىشلەنگەن. مەسچىتنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئىنچىكە ۋە ئۇچلۇق مەنزىرە مۇنارلىرى ناھايىتى كۆركەم ۋە نەپىس ياسالغان بولۇپ، دەرۋازىسىنىڭ ئېگىز پەشتىقى، سۇۋادان تېرەكلەر بىلەن ياپىپېشىللىققا ئورالغان «شەربەت كۆل» ئۆزئارا قوشۇلۇپ، پۈتۈن مازارغا ئاجايىپ ھۆسن قوشقان.

بۇ مازارنىڭ چوڭ گۈمبىزى 1948 - يىلى يەر تەۋرەشتە ۋەيران بولغان.

ئازادلىقتىن كېيىن ئاپاق خوجا مازىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش، تەتقىق قىلىش ۋە رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەت ئىشلەندى. 1956 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى دەپ بېكىتىلدى ھەم ھۆكۈمەت مەبلەغ ئاجرىتىپ، 1947 - يىلىدىكى شەكلى بويىچە قايتا ياساپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1960 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان تارىخىي، مەدەنىي يادىكارلىق ئورنى قىلىپ بېكىتىلدى. 1972 - يىلى ئېگىز مەسچىت كىچىك رېمونت قىلىندى. 1982 - يىلى چوڭ دەرۋازىنى مۇستەھكەملەش خىزمىتى ئىشلەندى. ھازىر ئاپاق خوجا مازىرىدىكى ئىمارەتلەر ئاساسىي جەھەتتىن ياخشى ساقلانغان بولسىمۇ، لېكىن مازاردىكى ئىمارەتلەرنىڭ ياسىلىش دەۋرى نىسبەتەن ئۇزاق، ياسالغان ۋاقتىتا قۇرۇلما جەھەتتە بەلگىلىك چەكلىمىگە ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن، بىر قىسىم ئىمارەتلەر ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە بۇزۇلۇشقا باشلىغان. ئاپاق خوجا مازىرىنىڭ ئۈستىدىكى گۈمبەز بىرنەچچە ئورۇندىن يېرىلغان. گۈمبەزنىڭ ئۈستى ۋە تاملىرىغا چاپلانغان كاھىشلارنىڭ بىر قىسمى ئاجراپ چۈشۈپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن 1996 — 1997 - يىللىرى دۆلەت تەرىپىدىن 3 مىليون 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، ئاساسىي قەبرىگاھنىڭ چوڭ گۈمبىزى قايتا ياسالدى ۋە تۆت تەرىپىدىكى كاھىشلار ئەسلىدىكى ئاساستا يېڭىلاندى.

ئاپاق خوجا مازىرى ئۇيغۇر ئىسلام بىناكارلىق ئۇسلۇبى ۋە بىناكارلىق سەنئىتى جەھەتتىن ۋەكىل خاراكتېرگە ئىگە يېگانە ئۆلگە بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ بىناكارلىق سەنئىتى جەھەتتىكى قىممىتىنىڭ يۇقىرىلىقىغا ئوخشاش، يەنە ئۆزىنىڭ بىنا قىلىنىشى ۋە ئۆتمۈش تارىخى جەھەتتىنمۇ ناھايىتى نۇرغۇن قىسمەتلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن قۇرۇلۇشتۇر. بۇ مازار ھەققىدە ئاز كەم بىر ئەسىردىن ئارتۇق تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، مازارنىڭ تارىخى، بىناكارلىق سەنئىتى ۋە

بىناكارلىق ئۇسلۇبى، شۇنداقلا مازارنىڭ ئىگىسى بولمىش ئاپاق خوجا، ئىپارخان قاتارلىقلار ھەققىدە خىلمۇخىل كۆزقاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ كەلدى. بۇلار ئىچىدە ئاپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ مازىرى ھەققىدە سىستېمىلىق، چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، بىرقەدەر نوپۇزلۇق قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان كىشى شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ سابىق مۇدىرى، دىنىي ئالىم، پروفېسسور مۇھەممەد سالىھ ئەپەندى بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئالاھىدە ئۆگىنىشكە ئەرزىيدۇ[1].

ئاپاق خوجا مازىرى شىنجاڭ تارىخىدا نۇرغۇن سىياسىي ۋەقەلەرنىڭ، دىنىي ھەرىكەتلەرنىڭ باش سەۋەبچىسى بولغان ۋە مەخدۇم ئەزەم (خوجا ئەھمەد كاسانى) ئەۋلادى دەپ ئاتالغان خوجىلارنىڭ قەبرىگاھى بولۇش سۈپىتى بىلەن، 300 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت مابەينىدە كىشىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى جەلپ قىلىپ كەلمەكتە. ئاپاق خوجا مازىرى ئىلگىرىكى چاغلاردا يىلىغا 100 مىڭلىغان يەرلىك مۇسۇلمانلارنىڭ تاۋاپ قىلىدىغان كاتتا زىيارەتگاھى بولۇپ كەلگەن بولسا، ئەمدى ئېلىمىز ئىچى ۋە سىرتىدىن بولۇپ يىلىغا 10 مىڭلىغان ئادەم زىيارەت ۋە ئېكسكۇرسىيە قىلىپ كېتىدىغان مۇھىم مەدەنىي يادىكارلىق ۋە ئۇيغۇر بىناكارلىق، نەققاشلىق سەنئىتىنىڭ ئۈلگىسى سۈپىتىدە مۇھاپىزەت قىلىنماقتا. ئاپاق خوجا مازىرى مەيلى ئۆزىنىڭ مازارغا چوقۇنۇشتىكى دىنىي ئورنى جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى نەپىس سەنئەتلىك گۈزەل قۇرۇلۇشى جەھەتتىن بولسۇن، ئېلىمىز بويىچە ئەڭ ئاتاقلىق مازار بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە ئەڭ داڭدار مازارلارنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ مازارنىڭ ئېلىمىز ئىچى ۋە سىرتىدا مۇنداق چوڭ شۆھرەت قازىنىشى ۋە زور تەسىرگە ئىگە بولۇشى ئۇنىڭ ئاپاق خوجىغا مەنسۇپ بولغانلىقى ۋە ئاپاق خوجىنىڭ تارىختىكى ئىجتىمائىي ئورنى ۋە دىنىي نوپۇزى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر.

① مۇھەممەد سالىھ: «ئاپاق خوجا مازىرى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1985- يىللىق 3- سان، 82 — 93- بەتلەر.

بۇ مازار تارىختا ئاپاق خوجا نامى بىلەن شۆھرەت قازانغان بولسىمۇ، بىراق ئۇ دەسلەپتە ئاپاق خوجىنىڭ ئاتىسى مۇھەممەت يۈسۈپ خوجىدىن باشلىنىدۇ.

مۇھەممەت يۈسۈپ خوجا بولسا مەخدۇم ئەزەمنىڭ چوڭ ئوغلى (مۇھەممەتئىمىن) ئىشان كالاننىڭ ئوغلى ئىدى. سەمەرقەنتنىڭ دەھبىد دېگەن يېرىدە مەخدۇم ئەزەم بىلەن ئىشانكالان ئۈچۈن مۇرىتلىرى تەرىپىدىن مازار تىكلەنگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ سوپى - مۇخلىسلىرى ئۈچۈن بۇ مازار مەنىۋى يۆلەنچۈك ۋە روھىي تىرەك بولغانىدى. مۇھەممەت يۈسۈپ خوجا ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ دەھبىددىكى مازىرىنىڭ خوجا ئەۋلادلىرىنىڭ نوپۇزىنى تىكلەشتە، كىشىلەرنى خوجىلارغا بېقىندۇرۇشتا قانچىلىك زور رول ئوينىغانلىقىنى سەمەرقەنتتىكى ۋاقتىدا ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنىدى. يۈسۈپ خوجا شىنجاڭغا قەدەم باسقاندىن كېيىن، تەسىرىنى كېڭەيتىش بىلەن ئۆز تەرىقىتىنىڭ بۇ دىيارلاردا راۋاج تاپىدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىن، ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ دەھبىددىكى مازىرىنى ئۈلگە قىلىپ، قەشقەردە ئۆزى ئۈچۈن مازار تىكلىمەكچى بولىدۇ. ئۇنىڭ بۇنداق قارارغا كېلىشىگە يۇقىرىقى سەۋەبتىن تاشقىرى، يەنە بىر سەۋەب، ئۇنىڭ رەقىبى بولغان خوجا ئىسھاق ئەۋلادلىرىنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن يەكەندە مازار بەرپا قىلغانلىقى ئىدى.

ئىشانكالان بىلەن ئىسھاق خوجا ئەۋلادلىرى شىنجاڭ رايونىغا كىرگەندىن كېيىن، ئۆزئارا جىددىي رىقابەتلىشىشكە ۋە بىر - بىرىگە سۇيىقەست ئىشلىتىشكە كىرىشتى. بىر ئامال قىلىپ قارشى تەرەپنى بېسىپ چۈشۈشكە، قارشى تەرەپنىڭ ئابرۇيىنى چۈشۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئىناۋىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ھەرىكەتلەنەتتى. ئۇلارنىڭ كۈرىشى بەزىدە مازارنى دەۋر قىلدى، نەتىجىدە مازار ياساش ۋە مازار پەرەسلىك ئەۋج ئېلىپ كەتتى. مانا مۇشۇنداق شارائىت ئاستىدا، ھەزرەت مازىرى مەيدانغا كەلدى. مۇھەممەت يۈسۈپ خوجا ئۆلۈش ئالدىدا ئۆزى ئۈچۈن كەلگۈسىدە تىكلەنگۈسى مازارنىڭ ئورنىنى بەلگىلەپ بەردى.

يۈسۈپ خوجا ھىجرىيە 1060 - يىلى (مىلادىيە 1650 - يىلى)

يەكەندە رەقىبلىرى تەرىپىدىن زەھەر بېرىلىپ، يېگىسارنىڭ تۆبۈق دېگەن يېرىدە قازا تاپتى. ئاپاق خوجا ئاتىسىنىڭ جەسىتىنى ئۆزىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە قەشقەرگە ئېلىپ كېلىپ، يارمۇھەممەت باي نەزىر قىلىپ بەرگەن يەرگە دەپنە قىلدى. شۇندىن كېيىن بۇ يەر ھەزرەت، يۇسۇپ خوجا مازىرى بولسا ھەزرەت مازىرى دەپ ئاتىلىدىغان بولدى. چۈنكى، يۇسۇپ خوجىنىڭ مۇرىتلىرى ئۇنى كۆككە كۆتۈرۈپ ماختاش يۈزىسىدىن «ھەزرەت مازار پادىشاھىم» دەپ ئاتىغان.

ئاپاق خوجا ئاتىسىنى دەپنە قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قەبرىسى ئۈستىگە گۈمبەز ياساپ، كىشىلەر تاۋاپ قىلىدىغان زىيارەتگاھقا ئايلاندۇردى. مانا بۇ ئاپاق خوجا مازىرىدىكى دەسلەپكى قەبرىنىڭ مەيدانغا كېلىش ۋە مازارنىڭ تۇنجى قېتىم ياسىلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ھىجرىيە 1104- يىلى (مىلادىيە 1692- يىلى) ئاپاق خوجىنىڭ ئوغلى خوجا يەھيا ئاتىسىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە مازارنى ناھايىتى ھەشەمەتلىك قىلىپ ياساتتى. بۇ چاغدا خوجا يەھيا ئاپاق خوجا تەرىپىدىن قويۇلغان قەشقەرنىڭ ھاكىمى ئىدى. 6 ئاي مۇددەتتە تۇرغۇزۇلغان بۇ مازارنىڭ گۈمبىزى ناھايىتى ئېگىز ياسالغانلىقتىن، يۇقىرى قىسمىنى تۇرغۇزۇش قىيىن بولۇپ قايتا - قايتا تۈجۈپىلەپ ئىشلەش نەتىجىسىدە ئاران تۇرغۇزۇلغان. بەزى رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، مازارنىڭ بۇ قېتىمقى قۇرۇلۇشىدا گۈمبەز خانىقاسىغا دەرۋازا بېكىتىلگەن بولۇپ، ئادەتتە ئۇ قۇلۇپلاقلىق تۇراتتى. قەبرە گۈمبەز ئىچىگە ئېلىنىپ پىششىق كېسەكتىن ياسالغانىدى.

ئاپاق خوجىنىڭ بۇ قېتىم مازارنى مۇنداق ھەشەمەتلىك ياساشتىكى مەقسىتى مازارلارنىڭ تەسىرىنى تېخىمۇ زورايتىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ شان - شۆھرىتىنى نامايان قىلماقچى ئىدى. بۇ، مازارنىڭ 2- قېتىملىق ياسىلىشى ھېسابلىناتتى.

ھىجرىيە 1105- يىلى (مىلادىيە 1693- يىلى) ئاپاق خوجا يەكەندە رەقىبلىرى تەرىپىدىن زەھەر بېرىلىپ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، جەسىتى قەشقەرگە يۆتكەپ كېلىپ ئاتىسى يۇسۇپ خوجىنىڭ يېنىغا

دېيىنە قىلىندى، بۇنىڭ بىلەن ھەزرەت مازارنىڭ ئۇنىۋانى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، تەسىرى كېڭىيىپ، ئاپاق خوجا مازىرى دېگەن نام بىلەن ئاتىلىشقا باشلىدى، ئاپاق خوجىدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىمۇ بۇ مازارغا قويۇلۇش بىلەن، بۇ يەردىكى قەبرىلەرنىڭ سانى بارغانسېرى كۆپىيىپ باردى. مازارلارنىڭ 3 ـ قېتىملىق قۇرۇلۇشى ھەققىدىكى رىۋايەتلەر ۋە تارىخىي ماتېرىياللار بىر ـ بىرىگە ئوخشىمىغانلىقتىن، بۇنىڭدا خېلى مۇجمەللىك مەۋجۇت. بۇ مۇجمەللىك ئاساسەن مازارلارنى ياسىغان ئادەمنىڭ كىملىكى ئۈستىدە كۆرۈلىدۇ. بىراق، ئاپاق خوجا مازىرىنىڭ كۆل بويىدىكى دەرۋازا پەشتىقى ئۈستىدىكى مەسنەۋى شەكلىدە يېزىلغان پارچە شېئىر ئارقىلىق يۇقىرىدىكى مۇجمەللىكنى ئاز ـ تولا ئېنىقلاشقا بولىدۇ. ئاغزاكى رىۋايەتلەردە، مازارنىڭ بۇ قېتىمقى قۇرۇلۇشى ئىپارخاننىڭ ئاكىسى تۇردى خوجىنىڭ ئايالى سۇدەيشياڭ تەرىپىدىن ياسالغان. ئۇ چيەنلۇڭنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئىپارخان بىلەن تۇردىنىڭ جەسىتىنى ئالتە ئاي يول مېڭىپ بېيجىڭدىن قەشقەرگە ئېلىپ كېلىپ، ئاپاق خوجا مازىرىغا قويغان ۋە چيەنلۇڭنىڭ بەرگەن مەبلىغى بىلەن مازارنى ھەشەمەتلىك ياساتقان، نۇرغۇن يەر ۋە تۆگمەنلەرنى مازارغا ئاتاپ ۋەخپە قىلغان دېيىلىدۇ ھەمدە يەرلىك ئاھالىنىڭ سۇدەيشياڭنى «دىلشاد خېنىم» دەپ ئاتىغانلىقى ئېيتىلىدۇ. پەشتاققا يېزىلغان شېئىردىكى:

شىنەۋ بانىئ ئىن تەمىرى پۇركار،
بىدانىش ھايى خۇد ۋاقىف بىئەسرار.

زىمالى مۇلكەت ئىن دەھرى ئازاد،
مەلىكە نامى پاكى ئۇست دىلشاد.

مەنىسى: «بۇ چوڭ قۇرۇلۇشنى سالدۇرغۇچى كىشى ھەممە سىرلاردىن خەۋەردار، ئەقىل ـ پاراسەتلىك، زامانىنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىگە باغلىنىپ قالمىغان شەخس ئىدى، ئۆزى مەلىكە بولۇپ، ئىسمى دىلشاد ئىدى.»

يەكەندە رەقىبلىرى تەرىپىدىن زەھەر بېرىلىپ، يىگىسارنىڭ تۇيۇق دېگەن يېرىدە قازا تاپتى. ئاپاق خوجا ئاتىسىنىڭ جەسىتىنى ئۆزىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە قەشقەرگە ئېلىپ كېلىپ، يارمۇھەممەت باي تەزىر قىلىپ بەرگەن يەرگە دەپنە قىلدى. شۇندىن كېيىن بۇ يەر ھەزرەت، يۇسۇپ خوجا مازىرى بولسا ھەزرەت مازىرى دەپ ئاتىلىدىغان بولدى. چۈنكى، يۇسۇپ خوجىنىڭ مۇرىتلىرى ئۇنى كۆككە كۆتۈرۈپ ماختاش يۈزىسىدىن «ھەزرەت مازار پادىشاھىم» دەپ ئاتىغان.

ئاپاق خوجا ئاتىسىنى دەپنە قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قەبرىسى ئۈستىگە گۈمبەز ياساپ، كىشلەر تاۋاپ قىلىدىغان زىيارەتگاھقا ئايلاندۇردى. مانا بۇ ئاپاق خوجا مازىرىدىكى دەسلەپكى قەبرىنىڭ مەيدانغا كېلىش ۋە مازارنىڭ تۇنجى قېتىم ياسىلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ھىجرىيە 1104- يىلى (مىلادىيە 1692- يىلى) ئاپاق خوجىنىڭ ئوغلى خوجا يەھيا ئاتىسىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە مازارنى ناھايىتى ھەشەمەتلىك قىلىپ ياساتتى. بۇ چاغدا خوجا يەھيا ئاپاق خوجا تەرىپىدىن قويۇلغان قەشقەرنىڭ ھاكىمى ئىدى. 6 ئاي مۇددەتتە تۇرغۇزۇلغان بۇ مازارنىڭ گۈمبىزى ناھايىتى ئېگىز ياسالغانلىقتىن، يۇقىرى قىسمىنى تۇرغۇزۇش قىيىن بولۇپ قايتا - قايتا تۈجۈپلەپ ئىشلەش نەتىجىسىدە ئاران تۇرغۇزۇلغان. بەزى رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، مازارنىڭ بۇ قېتىمقى قۇرۇلۇشىدا گۈمبەز خانىقاسىغا دەرۋازا بېكىتىلگەن بولۇپ، ئادەتتە ئۇ قۇلۇپلاقلىق تۇراتتى. قەبرە گۈمبەز ئىچىگە ئېلىنىپ پىششىق كېسەكتىن ياسالغانىدى.

ئاپاق خوجىنىڭ بۇ قېتىم مازارنى مۇنداق ھەشەمەتلىك ياساشتىكى مەقسىتى مازارلارنىڭ تەسىرىنى تېخىمۇ زورايتىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ شان - شۆھرىتىنى نامايان قىلماقچى ئىدى. بۇ، مازارنىڭ 2- قېتىملىق ياسىلىشى ھېسابلىناتتى.

ھىجرىيە 1105- يىلى (مىلادىيە 1693- يىلى) ئاپاق خوجا يەكەندە رەقىبلىرى تەرىپىدىن زەھەر بېرىلىپ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، جەسىتى قەشقەرگە يۆتكەپ كېلىپ ئاتىسى يۇسۇپ خوجىنىڭ يېنىغا

دەپنە قىلىندى، بۇنىڭ بىلەن ھەزرەت مازارىنىڭ ئىناۋىتى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، تەسىرى كېڭىيىپ، ئاپاق خوجا مازىرى دېگەن نام بىلەن ئاتىلىشقا باشلىدى، ئاپاق خوجىدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىمۇ بۇ مازارغا قويۇلۇش بىلەن، بۇ يەردىكى قەبرىلەرنىڭ سانى بارغانسېرى كۆپىيىپ باردى. مازارلارنىڭ 3 ـ قېتىملىق قۇرۇلۇشى ھەققىدىكى رىۋايەتلەر ۋە تارىخىي ماتېرىياللار بىر ـ بىرىگە ئوخشىمىغانلىقتىن، بۇنىڭدا خېلى مۇجمەللىك مەۋجۇت. بۇ مۇجمەللىك ئاساسەن مازارلارنى ياسىغان ئادەمنىڭ كىملىكى ئۈستىدە كۆرۈلىدۇ. بىراق، ئاپاق خوجا مازىرىنىڭ كۆل بويىدىكى دەرۋازا پەشتىقى ئۈستىدىكى مەسنەۋى شەكلىدە يېزىلغان پارسچە شېئىر ئارقىلىق يۇقىرىدىكى مۇجمەللىكنى ئاز ـ تولا ئېنىقلاشقا بولىدۇ. ئاغزاكى رىۋايەتلەردە، مازارنىڭ بۇ قېتىمقى قۇرۇلۇشى ئىپارخاننىڭ ئاكىسى تۇردى خوجىنىڭ ئايالى سۇدەيشىاڭ تەرىپىدىن ياسالغان. ئۇ چيەنلۇڭنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئىپارخان بىلەن تۇردىنىڭ جەسىتىنى ئالتە ئاي يول مېڭىپ بېيجىڭدىن قەشقەرگە ئېلىپ كېلىپ، ئاپاق خوجا مازىرىغا قويغان ۋە چيەنلۇڭنىڭ بەرگەن مەبلىغى بىلەن مازارنى ھەشەمەتلىك ياساتقان، نۇرغۇن يەر ۋە تۇگمەنلەرنى مازارغا ئاتاپ ۋەخپە قىلغان دېيىلىدۇ ھەمدە يەرلىك ئاھالىنىڭ سۇدەيشياڭنى «دىلشاد خېنىم» دەپ ئاتىغانلىقى ئېيتىلىدۇ. پەشتاقتا يېزىلغان شېئىردىكى:

شىنەۋ بانىي ئىن تەمىرى پۇركار،
بىدانىش ھايى خۇد ۋاقىف بىئەسرار.

زىمالى مۇلكەت ئىن دەھرى ئازاد،
مەلىكە نامى پاكى ئۇست دىلشاد.

مەنىسى: «بۇ چوڭ قۇرۇلۇشنى سالدۇرغۇچى كىشى ھەممە سىرلاردىن خەۋەردار، ئەقىل ـ پاراسەتلىك، زامانىنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىگە باغلىنىپ قالمىغان شەخس ئىدى، ئۆزى مەلىكە بولۇپ، ئىسمى دىلشاد ئىدى.»

دېگەن مىسرالاردىن ياساتقۇچى ئاياللىڭ خانلىق خاندانغا مەنسۇپ دىلشاد ئىكەنلىكى ئېنىق مەلۇم بولىدۇ.

تارىخە ش تەبئى سەلىما،
زىهىجرەت ھەرىي ئەز ئەجرەن ئەزىما.

ئەبجەد ھېسابى بويىچە ھىجرەت يىلىنى ھېسابلاپ كۆرسەك، مازارنىڭ ھىجرىيە 1226 ـ يىلى (مىلادىيە 1811 ـ يىلى) دىلشاد ئىبىملىك ئايال تەرىپىدىن قايتا ياسالغانلىقىنى بىلىشكە بولىدۇ.

شارايەت ھەمدەمۇ ئۇگۇشت ھەر ھال،
شۇدە ھەم ئەزىسە ئادەت مەھرەمى ئال.

مەنىسى: «دىلشادقا ھەمىشە ئۇلۇغلۇق ھەمدەم ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ سائادەتمەنلىكىدىن پەيغەمبەر ئەۋلادىغا جۈپ بولغانىدى.»

دېگەن مىسرالاردىن دىلشادنىڭ پەيغەمبەر ئەۋلادى دەپ تونۇلغان خوجىلاردىن بىرىنىڭ ئايالى ئىكەنلىكى بىلىنىدۇ.

بئىستىبدادى ئەززۇلماتى رەستە،
چونان ئابى ھايات ئەزچەشمە روستە.

مەنىسى: «خۇددى ئابىھايات ئۆزىنىڭ بۇلىقىدىن ئېتىلىپ چىققاندەك، دىلشاد ئۆزىنىڭ ئىستىبداتى بىلەن گۇمراھلىقنىڭ قاراڭغۇلۇقىدىن قۇتۇلۇپ چىققانىدى.»

دېگەن مىسرالاردىن دىلشاد ئەسلىدە مانجۇ ياكى خەنزۇ مىللىتىدىن بولۇپ، كېيىن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقى بىلىنىدۇ.

بەيايەد ھەمچۇخۇد ئەز شەرقى چىنى،
بەدىن دەرگاھ بەرايى خۇشەچىنى.

مەنىسى: «دىلشاد بېيجىڭنىڭ شەرقى تەرىپىدىن بۇ ئۇلۇغ دەرگاھقا ساۋاب ئىزدەپ كەلگەنىدى.»

دېگەن مىسرالاردىن دىلشادنىڭ بېيجىڭدىن قەشقەرگە ئاپاق خوجا مازىرىنى ياستىش ئۈچۈن ئالاھىدە كەلگەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

بۇ يەردە شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈش كېرەككى، رىۋايەت بىلەن شېئىردا بايان قىلىنغان مەزمۇن كۆپ جەھەتتىن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. دىلشاد دېگەن سۆزنىڭ سۇدەيشىياڭ قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن يەرلىك خەلق تەرىپىدىن قويۇلغان ئۇيغۇرچە ئىسىم ئىكەنلىكىنى يۇقۇرىدا بايان قىلغانىدۇق، لېكىن ئاغزاكى رىۋايەتتە، سۇدەيشىياڭ چىيەنلۇڭنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئىپارخان بىلەن تۇردى خوجىنىڭ جەسىتىنى ئېچكىرىدىن قەشقەرگە يۆتكەپ كېلىپ «ھەزرەت مازىرى» غا قويغان دېيىلسە، پەشتاق ئۈستىدىكى شېئىردا پەقەت چىنىنىڭ شەرقىدىن كەلگەن دىلشاد ئىسىملىك مەلىكىنىڭ پەشتاق، مەسچىت ۋە قەبرىلەرنى ياساتقانلىقى ئېيتىلىدۇ. شېئىر بىلەن رىۋايەتنى بىر - بىرىگە تەتبىقلاپ كۆرگەندە، مازارنىڭ بۇ قېتىمقى ياسالغان ۋاقتى جەھەتتە ئۆلارنىڭ ئارىسىدا زور ئوخشىماسلىق بار. شېئىردا قەبرىنىڭ ياسالغان ۋاقتى «1226 ـ ھىجرىيە» دەپ يېزىلغان. بۇ، جياچىڭ خاننىڭ تەختتىكى ۋاقتىغا توغرا كېلىدۇ. ئاغزاكى رىۋايەتتە، سۇدەيشياڭنى چىيەنلۇڭ خان ئەۋەتتى دېيىلىدۇ. مازار جياچىڭ خاننىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە ياسالغانلىقتىن، ئۇنى چىيەنلۇڭ خان ياساتتى دېگەن سۆزنىڭ ئاساسسىز ئىكەنلىكى ئېنىق.

ئېلىمىزنىڭ بىر قىسىم تەتقىقاتچىلىرى ئىپارخان قەبرىسى توغرىسىدا تەپسىلىي توختالغان. ئۇنىڭدا بۇ مەسىلىگە ئائىت خەنزۇچە تارىخىي خاتىرىلەرگە ئاساسەن تەھلىل يۈرگۈزۈپ، ئىپارخان بىلەن تۇردى خوجىنىڭ جەسىتىنى سۇدەيشياڭنىڭ ئېچكىرىدىن قەشقەرگە يۆتكەپ كەلگەنلىكى توغرىسىدىكى رىۋايەت ئىنكار قىلىنغان. بۇنداق قاراش مازارنىڭ جياچىڭ خان دەۋرىدە ياسالغانلىقى ۋە كىمنىڭ ياسىغانلىقى توغرىسىدا خەنزۇچە مەنبەلەردە بىر نەرسە دېيىلمىگەنـ ـلىكتىن كېلىپ چىققان بولسا كېرەك. يۇقىرىدىكى شېئىردا دىلشادنىڭ ئېچكىرىدىن بىرەرسىنىڭ جەسىتىنى يۆتكەپ چىقىپ «ھەزرەت مازىرى» دا دەپنە قىلغانلىقى تىلغا ئېلىنمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئېچكىرىدىن

چىقىپ مەخسۇس پەشتاق، مەسچىت ۋە قەبرىلەرنى ياساتقانلىقى ئېنىق ئېيتىلغان. دىلشادنىڭ ئىچكىرىدىن چىقىپ بۇ مازارنى ياسىتىشقا تۈرتكە بولغان نەرسە نېمە؟ ئۇنىڭغا كەتكەن راسخوت قەيەردىن كەلگەن؟ مانا بۇ سوئاللارغا ئەينى زامانلاردا چىڭ خاندانلىقىنىڭ يۈرگۈزگەن دىنىي سىياسىتىدىن جاۋاب تېپىشقا بولىدۇ.

مەلۇمكى، گېزى كەلگەندە دىننى ۋاستە قىلىپ، ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى چىڭىتىش چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ بىر خىل سىياسىتى بولۇپ كەلدى. سىياسەتتە ئاساسەن، بۇددىستلارنىڭ، لامالارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش مەقسىتىدە، ئاھالىسى لاما دىنىغا ۋە بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان جايلاردا نۇرغۇن بۇتخانىلارنى بەرپا قىلدى، بۇتلارنى ياساتتى. چيەنلۇڭ خانىنىڭ دەۋرىدە پەقەت شيەنجۇڭنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا سېلىنغان بۇتخانىلارنىڭ سانى 13 تىن ئېشىپ كەتكەنىدى.

چىڭ خاندانلىقى مەخدۇم ئەزەم ئەۋلادى بولغان خوجىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنى ئوبدان چۈشىنەتتى. شۇڭا ئۇ، خوجىلارغا قارىتا: اراكەندىچىلىك سالغانلارنى قاتتىق جازالاش، بويسۇنۇپ تىنچ ۇرگەنلەرگە ئەمەل - مەنسەپ بېرىش بىلەن ئۇلارنى ئۆزىگە جەلپ ىلىشتىن ئىبارەت ئىككى قوللۇق سىياسەت قوللانغانىدى. ئاپاق خوجا مازىرىنىڭ مەيلى كىشىلەر نەزىرىدە بولسۇن، مەيلى خوجىلار نەزىرىدە بولسۇن، يۇقىرى ئىناۋەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارىدى. چيەنلۇڭ خانىنىڭ 1760 - يىلى چۈشۈرۈلگەن يارلىقىدا: «توپىلاڭچى خوجا جاھانلارنىڭ ئاتا - بوۋىسى يۇرت سوراپ كەلگەن، ئۇلار گۇناھسىز، ھازىر ئۇيغۇرلار يۇرتى پۈتۈنلەي تىنچىدى. ئۇلارغا دۆلەتنىڭ خەيرىخاھلىقىنى تونۇتۇش ئۈچۈن، قەشقەردىكى بۇرۇنقى خوجىلارنىڭ بارلىق كونا قەبرىلىرىگە قاراشقا ئادەم قويۇلسۇن، دەل - دەرەخلەرنى كېسىشكە، بېزەپ قىلىشقا يول قويۇلمىسۇن، بۇزۇلغانلىرى قائىدە - نىزام بويىچە رېمونت قىلىنسۇن، ئىگىدارچىلىق قىلىشقا ئەمەلدار قويۇلسۇن» دېيىلگەن. چيەنلۇڭ خانىنىڭ بۇ يارلىقى شۇنى ئېنىق كۆرسىتىدۇكى، چىڭ خاندانلىقى

«خوجىلار قەبرىگاھى» دەپ ئاتالغان ئاپاق خوجا مازىرىنى ياخشى ئاسراپ مۇھاپىزەت قىلىش ئارقىلىق، مازارنى تاۋاپ قىلىدىغان مۇسۇلمانلارنىڭ ۋە خوجىلارنىڭ كۆڭلىنى ئالماقچى بولغان. چىيەنلۇڭ خاننىڭ يۇقىرىقى يارلىقىنىڭ ئىجراسى ۋە شۇ يارلىققا ئاساسەن «خوجىلار قەبرىگاھى»غا قىلىنغان قۇرۇلۇش ئۈستىدە بىرەر ئېنىق مەلۇماتقا ئىگە بولمىغانلىقىمىز ئۈچۈن، بۇ توغرىسىدا بىرنەرسە دېيىش تەس، شۇنداقتىمۇ يارلىقتىكى «قەبرىلەرنىڭ بۇزۇلغان جايلىرى رېمونت قىلىنسۇن» دېگەن سۆزنى سۇدەيشياڭ توغرىسىدىكى رىۋايەت بىلەن مۇناسىۋەتسىز دەپ قاراشقا بولمايدۇ. چىيەنلۇڭنىڭ يارلىقى، پەشتاق ئۈستىدىكى شېئىر ۋە ئاغزاكى رىۋايەتلەرنى بىرلەشتۈرۈپ مۇھاكىمە قىلغاندا، شۈبھىسىزكى، چىڭ خاندانلىقى دەۋرىدە ئۇنىڭ بەزى ھۆكۈمرانلىرى تەرىپىدىن مازار قايتا ياسالغان ۋە رېمونت قىلىنغان دېگەن خۇلاسە كېلىپ چىقىدۇ. مازارنىڭ شېئىردىكى ياسالغان يىلىدىن قارىغاندا، سۇدەيشياڭنى قەشقەرگە چىيەنلۇڭ خان ئەمەس، جياچىڭ خان ئەۋەتكەن دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. ئىپارخان توغرىسىدىكى ھېكايە چىيەنلۇڭ خانغا باغلانغانلىقتىن، ئاغزاكى رىۋايەتتە سۇدەيشياڭ مازارنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن نۇرغۇن يەر - زېمىنلارنى، تۈگمەنلەرنى مازارغا ۋەخپە قىلدۇرغان. كۆللەرنى قازدۇرۇپ، باغلارنى ياستىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە مازاردا ئىستىقامەت قىلىپ تۇرغان، دېگەن سۆزلەرگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. يۇقىرىقى بايانلاردىن شۇنى قىياس قىلىشقا بولىدۇكى، جياچىڭ خان سۇدەيشياڭنى ئەۋەتىپ، مازارنىڭ بۇ قېتىمقى قۇرۇلۇشنى ياساتقان. سۇدەيشياڭ بولسا مازارلارنى باشقۇرىدىغان ۋە مازار ئەتراپىدىكى خوجىلارنى نازارەت قىلىپ تۇرىدىغان ئەمەلدار بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەززەتتە ئولتۇراقلىشىپ قالغان. سەئىدىيە خانلىقىنىڭ 2- خانى بولغان ئابدۇرەشىدخاننىڭ پىر - ئۇستازى بولۇپ تونۇلغان چوڭ ئىشان خوجا مۇھەممەت شېرىپ بۇزرۇكۋارنىڭ يەكەندىكى مازىرىمۇ جياچىڭ خان دەۋرىدە ھىجرىيە 1222- يىلى (مىلادىيە 1807- يىلى) ياسالغان. بۇنى يەكەننىڭ شۇ زاماندىكى ھۆكۈمرانى يۇنۇس ۋاڭ ياساتقان. خۇددى ئاپاق خوجا مازىرىنى سۇدەيشياڭ ئارقىلىق جياچىڭ

خاننىڭ ياساتقىنىغا ئوخشاش، يەكەندىكى خوجا مۇھەممەت شېرىپ مازىرىنىمۇ يۇنۇس ۋاڭ ئارقىلىق جياچىڭ خان ياساتقان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، بۇنداق مازارلارنى خاننىڭ نامىدىن ياساتقاندىن كۆرە، خان تەرىپىدىن قويۇلغان ئەمەلدار نامىدىن ياساتتىش، مەلۇم جەھەتلەردىن خانغا پايدىلىق بولسا كېرەك.

ھىجرىيە 1293 ـ يىلىغا كەلگەندە، دىلشاد بىنا قىلدۇرغان مازارنىڭ بۇ شەكلى ياقۇپبەگ تەرىپىدىن چاقتۇرۇلۇپ، قايتىدىن ھازىرقى شەكىلدە ياسىتىلغان.

كۆل بېشىدىكى پارسچە شېئىر بار پەشتاق چىقىلماي ساقلىنىپ قالغان، مازار گۈمبىزى ئۈستى يۇملاق، ئاستى چاسا ياسالغان بولۇپ، بۇ ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە مودا بولۇپ قالغان بىر خىل مىللىي شەكىلدۇر. مازار دەرۋازىسى ئۈستىدىكى خەتكە قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭدىن مازارنىڭ ھىجرىيە 1293 ـ يىلى (مىلادىيە 1876 ـ يىلى) ياقۇپبەگ تەرىپىدىن سېلىنغانلىقىنى بىلىمىز. بۇ خەت پارسچە شېئىردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنى ئەينى زاماندا قەشقەرنىڭ مەھكىمە شەرئىيدە قازىكالان بولۇپ تۇرغان ئاخۇنى سەييىر ئەكمەلخان ياقۇپبەگنىڭ ئەمرى بويىچە يازغان دەپ مۇقىملاشتۇرۇشقا بولىدۇ. چۈنكى، شېئىرنىڭ ئاخىرىدا ئاپتورنىڭ ئىسمى ئېيتىلىدىغان جايدا، ئەكمەل سۆزى تىلغا ئېلىنغان. بۇ شېئىر 16 مىسرا بولۇپ، ھەر مىسراسىدىن ئەبجەد ھېسابىدا مازارنىڭ ياسالغان يىلى چىقىدۇ. بۇ شېئىردىكى:

ئاپىرىن مەرھەممەت ئان ئۇلۇغ جاناب،

مەنىسى: «ئالىيجاناب پادىشاھنىڭ قىلغان ئىلتىپاتىغا ئاپىرىن.»

دېگەن مىسرادىن مازارنى ياقۇپبەگنىڭ ياساتقانلىقى چىقىدۇ.

يۇسۇف مىسرى شىيەم يەئقۇب كەنئان ھېكەم.

مەنىسى: «ئەخلاق ۋە پەزىلەتتە مىسىرلىق يۇسۇف پەيغەمبەرگە، ئىلمىي ھېكمەتتە كەنئانلىق يەئقۇب پەيغەمبەرگە ئوخشايدۇ.»

دېگەن مىسرا بىلەن باشلانغانلىقى، بۇ مازارنىڭ شەكىللىنىشتە ئاپاق خوجىنىڭ ئاتىسى يۈسۈپ خوجىنىڭ قەبرىسىدىن باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

بۇ شېئىردا يەنە:

بىناھايى سەفارەشكى ئېرەم.

مەنىسى: «مازارنىڭ چىرايلىق قۇرۇلۇشىدىن ئېرەممۇ رەشىك قىلىدۇ.»

دېگەن سۆز بىلەن مازارنىڭ بىناكارلىق سەنئىتى مەدھىيەلىنىپ، ئۇنىڭ كۆركەملىكى قەدىمكى زاماندىن قالغان قىسسىلەردە تەمسىل قىلىپ ئېيتىلىدىغان مەشھۇر ئېرەم شەھىرىگە ئوخشىتىلسا، «جۇش زەررى ھەرىمۇ ئوسە قاباچۇن ھەرەم» (بۇ گۈمبەزنىڭ ئەتراپىدا ھەرەمگە ئوخشاش پاكلىق قايناپ تۇرىدۇ) دېگەن مىسرادا مازارغا چوقۇنۇش تەرغىب قىلىنىپ، ئۇ مۇسۇلمانلار ھەج قىلىدىغان جاي — ھەرەمگە ئوخشىتىلىدۇ. قەبرىلەر جايلاشقان چوڭ گۈمبەزدىن ئون نەچچە مېتىر يىراقلىقتا چاغراق كەلگەن بىر كۆك گۈمبەز بولۇپ، رىۋايەتلەردە ئۇنى ئاپاق خوجا ئۆزى ھايات ۋاقتىدا بىنا قىلدۇرغان دېيىلىدۇ. بۇ گۈمبەزنىڭ خانىقاسى مەسچىت بولۇپ، ئۇنىڭ ئىشىكى ئۈستىگە يېزىلغان پارچە شېئىردا مازارغا چوقۇنۇشتىن ئىبارەت يۇقىرىقى مەزمۇن تېخىمۇ مۇبالىغىلەشتۈرۈلگەن.

شۇنى ئېنىق ئېيتىشقا بولىدۇكى، ھەرقايسى دەۋرلەردە مازارنىڭ بىنالىرى ئۈستىگە يېزىپ قالدۇرۇلغان خاتىرە ـ خەتلەردە مازار كۆككە كۆتۈرۈپ ماختالغان ۋە مازارپەرەسلىك كەڭ تەرغىب قىلىنغان، مازارنى ياساتقۇچىلارغا ئالاھىدە مەدھىيەلەر ئوقۇلغان.

خوجا ئەۋلادلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىگە ۋە جىنسىغا قاراپ قەبرىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى پەرقلەندۈرۈلگەن. يۈسۈپ خوجا بىلەن ئاپاق خوجا قەبرىسى ئۈستىگە ئۇلارنى ھۆرمەتلەش ۋە سۈرلۈك كۆرسىتىش يۈزىسىدىن، قىممەتلىك رەختلەردىن ئىشلەنگەن مەخسۇس يوپۇقلار يېپىلغان. بىر قىسىم قەبرىلەردە قەبرە ئىگىسىنى

خاتىرىلەش يۈزىسىدىن يېزىلغان پارچە خەتلەر بار. 1956 ـ يىلى گۈمبەز ۋە قەبرىلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە، خەتلەر چەلەگگۈچ بولۇپ كەتكەنلىكتىن، بىر ـ بىرىگە جىپسلاشتۇرۇپ ئوقۇش قىيىن بولغان. شۇنىڭدەك بەزى قەبرىلەرنىڭ خەتلىرى باشقا قەبرىلەرگە ئالمىشىپ كەتكەنلىرىمۇ بار. مازار خانىقا دەرۋازىسىدىن كىرگەندە، ئۇدۇلدىكى قەبرە ئۈستىگە ھەل بىلەن چىرايلىق يېزىلغان تۆت مىسرالىق پارسچە شېئىر كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇ ئەسلىدە ئاپاق خوجا قەبرىسىگە يېزىلغان شېئىر بولسىمۇ، كاپىش خوجا قەبرىسىگە ئالمىشىپ قالغان. بۇ شېئىرنىڭ ئالاھىدە ئەھمىيەتلىك يېرى شۇكى، ئۇنىڭدا ئاپاق خوجىنىڭ ۋاپات بولغان يىلى كۆرسىتىلگەن. شېئىرنىڭ تېكىستى مۇنداق:

بەمەشۇقى بەدو ئەندەر جىھان تاق،
مەقامى ئاشقىرا ھەم شورۇجوپىت.
بەگوشى دىل رەسەد ئەزھاتىفى غەيب،
كى تارىخى ۋە فاتەشرا خودا گۇفت.

مەنىسى: «ئاپاق خوجا جاھاندا يېگانە مەشۇق بولۇشى لەنلا قالماي، ئاشىقلىق مۇقامىغا يەتكەنىدى، يەنى كىشىلەر ئاپاق خوجىغا ئاشىق ئىدى، ئاپاق خوجا ئاللاغا ئاشىق ئىدى. دىلىنىڭ قۇلىقىغا غايىبتىن شۇنداق ئاۋاز كەلدىكى، ئۇنىڭ ۋاپات بولغان تارىخى «خۇدا گۇفت» (خۇدا دېدى) دېگەن سۆزدىن بىلىنىدۇ.»

«خۇدا گۇفت» دېگەن سۆزنىڭ ھەرپلىرىنى ئەبجەد ھېسابى بويىچە رەقەمگە سۇندۇرغاندا، ئۇنىڭدىن «ھىجرىيە 1105 ـ يىلى» چىقىدۇ. شۇنىڭدەك ئاپاق خوجىنى «ئاللاغا ئاشىق ئىدى» دېيىش بىلەن، ئۇنىڭ تەسەۋۋۇپ پائالىيەتلىرى مەدھىيەلەنسە؛ «ئاپاق خوجا كىشىلەرنىڭ مەشۇقى ئىدى» دېيىش بىلەن، ئۇنىڭ كىشىلەر ئارىسىدىكى نوپۇزى تەشۋىق قىلىنىدۇ. كىچىك گۈمبەزنىڭ ياسالغان

ۋاقتى ئۇستىدە ئېنىق مەلۇمات يوق. ئۇنى «تۇنجى قېتىم ئاپاق خوجا ياساتقان» دېگەن رىۋايەتلەر مۇقىملاشتۇرۇلغان تەقدىردە، ئاپاق خوجا مازىرىغا تەۋە بىنالار ئىچىدە بۇ گۈمبەز ئەڭ قەدىمكى بىنا بولۇپ قالىدۇ. گەپ - سۆزلەرگە قارىغاندا، گۈمبەزنىڭ يېنىدىكى مەسچىت ئىشىكىنىڭ بىر قانىتىدا مازارنىڭ ۋە ئاپاق خوجىنىڭ تارىخىي ئەھۋالىنى تونۇشتۇرىدىغان نەقىش بىلەن يېزىلغان خەتلەر بولغان. لېكىن، تەخمىنەن بۇندىن 150 يىل بۇرۇن مازارنىڭ شۇ چاغدىكى شەيخى بۇ ئىشىكنى سەيياھ قىياپىتىگە كىرىۋالغان بىر چەت ئەللىك ئاسارئەتىقە ئوغرىسىغا 150 سەر تەڭگىگە سېتىپ يېگەن. ئۇنىڭ ئورنىغا سەپلەنگەن ئىشىكنىڭ قانىتىدىكى نەقىشنىڭ سۈپىتىنىڭ تۆۋەنلىكى يەنە بىر قانىتىن روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدىغانلىقى بۇ رىۋايەتنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ[①].

## 2. قەشقەرنىڭ ئۇيغۇر ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتى

شىنجاڭنىڭ ئۇيغۇر ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتى تارىخى ئۇزاق، شەكلى ھەر خىل، مەزمۇنى مول بولۇپ، ئۇ تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىمىزنىڭ مۇھىم بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ، جۈملىدىن ئۇ ئىسلام دىنى تارقالغاندىن بۇيانقى شىنجاڭ رايونىنىڭ سىياسىي-ئىقتىسادىي ئەھۋالى، ئىشلەپچىقىرىش - تۇرمۇش سەۋىيەسى، دىنىي ئۆرپ - ئادەتتى قاتارلىقلارنى چۈشىنىش ھەمدە شىنجاڭنىڭ تارىخى، پەن - مەدەنىيىتى، ھۈنەر - سەنئىتى، دىنىي ئۆرپ - ئادىتىنى تەتقىق قىلىش، تارىخىي ماتېرىيالىزم ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەلىم-تەربىيەسى ئېلىپ بېرىش، يەرلىك ئالاھىدىلىك ۋە مىللىي شەكىلگە ئىگە يېڭى ئىمارەتلەرنى لايىھەلەش ۋە ھازىرقى زامان بىناكارلىق گۈزەل

[①] مۇھەممەد سالىھ: «ئاپاق خوجا مازىرى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1985- يىلى 3-سان، 82 — 93- بەتلەر.

سەنئىتى، ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشتا ناھايىتى مۇھىم تارىخىي ماتېرىيال قىممىتىگە ئىگە.

جەنۇبىي شىنجاڭدا ئىسلام دىنى ئومۇملاشقاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ياسىلىش شەكلى ۋە نەقىش-بېزەكلىرى بىر - بىرىگە ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل بىناكارلىق سەنئىتى بىر ۋاقىتتا تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى. شىنجاڭنىڭ شىمالىدا قوچۇ ئۇيغۇرلىرى داۋاملىق بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقتىن، قوچۇ شەھىرىنى ئاساس قىلغان بۇددا دىنى ئىبادەتخانىسى، مىڭئۆي بىناكارلىقى ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلدى. شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدا قاراخانىيلار پايتەختى قەشقەرنى مەركەز قىلغان ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتى مەيدانغا كەلدى.

### 1. قاراخانىيلار دەۋرىدىكى قەشقەرنىڭ ئۇيغۇر ئىسلام بىناكارلىقى

قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىدا زور ئۆزگىرىشلەر بولدى، يەنى دىنىي ئېتىقاد يېڭىلاندى. دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، چارۋىچىلىق ئىشلىرى ئىلگىرىكىدىن كۆپ يۈكسەلدى. مانا شۇنداق ئوبيېكتىپ شارائىتتا تۇرالغۇلار، ئاممىۋى سورۇن قۇرۇلۇشلىرى، قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت ئاپپاراتلىرى جايلاشقان ئوردا - قەسىرلەر ۋە شەھەر مۇئەسسەسەلىرى بىناكارلىق سەنئىتى جەھەتتە زامان ۋە ماكانغا خاس ئۇسلۇب بىلەن تەرەققىي قىلىپ، پۈتكۈل سۇلالە دائىرىسىدە ئۆزگىچە «شەھەر مەدەنىيىتى» ئومۇملاشتى. قەشقەر (ئوردۇ كەنت)، بارچۇق، يەكەن قاتارلىق مەدەنىيەت، ئىقتىساد مەركەزلىرى كۆركەم ۋە ھەشەمەتلىك قۇرۇلۇشلىرى بىلەن يىراق - يېقىنغا تېخىمۇ زور تەسىر پەيدا قىلدى. تارىخىي ۋە ئارخېئولوگىيەلىك مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، مۇشۇ دەۋردە تامچىلىق، تاش ئويمىچىلىق، سىرچىلىق، ئەينەكچىلىك ھۈنەر - كەسىپلىرى بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئۆي - ئىمارەتلەر مەيلى ئىشلىتىشچانلىق جەھەتتىن بولسۇن ۋە ياكى ئېستېتىك قىممەت جەھەتتىن بولسۇن، كىشىلەرنىڭ ھەر خىل تەلەپلىرىنى قاندۇرالايدىغان

دەرىجىدە ياسىلىش سەۋىيەسىگە يەتكەنىدى.

بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشىدا ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدىلىرى ئىلگىرىكى بۇددا، مانى دىنلىرىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەن بىر تارىخىي دەۋر ئىدى. بۇ دەۋرلەردە ئۇيغۇرلار كۆپلىگەن تەرەپلەردىن ئۆزلىرىنىڭ پائالىيەت دائىرىسىنى ۋە ھۈنەر ـ سەنئەت ئەنئەنىسىنى ئىسلام دىنىنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرىغا ئۇيغۇنلاشتۇردى. تامچىلىق، سىۋاقچىلىق، نەققاشلىق ئىش تۈرلىرى قەدىمدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان يەرلىك ئالاھىدىلىكى بويىچە تەرەققىي قىلدى. بۇتخانىلار چېقىلىپ مەسچىتلەر؛ بۇت تەكچىلىرى ۋەيران قىلىنىپ تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى قويىدىغان تەكچىلەر، مەرەپ، لىمتاقلار، مېھراب ۋە مېھرابچە نەقىشلەر ياسالدى. بۇلار شەكىل ۋە قۇرۇلما جەھەتتىن ئاساسەن ئوخشاش بولسىمۇ، نەقىش ـ بېزەكلىرىنىڭ مەزمۇنىدا بەزى پەرقلەر بولۇپ، ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئۆزگەرمىدى. بۇددىزم دەۋرىدىكى ياپىلاق كۆپ بوغۇملۇق قۇببىلەر يۇملاق ئاز بوغۇملۇق، چوققىسىغا ھىلال ئاي، يۇلتۇز شەكىللىرى ئورنىتىلغان قۇببىلەرگە ئۆزگەردى. خىش ـ كاھىشچىلىق ناھايىتى تەرەققىي قىلىپ، راۋاق، مەسچىت، مەدرىسە ۋە ئوردا ـ سارايلارنىڭ گۈمبەزلىرى كاھىش بىلەن پەردازلاندى. ئەينەك ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى روناق تېپىپ، ئىلگىرى ئەينەك قويۇلمايدىغان پەنجىرىلىك دېرىزىلەر ئەينەكلىك دېرىزىلەرگە ئۆزگەردى. ئومۇمەن، قاراخانىيلار دەۋرى ئۇيغۇر ئارخىتېكتورلىرى بىناكارلىق سەنئىتىدە يېڭى مەزمۇن يارىتىش، يېڭى ئۇسلۇب بەرپا قىلىش ئۇچۇن قەدىمكىنى ئۆزنەك قىلىپ، ئىسلام دىنى تۈسىگە ئىگە ئۇيغۇر بىناكارلىق ئۇسلۇبىنى بارلىققا كەلتۈرگەن دەۋر بولدى[①].

ئومۇمەن، قاراخانىيلار خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى بۇددىزم ۋە باشقا دىنلارنىڭ تەسىرى

---

① ئالىمجان مەخسۇت، ئابدۇشۈكۈر مەخسۇت: «ئۇيغۇر بىناكارلىق تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000ـ يىلى 12ـ ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 9 — 10ـ بەتلەر.

ئـارقىلىق بارلىققـا كەلـگەن ئەنئەنـىۋى مەدەنـىيەت زور ۋەيرانچىلىققـا ئۇچرىدى ياكى ئىسلام دىنىنىڭ چەكلىمىسى بويىچە ئىسلاھ قىلىنـدى، نەتىجىـدە ئىـسلامىيەتتىن بـۇرۇنقى ئۇيغـۇر مەدەنىيىتـى «ئۇيغـۇر ئىـسلام مەدەنىيىتـى»گە ئـۆزگەردى، جۈملىـدىن ئىـسلامىيەتتىن بـۇرۇنقى ئۇيغـۇر بىناكـارلىق سـەنئىتىمۇ «ئۇيغـۇر ئىـسلام بىناكـارلىق سـەنئىتى»گە ئۆزگەردى[①].

تارىخىي ۋە ئارخېئولوگىيەلىك مەلۇماتلارغا قارىغانـدا، قاراخـانىيلار دەۋرىدە ئۇيغۇر ئىسلام بىناكارلىقى تاھايىتى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن بولۇپ، تۇرالغۇلار، جامائەت قۇرۇلۇشلىرى (مەسچىت، مەدرىسە، مازار، قەلئە ـ قورغان)، شـەھەر قۇرۇلۇشـى قاتـارلىقلار ئـۆز ئالاھىـدىلىكلىرى بـويىچە، ئـۆز دەۋرىنىـڭ ئۇيغـۇر ئىـسلام بىناكـارلىق سـەنئىتىنىڭ نامايەندىلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

### تۇرالغۇ

قاراخانىيلار دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرالغۇ قۇرۇلۇشلىرى چارۋىچىلىق تۇرمۇشىغا ماسلاشقان، يۆتكەپ يۈرۈشكە ئەپلىك چېدىر (كىگىز ئۆي)لار؛ دېھقـانچىلىق رايونلىرىـدىكى مـۇقىم ئولتۇراقلاشـقان تۇرمۇشـقا بـاب كېلىـدىغان سوقما ـ كېـسەك تـاملىق ئاددىي ئـۆيلەر؛ دېھقـانچىلىق-باغۋەنچىلىـك كەسـپلىرىنىڭ ئېھتىياجىغـا ئۇيغـۇن بولغـان ھويلىلىـق قۇرۇلۇشلار؛ ھۆكۈمران ۋە بايلارنىڭ ھەشەمەتلىك تۇرمۇشىنىڭ ئىنكاسى بولغان چوڭ دەرۋازىلىق، بىر يۈرۈش كاتتـا ئـۆيلەردىن تەركىـب تاپقان پېشايۋىنى، ھويلىسى، كۆنـدىلىك تۇرمۇشىنىڭ ئېھتىياجىغـا ئاسـاسەن ياسالغان قوشۇمچە قۇرۇلۇشـلار (بـاغ ئىچىـدىكى سايىـسى ئوبـدان جايغا ياسالغان سۇپا، سىرتتىن كىرگەندە دەرۋازىغا ئۇدۇل قىلىـپ ھويلىنىـڭ چېتىگىرەك ياسىلىدىغان شىپاڭ قاتارلىقلار) بولغان ھويلىلىق قۇرۇلۇش-

① ئالىمجان مەخسۇت: «قەشقەر بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ تارىخى توغرىسىدا دەسـلەپكى ئىـزدىنىش»، «شـىنجاڭ ئىجتىمـائىي پەنـلەر تەتقىقـاتى» ژۇرنىلـى (ئۇيغۇرچە)، 1997ـ يىللىق 1ـ سان، 47ـ بەت.

لاردىن ئىبارەت بىرقانچە خىل شەكىلدە بولغانىدى[1].

شۇنىسى ئايانكى، ئۆي - ئىمارەتلەر تارىختىكى تەبىئىي ۋە سۈنئىي بۇزغۇنچىلىقلار سەۋەبىدىن ئۇزاق يىللار ساقلىنىپ تۇرالمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن، قاراخانىيلار دەۋرىگە ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە ئائىت ئىمارەتلەر، بولۇپمۇ تۇرالغۇلارنىڭ كۆپ قىسمى بىزگىچە ساقلىنىپ كېلەلمىگەن. ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەر ئارقىلىق ئەينى دەۋرلەردىكى تۇرالغۇلارنىڭ ئاز بىر قىسمىنىڭ تەكشىلىكتىكى ئورنى ۋە ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى دەلىللەپ، كۆپ ساندىكىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگىلى بولىدۇ.

«تۈركىي تىللار دىۋانى»غا كىرگۈزۈلگەن تۇرالغۇ قۇرۇلۇشىغا ئائىت بايانلاردىن قاراخانىيلار دەۋرىدە تۇرالغۇلار مېھمانخانا، ھويلا، باغ، دەرۋازا، تار كوچا، لىمتاق - مەرەپ، بالىخانا، تەكچە، تۈڭلۈك، سۇپا، زەگۇندە، ئېغىل - قوتان قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپىدىغانلىقىنى كۆرۈشكە بولىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا، بۇ دەۋردىكى ئولتۇراق ئۆيلەرنىڭ مۇنداق ئالاھىدىلىكى بار: ئۆيلەرنىڭ ئالدى غەربىي جەنۇبقا قارايدىغان بولۇپ، ھەممىلا قورۇ - جاينىڭ دەرۋازىسى، قوي ۋە باشقا ئۆي ھايۋانلىرىنى بېقىش ئۈچۈن سوقما تاملىق ياكى چىۋىق - بادرىلاردىن توقۇپ ياسالغان ئېغىل - قوتانلىرى بار ئىدى؛ ھويلىدا ئۈستى يېپىلغان (پېشايۋانلىق) ۋە يېپىلمايدىغان (باراڭلىق) سۇپىلار بىلەن بالىخانا بار بولۇپ، بۇلار كۈندىلىك تۇرمۇشنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ياسىلاتتى؛ بەزى ئۆيلەر گۈمبەز ياكى كېمىر تورۇسلۇق قىلىپ ياسىلىپ، ئىچكى قىسمىغا سۇپا چىقىرىلاتتى ۋە ئۈستىگە كىگىز - پالاس سېلىنغاندىن باشقا، يەنە تامغا گۈللۈك رەختلەردىن زەدىۋال تارتىلاتتى؛ ئاشخانا ئۆينىڭ بىر تەرىپىگە ئوچاق ياسىلاتتى؛ مېھمان كۈتىدىغان ئۆيلەر ئالاھىدە بېزىلەتتى. تامنى ئويۇپ مەرەپ - لىمتاق ۋە تەكچە

---

[1] ئالىمجان مەخسۇت: «قەدىمكى ئۇيغۇر ئولتۇراق ئۆيلىرى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (ئۇيغۇرچە)، 2005- يىللىق 6- سان، 96- بەت.

ياسىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىچىگە يوتقان - كۆرپە، كىيىم - كېچەك، كىتاب، چالغۇ ئەسۋابلار ۋە باشقا تۇرمۇش بۇيۇملىرى تىزىپ قويۇلاتتى...... قاراخانىيلار دەۋرىدىن ئىلگىرى ئۆيلەرنىڭ يورۇتۇش ئەسلىھەلىرى ئاساسەن تۈڭلۈك ۋە پەنجىرە - روجەكلەردىن ئىبارەت ئىدى. قاراخانىيلار دەۋرىگە كەلگەندە ئەينەكچىلىك كەسپى تەرەققىي قىلغان بولغاچقا، ئۆيلەرگە ئەينەكلىك دېرىزە بىلەن تۈڭلۈك ۋە پەنجىرە - روجەكلەرنى قويۇش ئومۇملاشتى[①].

بۇ دەۋردە ئۆيلەر سېغىز لاي بىلەن سۇۋىلىپ، ھاك ياكى گەج بىلەن ئاقارتىلاتتى. ئاھالىلەرنىڭ ھويلا - ئاراملىرى ئالدى - كەينىنىڭ بولۇشى، يوللارنىڭ ئۆتكەن - كەچكەنلەرنىڭ مېڭىشىغا توسقۇن بولمىغۇدەك دەرىجىدە ئازادە بولۇشى خانلىق تەرىپىدىن بەلگىلىنەتتى ۋە مەخسۇس مۇشۇ ئىشلارنى باشقۇرىدىغان «مۇھتەسىپ»لەر بەلگىلىنەتتى[②]. يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ ئۆينى چوڭ يولغا يېقىن سېلىۋېلىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى ھەمدە ئۆي سېلىش ۋە ئۆي سېتىۋېلىشتا قاراخانىيلار جامائىتىگە ئالاھىدە نەسىھەت قىلغان.

قاراخانىيلار دەۋرىدىكى تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسى تۈز، ئالدى-كەينىگە مەلۇم دەرىجىدە يانتۇ (ھۆل - يېغىن مىقدارى بىرقەدەر كۆپ رايونلاردا)، ئەگمىلىك (تۇرپان، توقسۇن قاتارلىق ئىسسىق جايلاردا گۈمبەز، كېمىر شەكىللىك) بولۇپ، بۇ تەكلىماكاننى چۆرىدىگەن بوستانلىقلارنىڭ قۇرغاق، يۇقىرى تېمپېراتۇرىلىق كىلىماتىغا ماسلاشتۇرۇلۇپ، ئىجابىي يوسۇندا بارلىققا كەلگەن ئەنئەنىۋى بىناكارلىق شەكىللىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۆي ئىچىگە تەكچە - مەرەپ چىقىرىش

---

① ئابدۇشۈكۈر مەخسۇت: «ئۇيغۇرلارنىڭ قاراخانىيلار دەۋرىدىكى بىناكارلىقى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1994- يىللىق 4- سان، 117-، 118- بەتلەر؛ ئالىمجان مەخسۇت: «قەدىمكى ئۇيغۇر ئولتۇراق ئۆيلىرى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (ئۇيغۇرچە)، 2005- يىللىق 6- سان، 96- بەت.

② رىشات گەنج: «قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1990- يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىلا بار بولۇپ، ئۇ چاغلاردا بۇت قويۇلاتتى. بۇ خىل ئۆي ئىچىنى سەرەمجانلاشتۇرۇش ۋاستىسى ئىسلامىيەتتىن كېيىن، ئۆيدىكى نەرسە - كېرەكلەر (يوتقان - كۆرپە، چالغۇ ئەسۋاب، قاچا-قومۇچ، كىتاب قاتارلىقلار)نى قويىدىغان ئورۇن قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئولتۇراق ئۆيلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئولتۇراق ئۆيلىرى ھەرقايسى جەھەتلەردىن قاراخانىيلار دەۋرىدە ئاساسەن شەكىللىنىپ بولغان دېيىشكە بولىدۇ①.

### جامائەت (ئاممىۋى) قۇرۇلۇشلىرى

قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە ئىلىم - مەرىپەت، سودا - سېتىق ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلىرى راۋاجلانغان، كىشىلەرنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشى شەھەرلەردىكى جامائەت سورۇنلىرىغا مەركەزلەشكەنىدى. مانا شۇنداق تەرەققىيات ئېھتىياجى سەۋەبىدىن قاراخانىيلار سۇلالىسىدىكى شەھەر - بازارلاردا خەلقنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش پائالىيىتى ھەمدە يېڭىدىن ئومۇملاشقان ئىسلام دىنى تەرغىباتىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، رەستە - بازار، مەسچىت، مەدرىسە، سەيلىگاھ، مازار...... قاتارلىق جامائەت قۇرۇلۇشلىرى كۆپلەپ قۇرۇلغان ۋە ھەشەمەتلىك قىلىپ بېزەلگەن②.

ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىپ كىرىشى بىلەن قاراخانىيلار خانلىقى تەۋەسىدە مەسچىتلەر بىنا قىلىنىشقا باشلىغان. ئىسلام دىنى دۆلەت دىنى قىلىپ بەلگىلەنگەندىن كېيىن، مەسچىت ئومۇميۈزلۈك سېلىنغان③.

---

① ئالىمجان مەخسۇت: «قەدىمكى ئۇيغۇر ئولتۇراق ئۆيلىرى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 2005- يىللىق 6- سان، 95 — 97- بەتلەر.

② ئالىمجان مەخسۇت، ئابدۇشۇكۇر مەخسۇت: «ئۇيغۇر بىناكارلىق تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000- يىلى 12- ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 202- بەت.

③ ھاجى نۇرھاجى، چېن گوگۇاڭ: «شىنجاڭ ئىسلام تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇرچە نەشرى، 70- بەت.

ئىسلام دىنى ئېتىقادىدىكى قاراخانىيلار جامائىتىنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرى ئاساسەن مەسچىتلەردە ئۆتكۈزۈلىدىغان بولغاچقا، سۇلالىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا مەسچىت بىنا قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەن.

مەسچىت مۇسۇلمانلارنىڭ كوللېكتىپ دىنىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مۇھىم ئورنى. مەسچىت ئادەتتە چوڭ دەرۋازا، پەشتاق مۇنارى، ئىبادەت زالىدىن تەشكىل تاپقان. چوڭ مەسچىتلەر مەدرىسە، قازىخانا، سەراپخانا قاتارلىق ئۆي - ئىمارەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، شەرق - غەرب يۆنىلىشى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. چوڭ دەرۋازىسىنىڭ ئىچىدە دالان بولۇپ، دەرۋازىغا ئۇدۇل قىلىپ دېرىزە ئېچىلغان ۋە ياغاچ پەنجىرە ئورنىتىلغان. ئىككى يان تەرىپىگە ئەگمە ئىشىك ئېچىلغان. پەشتاق مۇنارى بىلەن چوڭ دەرۋازىسى قوشۇلۇپ پۈتۈن مەسچىتكە نىسبەتەن گۈزەل مەنزىرە ھاسىل قىلىنغان. ئىبادەت زالى مەسچىت ئىچىدە ئاساسلىق ئىمارەت بولۇپ، غەرب تەرەپ ئوتتۇرىسىغا مېھراب ۋە مۇنبەر ئورۇنلاشتۇرۇلغان. تاشقىرىقى قىسمى كەڭ كەتكەن ئالدى ئۇچۇق پېشايۋان ۋە ئايۋاندىن تەشكىل تاپقان. جامە مەسچىتلەر مەسچىت ۋە مەدرىسە دەپ ئىككى قىسمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، ئىچكىرىكى قىسمىغا مەسچىت، تاشقىرىقى قىسمىغا مەدرىسە ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

مۇسۇلمانلار ناماز ئوقۇغاندا يۈزلىنىدىغان تەرەپنى بەلگىلەش ئۈچۈن قىبلە (شىنجاڭغا نىسبەتەن غەربىي جەنۇب) تەرەپتىكى تامغا مېھراب ياسالغان. مېھراب يېنىغا ئىمام قىرائەت قىلىدىغان مۇنبەر (سۇپا) ياسالغان. دەسلەپكى مەسچىتلەر تۆت چاسا شەكىلدە تۆز ئۆگزىلىك قىلىپ ياسىلىپ ئالدىغا پېشايۋان چىقىرىلغان. مەسچىت كۆلىمىنى چوڭايتىش ئۈچۈن كېيىنچە قاتار تۈۋرۈكلەر ئارقىلىق لىمنى تىرەپ بوشلۇق ھاسىل قىلغان ۋە مەسچىتلەرنىڭ ئىككى يېنىغىمۇ پېشايۋان چىقىرىلىدىغان بولغان. تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن سۇ بىلەن تەمىنلەيدىغان كۆل (كۆلچەك) ياكى قۇدۇقمۇ تەييارلانغان. كېيىنچە ھاممام - سەراپلار بۇنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەن. مۇسۇلمانلارنى نامازغا چاقىرىش ۋە ناماز ۋاقتىنى ۋاقتى - ۋاقتىدا مەلۇم قىلىپ تۇرۇش

ئۈچۈن، دەرۋازا ئۈستىگە ياكى مەسچىتنىڭ قىبلە تېمىدىن باشقا تەرىپىگە پەشتاق (ئەزان توۋلايدىغان مۇنار) ياسالغان. ئىسلامىيەتتە «ھۈنەر ـ سەنئەتنىڭ بىرىنچى ۋەزىپىسى «قۇرئان كەرىم» نى، مەسچىتلەرنى زىننەتلەش» بولغاچقا، مەسچىتلەر ھە دېگەندىلا ئېسىل نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن. كېيىنچە كىشىلەر ئارىسىدا ئىسلام دىنى ئېتىقادىنى تېخىمۇ چىڭىتىش ۋە ئىسلام دىنىنى تېخىمۇ كەڭ تەشۋىق قىلىش، مەسچىتلەرگە قويۇق دىني تۈس كىرگۈزۈش ئۈچۈن ئەرەبچە ھۆسنخەت ئۇسلۇبىدا يېزىلغان «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى مەسچىتنىڭ مېھراب ئەتراپىغا ۋە باشقا تاملىرىغىمۇ نەقىش قاتارىدا چۈشۈرۈلىدىغان بولدى. بىناكارلار ئەڭ ياخشى قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى بىلەن مەسچىتلەرنى پۇختا ۋە كۆركەم قىلىپ ياسىدى، نەققاشلار ئەڭ ئېسىل، ئەڭ مۇنەۋۋەر نۇسخىلار بىلەن مەسچىتلەرنى بېزىدى.

ئىسلام دىنىنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتى نەتىجىسىدە مەسچىتلەرنىڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇشىغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلىدىغان بولغان. قاراخانىيلار دەۋرىدە ئۇيغۇر ئىسلام سەنئىتى راۋاجلىنىپ، مەسچىت ئېستېتىك گۈزەللىكنىڭ سىمۋولى بولغان، يەنى مەسچىتلەر ئاللانىڭ ئۇلۇغلۇقى، مۇقەددەسلىكىنى چىقىش قىلىپ لايىھەلەنگەن ۋە بېزەلگەن. ئىسلام پەيلاسوپلىرى، سەنئەتكارلىرى مەسچىتنىڭ سىرتقى تام يۈزىدىكى نەقىش ۋە ئايەتلەرنى ئاللانىڭ سۈپەتلىرىگە ئوخشاتقان. مانا بۇ تەرەپلەرمۇ ئاللانىڭ ئۇلۇغلۇقىنى تەرىپلەيدىغان ئەرەب ھۆسنخەت ئۇسلۇبىدىكى ئايەتلەرنىڭ مەسچىت بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ مۇھىم تەركىبى بولۇپ قېلىشىغا تۈرتكە بولغان. روشەنكى، بۇلار ھەم ئەمەلىي ئىشلىتىلىش قىممىتىگە، ھەم ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە بولۇپ، ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلغان[1]. بىر قىسىم تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، قاراخانىيلار دەۋرىدە قەشقەردە قۇرۇلغان تۇنجى ئىسلام مەسچىتى ئارتۇچ

---

[1] ئالىمجان مەخسۇت، ئابدۇشۈكۈر مەخسۇت: «ئۇيغۇر بىناكارلىق تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىلى 12 ـ ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 205 — 207 ـ بەتلەر.

(ئاتۇش)نىڭ مەشھەد دېگەن جايدىكى سۇتۇق بۇغراخان مازىرىغا سېلىنغان مەسچىت ئىكەن. مىلادىيە 955 - يىلى سۇتۇق بۇغراخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، مۇشۇ مەسچىت يېنىغا دەپنە قىلىنغان.

قاراخانىيلار تارىخىدىكى تۇنجى مەسچىت توغرىسىدا جەمال قارشىنىڭ «مۇلھەقاتى سۇرراھ — سۇرراھ لۇغىتىگە تولۇقلىما» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق بىر ھېكايە بار: «ناسىر شاھزادە ئاتۇشنىڭ ھۆكۈمدارى بولغاندىن كېيىن، ئاتۇش ئوتتۇرا ئاسىيا سودىگەرلىرى يىغىلىدىغان سودا مەركىزىگە ئايلانغان. بۇ سودىگەرلەر ھەر خىل ماللارنىلا ئېلىپ كەلمەستىن، يەنە ئىسلام دىنىنىمۇ ئېلىپ كەلگەن. بىراق، بۇ چاغدا ئاتۇشتا تېخى مەسچىت بولمىغاچقا، ئۇلار ئوغۇلچاقتىن بۇ جايغا مەسچىت ياساشقا ئىجازەت قىلىشنى ھەمدە پەقەت كالىنىڭ تېرىسىچىلىك چوڭلۇقتىكى يەر بېرىشنى تەلەپ قىلغان. ئوغۇلچاق ئۇلارنىڭ تەلىپىگە قوشۇلغاندىن كېيىن، ئۇلار دەرھال بىر كالىنى ئۆلتۈرۈپ تېرىسىنى ئىنچىكە قىلىپ تىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىر پارچە يەرنى دائىرىگە ئېلىپ شۇ جايغا مەسچىت ياسىغان[1]».

ئىسلام دىنىنىڭ قاراخانىيلار زېمىنىدا ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ، خانلىقنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا قەشقەر بوستانلىقىنى مەركەز قىلغان تارىم ۋادىسىدىكى ھەرقايسى جايلاردا كەڭ كۆلەمدە مەسچىتلەر سېلىنىشقا باشلىغان. يەكەندىن تېپىلغان قاراخانىيلار دەۋرىگە ئائىت يازما يادىكارلىقلاردا ئىككى مەسچىتنىڭ نامى خاتىرىلەنگەن. بىرى، يەكەن رابول كەنتىدە بولۇپ، «ئىساق جارۇپ مەسچىتى» دەپ ئاتالغان. يەنە بىرى، يەكەننىڭ سىمناس كەنتىدە بولۇپ، «يەھيا ئىنار ئەر ھاجىپ مەسچىتى» دەپ ئاتالغان. ئالدىنقى مەسچىتنىڭ يىل دەۋرى ھىجرىيە 474 — 494 - يىللىرى (مىلادىيە 1082 — 1101 -

---

① «يېپەك يولىغا ساياھەت»، خەنزۇچە نەشرى، 9 - سان، 16 - بەت (ئالىمجان مەخسۇت، ئابدۇشۈكۈر مەخسۇت: «ئۇيغۇر بىناكارلىق تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 - يىلى 12 - ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 208 - بەتتىكى نەقىل).

يىللىرى)غا، كېيىنكىسى ھىجرىيە 515 — 525- يىللىرى (مىلادىيە 1121 — 1136- يىللىرى)غا توغرا كېلىدۇ. بۇ يىل - دەۋرلىرىنى ئېلىمىزنىڭ تارىخىي مەنبەلىرىگە سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلغاندا، يەكەندىكى بۇ مەسچىتلەرنىڭ ياسالغان يىل - دەۋرىنى مىلادىيە 1005 — 1006- يىللار دەپ بېكىتىشكە بولىدۇ ھەم بۇ مەسچىتلەر ئېلىمىز تارىخىدىكى ئەڭ بۇرۇنقى مەسچىتلەر قاتارىغا كىرىدۇ[1].

قاراخانىيلار دەۋرىدە كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇرىدىغان جامائەت قۇرۇلۇشلىرىنىڭ بىرى مەدرىسەلەر ئىدى. مەدرىسە ئىسلام ئۆلىمالىرى ۋە ئىسلام ئىلىم - پەن ئىگىلىرىنى تەربىيەلەيدىغان ئالىي بىلىم يۇرتى بولۇپ، پادىشاھ نامىدىكى مەدرىسەلەر چوڭ، كۆركەم ياسالغان. شەخسلەر نامىدىكى مەدرىسەلەر نىسبەتەن كىچىك ياسالغان. مەدرىسەلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ئاساسەن مەسچىتلەرگە ئوخشاش بولۇپ، ئوقۇتۇش ئىشى ۋە تالىپلارنىڭ ئىبادەت پائالىيەتلىرىگە ئېھتىياجلىق بولغان دەرسخانا، مەسچىت، قىرائەتخانا، مۇدەررىس ئىشخانىسى، ياتاق، سەراپخانا قاتارلىق بىر يۈرۈش ئۆي - ئىمارەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

قاراخانىيلار دەۋرىدە مەدرىسە بىنالىرى ناھايىتى مول نەقىشلەر ۋە بېزەك - كۆرۈنۈشلەر بىلەن پەردازلىناتتى. تاملىرى پىششىق خىشتىن قوپۇرۇلۇپ، گۈمبەزلىرى رەڭلىك كاھىشلار بىلەن بېزىلەتتى. دېرىزىلىرىگە ئەينەك قويۇلاتتى. ئادەتتە چوڭ مەدرىسەلەردە نۇرغۇن تالىپ سىغىدىغان دەرسخانىلار، ئىشخانىلار، ياتاق ئۆيلەر، سەراپ، ئاشخانا ۋە ئاممۇۋى ھاجەتخانىلار بولىدىغانىدى. ئەينى دەۋرلەردە قەشقەردە سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى خاقانلار تەرىپىدىن

[1] لىن مېيسۇن: «يەكەندىن تېپىلغان قاراخانىيلار سۇلالىسىغا دائىر يازما يادىكارلىقلاردىكى بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى (ئۇيغۇرچە)، 1992- يىللىق 4- سان، 114-، 115- بەتلەر؛ لىن مېيسۇن: «غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى»، شەرق نەشرىياتى 1995- يىلى 12- ئاي خەنزۇچە نەشرى، 481 — 488- بەتلەر.

«ساچىيە مەدرىسەسى» ۋە «ھەمدىيە مەدرىسەسى»، «مەھمۇدىيە مەدرىسەسى» قاتارلىق مەدرىسەلەر قۇرۇلغان. بۇ مەدرىسەلەر ئۆز دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئالىم، شائىرلارنىڭ ئىلمىي پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان مەركەزلىرىگە ئايلانغان. شۇڭا، جەمال قارشى شۇ دەۋردىكى قەشقەرنى «ئىسلام دىيارى، ئەزىزلەر يۇرتى، مەشھۇر زاتلارنىڭ پائالىيەت سەھنىسى، ئېسىلزادە ئەمىرلەرنىڭ ماكانى، ئۇلۇغ ئالىملار تۇغۇلۇپ ئۆسكەن شەھەر» دەپ يازغان[1].

بىر قىسىم تارىخىي ماتېرىياللاردا قەيت قىلىنىشىچە، قاراخانىيلار دەۋرىدە قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە بۇرۇنقى بۇتخانىلارنىڭ ئورنىغا خانىقا ۋە مەكتەپلەر سېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپى تاكى تاغقا تۇتاشقىچە تۈزار جاي ئىدى. بۇ يەردە ئولتۇراقلاشقانلار تاغقا چىقىپ مەشھەد يېزىسىدىكى ئالتۇن مۇنارلىق بۇغراخانلار قەبرىستانلىقىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى تاماشا قىلاتتى. ھازىرقى قەشقەر كوناشەھىرىنىڭ ئورنىدىمۇ «تۈمەن» ناملىق بىر چوڭ سەيلىگاھ بولۇپ، بۇ جاي دۆلەت ئەربابلىرىنىڭ سەيلىگاھى ئىدى، شۇنداقلا چەت ئەل ئەلچىلىرى چۈشىدىغان چوڭ ساراي، مەسچىتلەرمۇ مۇشۇ جايدا ئىدى[2].

قاراخانىيلار دەۋرىدىكى بۈيۈك ئۇيغۇر ئالىم مەھمۇد كاشغەرىي دەپنە قىلىنغان ھەزرىتى موللام مازىرىنىڭ غەرب تەرىپىدە «سۇلتانباغ» (خان بېغى)، تەكىيەگاھ (ئەلچىلەرنى كۈتىدىغان مېھمانخانا) ۋە «مەھمۇدىيە مەدرىسەسى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر مەدرىسە بولغان[3].

مازار ئىسلام تارىخىدا ئۆتكەن ئاتاقلىق خان - پادىشاھ، مەشھۇر دىنىي زاتلار ۋە ئىسلام ئۆلىمالىرى دەپنە قىلىنىدىغان ئورۇن بولۇپ، يەر ئاستى ۋە يەر ئۈستى دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن. يەر ئاستىغا قەبرە ئىگىسى دەپنە قىلىنغان، يەر ئۈستىگە قەبرە قاتۇرۇلغان ۋە خاتىرە

---

① «بۇلاق» ژۇرنىلى 1992- يىللىق 3- سان، 100- ، 101- بەتلەر.

② ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1990- يىلى نەشرى.

③ «بۇلاق» ژۇرنىلى 1992- يىللىق 3- سان، 100- ، 101- بەتلەر.

ئىمارەت ياسالغان. پادىشاھ، خان ئەۋلادى، ئالىم ۋە ئۆلىما كىشىلەرنىڭ مازىرى چوڭ ۋە كۆركەم ياسالغان بولۇپ، پۇقرالارنىڭ قەبرىسى ئۇلارنىڭ مازىرىنى مەركەز قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان. مازار ئادەتتە مازار چوڭ دەرۋازىسى ۋە روزى مەرىكىسى (قەبرىگاھى) دىن تەشكىل تاپقان. كۆلىمى چوڭ بولغان مازارلاردا دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن تىلاۋەتخانا، ئېتىكاپخانا، مەسچىت، مەدرىسە قاتارلىق بىر يۈرۈش ئۆي - ئىمارەتلەر كېڭەيتىپ ياسالغان ۋە قەبرىگاھنى مەركەز قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

ئىمارەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا ئۆز ئورنىنىڭ ئولتۇرۇشلۇق قورۇ-جاي بىناكارلىقىدىكى «ئايۋان - ساراي»، «باغ - ھويلا» شەكلىدە ئورۇنلاشتۇرۇش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ ئىچكىرى - تاشقىرى ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ئاساسلىق ئىمارەتلەر بىلەن قوشۇمچە ئىمارەتلەر بىر - بىرىگە ماس ھالدا ئۆزئارا قوشۇلۇپ بىر يۈرۈش ئىمارەتلەر توپىنى تەشكىل قىلغان. سىرتقى مۇھىت شارائىتىنى ئاسراش ۋە گۈزەللەشتۈرۈشكە ئالاھىدە ئېتىبار بەرگەن. ئىچىگە كۆل ياكى قۇدۇق قېزىش، ئەتراپىغا دەل - دەرەخ قويۇپ كۆكەرتىش، باغ ياساش ئارقىلىق گۈزەل مەنزىرە ھاسىل قىلغان ۋە ئىمارەتلەرنىڭ سىرتقى كۆركەملىكىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان بولۇپ، ئۇ يالغۇز مۇسۇلمانلار دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان ئورۇن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەينى ۋاقىتتا كىشىلەر ساياھەت، دەم ئېلىش ۋە مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارىدىغان ئاممىۋى ئورۇنغا ئايلانغان[1].

قاراخانىيلار دەۋرىدە بىنا قىلىنغان مازارلار ئاساسەن «غازات»تا شېھىت بولغان ياكى ئىسلامىيەت يولىنى تۇتۇپ ۋاپات بولغان ھۆكۈمدارلارنىڭ قەبرىگاھى ئورنىغا ياسالغان. تەبىئىيكى، مازار ئىگىسى بولغۇچى ئەمدىلا ئىسلام دىنى ئېتىقادىغا كىرگەن مۇسۇلمانلار ئۈچۈن زور

① ھەسەن ئابدۇرېھىم: «شىنجاڭ ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ شەكىللىنىشى، تەرەققىي قىلىشى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى (ئۇيغۇرچە)، 1988- يىللىق 1- سان، 40- بەت.

تەسىرگە ئىگە بولغاچقا، كىشىلەر ئۇلارنى ئۇلۇغلاش يۈزىسىدىن كاتتا مازار بىنا قىلىشقان ھەمدە ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا ئاسراپ رېمونت قىلىپ ساقلىغان. ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەردىن قارىغاندا، قاراخانىيلار دەۋرىدىكى مازار قۇرۇلۇشلىرى ئاساسەن تۆت چاسا شەكىلدە تۈز تورۇسلۇق قىلىپ ياسالغان. تاملىرى كېسەك بىلەن قوپۇرۇلۇپ، ئۇلىنىڭ سىرتقى يۈزىگە گۈللۈك خىش ئىشلىتىلگەن. ئۆگزىسىگە رەڭلىك كاھىش چاپلانغان، تام يۈزىگە رەڭلىك كاھىش ياكى گۈللۈك خىشلارنى بىر-بىرىگە جىپسىلاشتۇرۇپ تىزىش ئارقىلىق ھاسىل قىلىنغان گېئومېترىيەلىك نۇسخىدىكى ۋە گۈل-گىياھ نۇسخىسىدىكى نەقىشلەر چۈشۈرۈلگەن. مازار قۇرۇلۇشىنىڭ ئىچكى قىسمىغا يەنە ھۆسنخەت ئۇسلۇبىدا يېزىلغان «قۇرئان» ئايەتلىرىمۇ نەقىشلەر بىلەن بىر قاتار ئىشلىنىپ، تامنىڭ كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇرىدىغان جايلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

قاراخانىيلار دەۋرىدە قەشقەردە «گۇمبەزەتۇل خاقانىيە» ناملىق خانلار قەبرىستانلىقى بولغاندىن سىرت يەنە سۇتۇق بۇغراخان مازىرى، ئارسلانخان مازىرى، سۇبۇق تېكىن مازىرى، ئالىپ تېكىن مازىرى، مەھمۇد كاشغەرىي مازىرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرى، قىلىچ بۇغراخان مازىرى، ئىماملىرىم مازىرى، بۈۋى رابىيەم مازىرى (بۇ مازارلارنىڭ تولىسى ئوپالدا) قاتارلىق نۇرغۇن مازارلار بىنا قىلىنغان. ئەمما، 1000 يىلدىن بۇيانقى ئۇزاق جەريانىدا بۇلارنىڭ بەزىلىرى تاشلىنىپ قالغان، بەزىلىرى بىرنەچچە قېتىملاپ قايتا ياسىلىپ ئەسلىي ئۇسلۇبىنى ساقلاپ قالالمىغان بولغاچقا، بىناكارلىق ئۇسلۇبى، سەنئىتى، ماتېرىيالى، نەقىش بېزىكى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى جەھەتتە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا ئامالسىزمىز[1]. ھالبۇكى، ھازىر قەشقەردە ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇر ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ يېگانە نەمۇنىلىرى ھېسابلىنىدىغان يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرى، مەھمۇد كاشغەرىي مازىرى،

---

① ئالىمجان مەخسۇت، ئابدۇشۈكۈر مەخسۇت: «ئۇيغۇر بىناكارلىق تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000- يىلى 12- ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 212 — 214- بەتلەر.

ئاپاق خوجا مازىرى، يەكەن ئالتۇنلۇق مازىرى ۋە سۇتۇق بۇغراخان مازارلىرى گەرچە قايتا ياساپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن ۋە ۋاقىت جەھەتتىن بىرقەدەر كېيىنكى دەۋرلەرگە توغرا كەلگەن مازارلار بولسىمۇ، بىراق ئۇلار ئەينى دەۋر ئۇيغۇر ئىسلام بىناكارلىقىنىڭ ۋارىسچانلىقىقا، ئىزچىللىقىقا ئىگە بولغان ۋەكىللىرى بولۇپ، تا ھازىرغىچە خەلقىمىز ئارىسىدا ساقلىنىپ كەلگەن دەسلەپكى ئۇيغۇر ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتى ۋە ئۇسلۇبىنىڭ داۋاملىشىشى، قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

### شەھەر قۇرۇلۇشى

قەدىمكى قەشقەر «يىپەك يولى»نىڭ مۇھىم تۈگۈنىگە جايلاشقانلىقىدەك ئالاھىدىلىكى بىلەن، قەدىمدىن تارتىپ شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت، ئىقتىساد ۋە سودا قاتارلىق جەھەتتىكى ئالماشتۇرۇشتا مۇھىم رول ئويناپ كەلگەن ھەمدە تارىم ۋادىسىدىكى مۇھىم مەركەزلەرنىڭ بىرىگە ئايلانغان. ئەينى چاغلاردا قەشقەرنىڭ مەدەنىيەت، ئىقتىساد ۋە سودا ئىشلىرى ئىنتايىن تەرەققىي قىلغان بولۇپ، قەشقەرنى مەركەز قىلغان تارىم ۋادىسىدىكى بوستانلىقلاردا شەھەر - بازارلار بارلىققا كېلىپ، خېلى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن.

قاراخانىيلار دەۋرىگە كەلگەندە، شەرق، غەرب سودىگەرلىرى «يىپەك يولى»نى بويلاپ بۇ خانلىقنىڭ شەھەر - بازارلىرىغا كەلگەن ۋە بۇ يەردىن ئۆتكەچكە، قاراخانىيلار تەۋەسىدىكى شەھەر - بازارلىرىدا چوڭ - كىچىك سودا كارۋانلىرى چۈشىدىغان سارايلار ۋە سودا - سېتىق ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلىدىغان زور كۆلەملىك رەستە - بازارلار ياسالغانىدى. ئەينى دەۋردە قەشقەر خانلىقنىڭ مەركىزىي شەھىرى ۋە دىنىي مەركىزى بولۇش سۈپىتىدە شەھەر قۇرۇلۇشى ۋە شەھەر قۇرۇلۇشىغا ماسلاشقان جامائەت قۇرۇلۇشلىرى جەھەتتىن زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن بولۇپ، شەھەر مۇئەسسەسەلىرى ئىچىدە ھۆكۈمران سىنىپ — خان جەمەتى، ئەمەلدارلار، يۇقىرى تەبىقىدىكى دىنىي زاتلار ۋە باشقا ھۆكۈمران سىنىپلار، باي سودىگەرلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئوردا - قەسىرلەر،

مەيدان - باغچىلار، مەسچىت - مەدرىسەلەر ۋە saray - بازارلارنىڭ سانى كۆپەيگەن. خانلىقتىكى شەھەر ئاھالىسىنىڭ كۆپىيىشى ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك كەسپىنىڭ تەرەققىي قىلىشى تۈپەيلىدىن، شەھەر-بازارلارنىڭ بارلىققا كېلىشى تېز، كېڭەيتىپ قۇرۇش، كەسپلىشىشى يۇقىرى بولغانىدى. بۇنىڭ بىلەن ئەينى دەۋردە قەشقەرنى مەركەز قىلغان «شەھەر مەدەنىيىتى» بارلىققا كەلگەنىدى.

قاراخانىيلار تەۋەسىدە قەدىمىي ۋە يېڭى شەھەرلەردىن ئوردۇكەنت (قەشقەر)، بالاساغۇن، ياركەنت (يەكەن)، ئۇدۇن (خوتەن)، بارچۇق، ئاقسۇ قاتارلىق چوڭ شەھەرلەر بار ئىدى. قەشقەر بىلەن بالاساغۇن شەھىرىنىڭ دائىرىسى ناھايىتى چوڭ ئىدى. يازما مەنبەلەرگە قارىغاندا، قاراخانىيلار دەۋرىدە شەھەرلەر ئوردۇ كەنت ۋە بالىق دېگەن ناملار بىلەن ئاتالغان بولۇپ، بۇ ناملار بىلەن ئاتالغان شەھەرلەرنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي، تارىخىي جەھەتتىكى ئورنى ئوخشاش بولمىغان، يەنى ئوردۇ (ئوردا) دەپ ئاتىلىدىغان شەھەرلەر مەخسۇس خانلار تۇرىدىغان پايتەخت شەھەرگە قارىتىلغانىدى. مەھمۇد كاشغەرىي بۇ ھەقتە: «ئوردۇ — خان شەھىرى، بۇنىڭدىن ئېلىپ خاقانلار تۇرىدىغان قەشقەر ‹ئوردۇ كەنت› دېيىلىدۇ» دەپ يازغان[1]. بۇ دەۋردە قاراخانىيلارنىڭ شىمالىي پايتەختى بولغان بالاساغۇن شەھىرىمۇ «قۇز (شىمال) ئوردۇ» دەپ ئاتالغان.

كەنت دېگەن بۇ سۆزنى ئۇيغۇرلار قەدىمدە شەھەر مەنىسىدە قوللانغان. ئوغۇزلار بولسا «يېزا» دېگەن مەنىدە قوللىناتتى. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا «كەند — شەھەر، شۇنىڭدىن ئېلىپ قەشقەر ‹ئوردۇكەنت› دېيىلىدۇ. بۇ خان تۇرىدىغان شەھەر، مەركەز دېگەنلىك بولىدۇ» دەپ ئىزاھلانغان[2]. قاراخانىيلار زامانىسىدا شەھەرنىڭ ئەتراپىدىكى بوستانلىق ۋە باغلارنىڭ «كەنت كۆكى» دەپ ئاتىلىدىغان-

---

[1]، [2] مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981- يىلى 8- ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 توم، 168- بەت.

لىقى؛ مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «بۇ شەھەر (ئۇردۇكەنت) نىڭ ھاۋاسى ياخشى بولغانلىقتىن، ئافراسىياپ شۇ يەردە تۇرغان» دەپ قەيت قىلىشى ۋە ئۆزكەنت (ئۇزكەنت)، چىمكەنت، ياركەنت دېگەن قاراخانىيلار دەۋرىگە ئائىت يەر نامىلىرىنىڭ مەنىسىدىن قارىغاندا، كەنت مەنزىرىسى گۈزەل، تەبىئىي ئورمان بىلەن قاپلانغان ھاۋالىق شەھەرلەرگە قارىتىلغان بولۇشى مۇمكىن.

قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە ئىلگىرىكى زامانلارغا ئوخشاشلا شەھەرلەر سېپىل بىلەن قورشىلىپ، دېھقان - چارۋىچى ۋە چەت ئەللىك سودىگەرلەر بىلەن بولغان ئالاقە ئىشلىرى شەھەر دەرۋازىلىرى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان. ئارخېئولوگىيەلىك مەنبەلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، قاراخانىيلار دەۋرىگە ئائىت چوڭ شەھەرلەرنىڭ تۆت دەرۋازىسى بولغان.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دىن مەلۇم بولۇشىچە، شەھەرنى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن شەھەر سېپىلى ئۈستىگە تۇر ياسىلىدىغانلىقى، بۇنداق سېپىللارنىڭ «قوقتا» دەپ ئاتىلىدىغانلىقى، «تام» سۆزى قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تىلىدا سېپىل، قەلئە ۋە تام مەنىلىرىدە ئىشلىتىلىدىغانلىقى، بۇ تۇرلارنىڭ شەھەر سىرتىدىكى تاغ ياكى دۆڭلۈكلەرگە ياسالغان «قارغۇي» ياكى «قارغۇ» دەپ ئاتىلىدىغان قورۇلۇشلار بىلەن ئوت يېقىش ياكى ئىس قويۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق خەۋەرلىشىدىغانلىقى مەلۇم[①].

## 2. قاراخانىيلار دەۋرىدىكى قەشقەرنىڭ ئۇيغۇر ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتى

قاراخانىيلار دەۋرىدە ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتى ئىمارەتلەرنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە ياسىلىش شەكلى جەھەتتە ئىسلام دىنى تارقىلىشتىن

---

① ئابدۇشۇكۇر مەخسۇت: «ئۇيغۇرلارنىڭ قاراخانىيلار دەۋرىدىكى بىناكارلىقى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1994 - يىللىق 4 - سان، 119 - ، 120 - بەتلەر.

بۇرۇنقى ئەنئەنىۋى بىناكارلىق ئۇسلۇبىغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئىسلام دىنى قائىدە - يوسۇن، ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ئىسلاھ قىلىش ئاساسىدا شەكىللەنگەن ۋە ئالدى بىلەن مەسچىت، مەدرىسەلەرنى ئاساس قىلغان ھالدا تەرەققىي قىلغان. مەسچىت ۋە مەدرىسەلەرنىڭ دەرۋازا پەشتىقى، دېرىزە ۋە مېھرابلىرىغا ئەگمە چىقىرىشتىن باشقا، ئاساسىي قىسمى ياغاچ قۇرۇلما، ۋاسا جۈپ تۈز تورۇسلۇق ياسالغان. تۈۋرۈك، لىم، جەگە، ھاراق، پارامان، ئىشىكلىرىگە نەقىش ئويۇلغان. دېرىزىلىرىگە ياغاچ پەنجىرە ئورنىتىلغان، تورۇسلىرىغا چاسا خار چىقىرىلغان ۋە رەڭگارەڭ نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن. مېھراب ۋە پەشتاق مۇنارلىرى گەج ئويما نەقىش بىلەن زىننەتلەنگەن. مازارلار نىسبەتەن ئاددىي ياسالغان بولۇپ، پادىشاھ ۋە ئۆلىمالارنىڭ قەبرىسى ئۈستىگە ۋاسا جۈپ تۈز تورۇسلۇق پېشايۋانلارنى ياساپ، تۆت تەرىپىگە ياغاچ پەنجىرە ياكى رېشاتكا ئورنىتىپ توسۇپ قويۇش، كېسەك ياكى خىش بىلەن قەبرە قاتۇرۇپ، ئالدىغا تۇغ ياكى ئەلەم قاداپ قويۇش بىلەن چەكلەنگەن. مازارلارنى ھەشەمەتلىك قىلىپ ياساش ۋە ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىش، چوقۇنۇش ئادەتلىرى شەكىللەنمىگەن. نەقىش - بېزەكلىرى ياغاچ ئويما نەقىش، گەج ئويما نەقىش، كاھىش، رەڭلىك سىزما نەقىشنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ياغاچ ئويمىچىلىق سەنئىتى نىسبەتەن تەرەققىي قىلغان.

قاراخانىيلار دەۋرىدە باشلانغان ئۇيغۇر ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتى ئۇزاق بىر مەزگىللىك تەرەققىيات جەريانىدا ئۈزلۈكسىز يېتىلگەن ۋە مۇكەممەللەشكەن. قاراخانىيلاردىن كېيىنكى دەۋرلەردە ئۇيغۇر ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتى ئوخشاشلا ھۆكۈمرانلار ۋە ئاۋام خەلقنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان، زور كۈچ بىلەن قوللايدىغان بىر خىل ئېتىقاد تۈسىنى ئالغان ھادىسە سۈپىتىدە، ئۆزلىرىنىڭ ئىسلام ئېتىقادىنىڭ سىمۋولى قىلىنغان. شۇ سەۋەبتىن، ئۇيغۇر ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتى قاراخانىيلار دەۋرىنى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ، ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە ئۆزىنىڭ ئاجايىپ نەمۇنىلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. تۆۋەندە قاراخانىيلار دەۋرىنى مەركەز قىلغان ئۇيغۇر ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ قۇرۇلمىسى،

ياسىلىشى ۋە نەقىش - بېزەكلىرى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتىمەن.

### 1. قۇرۇلمىسى ۋە ياسىلىشى

ئۇيغۇر ئىسلام بىناكارلىقى ياغاچ قۇرۇلما، خىش - ياغاچ قۇرۇلما، خىش قۇرۇلما ۋە بۇ قۇرۇلمىلارغا ماس ھالدا ۋاسا جۈپ تۈز تورۇسلۇق، گۈمبەز ئەگمە تورۇسلۇق ئىككى خىل ياسىلىش شەكلىگە ئىگە.

ياغاچ قۇرۇلمىلىق، ۋاسا جۈپ تۈز تورۇسلۇق قىلىپ ياساش ئىسلام بىناكارلىقىدا ئەڭ بۇرۇن تەرەققىي قىلغان بىناكارلىق ئۇسلۇبى بولۇپ، ئۇنىڭدا لىم ۋە ھاراق ئۇستىگە ناۋا تارتىلىپ، جەگىنىڭ ئۇستىگە باسما - كەۋزە قويۇلغاندىن كېيىن ۋاسا تىزىلغان. ۋاسىنىڭ ئۇستىگە بورا سېلىپ، سامانلىق لاي بىلەن سۇۋالغان. بۇ خىل بىناكارلىق ئۇسۇلى مەسچىت ۋە مەدرىسەلەرنى ياساشتا كەڭ قوللىنىلغان. قاراخانىيلار دەۋرىدە مازارلارنى ياساشتىمۇ ياغاچ قۇرۇلمىلىق، ۋاسا جۈپ تۈز تورۇسلۇق ياساش ئۇسۇلى قوللىنىلغان. مازارنىڭ تۆت تەرىپىگە ياغاچ ۋادەك ۋە پەنجىرە ئورنىتىلغان. ئالدىغا تۇغ - ئەلەم قادالغان؛ خىش قۇرۇلمىلىق، گۈمبەز يۇزلۇك ئىمارەتلەرنىڭ تەكشى يۈزى تۆت چاسا، سەككىز تەرەپلىك ئىككى خىل بولۇپ، بۇرجىكىگە ئەگمە چىقىرىش ئارقىلىق يۇمىلاق شەكىلگە كەلتۈرۈلگەن ۋە ئۇستىگە گۈمبەز ئەگمىسى قوپۇرۇلغان. گۈمبەز ئەگمىسى بەلگىلىك گېئومېترىيەلىك شەكىلگە ئىگە بولۇپ، قۇرۇلما جەھەتتىن مۇستەھكەم، سىرتقى كۆرۈنۈشى كۆركەم ياسالغان. تەكشى يۈزى نىسبەتەن چوڭ بولغان گۈمبەزنى ياساشتا، ئالدى بىلەن ئەگمە تۈۋرۈك ۋە مېھراب شەكىللىك ئەگمىلەر ئارقىلىق يۇمىلاق شەكىلگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۇستىگە گۈمبەز ئەگمىسى قوپۇرۇلغان. گۈمبەزنىڭ ئۇستىگە قەپىزەك چىقىرىلغان، تۆت بۇرجىكىگە مۇنار ياسالغان بولۇپ، ئېگىز دەرۋازا پەشتىقى، گۈمبەز، چوڭ - كىچىك مۇنارلار ئۆزئارا قوشۇلۇپ، گۈزەل سىرتقى مەنزىرە ھاسىل قىلىنغان.

ئىمارەتلەرنى لايىھەلەشتە ئەمەلىي رولى، قۇرۇلما ۋە ياسىلىش سەنئىتىنىڭ بىرلىكىگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلگەن. قۇرۇلما جەھەتتىكى ھەر خىل ئۆزگىرىش ئارقىلىق ياسىلىش شەكلىنىڭ كۆركەملىكىنى

تېخىمۇ ئاشۇرغان، پۈتۈن قۇرۇلمىنى تەشكىل قىلغان ئايرىم قىسىملىرىنى ئىشلەش ھۈنەر - سەنئىتى بارغانسېرى تەرەققىي قىلغان. ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئىمارەتلەرنىڭ تۈۋرۈكلىرى بېشىغا كاللا مۇھەننەس شەرىپە چىقىرىلغان، ئۈستىگە ناھالچە قويۇلغان، تورۇسقا چاسا خار چىقىرىلغان، ئىشىكلىرى دىلالىق ۋە تاۋا تارتىپ نەقىشلىك ياسالغان. ئىچكى - تاشقى تاملىرىغا ئەگمە تەكچە چىقىرىلغان، دېرىزىلىرىگە ھەر خىل نۇسخىدىكى ياغاچ پەنجىرە ئورنىتىلغان. دەرۋازا پەشتىقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېگىز چوڭ ئەگمە، ئىككى تەرىپىگە مۇنار ۋە ئەگمە تەكچە چىقىرىلغان. بىناكارلىق تېخنىكىسى ۋە قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، قۇرۇلما، ياسىلىش شەكلى ۋە نەقىش - بېزەكلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. كۆلىمى نىسبەتەن چوڭ بولغان مەسچىتلەرنى ياساشتا، خىش قۇرۇلما گۈمبەز تورۇسلۇق ۋە ياغاچ قۇرۇلما ۋاسا جۈپ تۈز تورۇسلۇق ئىككى خىل ياساش ئۇسۇلى بىرلەشتۈرۈلگەن ۋە ئۆزئارا قوشۇلۇپ، بىر پۈتۈن بىناكارلىق قۇرۇلمىسىنى تەشكىل قىلغان.

ئىمارەتلەرنى پۇختا ۋە يەر تەۋرەشكە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان قىلىش ئۈچۈن، ئىشىك، دېرىزە بېشى، گۈمبەز، مۇنار، پەشتاق ۋە دەرۋازا ئەگمىسى ئارىسىغا ياغاچ تارتما قويۇلغان. ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئىمارەتلەردە تام ئارىلىقىغا تۈۋرۈك ئېلىنغان، تۆت تەرىپىگە ھاراق قويۇپ، لىم بىلەن چېتىشتۇرۇلغان. گۈمبەز تورۇسلۇق ئىمارەتلەرنىڭ تۆت بۇرجىكىگە چىقىرىلغان مۇنارلار ۋە چوڭ دەرۋازىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى مۇنارلارمۇ ئىمارەتلەرنىڭ يەر تەۋرەشتىن ساقلىنىش كۈچىنى ئاشۇرۇشتا بەلگىلىك رول ئوينىغان.

مۇنار ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى. ئۇ ياسىلىش شەكلى ۋە ئەمەلىي رولىغا ئاساسەن پەشتاق مۇنارى، مەنزىرە مۇنارى ۋە خاتىرە مۇنارى دەپ ئۈچكە بۆلۈنىدۇ. پەشتاق مۇنارى ئەزان ئېيتىلىدىغان ئورۇن بولۇپ، ئىچىدىكى پەلەمپەي بىلەن ئۈستىگە چىقىشقا بولىدۇ. مەنزىرە مۇنارى مەسچىت ۋە مازارلارنىڭ چوڭ دەرۋازىسى ۋە ئاساسلىق ئىمارەتنىڭ تۆت تەرىپىگە ياسالغان بولۇپ، ئىمارەتلەرنىڭ

كۆركەملىكىنى ئاشۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى قۇرۇلما جەھەتتە بەلگىلىك رول ئوينايدۇ. خاتىرە مۇنار قۇرۇلما جەھەتتە مۇستەھكەم، ياسىلىش شەكلى كۆركەم بولۇپلا قالماستىن، بەلكى نەقىش - بېزەكلىرى مول بولۇپ، ئۆزگە خاس يەرلىك ئالاھىدىلىككە ۋە مىللىي ئۇسلۇبقا ئىگە.

2. نەقىش - بېزەكلىرى

ئۇيغۇر ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتى نەقىش - بېزەكلىرىنىڭ شەكلى ھەر خىل، مەزمۇنى مول بولۇپ، ئىشلەتكەن ماتېرىيال ۋە ھۈنەر-سەنئەت ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ياغاچ ئويما نەقىش، خىش ئويما نەقىش، گەج ئويما نەقىش، گۈللۈك خىش، رەڭلىك سىزما نەقىش قاتارلىق 10 نەچچە خىلغا بۆلۈنگەن. ياغاچ قۇرۇلما ئىمارەتلەردە ياغاچ ئويما نەقىش، رەڭلىك سىزما نەقىش كۆپرەك ئىشلىتىلگەن. خىش قۇرۇلملىق ئىمارەتلەردە گەج ئويما نەقىش، گۈللۈك خىش، خىش تىزما نەقىش، كاھىش ئاساس قىلىنغان، خىش - ياغاچ قۇرۇلملىق ئىمارەتلەرنى زىننەتلەشتە ھەر خىل نەقىش - بېزەك شەكىللىرى ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلغان بولۇپ، قۇرۇلۇش ماتېرىيالى، ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ۋە قۇرۇلما جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن جانلىق بىر تەرەپ قىلىنغان. چوڭ دەرۋازا، پەشتاق مۇنارى، ئىشىك، دېرىزە، مېھراب، تەكچە، تۈۋرۈك، ھاراق، جەگە، تورۇستىكى چاسا خار، تۈگۈلۈك قاتارلىق كۆزگە ئاسان چېلىقىدىغان ئورۇنلىرىنىڭ نەقىش - بېزەكلىرى نىسبەتەن زىچ ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، كۆركەم ۋە نەپىس ئىشلەنگەن.

ئۇيغۇر ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتى نەقىش - بېزەكلىرى ئاساسەن گېئومېترىيەلىك نەقىش ۋە گۈل - گىياھ، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ غۇنچە مېۋىلىرى، غول - يوپۇرماقلىرىنىڭ ئۆزگەرتىلگەن ياكى گۈزەللەشتۈرۈلگەن شەكلى بولۇپ، ئىجابىي ھالدا ئوبرازلاشتۇرۇلغان ۋە تېخىمۇ بېيىتىلگەن نەقىشلەرنى ھاسىل قىلغۇچى ئېلېمېنتلار بىر - بىرى بىلەن ئۆز رىتىمى بويىچە باغلانغان. نەقىشلەرنىڭ بەزىلىرى بىر ئېلېمېنتنى مەركەز قىلىپ، يۇملاق، تۆت چاسا، ئۈچ بۇرجەك، رومبا شەكلىدە مۇستەقىل بىر نەقىش بولۇپ شەكىللەنگەن. نەقىشلەرنىڭ زىچ - شالاڭلىقى، ئاددىي ۋە مۇرەككەپلىكى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئارقىمۇئارقا

ئۇلاپ داۋاملاشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئۆزگىرىشچان ھەم بىر پۈتۈن نەقىش قۇرۇلمىسىنى شەكىللەندۈرگەن. نەقىش نۇسخىلىرىنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئېلېمېنتلارنىڭ تۈزۈلۈش شەكلىگە قاراپ، غۇنچە، چېچەك، ياپراق، ئۈزۈم، بادام، ئانار، سوخەر، يازا، كۈرگۈل، زەنجى، توقۇناق، شەددە، پىلتە، ناۋا، ئىسلىما، كەكلىك قېشى قاتارلىق بىرنەچچە ئون خىلغا ئايرىلغان. نەقىشلەرنىڭ ئۆزئارا بىرلىشىشىدىن ھاسىل بولغان شەكىللەرنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە ئىشلىتىش ئورنىغا ئاساسەن كۈپۈشەك نەقىش، مېھرابچە نەقىش قاتارلىقلارغا بۆلۈنگەن. قۇرۇلۇش ماتېرىيالى ۋە بىناكارلىق گۈزەل سەنئەت تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، نەقىشلەرنى ئىشلەش ھۈنەر - سەنئىتىمۇ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلغان. قاراخانىيلار دەۋرىدە تەكشى يۈزلۈك سىزما نەقىش ۋە تەكشى يۈزلۈك ئويما نەقىش كۆپرەك قوللىنىلغان. چىڭ دەۋرىدە نەقىش-بېزەك سەنئىتىنىڭ ھەر خىل شەكىللىرى ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلغان ۋە ەققىي قىلىپ يۇقىرى سەۋىيەگە كۆتۈرۈلگەن.

ئۇيغۇر ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتى نەقىش - بېزەكلىرىدە شەكىل ن مەزمۇن ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن. بۇ خىل ئالاھىدىلىك نەقىش-ەكلىرىنىڭ شەكلى، رەڭگى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشتا كۆركەم ئىپادىلەنگەن بولۇپ، ئۇ يالغۇز ئىمارەتلەرنىڭ كۆركەملىكىنى ئاشۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىشلىتىش قىممىتىنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرگەن. مازار چوڭ دەرۋازىسى، روزى مەرىكىسى، قەبرىسى، مۇنار ۋە پەنجىرىلىرىگە ياسالغان ۋاقتى، بېغىشلىما ۋە قۇرئان ئايەتلىرى ھۆسنخەت شەكلىدە يېزىلغان ياكى ئويۇپ چىقىرىلغان بولۇپ، ئۇ يالغۇز نەقىش - بېزەكلىرىنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىپلا قالماستىن، بەلكى پۈتۈن ئىمارەتكە نىسبەتەن قويۇق دىنىي تۈس كىرگۈزگەن. مەسچىت ۋە مەدرىسەلەرنى زىننەتلەشتە چوڭ دەرۋازا، پەشتاق مۇنارى، ئىچكىرىكى ۋە تاشقىرىقى مەسچىتنىڭ مېھراب، تەكچە، چاسا خار، تورۇس، تۈۋرۈك، لىم، ھاراق، جەگىلىرىنى ئاساس قىلغان بولۇپ، يېشىل رەڭ، قىزىل رەڭ، بىنەپشە رەڭ، جىگەر رەڭ، ھال رەڭ، زەڭگەر رەڭ قاتارلىق ئوچۇق ۋە ئىللىق رەڭلەر كۆپرەك ئىشلىتىلگەن. نەقىش - بېزەكلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى جانلىق،

ھۈنەر - سەنئىتى يۇقىرى، شەكلى كۆركەم ھەم نەپىس، رەڭ سىلىشتۇرمىسى ئېنىق ۋە كۈچلۈك، ئۆزگىچە جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە بولۇپ، كىشىگە بەدىئىي زوق، مەنىۋى ئوزۇق ۋە ھۇزۇر - ئىپتىخار بەخش ئېتىدۇ[①].

## 3. قەشقەرنىڭ ئىسلامىيەت دەۋرىدىكى پۇللارنى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش

قەدىمكى پۇللار قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ ئىقتىسادىي ئالاقىسىدىكى مۇھىم ۋاستە بولۇپ، ئۇ شۇ دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات دەرىجىسىنى بەلگىلەپ بېرىدىغان مۇھىم يادىكارلىق.

شىنجاڭ قەدىمدە «يىپەك يولى»نىڭ مۇھىم تۈگۈنى بولغاچقا، غەرب بىلەن شەرق ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان. مۇشۇ مەزگىللەردە دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەل، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى شىنجاڭدا ئۇچراشقان، تەسىرلەشكەن، بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ ئۆزگىچە خاس بولغان يەرلىك ئىقتىساد، مەدەنىيەت تەركىبلىرى بىلەن چەتنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئامىللىرى بىرگە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ھالەت شەكىللەنگەن. بۇ خىل ئەھۋال شىنجاڭنىڭ قەدىمكى پۇللىرىدا ئەڭ گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن بولۇپ، قەدىمدە شىنجاڭدا يەرلىك پۇللاردىن باشقا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ، غەرب ئەللىرىنىڭ پۇللىرى ئىقتىساد ئالماشتۇرۇشت مۇھىم رول ئوينىغان. ھازىرغىچە شىنجاڭدىن تېپىلغان قەدىمكى پۇللار شىنجاڭنىڭ قەدىمكى تارىخ - مەدەنىيىتى ۋە ئىقتىسادىي ئالاقە ئەھۋالىدىن ئۇچۇر بېرىپ كەلمەكتە.

---

① ھەسەن ئابدۇرېھىم: «شىنجاڭ ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ شەكىللىنىشى، تەرەققىي قىلىشى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى (ئۇيغۇرچە)، 1988- يىللىق 1- سان، 41 — 43- بەتلەر.

ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىن بۇيان ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك سۇلالىلىرىنىڭ پۇللىرى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى قەدىمكى خارابىلەر ۋە قەدىمكى قەبرىلەردىن تېپىلغان. دەسلەپكى دەۋرلەردە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا مالنى مالغا تېگىشىشتەك سودا ئاساس قىلىنىدىغان بولۇپ، كۈندىلىك تۇرمۇشتا زۆرۈر بولغان ئاشلىق، رەخت قاتارلىقلار ئالماشتۇرۇش ۋاستىسى بولغان. سۇلى، كۇسەن، ئودۇن قاتارلىق جايلار ئۆزلىرى مىستىن پۇل قۇيغان بولسىمۇ، ئوبوروت دائىرىسى چەكلىك بولغان. جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە يىپەك يولى سودىسى ئەسلىگە كېلىپ تەرەققىي قىلىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ پۇللىرى شىنجاڭدا ئىشلىتىلگەندىن سىرت، پېرسىيەنىڭ كۈمۈش تەڭگىلىرىمۇ سۇلى، ئودۇن، كۇسەن، ئىدىقۇت قاتارلىق جايلارنىڭ بازارلىرىغا كۆپلەپ ئېقىپ كىرگەن. مېتال پۇل تەدرىجىي ھالدا شىنجاڭدا ئالماشتۇرۇش ۋاستىسى بولغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە رەختلەرمۇ پۇل ئورنىدا ئىشلىتىلگەن. سۇي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە ئىدىقۇت، كۇسەن، ئاگنى قاتارلىق جايلاردا كۈمۈش تەڭگە، تىللا، كىچىك مىس يارماق قاتارلىقلار ئىشلىتىلگەن. 7 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا قوچۇ قاتارلىق جايلاردا ھەر خىل مېتال پۇللار بىللە ئىشلىتىلگەن ھەم كۈمۈش پۇللار ئاساسلىق ئورۇندا تۇرغان. كېيىنكى يېرىمىدا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن شىنجاڭنىڭ پۇللىرى ئوخشاش ئىشلىتىلگەن. مۇشۇ چاغلارغا ئائىت ئىز - خارابىلەردىن كەييۈەن تۇڭباۋ يارمىقى، چيەنيۈەن جۇڭباۋ يارمىقى، دالى يۈەنباۋ يارمىقى، جيەنجۇڭ تۇڭباۋ يارمىقى كۆپلەپ بايقالدى. 10 - ئەسىردىن كېيىن سۇڭ، لياۋ، جىن، غەربىي شيا سۇلالىلىرى تىركىشىپ تۇرغان مەزگىلدە شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ پۇللىرى شىنجاڭدا پەيدا بولۇشقا باشلىغان. يۈەن سۇلالىسىنىڭ قەغەز پۇلىمۇ شىنجاڭغا تارقالغان. مىڭ سۇلالىسىنىڭ پۇلى ئاساسلىقى شىنجاڭنىڭ شەرقىي رايونلىرىغا تارقالغان. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە پۇل تۈزۈمى بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ، شىنجاڭدا تىيىزا ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدا قەغەز پۇل ياسالغان. شىمالىي شىنجاڭدا مېتال پۇل قۇيۇلغان.

قەشقەر قەدىمكى يىپەك يولىدىكى مۇھىم ئۆتكەل ھەم سودا مەركەزلىرىنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتىدە، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جاي ـ بوستانلىقلىرىدىكى قەدىمكى شەھەر بەگلىكلىرىگە ئوخشاش سودا ۋە ئىقتىساد ئالماشتۇرۇشتا زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن ھەمدە ھەرقايسى دەۋرلەرگە ماس ھالدا يەرلىك پۇللارنى ۋە قوشنا خانلىق ـ بەگلىكلەرنىڭ پۇللىرىنى، شۇنداقلا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە غەربتىكى ئەللەرنىڭ پۇللىرىنى بىرلىكتە ئوبوروت قىلغان. قەشقەر بوستانلىقىدىكى ھەر خىل قەدىمكى خارابە ـ ئىزلاردىن بۇ دەۋرگە ئائىت ھەر خىل پۇللار كۆپلەپ تېپىلدى ھەم تېپىلىۋاتىدۇ.

قەشقەرنىڭ ئىسلامىيەت دەۋرىدىكى پۇل ماتېرىياللىرى بىرقەدەر كۆپ ھەم ئۆزگىچە، بولۇپمۇ قاراخانىيلار دەۋرىدىكى پۇل ماتېرىياللىرى خانلىق تەۋەسىدىكى ھەرقايسى جايلاردىن كۆپلەپ تېپىلىپ، بۇ دەۋرنىڭ تارىخ ـ مەدەنىيىتىدىكى يېزىق ماتېرىياللىرى جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكلەرنى تۈگىتىپ، ناھايىتى قىممەتلىك ئۇچۇرلار بىلەن تەمىن ئەتتى. شۇڭا، قاراخانىيلار دەۋرىدىكى قەشقەرنىڭ قەدىمكى پۇللىرى بىلەن تونۇشۇش ۋە تەتقىق قىلىش قەشقەرشۇناسلىق تەتقىقاتىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

قاراخانىيلار دەۋرىدە، خاقانلار ئۆز زامانىسىدىكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئۆز ناملىرىدا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، ئەرەب يېزىقى چۈشۈرۈلگەن پۇللارنى سوقتۇرۇپ تارقاتقان. بۇ خىل پۇللار شىنجاڭدىن ۋە قىرغىزىستان، تاجىكىستاندىن كۆپ تېپىلدى. ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، 1980 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، ئاتۇش ناھىيەسىنىڭ سۇنتاغ گۇڭشېسى تەۋەسىدىن دېھقانلار تۇپا كولاۋاتقاندا، 3 مېتىردىن 5 مېتىرغىچە بولغان چوڭقۇرلۇقتىن تەخمىنەن 130 كىلوگىرام پۇل چىققان. مانا بۇ قاراخانىيلار پۇللىرىنىڭ بىر قېتىملىق زور تېپىلىشى ھېسابلىنىدۇ. بۇ پۇللار 1982 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئىنستىتۇتىغا تاپشۇرۇپ بېرىلگەن بولۇپ، بۇ پۇللار توغرىسىدا جياڭ چىڭشياڭ ئەپەندى

«ئاتۇشتىن قېزىۋېلىنغان قاراخانىيلار پۇللىرى توغرىسىدا تەتقىقات» دېگەن تەتقىقات ماقالىسىنى يازغان. بۇ ماقالىدە تونۇشتۇرۇلۇشىچە، شۇ قېتىم قېزىۋېلىنغان پۇللارنىڭ سانى 17 — 18 مىڭ دانىگە يېتىدىكەن. بىراق، ئۇلارنىڭ 90% تىن ئارتۇقىنى ئېغىر دات باسقان. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى خېتىنى تونۇغىلى بولىدىغانلىرىنىڭ 90% تىن ئارتۇقى مۇھەممەد ئارسلانخان (مۇھەممەد بىن يۈسۈپ، مىلادىيە 1056- يىللىرىدىن 1057- يىللىرىغىچە تەختتە ئولتۇرغان) سوقتۇرغان پۇللار بولۇپ، قالغانلىرى سۇلايمان قادىر تاۋغاچ خاقان (سۇلايمان بىن يۈسۈپ، مىلادىيە 1032- يىللىرىدىن 1056- يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) نىڭ (18 دانە) ۋە ئىسمىنى ئېنىق بېكىتىش مۇمكىن بولمىغان يەنە بىر خاقاننىڭ (نەچچە ئون دانە) ئىكەن[①].

1976- يىلى يانۋاردا، مەكىت ناھىيە غازكۆل يېزىسى 18- كەنتتىكى دېھقان نامان مۆمىن قازانكۆل جاڭگىلىغا ئوتۇنغا بېرىپ، بىر قۇم دۆڭنىڭ يېنىدىن يوغان بىر توغراق كۆتىكىنى كولاپ چىقارغاندا، بۇ توغراق كۆتىكى كاۋىكىدىن بىر قىل خورجۇننى تېپىۋالغان. خورجۇن ئىچىدىن تۆت شاھانە تون، ئىككى كۆڭلەك، بىر كىگىز، بەش دانە مىس تەڭگە، بىر دانە ئاتقا بوغۇز بېرىدىغان توغۇر چىققان.

بەش دانە مىس تەڭگە (كېيىملەر بىلەن تېپىلغىنى مۇشۇ بەش تەڭگە بولسىمۇ، كېيىن بايلىق تەمەسىدە بىر قىسىم كىشىلەر شۇ جاينى كولاپ يەنە ئون دانە مىس تەڭگە تاپقان) قېلىن مىستىن ياسالغان بولۇپ، ئۇنىڭ چۆرىسى دېگەندەك سىلىق ئەمەس. مىس تەڭگىلەرنىڭ ھەر ئىككى يۈزىگە خەت ئويۇلغان (قاپارتما قىلىنغان). ئىككى يۈزىدىكى خەت (بەلگە) لەر ئوخشاشمايدۇ. دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈپ

① جاڭ چېشياڭ: «ئاتۇشتىن تېپىلغان قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ پۇلى ھەققىدە تەتقىقات»، (ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تۇنجى قېتىملىق ئىلمىي يىغىنى) «ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» (2- قىسىم)، 1982- يىلى 11- ئاي ئۇيغۇرچە باسمىسى (ئىچكى ماتېرىيال).

كۆرۈشمىزچە، بۇ پۇللار قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ پۇللىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئېنىق يىل - دەۋرى، قايسى خاننىڭ نامىدا قويۇلغانلىقى داۋاملىق تەتقىق قىلىنىۋاتىدۇ.[①]

قىرغىزىستاندىن تېپىلغان قاراخانىيلار پۇلى ھەققىدىكى مەلۇمات «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» (خەنزۇچە) نىڭ 1987 - يىللىق 1 - سانىغا (95 — 102 - بەتلەرگە) بېسىلغان. ئۇنىڭدا يېزىلىشىچە، قىرغىزىستاندىكى بىر قەدىمكى شەھەر خارابىسىدىن 1960 - يىلى ۋە 1976 - يىللىرى ئىككى قېتىمدا 4859 دانە پۇل تېپىلغان (ئۇلارنىڭ زور كۆپ قىسمى ئېغىر دەرىجىدە ئۇپراپ كەتكەن). ئايرىم پۇللاردا ساقلىنىپ قالغان پۇل سوقۇلغان جاي ۋە ۋاقىتنى بىلدۈرىدىغان خەتلەرگە ئاساسەن، شۇنداقلا سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق بېكىتىلگەن 850 دانە پۇلدىن قارىغاندا، ئۇلار ئاساسەن ھىجرىيە 444 — 449 - يىللاردا (مىلادىيە 1073 — 1079 - يىللىرى) بارسخان، مەرغىنان، قۇزئوردۇ (بالاساغۇن)، ئۆزكەنت، خوجەند قاتارلىق جايلاردا سوقۇلغان پۇللار ئىكەن. ھازىر بۇ پۇللار قىرغىزىستان ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىخىي مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

تاجىكىستاندىن تېپىلغان قاراخانىيلار پۇلى مەشھۇر قەدىمكى پۇللار مۇتەخەسسىسى ئې. ئا. داۋىدوۋىچنىڭ 1979 - يىلى موسكۋادا نەشر قىلىنغان «تاجىكىستاندىكى قەدىمكى دەۋر ۋە ئوتتۇرا ئەسىر پۇللىرى قېزىۋېلىنغان ئازگال» دېگەن كىتابىدا تونۇشتۇرۇلغان. بۇ كىتابتا بايان قىلىنىشىچە، لېنىنئاباد شەھىرىنىڭ شۇرائاباد كوچىسىدىكى بىر ئازگالدىن 501 دانە پۇل قېزىۋېلىنغان (ھازىر لېنىنئاباد ئۆلكىلىك تارىخىي مۇزېيىدا ساقلانماقتا). بۇلار 1174 — 1178 - يىللاردا ئۆزكەنتتە سوقتۇرغان پۇللار ئىكەن. پەقەت بىر دانىسىلا سۇلايمان قادىر تاۋغاچ خاقان نامىدىكى پۇل ئىكەن. كىتابتا يەنە ئۆزكەنتتىن باشقا، يەكەن، قەشقەر، بۇخارا، سەمەرقەنت قاتارلىق شەھەرلەردىمۇ پۇل سوقۇلغانلىقى ئېيتىلغان.

---

[①] ئادىل مۇھەممەت تۇران: «مەكىت تارىخ مەدەنىيىتى» (2)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2006 - يىلى 4 - ئاي نەشرى، 863 — 865 - بەتلەر.

قاراخانىيلارنىڭ شىنجاڭنىڭ ئاتۇش، ئۇپال، قەشقەر، مارالبېشى، خوتەن قاتارلىق جايلىرىدىن تېپىلغان پۇللىرى جۇڭگو تارىخىي مۇزېيى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي، شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئىنستىتۇتى، قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى، لۇشۇن مۇزېيى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق بانكىسىنىڭ پۇل مۇئامىلىسى تەتقىقات ئورنى قاتارلىق ئورۇنلاردا ساقلانماقتا. ئۇنىڭدىن باشقا، بەزى شەخسلەرنىڭ قولىدا بىر قىسىم پۇللار بار[1].

تۆۋەندە، قەشقەرنىڭ قاراخانىيلار دەۋرىگە ئائىت ئاتۇشتىن تېپىلغان پۇللار نۇقتىلىق تونۇشتۇرۇلىدۇ.

1980- يىلى 3- ئايدا ئاتۇش ناھىيەسىدە قاراخانىيلار سۇلالىسىغا ئائىت نۇرغۇنلىغان مېتال پۇلنىڭ بىر قېتىمدىلا تېپىلىشى، شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە خىزمىتىدە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇھىم نەتىجە ھېسابلىنىدۇ. بۇ پۇللار قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ تارىخىي ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، بولۇپمۇ ئەينى زاماندا قەشقەرنى مەركەز قىلغان شەرقىي قىسىم قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشتا تېخىمۇ ئالاھىدە قىممەتكە ئىگە بولۇپ، ئىنتايىن قىممەتلىك ماددىي تارىخىي ماتېرىيالدۇر.

ئىلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىدىن بۇ خىل پۇللار دائىم تېپىلىپ تۇرىدۇ. ئازادلىقتىن بۇيان ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ قەشقەر، توققۇزاق ناھىيەسىنىڭ ئۇپال يېزىسى ۋە مەكىت، گۇما قاتارلىق جايلاردىنمۇ تېپىلغانىدى. ئاتۇشتىن تېپىلغىنى ئەڭ كۆپ، جەمئىي 130 كىلو- گىرام ئەتراپىدا، 17 — 18 مىڭ دانىگە يېتىدۇ، ئۇنى شۇ جايدىكى ئۇيغۇر گۆڭچى ئەزالىرى ئەمگەك قىلىۋاتقاندا ئۇچراتقان. ئەھۋال مۇنداق:

---

① مۇھەممەت يۇسۇپ: «شىنجاڭ تارىخىدىكى پۇللار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993- يىلى 1- ئاي نەشرى، 9- ، 10- بەتلەر.

1980- يىلى 3- ئايدا، ئاتۇش ناھىيە سۇنتاغ گۇڭشې تۆكۈل دادۈي 12- ئىشلەپچىقىرىش دۈيى شۇ يەردە خومدان سالغان بولۇپ، ئۇيغۇر گۇڭشې ئەزالىرى يەرنى قېزىپ، 3 — 5 مېتىر چوڭقۇرلۇقتا يەتكەندە بۇ پۇللارنى ئۇچراتقان. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، بۇلار قېزىپ چىقىلغاندىن كېيىن ئوبدان ساقلانمىغاچقا، ئازراق بىر قىسمى چېچىلىپ قالغان. كېيىن 130 كىلوگىرامنى ناھىيەلىك سودا تارماقلىرىغا سېتىپ بەرگەن، ئۇنى كېيىن قىزىلسۇ ئوبلاستلىق پەن - تېخنىكا كومىتېتى سېتىۋېلىپ ساقلىغان، ئۆتكەن يىلى 9- ئاينىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئىنستىتۇتىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن[①].

ئاتۇشتىن تېپىلغان بۇ پۇللار ھەققىدە بىرقەدەر سىستېمىلىق ھەم چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بارغان كىشى شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق- ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى، پۇلشۇناس مەرھۇم ئۇستاز جاڭ چېشياڭ ئەپەندى بولۇپ، تۆۋەندە جاڭ چېشياڭ ئەپەندىنىڭ ئاتۇشتىن تېپىلغان قاراخانىيلار دەۋرىگە ئائىت پۇللار ھەققىدىكى تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات نەتىجىلىرى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلىدۇ.

بۇ پۇللار ئاساسەن مىستىن ياسالغان[②]. بىز بۇلاردىن خېتى تامامەن ئۆچۈپ تۈزلىنىپ كەتكەن توققۇز دانە مېتال پۇلنى تاللاپ، ئاپتونوم رايونلۇق مېتاللورگىيە تەتقىقات ئورنىغا ئەۋەتىپ بەردۇق، ئۇلار يېرىم مىقدار بويىچە تەھلىل قىلىپ، بۇ پۇللارنىڭ تەركىبىدە ئاساسلىقى مىس، يەنە كۆپ مىقداردا قوغۇشۇن، ئۇندىن قالسا قەلەي، سۇرمە بار، يەنە ئاز مىقداردا تۆمۈر، ئاليومىن، سىنك بار دەپ خۇلاسىلىدى.

---

①، ② جاڭ چېشياڭ: «ئاتۇشتىن تېپىلغان قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ پۇلى ھەققىدە تەتقىقات»، (ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تۈنجى قېتىملىق ئىلمىي يىغىنى) «ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» (2- قىسىم). 1982- يىلى 11- ئاي ئۇيغۇرچە باسمىسى (ئىچكى ماتېرىيال)، 1038- ، 1041- بەتلەر.

پۇل ياساش ئۇسۇلى ئېلىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى پۇل ياساش ئۇسۇلىدىن پەرقلىق بولۇپ، ئۇلار قۇيۇپ ياسالغانمۇ ئەمەس، ئويۇپ ياسالغانمۇ ئەمەس، بەلكى سوقۇپ ياسالغان. بۇ يۇنانلىقلارنىڭ ئەنئەنىۋى پۇل ياساش ئۇسۇلى بولۇپ، ئۇنىڭغا ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار ۋارىسلىق قىلغان. شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىلا ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىدىكى خوتەن پۇلى ئەنە شۇنداق ئۇسۇلدا سوقۇپ ياسالغان. قاراخانىيلار سۇلالىسى بۇ ئۇسۇلنى داۋاملىق قوللانغان.

مىتال پۇلدىكى خەتلەرنى مۇناسىۋەتلىك ئالىملىرىمىزنىڭ باھالاپ بېرىشىچە، مىتال پۇلدىكى خەتلەرنى ئاساسەن تونۇغىلى بولىدىكەن. ئۇلار قەدىمكى ئەرەب يېزىقىنىڭ خەتتى كۇفى شەكلىگە مەنسۇپ ئىكەن. مىتال پۇللارنىڭ شەكىل ئالاھىدىلىكى ۋە خەتلىرىنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن، بىز ئۇلارنى دەسلەپكى قەدەمدە تۆت چوڭ تۈرگە ئايرىپ چىقتۇق:

بىرىنچى تۈردىكىلىرى، ئۇلارنىڭ 90% تىن كۆپرەكىدە «ئارسلانخان» دېگەن نام بولۇپ، ئۇلار مۇھەممەت تەختتىكى چاغدا ياسالغان. ئۇلاردىن كۆپ قىسمى ئۇپراپ، داتلىشىپ چىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن قالدۇق خەت ئىزلىرىدىن ئۇلارنىڭمۇ شۇ تۈرگە مەنسۇپ كەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. دەسلەپكى قەدەمدە تەتقىق قىلىشىمىزچە، ۇللارنى «مۇھەممەت ئارسلانخان» بۇرۇن بۇغراخان دەپ ئاتالغان ىممەت بىن يۇسۇپ ئۆز ئاكىسى سۇلايمان ئارسلانخاننى مەغلۇپ سىپ، ھىجرىيە 448- يىلى (مىلادىيە 1056 — 1057- يىللىرى) چوڭ خاقان (ئارسلانخان) لىق تەختكە چىققاندىن كېيىن سوقتۇرغانلىقى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن.

يېقىنقى زامان كىشىلىرىنىڭ تەتقىق قىلىشىچە، مۇھەممەت خوتەندىكى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ھاكىمىيەتكە قارىتا ئاتالمىش «غازات» ئېلىپ بارغان مەشھۇر يۇسۇپ قادىرخاننىڭ كىچىك ئوغلى يەنى «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ ئاپتورى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ بوۋىسى ئىكەنلىكى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن.

ئىككىنچى تۈردىكىلىرى، «ئاللاغا تېۋىنغۇچى ۋە سۆيۈنگۈچى ناسىر

ئوغلى» دېگەن خەت بار پۇللار. «ناسىرنىڭ ئوغلى» دېگەن بۇ ئىسىم تۇغرىسىدا ھازىرغىچە بىر نېمە دەپ ھۆكۈم قىلغىلى بولمايدۇ. بۇ تۈردىكى پۇللارنىڭ شەكىل ئالاھىدىلىكى بىرىنچى تۈردىكى پۇللاردىن پەرقلىنىدۇ، پۇلنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى خەتتىن باشقا، قىرغاقلىرىدىكى چەمبىرەك ئىچىدىمۇ خەت ئىزى بار، ئۇ پۇلنىڭ سوقۇلغان يىلى ۋە ئورنى بولۇشى كېرەك. ئەپسۇسكى، بۇ خىل نەچچە ئون دانە مىتال پۇلنىڭ چۆرىسىدىكى چەمبىرەك سىزىق ئېغىر دەرىجىدە ئۇپراپ ئۆچۈپ كەتكەن، خەتلىرىمۇ تولۇق ئەمەس، ITA1980 نومۇرلۇق پۇلنىڭ چۆرىسىدىكى «كاشغەر» دېگەن خەتتىنلا بۇ پۇلنىڭ ياسالغان ئورنىنى بىلگىلى بولىدۇ. يىل - دەۋرىنى بىلگىلى بولمىسىمۇ. لېكىن خەت شەكلى ۋە پۇلنىڭ شەكىل ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا، بۇنىڭ يىل-دەۋرى بۇرۇنراق بولسا كېرەك.

بۇ تۈردىكى مىتال پۇللارنىڭ شەكىل ئالاھىدىلىكى تىپىك «درخىم» كۈمۈش پۇل شەكلىگە مەنسۇپ بولۇپ، چەت ئەللەر (ئاساسەن سوۋېت ئىتتىپاقى) دە ئېلان قىلىنغان قاراخانىيلار دەۋرىگە ئائىت پۇللار ئىچىدە دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغان ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە پۇللاردۇر.

ئۈچىنچى تۈردىكىلىرىدە «تاۋغاچ خاقان» دېگەن خەت بولۇپ، بۇلاردىن بۇ خەتلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدىغانلىرى 18 دىن ئارتۇق.

تۆتىنچى تۈردىكىلىرى ۋە باشقىلار، بۇلاردىن بەزىلىرىنىڭ خەتلىرىنى تونۇش قىيىن (چۈنكى خەت ئىزلىرى تۇتۇق ۋە تولۇق ئەمەس)، بەزىلىرىدە پەقەت نەقىش نۇسخىلىرىلا ساقلىنىپ قالغان.

ئۇنىڭدىن باشقا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بۇ پۇللار تېپىلغان ئازگالدىن يەنە ئاز ساندا شىمالىي سۇڭ خاندانلىقى دەۋرىدە قويۇلغان تۆۋەندىكى مىتال پۇللارمۇ تېپىلدى:

جىڭدې يۈەنباۋ پۇلى (مىلادىيە 1004 — 1007- يىللار)؛
تيەنشېڭ يۈەنباۋ پۇلى (مىلادىيە 1023- يىلى)؛
خۇاڭسۇڭ تۇڭباۋ پۇلى (مىلادىيە 1036- يىللار)؛
شىنىڭ يۈەنباۋ پۇلى (مىلادىيە 1068 — 1077- يىللار)؛

يۇەنفېڭ يۇەنباۋ پۇلى (1078 — 1085- يىللار)؛
جېڭخې تۇڭباۋ پۇلى (مىلادىيە 1111 — 1117- يىللار).
بۇلارنىڭ سانى كۆپ ئەمەس، جەمئىي توققۇز دانىلا بولسىمۇ، لېكىن ناھايىتى مۇھىم. ئۇلار شىمالىي سۇڭ خاندانلىقى بىلەن قاراخانىيلار ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى قويۇق سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ئالاقىنىڭ بولغانلىقىنى ئىسپاتلاش بىلەنلا قالماستىن، بۇ پۇللارنىڭ كۆمۈلگەن يىل - دەۋرىنى بېكىتىشىمىزگىمۇ ياردەم بېرىدۇ.
بۇ پۇللار ئۈستىدە تەتقىقات ھېلىمۇ داۋاملىشىۋاتىدۇ. تۆۋەندە «تاۋغاچ خاقان» دېگەن خەت بار مىتال پۇللاردىن 18 نى كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ شەكىل ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇنىڭدىكى خەتنىڭ مەزمۇنى ئۈستىدە ئىزاھات بېرىپ ئۆتىمەكچىمىز.
بىرىنچى، پۇللارنىڭ شەكىل ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇنىڭدىكى خەتلەرنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن، يەتتە خىل تىپقا ئايرىلىدۇ.
1- تىپتىكىسى: بىر دانە.
8TA1980، ئېغىرلىقى 5.05 گىرام، دىيامېتىرى 27 مىللىمېتىر.

| ئالدى يۈزى: | ئارقا يۈزى: |
|---|---|
| ................ | مىلاز |
| ............... | المسلمين |
| طمغاج | سليمان قدر |
| ............ | طمغاج |
| | خاقان |

ئالدى يۈزىدە: «.......... تاۋغاچ پۇلى» دېگەن خەتلەر بار.
ئارقا يۈزىدە: «مۇسۇلمانلارنىڭ ئىگىسى، سۇلايمان قەدىر تاۋغاچ خاقان» دېگەن خەتلەر بار.
ئالدى يۈزىنىڭ چۆرىسىدە ئىككى قۇر چەمبىرەك سىزىق بار. سىرتقى چەمبىرەك سىزىقنىڭ كۆپ قىسمى ئۇپراپ كەتكەن، قىرىدا كېسىۋېتىلگەن ۋە يېرىلغان ئالامەتلەر بار. مەركىزىي قىسمىدا خەت بولۇپ، يۇقىرى تەرىپىدە 2- ۋە 3- قۇردىكى خەتلەرنىڭ ئاخىرىسى

ئېنىق ئەمەس، ئەڭ ئاخىرقى بىر قۇر خەتنى پەرق ئەتكىلى بولمايدۇ. ساقلىنىپ قالغان خەت ئىزى توغرىسىدا ئالىملار ئارىسىدا ئىككى خىل پىكىر بار: بىر خىل پىكىردىكىلەر، «پۇل»نى ھازىرقى ئەرەبچىدە (مرۆج) دەپمۇ يېزىشقا بولىدۇ. ئۇ «تارقىلىش، ئالماشتۇرۇش» دېگەن مەنىدە بولۇپ، خەنزۇچىدە «تۇڭباۋ» (پۇل) دەپ تەرجىمە قىلىشقا بولىدۇ، دەيدۇ؛ يەنە بىر خىل پىكىردىكىلەر، ئۇنى «خاقان» دېگەن خەت دېيىشىدۇ، ئارقا يۈزىدىكى «تاۋغاچ خاقان» دېگەن خەتنى تەھقىقلەشتۈرۈشكە بولغاچقا، خاقان دېگەن سۆزنىڭ ھەر ئىككى تەرەپتە بولۇشى ھاجەتسىز بولسا كېرەك. شۇڭا ئۇ خەتنى «پۇل» دېگۈچىلەر- نىڭ ئاساسى بار، لېكىن «خاقان» دېگۈچىلەرنىڭ قارىشىنىمۇ ئىنكار قىلىۋېتىشكە بولمايدۇ. چۈنكى پۇلنىڭ ئۈستىدىكى خەتنىڭ شەكلى زور دەرىجىدە ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەڭ ئاخىرقى بىر خەت پەرق ئەتكۈسىز بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، قايسى پىكىرنىڭ تېخىمۇ توغرا ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش قىيىن. بۇنى داۋاملىق دەلىللەشكە توغرا كېلىدۇ.

ئارقا يۈزىنىڭ چۆرىسىدىكى چەمبىرەك ئىچىدە سەككىز بۇرجەكلىك نەقىش نۇسخىسى بولۇپ، سەككىز بۇرجەك بىلەن چەمبىرەك ئارىلىقىغا رەسىم چىقىرىلغان، مەركىزىي قىسمى ئۆپراپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ خېتىنى ئاساسەن پەرق ئەتكىلى بولىدۇ. ئارقا يۈزىدىكى خەتلەرنىڭ ئۈچىنچى قۇرىنىڭ بېشىدا «سۇلايمان» دېگەن خەت بار. ئالىملار ئارىسىدا بۇ ھەقتىمۇ ئوخشاشمىغان قاراشلار بار. ئىككىنچى خىل پىكىردىكىلەر ئۇنى «سۇلتان» دېگەن خەت دېيىشىدۇ. كونكرېت سەۋەبى 10TA ۋە 11TA نى تونۇشتۇرغاندا ئىزاھلىنىدۇ، چۈنكى ئۇ ئىككى پۇلنىڭ خەتلىرى بىرقەدەر تولۇق ھەم ئوچۇق.

18 دانە پۇلنىڭ ھەممىسىدە ئۇنىڭ ياسالغان يىل - دەۋرى ۋە ئورنى كۆرسىتىلمىگەن، بۇنىڭ تەتقىقات خىزمىتىمىزگە مەلۇم قىيىنچىلىقلارنى كەلتۈرۈشى تەبىئىي. لېكىن، بۇمۇ كىشىلەرگە ئىلھام بېرىدۇ. بۇ، شەرقىي قىسىم قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ 11- ئەسىر ئوتتۇرىلىرىنىڭ پۇل ياساش جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىدىن بولۇشى

يۇەنفېڭ يۇەنباۋ پۇلى (1078 — 1085 ـ يىللار)؛

جېڭخې تۇڭباۋ پۇلى (مىلادىيە 1111 — 1117 ـ يىللار).

بۇلارنىڭ سانى كۆپ ئەمەس، جەمئىي توققۇز دانىلا بولسىمۇ، لېكىن ناھايىتى مۇھىم، ئۇلار شىمالىي سۇڭ خاندانلىقى بىلەن قاراخانىيلار ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى قويۇق سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ئالاقىنىڭ بولغانلىقىنى ئىسپاتلاش بىلەنلا قالماستىن، بۇ پۇللارنىڭ كۆمۈلگەن يىل ـ دەۋرىنى بېكىتىشىمىزگىمۇ ياردەم بېرىدۇ.

بۇ پۇللار ئۈستىدە تەتقىقات ھېلىمۇ داۋاملىشىۋاتىدۇ. تۆۋەندە «تاۋغاچ خاقان» دېگەن خەت بار مېتال پۇللاردىن 18 نى كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ شەكىل ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇنىڭدىكى خەتنىڭ مەزمۇنى ئۈستىدە ئىزاھات بېرىپ ئۆتىمەكچىمىز.

بىرىنچى، پۇللارنىڭ شەكىل ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇنىڭدىكى خەتلەرنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن، يەتتە خىل تىپقا ئايرىلىدۇ.

1 ـ تىپتىكىسى: بىر دانە.

8TA1980، ئېغىرلىقى 5.05 گىرام، دىيامېتىرى 27 مىللىمېتىر.

| ئالدى يۈزى: | ئارقا يۈزى: |
|---|---|
| ............... | ملاز |
| ............... | المسلمىن |
| طمغاج | سلىمان قدر |
| ............ | طمغاج |
| | خاقان |

ئالدى يۈزىدە: «........... تاۋغاچ پۇلى» دېگەن خەتلەر بار.

ئارقا يۈزىدە: «مۇسۇلمانلارنىڭ ئىگىسى، سۇلايمان قدر تاۋغاچ خاقان» دېگەن خەتلەر بار.

ئالدى يۈزىنىڭ چۆرىسىدە ئىككى قۇر چەمبىرەك سىزىق بار. سىرتقى چەمبىرەك سىزىقنىڭ كۆپ قىسمى ئۇپراپ كەتكەن، قىرىدا كېسىۋېتىلگەن ۋە يېرىلغان ئالامەتلەر بار. مەركىزىي قىسمىدا خەت بولۇپ، يۇقىرى تەرىپىدە 2 ـ ۋە 3 ـ قۇردىكى خەتلەرنىڭ ئاخىرىسى

ئېنىق ئەمەس، ئەڭ ئاخىرقى بىر قۇر خەتنى پەرق ئەتكىلى بولمايدۇ. ساقلىنىپ قالغان خەت ئىزى توغرىسىدا ئالىملار ئارىسىدا ئىككى خىل پىكىر بار: بىر خىل پىكىردىكىلەر، «پۇل»نى ھازىرقى ئەرەبچىدە (مرۆج) دەپمۇ يېزىشقا بولىدۇ. ئۇ «تارقىلىش، ئالماشتۇرۇش» دېگەن مەنىدە بولۇپ، خەنزۇچىدە «تۇڭباۋ» (پۇل) دەپ تەرجىمە قىلىشقا بولىدۇ، دەيدۇ؛ يەنە بىر خىل پىكىردىكىلەر، ئۇنى «خاقان» دېگەن خەت دېيىشىدۇ. ئارقا يۈزىدىكى «تاۋغاچ خاقان» دېگەن خەتنى تەھقىقلەشتۈرۈشكە بولغاچقا، خاقان دېگەن سۆزنىڭ ھەر ئىككى تەرەپتە بولۇشى ھاجەتسىز بولسا كېرەك. شۇڭا ئۇ خەتنى «پۇل» دېگۈچىلەرنىڭ ئاساسى بار. لېكىن «خاقان» دېگۈچىلەرنىڭ قارىشىنىمۇ ئىنكار قىلىۋېتىشكە بولمايدۇ، چۈنكى پۇلنىڭ ئۈستىدىكى خەتنىڭ شەكلى زور دەرىجىدە ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەڭ ئاخىرقى بىر خەت پەرق ئەتكۈسىز بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، قايسى پىكىرنىڭ تېخىمۇ توغرا ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش قىيىن، بۇنى داۋاملىق دەلىللەشكە توغرا كېلىدۇ.

ئارقا يۈزىنىڭ چۆرىسىدىكى چەمبىرەك ئىچىدە سەككىز بۇرجەكلىك نەقىش نۇسخىسى بولۇپ، سەككىز بۇرجەك بىلەن چەمبىرەك ئارىلىقىغا رەسىم چىقىرىلغان، مەركىزىي قىسمى ئۆپراپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ خېتىنى ئاساسەن پەرق ئەتكىلى بولىدۇ. ئارقا يۈزىدىكى خەتلەرنىڭ ئۈچىنچى قۇرىنىڭ بېشىدا «سۇلايمان» دېگەن خەت بار. ئالىملار ئارىسىدا بۇ ھەقتىمۇ ئوخشاشمىغان قاراشلار بار. ئىككىنچى خىل پىكىردىكىلەر ئۇنى «سۇلتان» دېگەن خەت دېيىشىدۇ. كونكرېت سەۋەبى 10TA ۋە 11TA نى تونۇشتۇرغاندا ئىزاھلىنىدۇ، چۈنكى ئۇ ئىككى پۇلنىڭ خەتلىرى بىرقەدەر تولۇق ھەم ئوچۇق.

18 دانە پۇلنىڭ ھەممىسىدە ئۇنىڭ ياسالغان يىل - دەۋرى ۋە ئورنى كۆرسىتىلمىگەن. بۇنىڭ تەتقىقات خىزمىتىمىزگە مەلۇم قىيىنچىلىقلارنى كەلتۈرۈشى تەبىئىي. لېكىن، بۇمۇ كىشىلەرگە ئىلھام بېرىدۇ. بۇ، شەرقىي قىسىم قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ 11- ئەسىر ئوتتۇرىلىرىنىڭ پۇل ياساش جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىدىن بولۇشى

پاكى مۇشۇ خىلدىكى مىس پۇللارنى ياساش ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن.

2 ـ تىپ: بۇ، بەش دانە مېتال پۇلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

9TA1980، ئېغىرلىقى 4.95 گىرام، دىيامېتىرى 31 مىللىمېتىر.

| ئالدى يۈزى: | ئارقا يۈزى: |
|---|---|
| لااله‌الا | ملاز |
| الله‌وحده | المسلمين |
| | سليمان قدر |
| محمدرسول | طمغاج |
| الله | خاقان |

ئالدى يۈزىدە: «ئاللادىن باشقا خۇدا يوقتۇر، مۇھەممەد ئۇنىڭ ئەلچىسىدۇر» دېگەن خەتلەر بار.

ئارقا يۈزىدە: «مۇسۇلمانلارنىڭ ئىگىسى، سۇلايمان قىدىر تاۋغاچ خاقان» دېگەن خەتلەر بار.

ئالدى يۈزىدىكى خەتنىڭ مەزمۇنىدا ئىسلام دىنىغا بولغان ئەقىدە ئىپادىلەنگەن. قاراخانىيلار پۇللىرىنىڭ ھەممىسىدە مۇشۇنداق ئىپادىلەر بار.

بۇ پۇلنىڭ شەكىل ئالاھىدىلىكى چوڭ ھەم نېپىز، 18 دانە پۇلنىڭ ئىچىدە دىيامېتىرى 31 مىللىمېتىرگە يېتىدىغانلىرىدىن پەقەت ئىككىسىلا بار، لېكىن ئېغىرلىقى ئادەتتىكىچە. ئۇنىڭ تەخمىنەن 1/5 قىسمى كېسىۋېتىلگەن، كېسىلگەن يېرى ئۈچ بۇرجەك كەمتۈككە ئوخشاپ قالغان، ئىككىلا يۈزىنىڭ چۆرىسىگە ئىككى قۇر چەمبىرەك سىزىق چۈشۈرۈلگەن، ئىككى سىزىقنىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن 4 مىللىمېتىر كېلىدۇ، چەمبىرەك ئىچىگە يۇملاق چېكىتلەر نەقىش قىلىنغان، مەركىزى قىسمىدا خەت بولۇپ، ئوقۇغىلى بولىدۇ. خەت شەكلى 8TA نىڭكىدىن ئازراق پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن، «طمغاج» نىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر ھەرپى بولغان «ج» نىڭ چېكىتى ئورنىغا كىچىك دۈگىلەك ئىشلىتىلگەن، باشقا پۇللارغا بولسا كىچىك چېكىت سوقۇپ چىقىرىلغان.

10TA1980، ئېغىرلىقى 6.8 گىرام، دىيامېتىرى 26 مىللىمېتىر.

| ئالدى يۈزى: | ئارقا يۈزى: |
| --- | --- |
| لااله‌الا | ملاز |
| الله‌وحده | المسلمين |
| لاشريك له | سليمان قدر |
| محمدرسول | طمغاج |
| (الله) | خاقان |

ئالدى يۈزىدە: «لائىلاهە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدەن رەسۇلىللا» («ئاللادىن باشقا خۇدا يوقتۇر، مۇھەممەد ئۇنىڭ ئەلچىسىدۇر») دېگەن خەتلەر بار.

ئارقا يۈزىدە: «مۇسۇلمانلارنىڭ ئىگىسى، سۇلايمان قدر، تاۋغاچ خاقان» دېگەن خەتلەر بار.

پۇل ئاساسەن ياخشى ساقلانغان، چۆرىلىرى يېرىلغان، چۆرىسىدىكى چەمبىرەك سىزىقنىڭ كۆپ قىسمى ئۇپراپ كەتكەن، ئىككى يۈزىدىكى خەتلەر ئاساسىي جەھەتتىن ئوچۇق بولۇپ، ئوقۇغىلى بولىدۇ، پەقەت ئوڭ يېرىمىدىكى خەتلەر بىر ئاز تۇتۇق، لېكىن ئۇ 11TA بىلەن شەكىل جەھەتتىن ئاساسەن ئوخشاش، بۇلارنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئىسپاتلاش ئۇسۇلى بىلەن پۈتۈن خەتلەرنى تولۇق ئوقۇپ چىققىلى بولىدۇ.

11TA1980، ئېغىرلىقى 5.6 گىرام، دىيامېتىرى 26 مىللىمېتىر.

| ئالدى يۈزى: | ئارقا يۈزى: |
| --- | --- |
| لااله‌الا | ملاز |
| الله‌وحده | المسلمين |
| لاشريك له | سليمان قدر |
| محمدرسول | طمغاج |
| الله | خاقان |

ئالدى يۈزىدە: «ئاللادىن باشقا خۇدا يوقتۇر، مۇھەممەد ئۇنىڭ ئەلچىسىدۇر» دېگەن خەتلەر بار.

ئارقا يۈزىدە: «مۇسۇلمانلارنىڭ ئىگىسى، سۇلايمان قىدىر، تاۋغاچ خاقان» دېگەن خەتلەر بار.

بۇ پۇلنىڭ ئالدى يۈزىنىڭ سول قىرغىقىدا ۋە تۆۋەن قىسمىدا كەمتۈك يېرى بار. يەنە بىرقانچە يېرى يېرىلىپ كەتكەن، چۆرىلىرىدە ئاران بىر قۇر چەمبىرەك سىزىقىنىڭ ئىزى قالغان. ئىككىلا تەرەپنىڭ خەتلىرى تولۇق، بولۇپمۇ ئالدى يۈزىنىڭ تېخىمۇ ئوچۇق. ئارقا يۈزىنىڭ ئۈپرىشى بىرقەدەر ئېغىرراق بولسىمۇ، لېكىن خەتلىرىنى ئوقۇغىلى بولىدۇ.

پۇلنىڭ شەكلى ۋە خېتى 10TA نىڭكى بىلەن ئاساسەن ئوخشايدۇ، لېكىن خەتنىڭ گەۋدىسى ئازراق پەرقلىنىدۇ، 11TA نىڭ خەتلىرى ئۇزۇنچاقراق، 10TA نىڭ بولسا تومراق. شۇڭا ئېيتىمىزكى، بۇ ئىككى دانە پۇلنىڭ ياسالغان يىلى ئوخشاش بولماسلىقى ياكى قېلىپى بىر بولماسلىقى مۇمكىن.

11TA بىلەن 10TA نىڭ خەتلىرى بىرقەدەر تولۇق ھەم ئوچۇق بولۇپ، ئوقۇغىلى بولغانلىقتىن، تۆۋەندە ئۇلارنى نۇقتا قىلغان ھالدا، ئۇلارنىڭ ئارقا يۈزىدىكى 3- قۇرنىڭ بىرىنچى خېتى نېمە ئۈچۈن «سۇلتان» بولماستىن، «سۇلايمان» بولىدىغانلىقى ھەققىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بارماقچى.

بۇ خەتنى قانداق ئوقۇشتىكى مۇھىم نۇقتا ئەڭ ئاخىرقى ھەرپنىڭ قانداق ئوقۇلىدىغانلىقىدا، ئەگەر ئاخىرقى بىر ھەرپى «م» بولىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا ئۇ سۆزنى «سۇلايمان» دەپ ئوقۇشقا بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ھەرپ «ت» بولىدىغان بولسا، ئۇنى «سۇلتان» دەپ ئوقۇش كېرەك. ئاپتور بۇ ئىككى خىل پىكىرنى ئەستايىدىل ئويلىشىپ كۆرۈش ئارقىلىق، مۇناسىۋەتلىك يولداشلار قايتا - قايتا مەسلىھەتلىشىش نەتىجىسىدە، ئۇنى «سۇلايمان» دەپ ئوقۇش مۇۋاپىقكەن دەپ قارالدى. بۇنىڭ سەۋەبى مۇنداق:

ئالدى بىلەن خەتنىڭ شەكلى بويىچە 11TA نى مىسال قىلساق، ئۇنىڭ 2- قۇردىكى «المسلمين» نىڭ «م» ھەرپى بىلەن «سلمان» نىڭ «م» ھەرپى تامامەن ئوخشاش، يەنە ئالدى يۈزىنىڭ

4- قۇرىدىكى بىرىنچى سۆز — «محمد» نىڭ 3- ھەرپى «م» نىڭ
يېزىلىشمۇ تامامەن ئوخشاش بولۇپ، خۇددى بىر قېلىپتا قۇيۇلغاندەك.
بۇنىڭدىن كۆرەلەيمىزكى، بۇ ھەرپ سۆزنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ
(ئەرەب، پارس تىللىرىدا بىر ھەرپنىڭ سۆز بېشىدىكى شەكلى بىلەن
سۆز ئوتتۇرىسىدىكى شەكلى زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ). يېزىلىشى
ئوخشاش، شۇڭا ئۇنى «م» دەپ ئوقۇساق، ئەلۋەتتە مەسىلە بولماسلىقى
مۇمكىن. 18 دانە پۇلنىڭ ئارىسىدا خەتلىرى ئوچۇق، شەكلى ئوخشاپ
كېتىدىغانلىرىدىن يەنە 44TA كە ئوخشاشلىرىمۇ بار. ئۇلارنىڭ
ئەھۋالىمۇ ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئۇلارنى سېلىشتۇرۇپ پايدىلىنىشقا بولىدۇ.
ئۇنىڭدىن قالسا، يازما ھۆججەتلەردىن قارىغىنىمىزدىمۇ،
قاراخانىيلار دەۋرىدىكى «خاقان» لاردىن «سۇلتان» دېگەن ئۇنۋانى
قوللانغانلىرى كۆپ ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىرغىچە ئۇچراتقان
ماتېرىياللاردا «قدر» ئاتلىق خاقاننىڭ «سۇلتان» دېگەن ئۇنۋانى
قوللانغانلىقىنى كۆرمىدۇق، «سۇلايمان» بىلەن «قدر» نى قوشۇپ،
ئۇنى شۇ چاغدىكى خاقاننىڭ ئىسمى دەپ ئويلاشساق، ئۇ چاغدا بىز
ئەقىلگە مۇۋاپىق چۈشەنچىگە ئىگە بولالايمىز. بۇ يەردە تىلغا
ئېلىنىۋاتقان «سۇلايمان قدر» كىم؟ بۇ ھەقتە يەنە كونكرېت توختىلىشقا
توغرا كېلىدۇ.
44TA 1980، ئېغىرلىقى 5.6 گىرام، دىيامېتىرى 26 مىللىمېتىر.

| ئالدى يۈزى: | ئارقا يۈزى: |
|---|---|
| لااله الا | ملاز |
| الله وحده | المسلمين |
| لاشريك له | سلمان قدر |
| محمد رسول | طمغاجا |
| الله | (خاقان) |

ئالدى يۈزىدە: «ئاللادىن باشقا خۇدا يوقتۇر، مۇھەممەد ئۇنىڭ
ئەلچىسىدۇر» دېگەن خەتلەر بار.
بۇ پۇلنىڭ شەكلىمۇ رەتسىز، خەتنىڭ مەزمۇنى 10TA ۋە

11TA نىڭكى بىلەن ئوخشاش، لېكىن خەت گەۋدىسىدە پەرق بار، مەزمۇنى ئاساسەن تولۇق، ئايرىم جايلىرى بەكرەك ئۇپراپ كەتكەن. مەسىلەن، «طمغاجا» (تاۋغاچ) دېگەن سۆزنىڭ 1- ھەرپى «ط» يوقاپ كەتكەن، ئاخىرقى قۇردىكى «خاقان» دېگەن سۆزمۇ سۈركىلىپ تۈزلىنىپ كەتكەن.

96TA 1980، ئېغىرلىقى 7.65 گىرام، دىيامېتىرى 27 مىللىمېتىر.

| ئالدى يۈزى: | ئارقا يۈزى: |
| --- | --- |
| ........... | ملاز |
| ........... | المسلمين |
| | سلمان قدر |
| | طمغاجا |
| | خاقان |

ئالدى يۈزىدە:............

ئارقا يۈزىدە: «مۇسۇلمانلارنىڭ ئىگىسى، سۇلايمان قدر، تاۋغاچ خاقان» دېگەن خەتلەر بار.

بۇ پۇلنىڭ ئالاھىدىلىكى قېلىن، يۇقىرى ۋە تۆۋەن قىسمىدا كېسىلگەن ئىز بار، شۇڭا ناھايىتىمۇ رەتسىز. ئالدى يۈزىدىكى خەتلەر تامامەن تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەن، ئارقا يۈزىنىڭ چۆرىسىگە چىقىرىلغان چەمبىرەك سىزىقىنىڭ كۆپ قىسمى ئۇپراپ كەتكەن، لېكىن چەمبىرەك ئىچىدىكى سەككىز بۇرجەك ساقلىنىپ قالغان، سەككىز بۇرجەك بىلەن سىرتقى چەمبىرەك ئارىلىقىدا رەسىم نۇسخىلىرى بار، مەركىزى قىسمى ئۇپرىغان بولسىمۇ، لېكىن خېتىنى تونىغىلى بولىدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان 2- تىپتىكى بەش دانە پۇلنىڭ ئۈستىدىكى خەتلەرنىڭ مەزمۇنى ئوخشاش، بىرقەدەر ياخشى ساقلانغان. 9TA ئازراق پۇچۇلغان بولسىمۇ، لېكىن كەم خەتلىرىنى باش - ئايىغىدىكى خەتلەرگە ئاساسەن تولۇقلاپ ئوقۇغىلى بولىدۇ. بۇ بەش دانە پۇلنىڭ شەكىل ئالاھىدىلىكى ۋە خەتلىرىنىڭ گەۋدىسىنى سىنچىلاپ كۆزەتسەك، ئۇلارنى يەنە ئۈچ خىلغا ئايرىش مۇمكىن.

1) 9TA نېپىز ھەم چوڭ، ھەرپىلىرنىڭ بەزىلىرىگە چېكىت ئورنىغا كىچىك دۈگىلەك ( ە ) ئىشلىتىلگەن.
2) 10TA ۋە 11TA نىڭ خەت شەكلى بىر - بىرىگە تېخىمۇ يېقىن.
3) 96TA نىڭ ئالاھىدىلىكى قېلىن، ئارقا يۈزىدە سەككىز بۇرجەكلىك نەقىش نۇسخا بار.

بۇ بەش دانە مېتال پۇل ئوخشاش بولمىغان ئۈچ يىل - دەۋردە سوقۇپ ياسالغان بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن، لېكىن ئۇلارنىڭ قېلىپى ئۈچ خىل ئەمەس، بەلكى بەش خىل بولۇشى مۇمكىن.

3- تىپ:

12TA1980، ئېغىرلىقى 3.75 گىرام، دىيامېتىرى 28 مىللىمېتىر.

| ئالدى يۈزى: | ئارقا يۈزى: |
|---|---|
| ......للەلا | ملاز |
| اللەۋحده | المسلمىن |
| .......شريك | سلىمان قدر |
| | طمغاجا |

ئالدى يۈزىدە: «ئاللادىن باشقا خۇدا يوقتۇر، مۇھەممەد ئۇنىڭ ئەلچىسىدۇر» دېگەن خەتلەر بار.

ئارقا يازىدە: «مۇسۇلمانلارنىڭ ئىگىسى، سۇلايمان قىدىر، تاۋغاچ (خاقان)» دېگەن خەتلەر بار.

ئالدى يۈزىدە سەككىز بۇرجەكلىك نەقىش نۇسخىسى بار. سەككىز بۇرجەك بىلەن چەمبىرەك سىزىق ئارىلىقىدىمۇ رەسىم نۇسخىسى بار. خەتلىرىنىڭ گەۋدىسى ئۇزۇنچاق بولۇپ، ئۆزگىچە ئۇسلۇبقا ئىگە، چۆرىسىمۇ ئاز - تولا كېسىلگەن. ئارقا يۈزىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دىيامېتىرى تەخمىنەن 16 مىللىمېتىر كېلىدىغان قىسمى كۆپىمە شەكىلدە بولۇپ، ئۇنىڭدا خەتنىڭ ئىزى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇ يېرىدىن چۆرىسىگىچە بولغان تەخمىنەن 7 مىللىمېتىر كېلىدىغان يەر ناھايىتى ئېغىر دەرىجىدە ئۇپرىغان، ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قارىغاندىلا خەتنىڭ

ئىزنى كۆرگىلى بولىدۇ، لېكىن مەزمۇنىنى بىلگىلى بولمايدۇ.

4- تىپ:

13TA1980، ئېغىرلىقى 3.55 گىرام، دىيامېتىرى 31 مىللىمېتىر.

بۇ پۇل ناھايىتى ئېغىر دەرىجىدە ئۇپرىغان ۋە چىرىگەن. ئالدى يۈزىنىڭ سىرتقى چەمبىرىكى ئىچىدە 8 بۇرجەكلىك نەقىش نۇسخىسى بار. 8 بۇرجەك نەقىش بىلەن چەمبىرەك ئارىلىقىدا يەنە سىزىقچىلار بار، خەتلىرىنى ئاساسەن تونۇغىلى بولمايدۇ. بەزى ھەرپلەرنىڭ ئىزنىلا كۆرگىلى بولىدۇ. ئارقا يۈزىنىڭ چۆرىسىدە ئىككى قۇر چەمبىرەك سىزىق بار. ئوتتۇرىسىدىكى خەتلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى تونۇغىلى بولمايدۇ. خەتنىڭ قالدۇق ئىزلىرىدىن قارىغاندا، ئىككى قېتىم سوقۇلغاندەك قىلىدۇ، ئاستىدىكى ئىككى قۇر خەتتىن «تاۋغاچ خاقان» دېگەن خەتنى ئاران تونۇغىلى بولىدۇ. تەكرار سوقۇلغان ئەھۋالدىن پەرەز قىلغاندا، ئېھتىمال بۇ ئەينى زامانىنىڭ ئۆزىدىلا كېرەكسىز قىلىنغان بولۇپ، بازاردا خەجلەنمىگەن بولۇشى مۇمكىن.

5- تىپ:

16TA1980، ئېغىرلىقى 5.25 گىرام، دىيامېتىرى 23 مىللىمېتىر.

| ئالدى يۈزى: | ئارقا يۈزى: |
| --- | --- |
| .......... | ملاز |
| .......... | المسلمين |
| لاشريك له | سليمان قدر |
| محمدرسول | طمغاجا |
| | خاقان |

ئالدى يۈزىدە: «...... مۇھەممەد (ئەلچىسىدۇر) ‹قارا› (ئاخىرىدىكى بۇ خەت قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى)» دېگەن خەتلەر بار.

ئارقا يۈزىدە: «مۇسۇلمانلارنىڭ ئىگىسى، سۇلايمان قدر، تاۋغاچ خاقان» دېگەن خەتلەر بار.

ئالدى يۈزىنىڭ يۇقىرىقى قىسمىدىكى ئىككى قۇر خەت سۈركىلىپ تۈزلىنىپ كەتكەن، تۆۋەنكى قىسمىدىكى ئۈچ قۇر خەتنىڭ ئىزلىرى

ئېنىق. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى، ئاخىرقى قۇردىكى خەتلەر قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقى بولۇپ، بۇ، ئاتۇشتىن تېپىلغان مېتال پۇللار ئارىسىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بار بىردىنبىر مېتال پۇل، شۇڭا ئۇ ناھايىتى قىممەتلىك، ئۇ شۇنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلاپ بېرىدۇكى، قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن ئەرەبچە يېزىق تەڭ ئىشلىتىلگەن. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى خەتنىڭ مەزمۇنى ھەققىدە شىنجاڭدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى تەتقىق قىلىدىغان يولداشلارنىڭ پىكرىگە ئاساسەن، تۆۋەندىكىچە چۈشەندۈرۈش بەرمەكچى:

(1) خەتنىڭ شەكلىدىن قارىغاندا، ئۇ ھەقىقەتەن ئۇيغۇر يېزىقى.

(2) ھەرپلەر ئىچىدە r ھەرپى ئەڭ ئوچۇق.

خەتنىڭ شەكلىگە ئاساسەن ئۇنى تۆۋەندىكى ئۈچ خىل ترانسكرىپسىيە بويىچە يېزىشقا بولىدۇ:

niri .a

qari ~ hari .b

qara ~ hara .c

بىرنەچچە ئىزاھات:

1. يۇقىرىدىكى ترانسكرىپسىيە لايىھەلىرى ئىچىدە كېيىنكى ئىككى خىلى ئېھتىمالغا ئەڭ يېقىن.

2. كېيىنكى ئىككى خىل ترانسكرىپسىيەدىكى بىرىنچى ھەرپنى q ~ h قىلىپ يازسا بولىۋېرىدۇ، لېكىن ئۇيغۇر تىلىدىكى «غ» قىلىپ يېزىشقا بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ ھەرپنىڭ ئالدىغا بىر يۇملاق چېكىت (.) قويۇلغان.

3. كېيىنكى ئىككى خىل ترانسكرىپسىيەنىڭ ئاخىرقى ھەرپى a ~ J بىلەن i بەكمۇ ئوخشايدۇ، بىراق ئۇيما يېزىق ھۆججەتلىرىدە a بىلەن i نى بەزىدە ئېنىق ئايرىغىلى بولمايدۇ.

يۇقىرىقى ئۈچ خىل ئوقۇلۇشنىڭ قايسىسى ئەڭ توغرا، بۇنى ھازىرچە بېكىتەلمىدۇق. چۈنكى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بار پۇلدىن قولىمىزدا ئاران بىرسىلا بولغاچقا، سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىشقا ئامال

بولمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە پۇلدىكى خەتنىڭ شەكلى ئويما يېزىق ھۆججەتلىرىنىڭكىگە ئانچە ئوخشىمىغاچقا، خەتلەرنى ئوقۇشىمىزغا بۇمۇ قىيىنچىلىق كەلتۈردى.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان داۋىدوۋىچنىڭ كىتابىدا ئېلان قىلىنغان قەشقەر ۋە يەكەندە سوقۇپ ياسالغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بار پۇللارنىڭ كۆپ قىسمى مىلادىيە 1010 — 1019- يىللار ئارىلىقىدا سوقۇلغان بولۇپ، بۇ پۇللاردىكى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسەن ئەينى زاماندىكى خاقانىنىڭ ئىسمى «يۇسۇپ» تىن ئىبارەت. ئۇنداق بولسا، بىزنىڭ قولىمىزدىكى بۇ پۇلدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىمۇ خاقانىنىڭ ئىسمىمۇ؟ ياق، ئۇنداق ئەمەس. چۈنكى، يۇقىرىقى ئۈچ خىل خەتنىڭ ئوقۇلۇشىنىڭ ھېچ قايسىسىمۇ «سۇلايمان قدر» دېگەن خاقانىنىڭ ئىسمى ئوقۇلۇش تاۋۇشىغا يېقىنمۇ كەلمەيدۇ. دېمەك بۇ، خاقانىنىڭ ئىسمى بولۇشى ئېھتىمالىنى ئىنكار قىلىدۇ. ئىككىنچى خىل ئېھتىمال، بەلكىم بىرگە نامەلۇم بولغان جاينىڭ ئىسمى بولۇشى مۇمكىن. بىراق، ھازىرچە ئىسپاتلاش ئىمكانىيىتى يوق. ئۈچىنچى خىل ئېھتىمال، ئۇنى hara ياكى qata دەپ ئوقۇساق چۈشىنىش بىرقەدەر ئاسان، چۈنكى «قارا» دېگەن بۇ سۆز قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھۆججەتلىرى ۋە مېتال پۇللىرىدا دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. ھازىرقى «قاراخانىيلار سۇلالىسى» دېگەن ناممۇ شۇنىڭدىن كەلگەن، بىراق بىز ئىلگىرى ئۇچراتقان مېتال پۇللاردىكى «قارا» دېگەن سۆز ئەرەبچە يېزىقتا بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغىنىنى تۇنجى قېتىم ئۇچراتتۇق. دېمەك، ئۈچىنچى خىل ئوقۇلۇشىنىڭ توغرا بولۇشى ئېھتىمالغا ئەڭ يېقىن.

6 ـ تىپ، جەمئىي يەتتە دانە:

28TA1980، ئېغىرلىقى 4.25 گىرام، دىيامېتىرى 23 مىللىمېتىر.

| ئالدى يۈزى: | ئارقا يۈزى: |
| --- | --- |
| لااله‌الا | ........ |
| الله‌محمد | قدر |
| رسوالله | طمغاجا |
| | خاقان |

ئالدى يۈزىدە: «ئاللادىن باشقا خۇدا يوقتۇر، مۇھەممەد ئاللانىڭ ئەلچىسىدۇر» دېگەن خەتلەر بار.

ئارقا يۈزىدە: «..........قدر، تاۋغاچ خاقان» دېگەن خەتلەر بار.

6- تېپتىكى يەتتە دانە پۇلنىڭ ھەممىسى كىچىك بولۇپ، خەتلىرى يۇقىرىقى تېپتىكىلەرنىڭكىدىن بىرنەچچە ھەرپى ئاز. مەسىلەن، ئۇنىڭ ئالدى يۈزىدە «بىردىنىبىر» دېگەن سۆز كەم، ئارقا يۈزىنىڭ 1- قۇرى ئېنىق ئەمەس، ئۇنىڭدا «المسلمين»، «سلمان» دېگەن خەتلەر كەم.

35TA1980، ئېغىرلىقى 3.75 گىرام، دىيامېتىرى 23 مىللىمېتىر.

| ئالدى يۈزى: | ئارقا يۈزى: |
|---|---|
| لاالهالا | ..... |
| اللهمحمد | قدر |
| رسول الله | طمغاجا |
| | خاقان |

ئالدى يۈزىدە: «ئاللادىن باشقا خۇدا يوقتۇر، مۇھەممەد ئاللانىڭ ئەلچىسىدۇر» دېگەن خەتلەر بار.

ئارقا يۈزىدە: «.........قدر، تاۋغاچ خاقان» دېگەن خەتلەر بار.

پۇل يېرىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن قىپقالغان خەتلىرىنى ئوچۇق ئوقۇغىلى بولىدۇ، بولۇپمۇ ئالدى يۈزىنىڭ خەتلىرى ئوچۇق ھەم تولۇق، ئالدى تەرىپىنىڭ چۆرىسىدە چەمبىرەك سىزىق يوق. لېكىن، بىرمۇنچە يۇملاق چېكىت (.) بىلەن چەمبەر شەكىللەندۈرگەن، شۇڭا ئۇنى چېكىتلىك چەمبىرەك دېيىشكىمۇ بولىدۇ. ئارقا يۈزى بەكرەك ئۇپراپ چىرىپ كەتكەن.

36TA1980، ئېغىرلىقى 4.05 گىرام، دىيامېتىرى 22 مىللىمېتىر.

40TA1980، ئېغىرلىقى 5.65 گىرام، دىيامېتىرى 22 مىللىمېتىر.

بۇ ئىككى دانە پۇل يۇقىرىدا ئېيتىلغان 28TA، 35TA بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئالدى يۈزىدە «ئاللادىن باشقا خۇدا يوقتۇر، مۇھەممەد ئاللانىڭ ئەلچىسىدۇر» دېگەن خەتلەر بار. ئارقا يۈزىدىكى خەتلەر بەك ئۇپراپ كەتكەچكە، تونۇش ناھايىتى قىيىن، سىنچىلاپ قارىغاندىلا خەت ئىزىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بىراق، بۇ ئىككى دانە پۇلنىڭ شەكلى ۋە ئالدى يۈزىدىكى خەتلىرى 28TA، 35TA نىڭكى بىلەن تامامەن ئوخشاش، شۇڭا ئۇنىڭ ئارقا يۈزىدىكى خەتلەرنى «قدر تاۋغاچ خاقان» دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

54TA1980، ئېغىرلىقى 2.6 گىرام، دىيامېتىرى 22 مىللىمېتىر.

| ئالدى يۈزى: | ئارقا يۈزى: |
|---|---|
| لەالا... | ........... |
| ...محمد | ... طمغاجا |
| ...لله | ...قان |

بۇ پۇلنىڭ يېرىمىلا قالغان بولسىمۇ، لېكىن خەتلىرى ئېنىق بولۇپ ئوقۇغىلى بولىدۇ.

95TA1980، ئېغىرلىقى 3.8 گىرام، دىيامېتىرى 22 مىللىمېتىر.

| ئالدى يۈزى: | ئارقا يۈزى: |
|---|---|
| لاالەالا | قدر |
| ...لله... | طمغاجا |
| | خاقان |

ئالدى يۈزى ئېغىر دەرىجىدە چىرىپ كەتكەن، خەتلىرى ناھايىتى ئاز قالغان.

ئارقا يۈزىدە: «قدر، تاۋغاچ خاقان» دېگەن خەتلەر بار. بۇ پۇل 54TA بىلەن ئوخشاش بولۇپ، كېيىنكىسىنىڭ يېرىمىلا قالغان، ئالدىنقىسىمۇ تولۇق ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى خەتلىرى توم ۋە قوپال بولۇپ، شەكلى ۋە خەتلىرىنىڭ مەزمۇنى 28TA بىلەن ئوخشاش

بولغاچقا، بۇلارنى ئوخشاش بىر تىپكە كىرگۈزدۇق.

98TA1980 ، ئېغىرلىقى 4.6 گىرام، دىيامېتىرى 22 مىللىمېتىر.

| | |
|---|---|
| ئالدى يۈزى: | ئارقا يۈزى: |
| | ر...... |
| اللهمحمد | طمغاجا |
| رسول الله | خاقان |

ئالدى يۈزىدە: «ئاللادىن باشقا خۇدا يوقتۇر، مۇھەممەد ئاللانىڭ ئەلچىسىدۇر» دېگەن خەتلەر بار.

ئارقا يۈزىدە: «(قد)ر، تاۋغاچ خاقان» دېگەن خەتلەر بار.

ئازراق پۇچۇلغان، ئالدى يۈزى بەكرەك چىرىپ كەتكەن، لېكىن خېتىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئارقا يۈزى چىرىپ كەتكەندىن باشقا، قىزىل داغلار قېپقالغان، (قد)ر دېگەن خەت ناھايىتى تولۇق بولۇپ، ئاخىرقى بىر ھەرپىنىلا بىلگىلى بولىدۇ. خەت گەۋدىسى تېخىمۇ ئىنچىكە ھەم ئۇزۇنچاق.

6 ـ تىپتىكى پۇللارنىڭ ئالدى يۈزىدىكى خەتلىرى ئالدىنقى بىرنەچچە تىپتىكى پۇللارنىڭكىدىن بىرقانچە ھەرپ كەم بولسىمۇ، لېكىن ئاساسي مەنىسىنى بىلگىلى بولىدۇ. ئارقا يۈزىنىڭ بىرىنچى قۇرىدىكى «ملاز» دېگەن خەت «ئىگىسى، ئاسرىغۇچى» دېگەن مەنىدە بولسا كېرەك. بىراق، «سلىمان» (سۇلايمان) دېگەن سۆز يوق. ئۇنداقتا 6 ـ تىپتىكى يەتتە دانە پۇلدىكى «قدر» بىلەن يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن پۇللاردىكى «سلىمان قدر» (سۇلايمان قدر) بىر ئادەممۇ ـ ئەمەسمۇ؟ تەتقىقاتچىلارنىڭ قارىشىچە، بىر ئادەم بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن، چۈنكى بۇ پۇللار بىر ئازگالدىن چىققان، ئۇنىڭ ئۈستىگە 18 دانە پۇلنىڭ ھەممىسىدىلا «قدر» سۆزىنىڭ ئارقىسىغا ئۇلىشىپلا «تاۋغاچ خاقان» دېگەن خەت بار. بۇ ئاساسي نۇقتا ئوخشاش. لېكىن، قېپقالغان بىرلا مەسىلە «قدر» دېگەن خەتنىڭ ئۈستىدىكى بىر قۇر خەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكى، «قدر» سۆزى ئالدىدىكى «سۇلايمان» سۆزى نېمە ئۈچۈن قىسقارتىلىپ كەتكەنلىكى تېخى ئىسپاتلانمىدى.

7 ـ تىپ:
27TA1980، ئېغىرلىقى 5.1 گىرام، دىيامېتىرى 22 مىللىمېتىر.

ئالدى يۈزى:
.........

ئارقا يۈزى:
ملاز
المسلمىن
سلىمان قدر
طمغاجا

ئالدى يۈزىدە:.............
ئارقا يۈزىدە: «مۇسۇلمانلارنىڭ ئىگىسى سۇلايمان قدر، تاۋغاچ» دېگەن خەتلەر بار. خەتلىرى بىرقەدەر كىچىك بولىسمۇ، رەتلىك، ئالدى يۈزى ئېغىر دەرىجىدە ئۇپرىغان بولۇپ، بىرنەچچە ھەرپىنىڭ ئىزىنىلا پەرق ئەتكىلى بولىدۇ. ئارقا يۈزىدە سەككىز بۇرجەكلىك نەقىش نۇسخىسى بار. ئارقا يۈزىنىڭ خەتلىرى ئېنىق ھەم تولۇق بولۇپ، تىزىلىشىمۇ تەكشى ھەم رەتلىك، «تاۋغاچ» سۆزىنىڭ ئاخىرىدا «خاقان» دېگەن خەت بار. بۇ 7 ـ تىپتىكى پۇلنىڭ باشقا تىپتىكى پۇللاردىن پەرقلىنىدىغان ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى.
97TA1980، ئېغىرلىقى 5.25 گىرام، دىيامېتىرى 23 مىللىمېتىر.
شەكلى، خەتلىرىنىڭ مەزمۇنى 27TA بىلەن تامامەن ئوخشاش، پەقەت ئالدى يۈزىدىكى خەت ئىزلىرى كۆپرەك ساقلىنىپ قالغان. لېكىن، كۆپ جايلىرى ئۇپراپ كەتكەچكە، ھەرپلەرنىڭ ئىزلىرىنى بىر ـ بىرىگە ئۇلاپ، بىر پۈتۈن سۆز قىلىپ ئوقۇش ناھايىتى تەس.
يۇقىرىدا پۇللارنىڭ شەكلى ۋە خېتىنىڭ مەزمۇنلىرى تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈلدى. تۆۋەندە بۇ پۇللارنىڭ قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ قايسى بىر خاقانى، قاچان، قەيەردە سوقتۇرۇپ ياساتقانلىقى ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ.
ئومۇمەن ئېيتقاندا، «سۇلايمان قدر تاۋغاچ خاقان» دېگەن خەت بار پۇللار ناھايىتى ئاز تېپىلدى. شىنجاڭ رايونلىرىدىمۇ ئەھۋال ئاساسەن

ئوخشاش. ئەلۋەتتە، بۇ سۆز ئۇ خىلدىكى پۇلنىڭ تېپىلغان پۇللار ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتىگە قارىتا ئېيتىلغان. «تارىم ئويمانلىقىدىكى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشتىن خاتىرە» دە ئېلان قىلىنغان پۇللارنىڭ سۈرەتلىرى ئارىسىدا بۇ خىلدىكى پۇل چىلىقمايدۇ. لېكىن، ئازادلىقتىن كېيىن قەشقەر، توققۇزاق ناھىيەسىنىڭ ئوپال يېزىسى قاتارلىق جايلار- دىن ئاندا - ساندا تېپىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن بىر نەچچىسى ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلانماقتا. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسيا رايونلىرىدىمۇ بۇ خىل پۇلدىن تېپىلغانلىرىمۇ كۆپ ئەمەس.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تارىخچىسى داۋىدوۋىچ «تاجىكىستاندا تېپىلغان قەدىمكى زامان ۋە ئوتتۇرا ئەسىر پۇللىرى كۆمۈلگەن ئازگال» دېگەن كىتابىدا «سۇلايمان قدر تاۋغاچ خاقان» دېگەن خەتلەر بار پۇل ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتكەن. بۇ پۇل لېنىنئاباد شەھىرىنىڭ ئۇرائاباد كوچىسىدىن تېپىلغان بولۇپ، ھازىر لېنىنئاباد ئۆلكىلىك تارىخ- تەزكىرە مۇزېيىدا ساقلانماقتا. بۇ ئازگالدىن جەمئىي 501 دانە مېتال پۇل چىققان. ئۇلاردىن 500 دانىسى ھىجرىيە 570- يىلى يەنى مىلادىيە 1174 — 1175- يىلىدىن ھىجرىيە 574- يىلى يەنى 1178 — 1179- يىللارغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆزكەنتتە سوقۇلغان بولۇپ، پۇل ئۈستىدە «ئىبراھىم ئارسلانخان» دېگەن خەت بار ئىكەن. بۇلاردىن بىرسىنىڭلا ئۈستىدە «سۇلايمان قدر تاۋغاچ خاقان» دېگەن خەت بولۇپ، ئېغىر دەرىجىدە چۇپلانغان. خەتلىرى تولۇق ئەمەس، ئاپتور بۇ ھەقتە قىسقىچىلا ئىزاھات بەرگەن، سېلىشتۇرۇشتا پايدىلىنىش ئۈچۈن تەرجىمە قىلىندى:

«501- نومۇرلۇق پۇلنى ئازگالدىن چىققان باشقا پۇللاردىن ئايرىپ چىقىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ ساقلىنىشى ناھايىتى ناچار. قارىغاندا سۇلايمان بىن داۋۇد دەۋرىدە سوقۇلغاندەك قىلىدۇ. بۇنىڭدا باشقىچە گۇمان بولماسلىقى مۇمكىن. ئۇنىڭ بۇ خىل يېڭى شەكىلدىكى پۇلنى ھۆججەتلەردە تونۇشتۇرۇلغانلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ قارىغاندا، بۇ پۇل كىچىكرەك بولۇپ، چاسىراق كېلىدۇ (دىيامېتىرى 23 — 26 مىللىمېتىر)، ئىككىلى يۈزىدە سەككىز دانە قاينام شەكىللىك نەقىش نۇسخىسى بار.

ئالدى يۈزى ئۈپراپ كەتكەن، ئارقا يۈزىدىكى خەتلەردىن تۆۋەندىكى بىر قانچە خەتلەرلا قالغان: «ە...س.ن ق ر طمغاجا.»

«سۇلايمان قدر تاۋغاچ خاقان ھىجرىيەنىڭ 490- يىلى (مىلادىيە 1097- يىلى) ماۋارەئۈننەھر رايونىدا قىسقىغىنە ۋاقىت ھۆكۈمرانلىق قىلغان. بىراق، بىز ئۆزىمىزنىڭ دەسلەپكى پىكرىمىزنى ئىزھار قىلىپ بولدۇق، بىزگە مەلۇم بولغان ئۇنىڭغا تەۋە پۇللارنىڭ ھەممىسى ئوتتۇرا ئاسىيا قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ پايتەختىدە سوقۇلغان بولماستىن، بەلكى سۇلايمان ئۆزىنىڭ سۇيۇرغاللىق زېمىنىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان چېغىدا مەلۇم بىر جايدىكى پۇل ياساش كارخانىسىدا سوقتۇرغان. ئۇنىڭ سۇيۇرغاللىق زېمىن دائىرىسى ھازىرچە تېخى ئېنىق ئەمەس. چۈنكى، ئۇنىڭ پۇللىرىدىن بىزگە مەلۇم بولغانلىرى ئىچىدە پۇل ياسىغان كارخانىنىڭ نامى يوق. ئۇنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى شۇكى، تېپىلغان پۇللارنىڭ ھەممىسى تىزىملاپ خاتىرىلەندى. لېنىنئابادتا تېپىلغان پۇللارنىڭ بۇنداق كۆزقاراشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى كىشىنى بەك قىزىقتۇرىدۇ. ھازىرغىچە مەلۇم بولغانلىرىدىن يەنە پەرغانىدىكى قارابۇلاق ۋە يەتتىسۇ رايونىدىكى تالقاردا ئىككى قەدىمكى شەھەر خارابىسى بار.»

«لېنىنئابادتىكى ئازگالدىن تېپىلغان پۇللارنى ئىبراھىم ئارسلانخان دەۋرى يەنى ھىجرىيە 570 — 574- يىللار ئارىلىقىدا سوقۇلغان دەپ بېكىتىشكە بولىدۇ. بىراق، بۇ پۇللار ئارىسىدىن 100 يىل دېگۈدەك ئىلگىرى تارقىتىلغان بىر دانە پۇل چىقىپ قالدى. بۇ غەلىتە ئەھۋال، بىز بۇ پاكىت ھەققىدە ئېنىق ئىزاھات بېرەلمەيمىز. زادى سۇلايمان بىن داۋۇد دەۋرىدە سوقۇلغان بۇ پۇل شۇ چاغلارغىچە ئۇزاق مۇددەت خەجلەنگەنمۇ؟ ياكى بۇ پۇل شۇ ئازگالغا مەنسۇپ بولماي، باشقا يەردىن تېپىلىپ، ئۇنىڭ قاتارىغا كىرگۈزۈۋېتىلگەنمۇ؟ قارىغاندا كېيىنكى خىل ئەھۋال ئېھتىمالغا تېخىمۇ يېقىن.»

يۇقىرىدىكى نەقىلدىن قارىغاندا، داۋىدوۋىچ مەسىلىنى ھەقىقىي رەۋىشتە ھەل قىلالمىغان. لېكىن ئۇ، بۇ پۇلنىڭ 1097- يىلى ماۋارەئۈننەھر رايونىدا خاقانلىق ئورنىغا چىققان سۇلايمان بىن داۋۇد

دەۋرىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئاساسىي جەھەتتىن مۇئەييەنلەشتۈرگەن. بۇ پۇل 1097 - يىلىدىن بۇرۇنقى پۇل، ئۇ چاغدا سۇلايمان ئۆز سۆيۈرغالىلىق زېمىنىنىڭ ھۆكۈمرانى ئىدى. بۇ پۇل مەلۇم بىر جايدىكى پۇل ياساش كارخانىسىدا سوقۇلغان بولۇپ، تاسادىپىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، 12 - ئەسىرنىڭ ئاخىرقى دەۋرىگە مەنسۇپ ئارگالدىكى پۇللار قاتارىغا كىرگۈزۈپ قويۇلغان.

ئاراتنىڭ پىكرىنچە، سۇلايمان بىن داۋۇد بارگى يارلۇقلار جەمەتىگە مەنسۇپ ئىكەن. 11 - ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يېرىمىدا، سالجۇقىيلار خانلىقى كۈچىيىپ، تەدرىجىي ھالدا ماۋارەئۇننەھر رايونىغا كېڭىيىپ بارىدۇ، بۇ ھال شۇ جاينىڭ ۋەزىيىتىدە داۋالغۇش پەيدا قىلىدۇ. سۇلايمان بىن داۋۇدنىڭ خانلىق تەختىدە ئولتۇرغان ۋاقتى قىسقا بولغاچقا، ئۇنىڭ ھاياتىغا دائىر تارىخىي ماتېرىياللار كەمچىل، بۇ ھال مەزكۇر پۇلنىڭ سوقۇلغان ئورنىنى ئېنىقلىشىمىزغا قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇپ بەردى.

بىزنىڭ قولىمىزدىكى بۇ بىر تۈركۈم پۇللار بىلەن ئۇلارنىڭ 501 - نومۇرلۇق پۇلنى سېلىشتۇرساق، شەكلىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە «سۇلايمان قدر تاۋغاچ خاقان» دېگەن خەتلەر بار. ئەگەر داۋىدوۋنىڭ ھۆكۈمى ئىشەنچلىك بولىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا بىزنىڭ قولىمىزدىكى بۇ بىر تۈركۈم پۇللارنىمۇ 1097 - يىلىدىن ئىلگىرىكى مەلۇم بىر چاغدا سوقۇلغان دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ. شۇ چاغلاردا سۇلايمان بىن داۋۇد ماۋارەئۇننەھر رايونى ياكى ئۇنىڭغا يېقىن مەلۇم بىر سۆيۈرغاللىق زېمىنىنىڭ ھۆكۈمرانى ئىدى. بىراق، مەسىلە بۇنىڭلىق بىلەن ھەل بولۇپ كەتكىنى يوق. بىز بۇ مەسىلىنىڭ ھەرقايسى جەھەتلىرىنى ئىلگىرىلەپ كۆزەتكىنىمىزدە، داۋىدوۋنىڭ دېگەنلىرىگە ئوخشىمايدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلدى.

ئەگەر داۋىدوۋنىڭ ئېيتقىنىدەك، «سۇلايمان قدر» سۇلايمان بىن داۋۇدنىڭ ئۆزى بولىدىغان بولسا، ئۇنداقتا كىچىككىنە سۆيۈرغاللىق ھۆكۈمرانىنىڭ پۇلى نېمە ئۈچۈن شۇنچە ئۇزاق مۇددەتكىچە ھەممىلا يەردە خەجلىنىپ يۈرىدۇ؟ ھەتتا شەرقتىكى قەشقەرگىچە يېتىپ كېلىدۇ؟

501 ـ نومۇرلۇق تىپتىكى پۇللار سۇلايمان بىن داۋۇد بىلەن قىلچە مۇناسىۋەتسىز بولۇش ئېھتىمالى بارمۇ؟ ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، بىزنىڭ قولىمىزدىكى 18 دانە مېتال پۇلنى بىر ھۆكۈمران قەشقەرنىڭ ئۆزىدە سوقتۇرغانمۇ؟ بۇنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

بىز بۇ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا، تۆۋەندىكى بىرنەچچە ئامىلنى كۆزدە تۇتىمىز:

بىرىنچىدىن، مەسىلە شۇ يەردىكى، داۋىدوۋىچنىڭ 501 ـ نومۇرلۇق پۇلنى ئىزاھلىغان چاغدا پايدىلانغان ماتېرىيالى بەك يېتەرسىز. مەسىلەن، ئۇ «ئۇنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى شۇكى، تېپىلغان پۇللارنىڭ ھەممىسى تىزىملاپ خاتىرىلەندى» دېگەن ـ يۇ، لېكىن «تېپىلغان پۇللار»نىڭ شەكىل ئالاھىدىلىكى، خەتلىرىنىڭ مەزمۇنى ۋە ئۇلارنىڭ 501 ـ نومۇرلۇق پۇل بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى چۈشەندۈرمىگەن، ھەتتا 501 ـ نومۇرلۇق پۇلنىڭ نۇسخىلىرىنىمۇ ئېلان قىلمىغان، «سۇلايمان، قدر» دېگەن خەتلەرنىمۇ ئەينەن كۆچۈرمىگەن، ھەتتا خەتلىرىمۇ تولۇق ئەمەس، ئۇنىڭ قېپقالغان بىرنەچچە ھەرپىنىلا ھازىرقى زامان ئەرەب يېزىقىنىڭ باسما شەكلى بويىچە بېسىپ چىققان. شۇڭا، خەتلىرىنىڭ شەكلى، نەقىش نۇسخىلىرى ۋە مەزمۇنىنى ئەينەن چۈشىنىشكە مۇمكىن بولمىدى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ نەتىجىلىرىدىن پايدىلىنىپ سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىشىمىزمۇ مۇشكۈل بولۇپ قالدى. شۇڭلاشقا، قولىمىزدىكى بۇ بىر تۈركۈم پۇللارنىڭ يىل ـ دەۋرى ۋە سوقۇلغان ئورنىنى بېكىتىشتە يەنىلا مۇشۇ پۇللارنىڭ ئۆزىنى ئاساس قىلىشقا توغرا كەلدى.

تېپىلغان بۇ خىلدىكى پۇللارنىڭ سانىدىن قارىغاندا، داۋىدوۋىچنىڭ خەۋەر قىلغىنى ئاران بىر دانە. بىز يۇقىرىدا تونۇشتۇرغان 18 دانە پۇل قولىمىزدىكى پۇللارنىڭ بىر قىسمىدىنلا ئىبارەت. بۇلارنىڭ ئىچىدە شەكلى ۋە مىس سۈپىتى ئوخشايدىغانلىرى خېلى نۇرغۇن بولسىمۇ، لېكىن ئېغىر دەرىجىدە ئۇپراپ، خەتلىرى تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنى بىر ـ بىرلەپ تونۇشتۇرمىدۇق.

دېمەك، بىزدە ئەينى بىر ئازگالدىن ئاشۇنداق زور مىقداردا مېتال پۇل تېپىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ مۇئاۋىن باشلىقى يولداش سابىت ئەخمەت فوتو رەسىمگە ئالغان پۇللارمۇ بىز تونۇشتۇرغان پۇللارغا تامامەن ئوخشايدۇ. بۇ، بۇنداق مېتال پۇللار تېپىلغان ئورۇنلارنىڭ بىرلا جايدا ئەمەسلىكىنى، سانىنىڭمۇ بىر - ئىككى ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ، بىزنىڭ ئېنىق بىلىدىغىنىمىز نەچچە ئون دانە بولۇپ، بۇ پۇللار دائىم دېگۈدەك تېپىلىپ تۇرىدۇ.

ئىككىنچىدىن، قەشقەر ئەينى زاماندا قاراخانىيلارنىڭ مۇھىم سىياسىي، دىنىي، مەدەنىيەت مەركىزى ئىدى. ئۇنىڭ ئورنى شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى سودا يولىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىقتىسادىمۇ خېلى دەرىجىدە گۈللەنگەن. مۇشۇنداق تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، ھازىرغىچە بىزگە مەلۇم بولغىنىدىن قارىغاندا، قەشقەر بىلەن يەكەن بۇ ئىككى جايدا كەم دېگەندە 1010-يىلدىن باشلاپلا مېتال پۇل ياسالغان.

ئۈچىنچىدىن، پۇللارنىڭ ئۈستىدە سوقۇلغان يىل - دەۋرى ۋە ئورنى ئىزھار قىلىنمىغان. ئاتۇشتىن تېپىلغان مېتال پۇل تەخمىنەن 17 — 18 مىڭ دانىچە بولۇپ، بۇلاردىن سوقۇلغان يىل - دەۋرى ۋە ئورنىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدىغانلىرى ئىنتايىن ئاز، تەخمىنەن 20 — 30 دانىدىنلا ئىبارەت. بۇ پۇللاردىن كۆپ قىسمىنىڭ خېتىدىكى يىل-دەۋرى ۋە ئورنىنى ئېنىق كۆرگىلى بولمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ بىر دانىسىدىكى «كاشغەر» دېگەن خەتنى كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ، بىز باشتا تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەن 2- تۈردىكى پۇلدۇر. بۇ شەرقىي قاراخانىيلار زېمىنىدا 11- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىنىڭ ئالدى - كەينىدە سوقۇلغان مىس پۇلنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. «سۇلايمان قدر تاۋغاچ» دېگەن ئىسىم بار پۇلدىمۇ بۇ ئالاھىدىلىك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئېلان قىلغان قاراخانىيلارغا ئائىت مېتال پۇللارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك يىل - دەۋرى، ئورنى بار، يىل - دەۋرى ۋە ئورنى كۆرسىتىلمىگەنلىرى ناھايىتى ئاز، بۇ ئەھۋال بىزنىڭكى بىلەن دەلمۇدەل ئەكسىچە.

501 - نومۇرلۇق تىپتىكى پۇللار سۇلايمان بىن داۋۇد بىلەن قىلچە مۇناسىۋەتسىز بولۇش ئېھتىمالى بارمۇ؟ ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، بىزنىڭ قولىمىزدىكى 18 دانە مېتال پۇلنى بىر ھۆكۈمران قەشقەرنىڭ ئۆزىدە سوقتۇرغانمۇ؟ بۇنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

بىز بۇ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا، تۆۋەندىكى بىرنەچچە ئامىلنى كۆزدە تۇتىمىز:

بىرىنچىدىن، مەسىلە شۇ يەردىكى، داۋىدووۋىچنىڭ 501 - نومۇرلۇق پۇلنى ئىزاھلىغان چاغدا پايدىلانغان ماتېرىيالى بەك يېتەرسىز. مەسىلەن، ئۇ «ئۇنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى شۇكى، تېپىلغان پۇللارنىڭ ھەممىسى تىزىملاپ خاتىرىلەندى» دېگەن - يۇ، لېكىن «تېپىلغان پۇللار»نىڭ شەكىل ئالاھىدىلىكى، خەتلىرىنىڭ مەزمۇنى ۋە ئۇلارنىڭ 501 - نومۇرلۇق پۇل بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى چۈشەندۈرمىگەن، ھەتتا 501 - نومۇرلۇق پۇلنىڭ نۇسخىلىرىنىمۇ ئېلان قىلمىغان، «سۇلايمان، قدر» دېگەن خەتلەرنىمۇ ئەينەن كۆچۈرمىگەن، ھەتتا خەتلىرىمۇ تولۇق ئەمەس، ئۇنىڭ قېپقالغان بىرنەچچە ھەرپىنىلا ھازىرقى زامان ئەرەب يېزىقىنىڭ باسما شەكلى بويىچە بېسىپ چىققان. شۇڭا، خەتلىرىنىڭ شەكلى، نەقىش نۇسخىلىرى ۋە مەزمۇنىنى ئەينەن چۈشىنىشكە مۇمكىن بولمىدى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ نەتىجىلىرىدىن پايدىلىنىپ سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىشىمىزمۇ مۈشكۈل بولۇپ قالدى. شۇڭلاشقا، قولىمىزدىكى بۇ بىر تۈركۈم پۇللارنىڭ يىل - دەۋرى ۋە سوقۇلغان ئورنىنى بېكىتىشتە يەنىلا مۇشۇ پۇللارنىڭ ئۆزىنى ئاساس قىلىشقا توغرا كەلدى.

تېپىلغان بۇ خىلدىكى پۇللارنىڭ ساندىن قارىغاندا، داۋىدووۋىچنىڭ خەۋەر قىلغىنى ئاران بىر دانە. بىز يۇقىرىدا تونۇشتۇرغان 18 دانە پۇل قولىمىزدىكى پۇللارنىڭ بىر قىسمىدىنلا ئىبارەت. بۇلارنىڭ ئىچىدە شەكلى ۋە مىس سۈپىتى ئوخشايدىغانلىرى خېلى نۇرغۇن بولسىمۇ، لېكىن ئېغىر دەرىجىدە ئۇپراپ، خەتلىرى تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنى بىر - بىرلەپ تونۇشتۇرمىدۇق.

دېمەك، بىزدە ئەينى بىر ئازگالدىن ئاشۇنداق زور مىقداردا مىتال پۇل تېپىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ مۇئاۋىن باشلىقى يولداش سابىت ئەخمەت فوتو رەسىمگە ئالغان پۇللارمۇ بىز تونۇشتۇرغان پۇللارغا تامامەن ئوخشايدۇ. بۇ، بۇنداق مىتال پۇللار تېپىلغان ئورۇنلارنىڭ بىرلا جايدا ئەمەسلىكىنى، سانىنىڭمۇ بىر ـ ئىككى ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ، بىزنىڭ ئېنىق بىلىدىغىنىمىز نەچچە ئون دانە بولۇپ، بۇ پۇللار دائىم دېگۈدەك تېپىلىپ تۇرىدۇ.

ئىككىنچىدىن، قەشقەر ئەينى زاماندا قاراخانىيلارنىڭ مۇھىم سىياسىي، دىنىي، مەدەنىيەت مەركىزى ئىدى. ئۇنىڭ ئورنى شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى سودا يولىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىقتىسادىمۇ خېلى دەرىجىدە گۈللەنگەن. مۇشۇنداق تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، ھازىرغىچە بىزگە مەلۇم بولغىنىدىن قارىغاندا، قەشقەر بىلەن يەكەن بۇ ئىككى جايدا كەم دېگەندە 1010 يىلىدىن باشلاپلا مىتال پۇل ياسالغان.

ئۈچىنچىدىن، پۇللارنىڭ ئۈستىدە سوقۇلغان يىل ـ دەۋرى ۋە ئورنى ئىزھار قىلىنمىغان. ئاتۇشتىن تېپىلغان مىتال پۇل تەخمىنەن 17 — 18 مىڭ دانىچە بولۇپ، بۇلاردىن سوقۇلغان يىل ـ دەۋرى ۋە ئورنىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدىغانلىرى ئىنتايىن ئاز، تەخمىنەن 20 — 30 دانىدىنلا ئىبارەت. بۇ پۇللاردىن كۆپ قىسمىنىڭ خېتىدىكى يىل-دەۋرى ۋە ئورنىنى ئېنىق كۆرگىلى بولمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ بىر دانىسىدىكى «كاشغەر» دېگەن خەتنى كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ، بىز باشتا تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەن 2 ـ تۈردىكى پۇلدۇر. بۇ شەرقىي قاراخانىيلار زېمىنىدا 11- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە سوقۇلغان مىس پۇلنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. «سۇلايمان قدر تاۋغاچ» دېگەن ئىسىم بار پۇلدىمۇ بۇ ئالاھىدىلىك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئىلان قىلغان قاراخانىيلارغا ئائىت مىتال پۇللارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك يىل ـ دەۋرى، ئورنى بار، يىل ـ دەۋرى ۋە ئورنى كۆرسىتىلمىگەنلىرى ناھايىتى ئاز، بۇ ئەھۋال بىزنىڭكى بىلەن دەلمۇدەل ئەكسىچە.

بىزنىڭ قارىشىمىزچە، بۇ 18 دانە مېتال پۇلنىڭ قەشقەر ئەتراپىدا سوقۇلغانلىقى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. ئەمدى بۇ پۇللارنىڭ قايسى ھۆكۈمران دەۋرىدە ۋە قايسى يىللىرى سوقۇلغانلىقى مەسىلىسىنى ئىلگىرىلەپ مۇھاكىمە قىلىپ كۆرەيلى.

بۇ پۇللارنى 1032- يىلى خانلىق تەختىگە چىققان ئارسلانخان سۇلايمان بىن يۇسۇپ سوقتۇرغان بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. ئۇنىڭ ۋاقتى 1032- يىلىدىن بۇرۇن. بىزگە مەلۇم، سۇلايمان بىن يۇسۇپ 1032- يىلى خانلىق تەختىگە چىققاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەركىزى بالاساغۇن بىلەن قەشقەر بولغان. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇ يۇسۇپ قادىرخاننىڭ چوڭ ئوغلى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇنىڭ سۇيۇرغاللىق زېمىن دائىرىسى قەشقەر ئەتراپلىرى بولۇشى مۇمكىن. 11- ئەسىرنىڭ 20- يىللىرى سۇلايمان ئۆز دادىسى قادىرخانغا ۋاكالىتەن غەرب تەرەپتە ماۋارەئۇننەھر رايونىغا بارغان چېغىدا، ئۇ «تاۋغاچ خاقان» دېگەن ئۇنۋانىنى ئىشلىتىپ، شۇ جايدىكى پۇل ياساش كارخانىسىدا پۇل سوقتۇرغان بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. بۇنى شۇنداق دەپ چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ. تۆۋەندە «تاۋغاچ خاقان» دېگەن نامنىڭ قوللىنىلىشى ئۈستىدە بەزى ئىزاھاتلار بېرىلىدۇ.

تەتقىق قىلىشىمىزچە، يەنە «تاۋغاچ خاقان» دېگەن بۇ نام ناھايىتى يۈكسەك شان - شەرەپلىك نام بولۇپ، ئۇنى قوللانغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ خان جەمەتىدىن ئىبارەت ئېسىلزادىلىك سالاھىيىتىنى ۋە تارىختا ئۆز مىللىتى قۇرغان قەدىمىي خانلىق ئەنئەنىسىنىڭ ۋارىسى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىمەكچى بولىدۇ (بۇ مەسىلىنى بىز تۆۋەندە يەنە كونكرېت بايان قىلىمىز). لېكىن ئۇ، بۇ نامنى قوللانغۇچىلارنىڭ ئەينى زاماندا ئەڭ ئالىي مەرتىۋىلىك خاقان ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەيدۇ. چۈنكى، بىزگە شۇنىسى ئېنىقكى، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ چوڭ خاقانى، ئىلىك خاقانى، ھەتتا مەلۇم سۇيۇرغاللىقنىڭ ھۆكۈمرانى بولغان خاقانلارمۇ «تاۋغاچ خاقان» دېگەن نامنى قوللانغان. بۇمۇ ئەنە شۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئەگەر بىز ئۇتتۇرىغا قويغان سۇلايمان بىن يۇسۇپ «سۇلايمان قىدىر تاۋغاچ خاقان» نىڭ ئۆزى دېگەن پىكرىمىز پۈت

تىرەپ تۇرالىسا، ئۇ چاغدا، بىز سۇلايماننىڭ ئاتا ـ بوۋا ئۈچ ئەۋلادى ئىچىدە تۆت كىشىنىڭ «تاۋغاچ خاقان» دېگەن نامنى ئىشلەتكەنلىكىنى بايقىۋالالايمىز. بۇ ئەھۋال مەسىلىنى ئىزاھلىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ. ئۇلار:

سۇلايماننىڭ ئاتىسى يۈسۈپ بىن ھەسەن 11 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئېلىكخان چېغىدىلا «تاۋغاچ بۇغراخان» دەپ ئاتالغان. لېكىن، 1025 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئۇ ماۋارەئۇننەھر رايونى ۋە غەزنەۋىي خانلىقىنىڭ سۇلتانى مەھمۇد بىلەن كۆرۈشكەن چېغىدا، ئۆز ئۇنۋانىنى ئارسلانخان (چوڭ خاقان) دەپ ئۆزگەرتكەن.

سۇلايماننىڭ تاغىسى، يۈسۈپنىڭ ئىنىسى ئېل تېگىن ماۋارەئۇننەھر رايونىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان چېغىدا، مىلادىيە 1034 ـ يىلىدىن ئىلگىرى ئۆزىنى «تاۋغاچ بۇغراخان» دەپ ئاتىغان.

سۇلايماننىڭ ئوغلى ھەسەن بىننى سۇلايمان (مىلادىيە 1074 — 1102 ـ يىللىرى) 11 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىمۇ ئۆزىنى «تاۋغاچ خاقان» دەپ ئاتىغان.

يۇقىرىقى ئۈچ كىشى «تاۋغاچ» بىلەن «بۇغراخان» دېگەن نامنى قوشۇپ ئىشلەتكەن. ئالدىنقىسى خان جەمەتى زاتلىرىنىڭ سالاھىيىتىنى بىلدۈرسە، كېيىنكىسى ئېلىك خان ئىكەنلىكىنى بىلدۈرەتتى. سۇلايمان بىننى يۈسۈپ چوڭ خاقان بولۇشتىن ئىلگىرىمۇ «تاۋغاچ خاقان» دېگەن نامنى قوللانغان. ئۇلارنىڭ بۇ نامنى ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملاشتۇرۇپ قوللانغانلىقىنى چۈشىنىش ئوڭاي.

بىزنىڭ قارىشىمىزچە، ئاتۇشتىن تېپىلغان قاراخانىيلار سۇلالىسىغا ئائىت بۇ بىر تۈركۈم مىتال پۇللار ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، بىز يۇقىرىدا ئالاھىدە تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەن «تاۋغاچ خاقان» دېگەن خەتلەر بار 18 دانە پۇل 11 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى قاراخانىيلار تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ ئىنتايىن مۇھىم ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. پۇلنىڭ ياسالغان ۋاقتى (11 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدىن 30 ـ يىللىرىنىڭ باشلىرىغىچە) دىن قارىغاندىمۇ، ئوخشاشلا دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. چۈنكى، ئۇ چاغ قاراخانىيلار 10 ـ ئەسىر ئاخىرلىرىدا غەرب تەرىپىدىكى سامانىيلارنى يىمىرىپ تاشلىغان، 11 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا خوتەندىكى

بۇددا ھاكىمىيىتىنى گۇمران قىلغان. ئۇنىڭدىن كېيىنكى نەچچە ئون يىللار ئۆزلىرىنى مۇستەھكەملىگەن مەزگىل بولۇپ، قاراخانىيلار خاندانلىقى ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن زور مىقداردا مىتال پۇل چىقارغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ پۇللارنىڭ بۈگۈنكى كۈنگىچە ساقلىنىپ كەلگەنلىكى بىزنى ئەينى زامان تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن ئېشەنچلىك ئەمەلىي ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئەتتى[①].

## 4. قەشقەرنىڭ ئىسلامىيەت دەۋرىدىكى قەدىمكى ۋەسىقە ۋە يازما يادىكارلىقلارنى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش

قەشقەرنىڭ ئىسلام مۇھىتىدا بارلىققا كەلگەن ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتى — مەدەنىيەت ـ سەنئەت، ئەدەبىي ئىجادىيەت نەمۇنىلىرى ئۆز دەۋرىنىڭ ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتىگە ۋەكىللىك قىلغاچقا، ئۇيغۇر ئىسلام غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىچىدە ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ. تۆۋەندە قەشقەرنىڭ قاراخانىيلار دەۋرىگە تەۋە ۋەكىل خاراكتېرگە ئىگە بولغان يازما يادىكارلىقلىرى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتىمەن.

### 1. يەكەندىن تېپىلغان يازما يادىكارلىقلار

**1. يەكەن يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ تېپىلىشى ۋە تەتقىق قىلىنىشى** ئەنگلىيەلىك ئالىم روس (Denison Ross) نىڭ ئاشكارىلىشىچە،

---

① جاڭ چېشياڭ: «ئاتۇشتىن تېپىلغان قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ پۇلى ھەققىدە تەتقىقات» ، (ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تۈنجى قېتىملىق ئىلمىي دوكلات يىغىنىنىڭ «ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» ) ، (2 ـ قىسىم) ، 1982 ـ يىلى 11 ـ ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، (ئىچكى ماتېرىيال) ، 1038 — 1109 ـ بەتلەر.

1911 ـ يىلى يەكەن شەھىرى ئەتراپىغا جايلاشقان بىر باغدىكى دەرەخ ئاستىدىن ئەرەب يېزىقى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قانۇنغا دائىر بىر تۈركۈم يازما يادىكارلىق تېپىلغان، بۇلار ئۇزاق ئۆتمەي، ماكارتنېيغا[1] تاپشۇرۇپ بېرىلگەن. ماكارتنېي ئۇلارنى يەنە ھىندىستان ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرغان، بۇلارنى ھىندىستاننىڭ شۇ چاغدىكى ئارخېئولوگىيە باش نازارەتچىسى ساقلىغان. بۇنىڭدىن بۇرۇن روس بىر يۈرۈش يازما يادىكارلىقلارنى سۈرەتكە تارتىۋالغان بولۇپ، ئۇلار جەمئىي 15 پارچە يازما يادىكارلىق ۋە پىراگمېنتنىڭ سۈرىتى ئىدى. ئۇنىڭ بېكىتىشىچە، ئۇلارنىڭ يەتتىسى ئەرەب يېزىقىدىكى يازما يادىكارلىق، بەشى ئەرەب يېزىقى بىلەن تۈرك تىلىدا خاتىرىلەنگەن يازما يادىكارلىق، ئۈچى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى، تۆركچە يېزىقتىكى يازما يادىكارلىق ئىكەن. ئەرەب يېزىقىدىكى يازما يادىكارلىقلارنىڭ بەزىلىرىدە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلغان گۇۋاھچىنىڭ ئىمزاسى بار. روس تارتقان بۇ سۈرەتلەر لوندون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شەرقشۇناسلىق ۋە ئافرىقا تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ مۇزېيىدا ساقلانماقتا. كېيىنكىلەر ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتىدا روسنىڭ بۇ يادىكارلىقلار ھەققىدە تارتىۋالغان سۈرەتلىرىنى ئاساس قىلىپ كەلگەن[2].

1908 ـ يىلى 12 ـ ئايدا روس ھىندىستاندا ستەينگە ماكارتنېي يىغىپ ساقلىغان يەكەن يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ ئەسلىي نۇسخىسىنى كۆرسەتكەن. روس تەمىنلىگەن يىپ ئۇچىغا ئاساسەن، ستەين ئوتتۇرا ئاسىياغا قىلغان ئۈچىنچى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيەسىدە يەكەن يازما يادىكارلىقلىرى تېپىلغان ئورۇن توغرىسىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. 1913 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ستەين بۇ بىر تۈركۈم يادىكارلىقلارنىڭ تاپقۇچىسى بولغان ئىبراھىمنىڭ باشلىشى بىلەن يادىكارلىقلار تېپىلغان

---

① ماكارتنېي ئەنگلىيەنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى ــ مۇھەررىردىن.

② نيۇ رۇجى: «ئالتاي مەدەنىيىتى ۋە غەربىي يۇرت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 ـ يىلى 10 ـ ئاي خەنزۇچە نەشرى، 182 ـ، 183 ـ بەتلەر.

ئورۇننى تەكشۈرگەن. بۇ ئورۇن يەكەننىڭ شەرقىي شىمالىدىكى تىزناپ دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى باغجىگدە (بوگۇنكى باغئاۋات بازىرى) كەنتىگە، يەنى تىزناپ دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقى بىلەن تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىي بۇرجىكى ئوتتۇرىسىدىكى شىمالغا قاراپ تەخمىنەن توققۇز ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان جايدىكى قىزىلجى مازىرى (ھازىرقى مەكىت ناھىيەسى قىزىلئاۋات يېزىسى قىزىلجى كەنتى) غا توغرا كېلىدىغان بولۇپ، بۇ يادىكارلىقلار مۇشۇ كەنتنىڭ غەربىي شىمالىدىن يىرىم ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ گىرۋىكىدىكى قۇم بارخانلىرىغا كۆمۈلۈپ قالغان دەرەخ يىلتىزى ئاستىدىن تېپىلغان. بۇ ماتېرىياللار تېپىلغان جاي ئىلگىرى يەكەن خانلىقى تەۋەسىدىكى زېمىنلار بولغاچقا، ئىلىم ساھەسىدىكىلەر بۇ يازما ماتېرىياللارنى «يەكەن يازما يادىكارلىقلىرى» دەپ ئاتاشقان[1]. لىن مېيسۇن ئەپەندى بۇ يادىكارلىقلارنى ماكارتنېي 1908- يىلى ئەتراپىدا قولغا چۈشۈرگەن، ئەمەلىيەتتە بۇ يادىكارلىقلارنىڭ تېپىلغان ۋاقتى بۇ يادىكارلىقلار ماكارتنېيغا تاپشۇرۇپ بېرىلگەن ۋاقىتتىن تەخمىنەن 10 يىل ئىلگىرى بولۇپ، 1898- يىلىغا توغرا كېلىدۇ دەپ قارايدۇ[2]. ئەينى ۋاقىتتا سىتەين بۇ يادىكارلىقلار تېپىلغان جايدا ھېچقانداق ئالاھىدە بىر قەدىمكى ئىزنى بايقىمىغان. بىراق، بۇ ادىكارلىقلار تېپىلغان جاينىڭ شىمالىدىن تەخمىنەن ئىككى ئىنگلىز ىلى كېلىدىغان جايدا بىر قەدىمكى ئولتۇراق جاي ئىزنى بايقاپ، بۇ ورۇندىكى تېرىلغۇ يەر ۋە ئېرىق - ئۆستەڭ ئىزلىرىغا ئاساسەن، بۇنى بىر قەدىمكى كەنتنىڭ خارابە ئىزى بولۇشى مۇمكىن دەپ قارىغان[3].

---

[1] مەكىت ناھىيەلىك تەزكىرە كومىتېتى: «مەكىت ناھىيەسى تەزكىرىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1994- يىلى 5- ئاي خەنزۇچە نەشرى، 490- بەت؛ نيۇ رۇجى: «ئالتاي مەدەنىيىتى ۋە غەربىي يۇرت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003- يىلى 10- ئاي خەنزۇچە نەشرى، 183- بەت.

[2]، [3] لىن مېيسۇن: «غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى»، شەرق نەشرىياتى 1995- يىلى 12- ئاي خەنزۇچە نەشرى، 475-، 476- بەتلەر.

1914 - يىلى فىرانسىيەلىك ئالىم خوئارت «يەكەندىن تېپىلغان ئەرەب يېزىقىدىكى ئۈچ پارچە توختامنامە» ناملىق ماقالىسىدە پېللىئوت ئوتتۇرا ئاسىيانى تەكشۈرگەن مەزگىل (1906 — 1908) دە قولغا چۈشۈرگەن ئەرەب يېزىقىدىكى ئۈچ پارچە يازما يادىكارلىقنى سېلىشتۇرۇپ دەلىللىدى. يازما يادىكارلىقتىكى ھىجرىيە يىلىغا ئاساسەن ھېسابلىغاندا، ئۇلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا 1106 - يىلى، 1112 - يىلى ۋە 1114 - يىلى يېزىلغان بولۇپ، قاراخانىيلار خانلىقى يەكەنگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرگە تەئەللۇق يازما يادىكارلىقلار ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئىككىسى يەكەننىڭ مەلۇم كەنتىدىكى ئۈزۈمزارلىق ۋە يەرلەرنىڭ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىغا دائىر توختامنامە بولۇپ، خوئارت بۇ نۇقتىغا ئاساسەن ئۇلارنى «يەكەندىن تېپىلغان ئەرەب يېزىقىدىكى يازما يادىكارلىق» دەپ ئاتىغان. پېللىئوت ئوتتۇرا ئاسىيانى تەكشۈرۈش داۋامىدا قەشقەر، بارچۇق (مارالبېشى)، كۇچا ۋە دۇنخۇاڭلاردىن ئۆتكەن، لېكىن يەكەننى تەكشۈرگەنلىكى ھەققىدە خاتىرە قالدۇرمىغان. بۇ بىر تۈركۈم يازما يادىكارلىقلارنى پېللىئوتنىڭ قانداق قولغا چۈشۈرگەنلىكى مەسىلىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەكشۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

كېيىن يەنە پېللىئوت يىغقان ئۈچ پارچە يازما يادىكارلىق يەكەندىن تېپىلغان قاراخانىيلار خانلىقىغا دائىر يازما يادىكارلىقلارنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ماكارتنېينىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەنلىكى ئايان بولدى①.

شىنجاڭدىن تېپىلغان قاراخانىيلار خانلىقىغا دائىر يازما يادىكارلىق توغرىسىدا ئەڭ دەسلەپتە ئەنگلىيەلىك سانسكرىتشۇناس خوئېرنلې 1898 - يىلى ئېلان قىلغان «ئەنگلىيە قولغا چۈشۈرگەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يادىكارلىقلىرى ھەققىدە دوكلات» تا مەلۇمات بېرىلگەن. خوئېرنلې بۇ دوكلاتتا ئەنگلىيەنىڭ قەشقەردىكى باش كونسۇلى

---

① لىن مېيسۇن: «غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى»، شەرق نەشرىياتى 1995 - يىلى 12 - ئاي خەنزۇچە نەشرى، 474 - ، 475 - بەتلەر.

ماكارتنېي خوتەندىن يىغىۋالغان ئەرەب يېزىقىدىكى (تۆت پارچە) ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى (24 پارچە) توختامنامىلەرنى تونۇشتۇرغاندى. ئەرەب يېزىقى بىلەن پارس تىلىدا خاتىرىلەنگەن بىر يازما يادىكارلىقتا، بۇ ھىجرىيە 401 - يىلى (مىلادىيە 1010 — 1011 - يىللار) يېزىلغان دېگەن خەت بار. خوئېرنلې يەنە توختامدىكى گۇۋاھچىنىڭ ئىسمى ۋە مەنسىپى تۈركچە ناملار دەپ كۆرسەتكەن. تۆت يىلدىن كېيىن ئەنگلىيەلىك ئىرانشۇناس مارگولىئوئۇت ماقالىسىدە، بۇ پارس تىلىدىكى يازما يادىكارلىقنىڭ يەشمىسىنى ئېلان قىلدى. مارگولىئوئۇت بۇ يازما يادىكارلىقنىڭ يېزىلغان ۋاقتى ھىجرىيە 501 - يىلى (مىلادىيە 1133 - يىلى) ئىكەنلىكىنى، ئۇ يازما يادىكارلىق ئىسلام يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ ئادەتتە قوللىنىدىغان ئۇسلۇبىدا يېزىلغانلىقىنى بايقىدى. خوئېرنلې بىلەن مارگولىئوئۇت بۇ بىر تۈركۈم يازما يادىكارلىقلارنى قاراخانىيلار خانلىقى بىلەن باغلىمىدى، لېكىن ئۇ يازما يادىكارلىقلار، روشەنكى تارىم ئويمانلىقىدىن تېپىلغان قاراخانىيلار خانلىقىغا دائىر تۇنجى تۈركۈم يادىكارلىقلار ئىدى. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭدىن باشقا، ئەرەب يېزىقىدىكى ئۈچ پارچە يازما يادىكارلىق بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى 24 پارچە يادىكارلىقنى ئۇلاردىن باشقا ھېچكىم تىلغا ئالمىدى.

1923 - يىلى رۇسىيەلىك ئالىم بارتولد ئېلان قىلغان « ‹قۇتادغۇبىلىك› تىكى بۇغراخان» ناملىق ماقالىسىدە روس تەمىنلىگەن ئەرەب يېزىقىدىكى بىر پارچە يازما يادىكارلىقنى سېلىشتۇرۇپ دەلىللىدى. بۇ يازما يادىكارلىقنىڭ تۆتىنچى قۇرىدا: «بۇ ‹سۇلايمان ئارسلاننىڭ ئوغلى، شەرق بىلەن چىننىڭ خانى، تاۋغاچ بۇغراخان ئەبۇ ئەلى ھەسەن› ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە، ھىجرىيە 474 - يىلى ياكى 494 - يىلى (مىلادىيە 1106 - يىلى ياكى 1126 - يىلى) دا يېزىلدى» دېگەن خەت بار. بارتولدنىڭ دەلىللىشىچە، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مەشھۇر داستانى «قۇتادغۇبىلىك» مۇشۇ بۇغراخانغا تەقدىم قىلىنغان. بارتولد يەنە روس تەمىن ئەتكەن ئەھۋاللارغا ئاساسەن، ئىلىم ساھەسىدىكىلەرگە قاراخانىيلار خانلىقىغا دائىر بۇ بىر تۈركۈم يازما يادىكارلىقلارنى تۇنجى قېتىم ئاشكارىلىدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن روس بۇ يازما يادىكارلىقلارنى ئىزچىل تەتقىق قىلغانىدەك قىلسىمۇ، ئەپسۇسكى بۇ ھەقتە ھېچقانداق تەتقىقات نەتىجىسىنى ئېلان قىلمىدى. روس ئۆلگەندىن كېيىن، ئەنگلىيەلىك ئىرانشۇناس مىنورسكىي ئۇ تەمىنلىگەن يەكەندىن تېپىلغان ئەرەب-تۈرك يېزىقىدىكى بىر پارچە يازما يادىكارلىقنى سېلىشتۇرۇپ دەلىللىدى. مىنورسكىي خوتەندىن تېپىلغان 1107- يىلى يېزىلغان پارسچە يەر خېتى بىلەن يەكەندىن تېپىلغان بۇ بىر پارچە يازما يادىكارلىقنىڭ يېزىق ئۇسلۇبى جەھەتتە ئىنتايىن ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقىنى بايقىغان. شۇڭا ئۇ، بۇ ئىككى يازما يادىكارلىقنى 1942- يىلى ئېلان قىلغان «بۇرۇن تېپىلغان بىر قىسىم پارسچە يازما يادىكارلىقلار ئۈستىدە مۇلاھىزە» دېگەن ماقالىسىگە كىرگۈزگەن.

1968- يىلى ئەنگلىيەلىك ئالىم كلاۋسون بۇ بىر تۈركۈم يازما يادىكارلىقلارغا ئەھمىيەت بېرىپ، تۈرك يېزىقىدىكى بارلىق يازما يادىكارلىقنى ۋە ئەرەب يېزىقىدىكى ئۈچ پارچە يازمىنى سېلىشتۇرۇپ دەلىللەپ، 10 بەت ئىزاھ يازغان. ئەمما، ئۇ ھېچقانداق تەتقىقات نەتىجىسىنى ئېلان قىلمىغان، 1974- يىلى 5- ئايدا ئۇ ئالەمدىن ئۆتۈپ، ئۇنىڭ بىر قىسىم ماقالە ئارگىنالى قېپقالغان.

كلاۋسوندىن كېيىن بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتنى خارۋارد ئۇنىۋېر-سىتېتىنىڭ پىروفېسسورى تېكىن (S. tekin) داۋاملاشتۇرغان. ئۇ 1975- يىلى ۋە 1979- يىلى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ يەكەندىن تېپىلغان قاراخانىيلار خانلىقىغا ئائىت ئىككى پارچە يازما يادىكارلىق توغرىسىدا ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغان. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، تۈرك يېزىقىدىكى ئۈچ پارچە يادىكارلىق ۋە ئەرەب يېزىقىدىكى بىر پارچە يادىكارلىقنى سېلىشتۇرۇپ دەلىللىگەن.

ئەڭ ئاخىر ئەنگلىيەلىك ئېردال يەكەندىن تېپىلغان قاراخانىيلار خانلىقىغا ئائىت يازما يادىكارلىقلارنى ئومۇمىيۈزلۈك رەتلەپ چىقتى. ئەمما ئۇ، بۇ چاغدا روس تارتقان سۈرەتتە بەش پارچە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى، تۈرك يېزىقىدىكى يادىكارلىق ۋە ئەرەب يېزىقىدىكى ئىككى پارچە يادىكارلىق يوقلۇقىنى بايقىغان. ئۇنىڭ پەرىزىچە، روس ئۇلارنى

ئۆزى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن لوندون ئۇنىۋېرسىتېتىغا بەرمىگەن بولسا كېرەك. 1981 ـ يىلى ئۇ ھىندىستاندىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا ئەسلىي تېكىستنى سۈرۈشتۈرۈپ خەت يازغان بولسىمۇ، ئۈچۈرىنى ئالالمىغان. شۇڭا، ئېردال 1984 ـ يىلى ئېلان قىلغان «يەكەندىن تېپىلغان تۈركچە يازما يادىكارلىق ۋە ئەرەب يېزىقى بىلەن تۈرك تىلى خاتىرىلەنگەن بىر پارچە يازما يادىكارلىق»نى، جۈملىدىن مىنورىسكىي سېلىشتۇرۇپ دەلىللىگەن بىر پارچە يازما يادىكارلىق بىلەن تېكىن سېلىشتۇرۇپ دەلىللىگەن ئۈچ پارچە يازما يادىكارلىقنى سېلىشتۇرۇپ دەلىلەپ چىققان. ئۇنىڭ قارىشىچە، روس قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن تۈرك تىلى خاتىرىلەنگەن ئۈچ پارچە يازما يادىكارلىق ئەمەلىيەتتە تۆت پارچە يازما يادىكارلىق. ئۇنىڭدىن باشقا، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن تۈرك تىلى خاتىرىلەنگەن بىر پارچە يازما يادىكارلىق ئىلگىرى ئەرەب يېزىقى بىلەن تۈرك تىلى خاتىرىلەنگەن يادىكارلىق دەپ خاتا ئايرىلغان، شۇڭا بۇ خىل يازما يادىكارلىقتىن ھازىر بەش پارچىسى ساقلىنىۋاتىدۇ. بۇ ماقالىدە يەنە كلاۋسوننىڭ ماقالە ئارگىنالى ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلگەن، بۇ ماقالىنى تۈرك تىلىدىكى يازما يادىكارلىقلار تەتقىقاتىنىڭ يىغىنچاقلىنىشى دېيىشكە بولىدۇ. ئېردال يەنە پېللىئوت توپلىغان يەكەن ئەرەبچە يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ مەزمۇنى ماكارتنېي توپلىغان يازما يادىكارلىقلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ئۇلار شۈبھىسىزكى، قىزىلجىدىن بىرلا ۋاقىتتا تېپىلغان دەپ توغرا ئېيتقان[1].

1986 ـ يىلى ئەنگلىيەلىك ئالىم گرونكى «يەكەندىن تېپىلغان ئەرەبچە يازما يادىكارلىقلار ھەققىدە مۇھاكىمە» ناملىق ماقالىسىدە، ماكارتنېي توپلىغان يازما يادىكارلىقلار ئىچىدىكى ئەرەب يېزىقىدا يېزىلغان يادىكارلىقلارنى قايتىدىن رەتلەپ چىققان. ھىندىستاندا ساقلانغان يازما يادىكارلىقنىڭ ئەسلىي نۇسخىسىنىڭ ھېلىمۇ ئىز-دېرىكى بولمىغاچقا، روس تارتقان رەسىم ئىچىدىكى ئىككى پارچە يازما

---

[1] لىن مېيسۇن: «غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى»، شەرق نەشرىياتى 1995 ـ يىلى 12 ـ ئاي خەنزۇچە نەشرى، 476 ـ، 477 ـ بەتلەر.

يادىكارلىقىنىڭ نەدىلىكىنى ئېنىقلىغىلى بولمىغان. شۇڭا، گرونكى قېپقالغان ئەرەب يېزىقىدىكى بەش پارچە يازما يادىكارلىقنى سېلىشتۇرۇپ دەلىللەپ چىققان. ئۇلار ئىچىدە بارتولد بىلەن تېكىن ئېلان قىلغان ئىككى پارچە يازما يادىكارلىقمۇ بار. بۇ ماقالىدە كلاۋسون ئېلان قىلمىغان تەتقىقات نەتىجىلىرى ئۈستىدىمۇ مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلگەن، ئۇنى يەكەندىن تېپىلغان ئەرەب يېزىقىدىكى يادىكارلىقلار توغرىسىدىكى تەتقىقاتلارنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇشى دېيىشكە بولىدۇ.

يۇقىرىقى تەكشۈرۈشلەرگە ئاساسلانغاندا، مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يەكەن ئەتراپىدىكى مەلۇم بىر گۆللۈكتىن تېپىلغان قاراخانىيلار خانلىقىغا دائىر يازما يادىكارلىق جەمئىي 19 پارچە بولۇپ، ئۇلاردىن ئەرەب يېزىقى بىلەن تۈرك تىلى خاتىرىلەنگەن تۆت پارچە يادىكارلىقنىڭ ۋە ئەرەب يېزىقىدىكى ئىككى پارچە يادىكارلىقنىڭ ئىز - دېرىكى ي خۇئارت بىلەن گرونكى سېلىشتۇرۇپ بېكىتكەن ئەرەب يېزىقىـ سەككىز پارچە يادىكارلىق، ئېردال سېلىشتۇرۇپ بېكىتكەن قەدىـ ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن تۈرك تىلى خاتىرىلەنگەن بەش پارچە يادىكارلىق ۋە ئەرەب يېزىقى بىلەن تۈرك تىلى خاتىرىلەنگەن بىر پارچە يادىكارلىق ھازىر كىشىلەرگە مەلۇم. ئۇنىڭدىن باشقا، خۇئېرنلى 1898- يىلى ئودۇندىن تېپىلغان قاراخانىيلار خانلىقىغا دائىر جەمئىي 28 پارچە يازما يادىكارلىقنىڭ تۆتى ئەرەب يېزىقىدىكى يادىكارلىق، قالغانلىرى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يادىكارلىق ئىكەنلىكى ھەققىدە مەلۇمات بەرگەنىدى. ئەپسۇسكى، بۇ ماتېرىياللاردىن ئەرەب يېزىقى بىلەن پارس تىلى خاتىرىلەنگەن بىر پارچە يادىكارلىقلا جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى[1].

قاراخانىيلار خانلىقىغا ئائىت يەكەندىن تېپىلغان يازما ھۆججەتلەر

---

① لىن مېيسۈن: «يەكەندىن تېپىلغان قاراخانىيلار سۇلالىسىگە دائىر يازما يادىكارلىقلاردىكى بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى (ئۇيغۇرچە)، 1992- يىللىق 4- سان، 109-، 110- بەتلەر.

ئالدى بىلەن چەت ئەللىك ئارخېئولوگ ۋە ئالىملار تەرىپىدىن بايقىلىپ، شۇلار تەرىپىدىن تەتقىق قىلىنغان ھەمدە خېلى زور مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن. كېيىن ئېلىمىز ئالىملىرىدىن لىن مېيسۇن ئەپەندى بۇ ھەقتە چوڭقۇر ئىزدىنىشلەردە بولۇپ، بىر تەرەپتىن يەكەن يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ چەت ئەللەردىكى تەتقىقات ئەھۋالىنى تونۇشتۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ بۇ يادىكارلىقلار ھەققىدىكى تەتقىقات نەتىجىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان[①]. ئارقىدىن تىل - يېزىق تەتقىقاتچىسى نيۇ رۇجى سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن بۇ يازما يادىكارلىقلار ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان ھەمدە ئېردال تەكشۈرۈپ بېكىتكەن يەكەندىن تېپىلغان تۆت پارچە ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يازما يادىكارلىق ۋە بۇ ھەقتىكى تەتقىقات ئۇچۇرىنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى تەتقىقاتچى لى جىڭۋېي ئەپەندىگە يەتكۈزۈپ بەرگەن. لى جىڭۋېي ئەپەندى ئېردالنىڭ تەتقىقات ئۇچۇرىغا ئاساسلىنىپ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يەكەندىن تېپىلغان تۆت پارچە يازما يادىكارلىق ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، بۇ يادىكارلىقنىڭ ترانسكرىپسىيەسى، خەنزۇچە تەرجىمىسى ۋە قىسقىچە ئىزاھاتلىرىنى، شۇنداقلا بۇ يادىكارلىقنىڭ فوتو سۈرەت نۇسخىسىنى ئېلان قىلدى.

### 2. يازما يادىكارلىقلارنىڭ يېزىق تۈرى ۋە مەزمۇنى

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بىر تاسادىپىي پۇرسەت كىشىلەرگە يەكەن رايونىدىن تېپىلغان قاراخانىيلار خانلىقىغا دائىر يازما يادىكارلىقنىڭ ھەققىي ئەھۋالىدىن ئۇچۇر بەردى. ھالبۇكى، بۇ قىممەتلىك يازما يادىكارلىقلار تېپىلىپ ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا چەت ئەلگە

① لىن مېيسۇن: «يەكەندىن تېپىلغان قاراخانىيلار سۇلالىسىگە دائىر يازما يادىكارلىقلاردىكى بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدا»، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە)، 1992- يىلى 2- سان؛ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى (ئۇيغۇرچە)، 1992- يىلى 4- سان؛ «غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى»، شەرق نەشرىياتى 1995- يىلى 12- ئاي خەنزۇچە نەشرى، 473 — 491- بەتلەر.

ئەچىقىپ كېتىلدى. يېقىنقى بىرنەچچە يىلدا ئۇلار ھەققىدىكى تەتقىقاتلار ۋە بىر قىسىم تەتقىقات نەتىجىلىرى جامائەتچىلىككە ئېلان قىلىنىپ، بۇ يازما يادىكارلىقلارنىڭ مەزمۇنى كىشىلەرگە ئايان بولدى. قاراخانىيلار خانلىقىغا ئائىت بىرىنچى قول ۋە يېڭى تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ ئېلان قىلىنىشى بىزنىڭ قاراخانىيلارنىڭ ئەدەبىي تىلى، تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەينى چاغدىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئەھۋالى، ئىسلام دىنىنىڭ بۇ رايونغا دەسلەپتە تارقىلىشى ھەققىدىكى چۈشەنچىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇردى. شۇڭا، «يەكەن يازما يادىكارلىقلىرى» نى قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى تارىم ۋادىسىنىڭ ۋە ئۇنىڭغا قوشنا بولغان جايلارنىڭ تارىخ، مەدەنىيەت تەتقىقاتىدا ئىنتايىن مۇھىم ھۆججەت دەپ قاراشقا بولىدۇ.

قاراخانىيلار خانلىقىغا دائىر يازما يادىكارلىقلارنىڭ تېپىلىشى ۋە بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلار بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، بۇ خانلىقتا ئەرەب تىلى، تۈرك تىلى ۋە پارس تىلىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل ئەدەبىي تىل بولغان، بۇ ئۈچ خىل تىلنىڭ ھەممىسى ئەرەب يېزىقى بىلەن خاتىرىلەنگەن، تۈرك تىلى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەنمۇ خاتىرىلەنگەن.

يەكەندىن تېپىلغان قاراخانىيلار خانلىقىغا دائىر يازما يادىكارلىقلار ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار ئىچىدە ئېلىمىز ئالىمى لىن مېيسۈن ئەپەندىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىزدىنىشى بىرقەدەر چوڭقۇر ھەم سىستېمىلىق بولۇپ، ئۇ چەت ئەللەردىكى مۇشۇ يازما يادىكارلىقلار ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان ئىزدىنىش جەريانلىرى ۋە تەتقىقات نەتىجىلىرىنى سىستېمىلىق تونۇشتۇرغاندىن باشقا، ئۆزىنىڭمۇ بۇ يازما يادىكارلىقلار ھەققىدىكى تەتقىقات نەتىجىسىنى بىرقەدەر تەپسىلىي بايان قىلىپ، بۇ يازما يادىكارلىق ھەققىدىكى چۈشەنچىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش بىلەن بىللە، مۇشۇ ساھەدە قىزىققۇچىلار ئۈچۈن مول ماتېرىيال مەنبەسى ۋە ئۈچۈر بىلەن تەمىن ئېتىپ، ئىلمىي جەھەتتىن يېتەكلەش رولىنى ئوينىدى. تۆۋەندە لىن مېيسۈن ئەپەندىنىڭ يەكەندىن تېپىلغان يازما يادىكارلىقلار ھەققىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى ئارقىلىق، بۇ يازما

يادىكارلىقلارنىڭ يېزىق تۈرلىرى ۋە مەزمۇنى قىسقىچە بايان قىلىندۇ.

1) قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن تۈرك تىلى خاتىرىلەنگەن يادىكارلىقلار

يەكەندىن تېپىلغان يازما يادىكارلىقلار ئىچىدە يىل - دەۋرى ئەڭ بۇرۇنقىلىرى ئىردال سىيلىشتۇرۇپ بېكىتكەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن تۈرك تىلى خاتىرىلەنگەن بەش پارچە يادىكارلىقتۇر. ئۇلارنىڭ ئىچىدە E.I نومۇرلۇق ۋە IV نومۇرلۇق يادىكارلىق ھىجرىيە 473- يىلى ۋە 483- يىلى (مىلادىيە 1105 — 1115- يىللىرى) يېزىلغان. E .II نومۇرلۇق يازما يادىكارلىقنىڭ يىل - دەۋرى تۈركلەرنىڭ 12 مۇچەل يىلى بىلەن خاتىرىلەنگەن. بۇنداق مۇچەل يىلى ئېلىمىزنىڭ ئىچكى رايونلىرىدا قوللىنىلغان بۇرج ۋە مۇچەل يىلىغا ئوخشمايدۇ. G.I نومۇرلۇق يازما يادىكارلىق چاشقان يىلى يەنى ھىجرىيە 473- يىلى يېزىلغان، G.II نومۇرلۇق يازما يادىكارلىق يېزىلغان توخۇ يىلى يا ھىجرىيە 470- يىلى (مىلادىيە 1102- يىلى)غا، يا ھىجرىيە 482- يىلى (مىلادىيە 1114- يىلى)غا توغرا كېلىشى مۇمكىن. قالغان ئىككى پارچە يازما يادىكارلىقنىڭ يىل - دەۋرى خاتىرىلەنمىگەن بولسىمۇ، لېكىن E.V نومۇرلۇق يازما يادىكارلىقتا خاتىرىلەنگەن گۇۋاھچى پاختا سودىگىرى يۇسۇپ E.III نومۇرلۇق يازما يادىكارلىقتىمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ. ھالبۇكى، E.III نومۇرلۇق يادىكارلىقتىكى گۇۋاھچى ئەلى مۇھەممەدنىڭ ئوغلى مۇسا E.I نومۇرلۇق يازما يادىكارلىقتىكى گۇۋاھچىدۇر. شۇنداق ئىكەن، يىل - دەۋرى خاتىرىلەنمىگەن بۇ ئىككى پارچە يازما يادىكارلىقمۇ E.I نومۇرلۇق يادىكارلىق يېزىلغان 1083- يىلىنىڭ ئالدى-كەينىدە يېزىلغان بولۇشى كېرەك. شۇڭا، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن تۈرك تىلى خاتىرىلەنگەن بۇ بەش پارچە يادىكارلىق ھىجرىيە 470 — 483- يىللىرى (مىلادىيە 1102 — 1115- يىللىرى) يېزىلغان بولۇشى مۇمكىن.

قاراخانىيلار خانلىقىدا قاچاندىن باشلاپ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن تۈرك تىلى خاتىرىلەنگەنلىكى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق. ئورخۇن ۋە يېنسەي دەريالىرى بويلىرىدىكى تۈركچە مەڭگۈ تاشلارنىڭ

تېپىلىشى ۋە بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلار شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، تۈركلەر دەسلەپتە رونىك يېزىقى بىلەن تۈرك تىلىنى خاتىرىلىگەن. ئارامى يېزىقى بىلەن قەدىمكى تۈركلەرنىڭ ئۆيما بەلگىلىرىدىن تەركىب تاپقان بۇ يېزىق تۈرك خانلىقى دەۋرى (مىلادىيە 552 — 744- يىللىرى) ۋە تۈركلەر شەرق ۋە غەرب ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتكەن دەۋر (مىلادىيە 744 — 840- يىللىرى) دە قوللىنىلغان. تەخمىنەن 8- ئەسىردىن باشلاپ تۈركلەر يەنە ئوتتۇرا ئاسىيا سوغد يېزىقى بىلەن تۈرك تىلىنى خاتىرىلىگەن. بۇ خىل يېزىقنى ئەڭ دەسلەپتە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يەتتىسۇ بويلىرىدا ياشىغان تۈركەشلەر قوللانغان بولۇپ، كېيىن موڭغۇل ياىلىقىدا ياشىغان ئۇيغۇرلارمۇ بۇ خىل يېزىقنى قوللانغان. بۇنىڭغا تۈركەشلەرنىڭ 8- ئەسىرگە تەئەللۇق سوغد يېزىقى بىلەن تۈرك تىلى خاتىرىلەنگەن پۇلىنى ۋە 20- ئەسىرنىڭ 50- يىللىرىدا موڭغۇلىيەدىكى ئۇلانخامدىن تېپىلغان ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈشتىن بۇرۇن سوغد يېزىقى بىلەن تۈرك تىلى خاتىرىلەنگەن مەڭگۈ تاشنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ. بۇ خىل يېزىقنى كېيىنچە ئۇيغۇرلار قوبۇل قىلىپ ئومۇملاشتۇرغاچقا، ئىلىم ساھەسىدىكىلەر ئۇنى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى دەپ ئاتىغان. ھالبۇكى، قاراخانىيلار خانلىقىدا سوغد يېزىقىنى قوللىنىش ياكى سوغد يېزىقى بىلەن تۈرك تىلىنى خاتىرىلەش ئۇيغۇرلاردىن ئۆگىنىلمىگەن. چۈنكى، قاراخانىيلار خانلىقىدىكىلە سوغدلار بىلەن قوشنا بولغاچقا، سوغد يېزىقىنى بىۋاسىتە سوغدلاردىن ئۆگىنىش، يىراق موڭغۇل ياىلىقىدىكى ئۇيغۇرلاردىن ئۆگىنىشكە قارىغاندا كۆپ قولايلىق ئىدى. يەنە كېلىپ، تۈركەشلەر سوغد يېزىقى بىلەن تۈرك تىلىنى خاتىرىلەشتە نەمۇنە ياراتقانىدى. 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭنىڭ كۇچا ناھىيەسىدىن تېپىلغان ئىسلاملىشىشتىن بۇرۇنقى قاراخانىيلار خانلىقىغا دائىر بىر پارچە يازما يادىكارلىقنىڭ بۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشكە ياردىمى بار.

1918- يىلى گېرمانىيەلىك تىلشۇناس مۇللېر «توخرى تىلى ۋە كۇسەن تىلى» دېگەن تېمىدا ماقالە يازغان. بۇ ماقالىدە كۇچادىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن تۈرك تىلى خاتىرىلەنگەن بىر

پارچە بۇددا نومى تىلغا ئېلىنغانىدى. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بۇ نومنىڭ كىرىش سۆزىدە «بۇنى ھازىر بۇددا ئۇستازى كۇسەن تىلىدىن بارچۇق تىلىغا تەرجىمە قىلدى» دېيىلگەن. بارچۇق تىلى — ياغمىلارنىڭ بارچۇق قوۋمىنىڭ تىلىدۇر، مەھمۇد كاشغەريي «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا ۋە 9- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا پارسچە يېزىلغان جۇغراپىيەلىك تەپسىرات — «ھۇدۇدۇلئالەم» («ئالەمنىڭ چېگرا - پاسىللىرى»)دا بارچۇق ياغمىلارنىڭ قوۋمى دېيىلگەن. ئۇلار قەشقەر بىلەن كۇچانىڭ ئارىلىقىدىكى بارچۇقتا ماكانلاشقان. شۇنداق ئىكەن، كۇچادىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن بارچۇق تىلى خاتىرىلەنگەن بۇ بۇددا نومى قاراخانىيلار خانلىقى ئىسلاملىشىشتىن بۇرۇنقى (960- يىلى) يازما يادىكارلىق بولسا كېرەك.

قاراخانىيلار خانلىقىغا دائىر يىل - دەۋرى 1090- يىلىدىن كېيىنكى ۋاقىتقا مەنسۇپ بولغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن تۈرك تىلى خاتىرىلەنگەن يادىكارلىقلار ھازىرغىچە تېپىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ خانلىقتىكى پۇقرالار قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن تۈرك تىلىنى خاتىرىلەش ئەنئەنىسىنى بۇ خانلىقنىڭ ئاخىرقى دەۋرىگىچە داۋاملاشتۇرغان. يەكەندىن تېپىلغان يىل - دەۋرى 1110 — 1135- يىللارغا مەنسۇپ بولغان ئەرەب يېزىقىدىكى بەش پارچە يادىكارلىق ئارىسىدىكى بەزى توختاملارنىڭ گۇۋاھچىلىرى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن ئىمزا قويغان. بۇ قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ قانۇنىدا ئەرەب يېزىقىنى بىلمەيدىغانلارنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللىنىشىغا ئىجازەت بېرىلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

2) ئەرەب يېزىقى بىلەن تۈرك تىلى خاتىرىلەنگەن يادىكارلىقلار

يەكەندىن تېپىلغان تۆت پارچە يازما يادىكارلىق ئەرەب يېزىقى بىلەن تۈرك تىلى خاتىرىلەنگەن دەپ بېكىتىلدى، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىرى ھىجرىيە 515- يىلى (مىلادىيە 1121- يىلى) يېزىلغان. قاراخانىيلار خانلىقىدا تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ئەرەب يېزىقى ئارقىلىق ئۆز تىلىنى خاتىرىلەش نەمۇنىسىنى ياراتقان، بۇ ئەنئەنە بىر نەچچە تەرەققىيات باسقۇچىنى باشتىن كەچۈرگەن. ئالايلۇق، 14- ئەسىردىن

كېيىنكى چاغاتاي يېزىقى ھازىرغىچە يېتىپ كەلگەن، مەھمۇد كاشغەرىي 1074- يىلى يېزىپ پۈتكۈزگەن «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا قەدىمكى تۈركچە سۆزلۈك، خەلق قوشاقلىرى، ماقال - تەمسىل قاتارلىقلار ئەرەب يېزىقى بىلەن خاتىرىلەنگەن. دەلىللىنىشىچە، يۈسۈپ خاس ھاجىپ 1069- يىلى يېزىپ تاماملىغان تۈرك تىلىدىكى داستان «قۇتادغۇبىلىك»مۇ ئەڭ دەسلەپتە ئەرەب يېزىقى بىلەن خاتىرىلەنگەن، ئاندىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نۇسخىسى بارلىققا كەلگەن. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئەرەب يېزىقى بىلەن تۈرك تىلىنى خاتىرىلەش تارىخىنى كەم دېگەندىمۇ 11- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا سۈرۈش مۇمكىن.

3) ئەرەب يېزىقى بىلەن پارس تىلى خاتىرىلەنگەن يادىكارلىقلار

قاراخانىيلار خانلىقىدا پارسچە تىل قوللىنىلغانلىقىنى ئۇدۇندىن تېپىلغان ئەرەب يېزىقى بىلەن پارس تىلى خاتىرىلەنگەن توختامنامىلەر ئىسپاتلىدى، ئۇلارنىڭ يېزىلىش ئۇسلۇبى يەكەندىن تېپىلغان يازما يادىكارلىقلارنىڭكىگە تامامەن ئوخشاش بولۇپ، يىل - دەۋرى ھىجرىيە 501- يىلى (مىلادىيە 1133- يىلى) غا مەنسۇپ بۇ خىل يازما يادىكارلىقلار خانلىقتىكى پارسلارنىڭ بولسا كېرەك. ئېردال سېلىشتۇرۇپ دەلىللىگەن ئەرەب يېزىقى بىلەن تۈرك تىلى خاتىرىلەنگەن يادىكارلىقتا ئۈچ قېتىم پارسلار تىلغا ئېلىنغان، ئۇلارنىڭ نامى «تەزىك» دەپ يېزىلغان. بۇ نام ئەسلىدە ئەرەبلەرنى كۆرسەتتى، كېيىن ئىسلاملاشقاندىن كېيىنكى پارسلار بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىران تىللىرىدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنى كۆرسىتىدىغان بولغان، قاراخانىيلار خانلىقىغا دائىر يازما يادىكارلىقلاردا تىلغا ئېلىنغان ئەرەبلەر پارسلار بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىران تىللىرىدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنى كۆرسىتىدىغانلىقى ئېنىق.

4) ئەرەب تىلىدىكى يازما يادىكارلىقلار

ئەرەب تىلى ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس تىلى بولۇپ، ئۇ قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئەدەبىي تىلى ئىچىدە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. قاراخانىيلار خانلىقىغا دائىر ھازىر كىشىلەرگە مەلۇم بولغان

ئەرەب يېزىقىدىكى يادىكارلىق ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سەمەرقەنتتىن تېپىلغان. 1967- يىلى فىرانسىيەدە چىقىدىغان «ئاسىيا ژۇرنىلى» نىڭ 255- سانىدا سەمەرقەنتتىن تېپىلغان ئەرەب يېزىقىدىكى ئىككى پارچە يادىكارلىق ئېلان قىلىندى. بۇ ئىككى پارچە يادىكارلىق قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ خانى تاۋغاچ بۇغراخان ئەبۇ ئىسھاق ئىبراھىم ئىمىن ناسىر ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر (مىلادىيە 1047 — 1068- يىللار) دە يېزىلغان، ئۇنىڭ بىرىدە ھىجرىيە 458- يىلى (مىلادىيە 1066 - يىلى) دېگەن خەت بار. يەكەندىن تېپىلغان ئەرەب يېزىقىدىكى يادىكارلىق ئىچىدىكى يىل - دەۋرى ئەڭ بۇرۇنقىسى ھىجرىيە 489- يىلى (مىلادىيە 1096- يىلى) بولۇپ، ئۇنىڭ ۋاقتى سەمەرقەنتتىن تېپىلغان يازما يادىكارلىقنىڭكىدىن 30 يىل كېيىن، شۇنداقتىمۇ پاكىتلار يەكەندە ئەرەب يېزىقى خېلى بۇرۇن قوللىنىلغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. بارتولد بىلەن گېرمانىيەلىك ئالىم زامبا ئۇرنىڭ دەلىللىشىچە، يەكەندىن تېپىلغان قاراخانىيلار خانلىقىغا دائىر ئەڭ دەسلەپكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ھىجرىيە 398- يىلى (مىلادىيە 1005 — 1006- يىللىرى) بىلەن ھىجرىيە 404- يىلى (مىلادىيە 1013 — 1014- يىللار) غا مەنسۇپ بولغان قاراخانىيلارنىڭ پارىچە پۇلى بولۇپ، ئۇلاردا ئەرەب يېزىقىدىكى خەت بار ئىكەن.

يەكەندىن تېپىلغان ئەرەب يېزىقىدىكى سەككىز پارچە يادىكارلىق ئىچىدە گرونكې سېلىشتۇرۇپ دەلىللىگەن بەشىنچى نومۇرلۇق يادىكارلىقنىڭ يىل - دەۋرى ھەممىدىن كېيىن بولۇپ، ئۇ ھىجرىيە 529- يىلى (مىلادىيە 1135- يىلى) يېزىلغان. بۇ ۋاقىت دىققىتىمىزنى قوزغاشقا تېگىشلىك. «لياۋ خانلىقى تارىخى. تيەنزۇ ھەققىدە خاتىرە»گە ئاساسلانغاندا، «غەربىي لياۋنىڭ يەنچىڭ 3- يىلى (1133- يىلى) ياللۇغ تاشىن قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ غەربىي تارمىقىنى يوقىتىپ شەرققە قايتقان، ئۇ 20 كۈن ئاتلىق يۈرۈپ، ياخشى جاينى ئىگىلىگەن، پايتەخت بىنا قىلدۇرغان، ئۇ قۇزئوردۇ (بالاساغۇن) دەپ ئاتالغان، كاڭگونىڭ تۇنجى يىلى (1134- يىلى) 3- ئايدا...... 70 مىڭ چەۋەندازنى باشلاپ شەرققە يۈرۈش قىلغان...... 10 مىڭ

چاقىرىمدىن ئارتۇق يول يۈرگەن بولسىمۇ ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىگەن، ئات - كالىلارنىڭ يېرىمى ئۆلۈپ كەتكەن، شۇڭا لەشكەرلىرىنى ياندۇرغان.» ياللۇغ تاشىنىنىڭ بۇ قېتىمقى ھەربىي پائالىيىتى جىن دۆلىتىگە قارىتىلغان بولسىمۇ، لېكىن قەشقەر بىلەن يەكەن غەربىي لياۋ قوشۇنى ئاۋۋال ھۇجۇم قىلىدىغان نىشان ئىكەنلىكى روشەن. غەربىي لياۋدىكى ئاساسلىق مىللەت بولغان قىتان (كىدان) لار بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى، ئۇلارنىڭ كېلىشى تەبىئىيكى تارىم ئويمانلىقىدىكى ئىسلام دىنى كۈچلىرىنى بەربات قىلغان، بولۇپمۇ غەربىي لياۋغا كۈچلۈك ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر (مىلادىيە 1211 — 1218- يىللار) دە ئىسلام دىنىنىڭ پائالىيىتى پۈتۈنلەي چەكلەنگەن، ھەتتا خوتەن رايونىدىكى شەيخۇلئىسلام ئالاۋىدۇن ئۆلتۈرۈلگەن. يۇقىرىقى ئەھۋاللاردىن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىش مۇمكىنكى، يەكەندىن تېپىلغان قاراخانىيلار خانلىقىغا دائىر يازما يادىكارلىقلارنى غەربىي لياۋ قوشۇنى تارىم ئويمانلىقىغا بېسىپ كىرگەندە، ئۇلارنىڭ ئىگىلىرى يوشۇرۇپ قويغان بولۇشى مۇمكىن، كېيىن ئۇزاققىچە ئۇنى ئىشلىتىشكە پۇرسەت بولمىغاچقا، ئەستىن چىقىرىۋېتىلگەن بولسا كېرەك①.

### 3. يازما يادىكارلىقلاردا ئەكس ئەتكەن ئىجتىمائىي ئەھۋال

يەكەندىن تېپىلغان يازما يادىكارلىقلار قاراخانىيلار خانلىقى ۋە تارىم ۋادىسىدىكى ھەرقايسى بوستانلىقلار ئۈچۈن بىرىنچى قول ماتېرىيال بولۇپ، بۇ يازما يادىكارلىقلاردا ئەكس ئەتكەن ئىجتىمائىي ئەھۋال — قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى تارىم ۋادىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالى، دىنىي ئېتىقاد ۋە تىل - يېزىق قاتارلىقلار ئەينى دەۋر ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ماتېرىيال مەنبەسى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

---

① لىن مېيسۇن: «يەكەندىن تېپىلغان قاراخانىيلار سۇلالىسىغا دائىر يازما يادىكارلىقلاردىكى بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى (ئۇيغۇرچە)، 1992- يىلى 4- سان، 110 — 114- بەتلەر؛ لىن مېيسۇن: «غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى»، شەرق نەشرىياتى 1995- يىلى 12- ئاي خەنزۇچە نەشرى، 478 — 481- بەتلەر.

(1) قاراخانىيلار دەۋرىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالىدىن ئۇچۇر بېرىدۇ

يەكەندىن تېپىلغان قاراخانىيلار خانلىقىغا دائىر يازما يادىكارلىقلاردا قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئاساسلىق تەركىبلىرىدىن بولغان ياغمىلار، قارلۇقلار ۋە ئۇيغۇرلار ھەققىدە، ئۇلاردىن باشقا خەنزۇلار، تەزىكلەر (تاجىكلار)، يەھۇدىيلار ۋە باشقا مىللەتلەر، جۈملىدىن سوغدلار، سامانىيلار ھەققىدە بىرىنچى قول ماتېرىيال بار. بۇ يازما يادىكارلىقلار تەۋە بولغان مىلادىيە 11 ـ، 12 ـ ئەسىرلەر تارىم ئويمانلىقىدىكى مىللەتلەرنىڭ كۆچۈشىدىكى ئىنتايىن مۇھىم مەزگىل بولۇپ، ئەسلىدىلا بۇ رايوندىكى سۇلى (قەشقەر)، ئۇدۇن قاتارلىق بوستانلىقلاردا ياشىغان خەلقلەر بىلەن كېيىنچە بۇ رايوندا ئاساسلىق رول ئوينىغان مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا يازما ماتېرىياللاردا ئېنىق مەلۇمات يوق ئىدى. ھالبۇكى، يەكەن يازما يادىكارلىقلىرى بولسا مۇشۇ مەسىلىلەر توغرىسىدا ئىزدىنىشىمىزنى بىرىنچى قول ماتېرىيال ۋە بىر قىسىم ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەيدۇ، بولۇپمۇ قاراخانىيلار خانلىقىدىكى ئاساسلىق مىللەت، خانلىقتىكى ھۆكۈمران مىللەت ھەققىدىكى ئىزدىنىشىمىزنى يېڭى ئۇچۇرلار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ[①].

(2) قاراخانىيلار دەۋرىدىكى دىنىي ئېتىقاد ئەھۋالىدىن ئۇچۇر بېرىدۇ .

يەكەندىن تېپىلغان يازما يادىكارلىقلار قاراخانىيلار خانلىقىغا — ئېلىمىزگە ئىسلام دىنىنىڭ دەسلەپتە تارقىلىشى توغرىسىدا بىرىنچى قول ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

يەكەندىن تېپىلغان يازما يادىكارلىقلاردا يەنە ئىككى مەسچىتنىڭ نامى خاتىرىلەنگەن. بىرى، يەكەننىڭ رابۇل كەنتىدە بولۇپ، «ئىسھاق جارۇپ مەسچىتى» دەپ ئاتالغان؛ يەنە بىرى، يەكەننىڭ سىمناس كەنتىدە بولۇپ، «يەھيا ئىنار ئەر ھاجىپ مەسچىتى» دەپ ئاتالغان.

---

① لىن مېيسۇن: «غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى»، شەرق نەشرىياتى 1995 ـ يىلى 12 ـ ئاي خەنزۇچە نەشرى، 481 ـ، 482 ـ بەتلەر.

ئالدىنقى مەسچىتنىڭ يىل ـ دەۋرى ھىجرىيە 474 — 494 ـ يىللىرى (مىلادىيە 1082 — 1101 ـ يىللىرى)غا، كېيىنكىسى ھىجرىيە 515 — 525 ـ يىللىرى (مىلادىيە 1121 — 1136 ـ يىللىرى)غا توغرا كېلىدۇ. ئېلىمىزدە ئەڭ بۇرۇن سېلىنغان مەسچىت ھىجرىيە 400 ـ يىلى (مىلادىيە 1009 — 1010 ـ يىللىرى) يەنى شىمالىي سۇڭ خانلىقىنىڭ شىياڭفۇ يىللىرىنىڭ بېشىدا سېلىنغان، يەكەندىكى مەسچىتلەر قاراخانىيلار خانلىقى يەكەننى ئىستېلا قىلغان دەسلەپكى چاغلاردا سېلىنغان بولسا كېرەك. بۇ يىل ـ دەۋرى تارىخ كىتابلىرىدا خاتىرىلەنمىگەن. «سۇڭنامە. ئۇدۇن تەزكىرىسى» گە ئاساسلانغاندا، شىمالىي سۇڭ خانلىقىنىڭ شىياڭفۇ تۇنجى يىلى (1008 ـ يىلى) دىن بۇرۇن قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ قوشۇنى ئۇدۇننى ئىگىلىگەن، بىر يىلدىن كېيىن «ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ قاراخانى ئۇيغۇرلاردىن روسۇبىن قاتارلىقلارنى تارتۇق تەقدىم قىلىشقا ئەۋەتكەن.» قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ مۇشۇ چاغدا يەكەننى ئىشغال قىلغانلىقى شۈبھىسىز. قاراخانىيلارنىڭ يەكەندىن تېپىلغان يىل ـ دەۋرى 1005 ـ، 1006 يىلغا مەنسۇپ پۇلى خانلىقنىڭ يەكەننى بويسۇندۇرغان ۋاقتىنى جۇشەندۇرۇپ بېرەلىسە، ئۇنداقتا بۇ ئىككى مەسچىت جۇڭگو تارىخىدىكى ئەڭ بۇرۇنقى مەسچىتلەر قاتارىغا كىرىدۇ.

يەكەندىن تېپىلغان يازما يادىكارلىقلاردا مەككىگە ھەج قىلىشقا بارغان بىرنەچچە مۇسۇلماننىڭ ئىسمى خاتىرىلەنگەن، ئۇلار ھۇسەيىن ھاجى، ھەسەن ئۆمەر ھاجى، ھەسەن ھاجى ۋە ھاجى ئىنال قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئۇلارنىڭ ئىسمى خاتىرىلەنگەن بۇ يادىكارلىقلارنىڭ يىل ـ دەۋرى 1082 ـ، 1121 ـ يىللارغا توغرا كېلىدۇ. يۇقىرىدا ئىسمى ئاتالغانلار ئەڭ بۇرۇن مەككىگە ھەجگە بارغان جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى بولۇشى مۇمكىن[①].

① لىن مېيسۈن: «يەكەندىن تېپىلغان قاراخانىيلار سۇلالىسىگە دائىر يازما يادىكارلىقلاردىكى بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى (ئۇيغۇرچە)، 1992 ـ يىللىق 4 ـ سان، 114 ـ، 115 ـ بەتلەر.

(3) قاراخانىيلار دەۋرىدىكى تىل - يېزىق ۋە مەدەنىي ھاياتتىن ئۇچۇر بېرىدۇ

يەكەندىن تېپىلغان يازما يادىكارلىقلار قاراخانىيلار دەۋرىدىكى تىل - يېزىق ۋە مەدەنىي ھاياتتىن بىۋاسىتە ئۇچۇر بېرىدىغان ھۆججەتتۇر. ئۇلار ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، بۇ يازما يادىكارلىقلاردىن ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس تىلى بولغان ئەرەب تىلىنىڭ قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ دۆلەت تىلىغا ئايلانغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ خانلىق دائىرىسىدە يەنە ئەرەب يېزىقىنى بىلمەيدىغانلارنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللىنىشىغا ئىجازەت بېرىلگەنلىكىنى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن تۈرك تىلىنى خاتىرىلەش ئەنئەنىسىنىڭ ساقلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. خانلىقتا يەنە ئىسلام كالېندارى خانلىقنىڭ ئاساسلىق كالېندارىغا ئايلانغان، خانلىقنىڭ قانۇنلىرىمۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئۇسلۇبى بىلەن يېزىلغان.

(4) قاراخانىيلار دەۋرىدىكى بىر قىسىم ئادەم ئىسىملىرى ۋە يەر ناملىرى توغرىسىدا ئۇچۇر بېرىدۇ

قاراخانىيلار خانلىقىغا دائىر يەكەن يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ تېپىلىشى ۋە تەتقىق قىلىنىشى، ئەينى دەۋردىكى كىشى ئىسىملىرى ۋە تارىم ئويمانلىقىدىكى بىر قىسىم يەر ناملىرى ھەققىدە ئۇچۇر بېرىدۇ، بولۇپمۇ بۇ يادىكارلىقلاردا تىلغا ئېلىنغان ھەسەن ئەمىر ھاجى ۋە ھاجى ئىنال قاتارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ نامى، «يەھيا ئىنار ئەر ھاجىپ مەسچىتى»، «ئىسھاق جارۇپ مەسچىتى» قاتارلىق خاس ناملار ھەمدە «رابۇل»، «سىمناس» قاتارلىق كەنتلەرنىڭ نامى خېلى يۇقىرى تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە.

يەكەندىن تېپىلغان يازما يادىكارلىقلاردا تارىم ئويمانلىقىدىكى بىر قىسىم مۇھىم بولغان يەر ناملىرى ھەققىدە ئۇچۇرلار قالدۇرۇلغان بولۇپ، بۇ يازما يادىكارلىقلار تەۋە بولغان دەۋردە تارىم ئويمانلىقىدىكى ئورغۇنلىغان يەر ناملىرىدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلگەنىدى. شۇڭا، سۇلى — «قاش» (H.I.613 ۋە Kasgari، G.V.14)، ساكارائۇل—

يەكەن (Yarkand ، G.V.5 ۋە G.III.5 ، 14 ۋە 17 ھەمـــدە I.3 ۋە 10)، ئۇدۇن ــ «چىن» (Sinin? G.I.4 ، AL_Sin ۋە G.II.4) قاتارلىق يەر ناملىرىغا ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك. ئۇنىڭدىن باشقا، يازما يادىكار-لىقلاردا تۇنجى قېتىم قاغىلىق بىلەن يەكەن ئوتتۇرىسىدىكى «پوسكام» (Boskam ، G.IV.2 ۋە G.II.2) دېگەن نام تىلغا ئېلىنغان①. بۇ ھەقتە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ.

## 2. بارچۇقتىن تېپىلغان يازما يادىكارلىقلار

بارچۇقتىن تېپىلغان يازما يادىكارلىقلار ئاساسەن مارالبېشى ناھىيەسىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 70 كىلومېتىر كېلىدىغان تۇمشۇق تېغىنىڭ شەرقىي تەرىپىگە جايلاشقان توققۇز ساراي قەدىمكى شەھەر خارابىسىدىن تېپىلغان بولۇپ، بۇ جايدىن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 1959 - يىلى ۋە 1970 - يىلى ئېلىپ بېرىلغان ئىككى قېتىملىق ئارخېئولوگىيەلىك قېزىشتا قاراخانىيلار دەۋرىگە ئائىت بولغان ئىككى پارچە يازما يادىكارلىق تېپىلغان. تۆۋەندە بۇ ئىككى پارچە يازما يادىكارلىق ھەققىدە ئايرىم - ئايرىم ھالدا توختىلىپ ئۆتىمىز.

**1. بارچۇق يازما يادىكارلىقلىرى ( I )**

**1. بارچۇق يازما يادىكارلىقلىرى ( I ) نىڭ تېپىلىشى ۋە تەتقىق قىلىنىشى**

1959 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ ئارخېئولوگىيە ئەترىتى توققۇز ساراي قەدىمكى شەھىرى خارابىسىدە ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش ئېلىپ بېرىش جەريانىدا نۇرغۇنلىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قېزىۋالغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە بىر تۇركۇم ياغاچ تارىشا ۋە قەغەزلەرگە پۈتۈلگەن ھەر خىل قەدىمكى

---

① لىن مېيسۇن: «غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى»، شەرق نەشرىياتى 1995 - يىلى 12 - ئاي خەنزۇچە نەشرى، 488 - بەت.

يېزىقتىكى يازما يادىكارلىقلارمۇ بار. بۇ قېتىم قېزىۋېلىنغان يازما يادىكارلىقلار ئىچىدە ئەرەب يېزىقى بىلەن يېزىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بىر پارچە ھۆججەت بىرقەدەر مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان.

بارچۇقتىن تېپىلغان بۇ يازما يادىكارلىق توغرىسىدا ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيىنىڭ تەتقىقاتچىسى سابىت ئەخمەت ئەپەندى تۇنجى قېتىم تەتقىقات ئېلىپ بارغان بولۇپ، بۇ ھۆججەتنىڭ ترانسكرىپسىيەسى، يەشمىسى ۋە بەزى سۆزلەرگە قىسقىچە ئىزاھاتلارنى بەرگەن ھەمدە ھۆججەتنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى، يېزىلغان ۋاقتى ھەققىدىكى قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان[1]. ئۇنىڭدىن كېيىن، بۇ ھۆججەت توغرىسىدا ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيىنىڭ تەتقىقاتچىسى ئىسراپىل يۇسۇپ يەنە بىر قېتىم ئۇچۇر بەرگەن[2]. كېيىن يەنە بۇ ھۆججەت ۋە بۇ ھۆججەت ھەققىدىكى تەتقىقات نەتىجىسى ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيىنىڭ تەتقىقاتچىسى ئابدۇقەييۇم خوجا تەرىپىدىن تەتقىقاتچى سابىت ئەخمەت ئەپەندىنىڭ ئىلگىرىكى تەتقىقاتى ئاساسىدا يەنە بىر قېتىم تەپسىلىي بايان قىلىنغان[3].

2. بارچۇق يازما يادىكارلىقلىرى ( I ) نىڭ ترانسكرىپسىيەسى ۋە يەشمىسى

1959- يىلى بارچۇق خارابىسىدە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيەلىك قېزىشتا قېزىۋېلىنغان قەغەزگە پۈتۈلگەن بىر پارچە ھۆججەت (بۇ ھۆججەت ھەققىدە ئايرىم توختىلىمىز) تىن 10- ئەسىرگە ئائىت ئەرەب يېزىقىنىڭ ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ئالاھىدە ئىسلاھ قىلىپ قوللىنىلغانلىقىنى ناھايىتى ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ. تۆۋەندە بۇ ھۆججەتنىڭ سۈرىتى،

---

① سابىت ئەخمەت: «قاراخانىيلار خانلىقىغا دائىر بىر پارچە ھۆججەت»; «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، 1985- يىللىق تۇنجى سان، 6 — 11- بەتلەر.

② ئىسراپىل يۇسۇپ: «شىنجاڭدىن يېڭىدىن بايقالغان قەدىمكى ۋەسىقىلەر ۋە ئۇلار ھەققىدىكى تەتقىقات»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە)، 1999- يىللىق 3 — 4- سان، 129 — 130- بەتلەر.

③ ئابدۇقەييۇم خوجا: «بارچۇق يادىكارلىقلىرى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى 2005- يىللىق 3 — 4- سان.

تېكستى، تىرانسكرىپسىيەسى، يەشمىسى قاتارلىقلار ھەققىدە تەپسىلىي توختىلىپ ئۆتىمىز:

بارچۇق خارابىسىنىڭ $B_5$ قېزىش نۇقتىسىدىن قېزىۋېلىنغان بىر پارچە بېجىرىم ساقلىنىپ قالغان يازما يادىكارلىق (ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدا پۈتۈلگەن قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەت، قېزىۋېلىنغاندىن كېيىن قويۇلغان تىزىملىك نومۇرى $59.BTB_5$ — 0425) نىڭ چوڭلۇقى 29.6×14.6 سانتىمېتىر، قەغىزى قېلىن، سارغۇچ رەڭلىك بولۇپ، ئۈستىگە 13 قۇر خەت پۈتۈلگەن. بۇ ھۆججەتتىكى بەزى ھەرپلەرنىڭ ھۆججەت يېزىلغان ئەينى دەۋر (قاراخانىيلار دەۋرى)دىلا ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ئىجادىي ئىسلاھ قىلىنغانلىقى ناھايىتى ئېنىق كۆرۈنىدۇ. مەسىلەن، «س» ھەرپىنىڭ ئاستىغا ئۈچ چېكىت، «ر» ھەرپىنىڭ ئاستىغا بىر چېكىت، «ئەيىن» ھەرپىنىڭ ئاستىغا تەتۈر ئەمزە قويۇلغان.

بۇ يازما يادىكارلىق ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ تەتقىقاتچىسى سابىت ئەخمەتنىڭ نەشرگە تەييارلىشى (ھۆججەتنىڭ تىرانسكرىپسىيەسى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى يەشمىسى، بەزى ئاتالغۇلارغا بېرىلگەن قىسقىچە ئىزاھ قاتارلىقلارنى تەتقىقاتچى ئىسراپىل يۈسۈپ ياردەملىشىپ تەييارلاپ بەرگەن) بىلەن «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلىنىڭ ئۇيغۇرچە 1985- يىللىق 1- سانىدا ئېلان قىلىنغان. تۆۋەندە ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان تىرانسكرىپسىيە، يەشمىسى ۋە قىسقىچە ئىزاھلىرى ئۆز پېتى تونۇشتۇرۇلىدۇ.

تىرانسكرىپسىيە①

(1) بەگ قۇتى ئۆزى ئۆزۈن بولسۇن ئامىن

---

① بۇ يازما يادىكارلىقنىڭ تىرانسكرىپسىيەسى ھازىرقى ئۇيغۇر يېزىقىدا بېرىلگەن ۋە قۇر نومۇرى قويۇلغان. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى يەشمىسىدە جۈملىلەرنىڭ راۋان ۋە چۈشىنىشلىك بولۇشى ئۈچۈن، قىسمەن قۇرلاردىكى سۆزلەرنىڭ ئورنى ئالماشتۇرۇلغان ۋە بەزى سۆزلەر قوشۇلغان. يەشمىسىدە تىرناق ئىچىگە ئېلىنغان سۆزلەر قوشقان سۆزلەر ھېسابلىنىدۇ. تىرانسكرىپسىيەسىدىكى تىنىش بەلگىلەر ھۆججەت مەزمۇنىغا ئاساسەن قويۇلغان.

(2) دۈئاچى قۇل قاغۇرماچ
(3) ئۆتۈكۈم بۇگۈلە يارلىقاسۇن
(4) ئەر ئۈلۈغ بىلۇ ئۆتكۈندۈم ئىر كەيىن يول يول
(5) نقا (.) بىلۇ ئۆتكۈندۈم كىمكە ئەرسە ئۆتۈك
(6) تۈتسۇ ئۆتكۈنسە (،) مەن بەگ قۇتىڭا ئۆتۈنۈ ئىرۇ (.) ئۆ
(7) تكۈنمەسلەر مەن قۇل ئارتۇق (،) يىنچىيۇ ئۆتكۈندۈم (.)
(8) ئەبچى ئالايىن تىسە (،) مەن ئەلكىم ئاداقىم تار تەگىنۈر (.)
(9) بەگ قۇتى بارىشچىدىن يايمۇشدىن نەرسە
(10) ئىچىندە يارلىقاسا (،) مەن يەمە ئەۋلىگ ياراقلىغ
(11) بولۇ ئۆتكۈنسە (،) مەن دۈئاچى بەگ قۇتىلىڭ تەگىنۈر
(12) مەن بەش نامازدا (.) ئارتۇق مۇڭا دىپ (،)
(13) روقائە ئۆتۈندۈم (.) بۇگۈلە يارلىقاسا (.)

يەشمىسى:

(1) بەگ جانابلىرىنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولسۇن، ئامىن!
(2) (مەن) دۈئاچى قۇل قاغۇرماچ- (-نىڭ)
(3) ئىلتىماسىم- (-غا بەگ جانابلىرى) دانالىق بىلەن ئىلتىپات قىلسۇن.
(4) (جانابلىرىنى) ئەر ئۈلۈغى (كىشىلەرنىڭ ئۈلۈغى) بىلىپ، يىراق يوللىرىغا تەلمۈرۈپ ئىلتىماس سۇندۇم.
(5) بىلىپ ئىلتىماس سۇندۇم، كىمگە ئىلتىماس
(6) تۇتسا، ئۆتۈنسە (بولىدىغانلىقىنى): مەن بەگ جانابلىرىغا ئۆتۈنىمەن.
(7) مەن قۇل، ئارتۇق (نەرسە) تەلەپ قىلمايمەن، دېدەكنى سورايمەن.
(8) خوتۇن ئالاي دېسەم، قول - ئىلكىم قىسقا كېلىۋاتىدۇ.
(9) بەگ جانابلىرى بارغان كىشىدىن چېچىلىپ ياتقان نەرسىلەرى
(10) ئىچىدىن (ئازراق) ساخاۋەت قىلسا، مەنمۇ ئۆي - ئوچاقلىق
(11) بولۇۋالسام. مەن دۈئاچى بەگ جانابلىرىغا بەش
(12) نامازدا دۇئا قىلىمەن. ئارتۇق مۇگلىنىپ

(13) ئۆلتىماس يېزىپ سۇندۇم. (بەگ جانابلىرى) دانالىق بىلەن ئۆلتىپات قىلسىلا.

3. بارچۇق يازما يادىكارلىقلىرى ( I ) دىكى بىر قىسىم مەسىلىلەر

بارچۇق يازما يادىكارلىقلىرى ( I ) گەرچە قىسقا بىر پارچە ھۆججەت بولسىمۇ، ئۇ ئىپادە قىلغان مەزمۇن، تىل - يېزىق ۋە بىر قىسىم ئىجتىمائىي مەسىلىلەر بۇ ھۆججەتە يېزىلغان ئەينى دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالىدىن بىر قىسىم ئۇچۇرلارنى بېرىدۇ.

1) ھۆججەتتە ئۆزىنى «قۇل قاغۇرماچ» دەپ ئاتىغان بىر نامرات كىشىنىڭ ئۆي - ئوچاقلىق بولۇشقا ئىقتىسادى يار بەرمىگەنلىكتىن، ئەينى دەۋردىكى باي ھەم ھوقۇقى بار بەگدىن ياردەم تىلەپ، يالۋۇرۇپ ئۆلتىماس يازغانلىقى بايان قىلىنغان. ئەھۋالىدىن قارىغاندا، «قۇل قاغۇرماچ» ئۆلتىماس سۇنغۇچىنىڭ ئەسلىي ئىسمى بولماسلىقى مۇمكىن.

ئۇ قاتتىق يوقسۇزچىلىق دەستىدىن ئۆزىنى «قۇل قاغۇرماچ» (قۇل قوماچ يەنى قوماچنەك بولۇپ قالغان قۇل) دەپ ئاتاشقا مەجبۇر بولغان ياكى بەگ ئۇنى كەمسىتىپ شۇنداق ئاتىغان بولۇشى مۇمكىن.

ھۆججەتتە قۇل قاغۇرماچ ئۆزى ياخشى كۆرۈپ قالغان ئىسمى نامەلۇم بىر دېدەك بىلەن تۇرمۇش قۇرۇش ئارزۇسىغا يېتىش ئۈچۈن، بەگنىڭ خەير - ساخاۋەت قىلىشىنى ئۆتۈنۈپ: «مەن كىمگە ئۆلتىماس تۇتسا، ئۆتۈنسە بولىدىغانلىقىنى بىلىپ ئۆلتىماس سۇندۇم. مەن بەگ جانابلىرىغا ئۆتۈنىمەن» دەيدۇ. بۇنىڭغا قاراپ، بەگ بىلەن «قۇل قاغۇرماچ» ئوتتۇرىسىدا مەلۇم مۇناسىۋەت بار دەپ تەسەۋۋۇر قىلىشقىمۇ بولىدۇ. «قۇل قاغۇرماچ» ئىلگىرى مۇشۇ بەگنىڭكىدە خىزمەتكار بولغان بولۇشى، شۇڭا كونا غوجايىنىغا يالۋۇرغان بولۇشى مۇمكىن ياكى بەگ بىلەن يىراق ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئالدىنقى ئېھتىماللىق چوڭراق بولسا كېرەك. بەگنىڭ ئۇنىڭ يالۋۇرۇشىغا بولغان ئىنكاسى بىزگە نامەلۇم، شۇنداق

بولسىمۇ بۇ ھۆججەت ئەينى دەۋردىكى سىنىپىي ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنى تەتقىق قىلىشتا تارىخىي ماتېرىياللىق قىممەتكە ئىگە[1].

2) بۇ ھۆججەتنىڭ دەۋر مەسىلىسىدە ھۆججەت تېپىلغان جاي توققۇز ساراي قەدىمكى شەھەر خارابىسى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. 1959- يىلى توققۇز ساراي قەدىمكى شەھەر خارابىسىدە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش جەريانىدا تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا ئاساسلانغاندا، بۇ ھۆججەتنىڭ يىل - دەۋرى ئېلىمىزنىڭ شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرى (مىلادىيە 960 — 1127- يىللار) گە توغرا كېلىدۇ[2].

3) بۇ ھۆججەت ئەرەب يېزىقى بىلەن «خاقانىيە تىلى» (مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ تىلى)دا يېزىلغان بولۇپ، بۇ يەردىكى «خاقانىيە تىلى» بولسا ئەينى ۋاقىتتىكى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنى كۆرسىتەتتى. مىلادىيە 11- ئەسىردىن باشلاپ جەنۇبىي شىنجاڭدا ئەرەب ئېلىپبەسى ئىشلىتىلىشكە باشلىغانىدى[3]. بۇ ھۆججەتنىڭ بايقىلىشى مۇشۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ بەردى[4]. ھۆججەتتىكى «ئامىن، دۇئا، ناماز، رۇقائە» قاتارلىق سۆزلەردىن باشقا ھەممە سۆزلەر ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرىي «خاقانىيە تىلى» دەپ ئاتىغان ئەينى دەۋر ئۇيغۇر تىلىنىڭ

---

[1] سابىت ئەخمەت: «قاراخانىيلار خانلىقىغا دائىر بىر پارچە ھۆججەت»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى (ئۇيغۇرچە)، 1985- يىللىق تۇنجى سان، 8- ، 9- بەتلەر.

[2] «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تەزكىرىسى» (81- توم)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2007- يىلى 5- ئاي خەنزۇچە نەشرى، 565- بەت.

[3] فېڭ جياشېڭ قاتارلىقلار: «ئۇيغۇر تارىخىي ماتېرىياللىرىدىن تېزىسلار» (1- قىسىم)، مىللەتلەر نەشرىياتى 1981- يىلى خەنزۇچە نەشرى، 86- بەت.

[4] «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تەزكىرىسى» (81- توم)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2007- يىلى 5- ئاي خەنزۇچە نەشرى، 565- بەت.

سۆزلۈكىدۇر. ھۆججەت ئەرەبچە ھەرپلەر بىلەن ھېچقانداق سوزۇق تاۋۇش بەلگىلىرى ئىشلىتىلمەي يېزىلغان①.

4) بۇ ھۆججەت ئەينى دەۋردىكى جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالىدىن، مۇھىمى ئىسلام دىنىنىڭ قەدىمكى بارچۇق رايونىغا تارقىلىپ كىرگەنلىكىدىن ئۇچۇر بېرىدۇ. بۇ نۇقتىنى ھۆججەتتە ئىشلىتىلگەن ئەرەبچىدىن كىرگەن سۆزلەردىن ئىسلام دىنىنىڭ شۇ رايوندا ئومۇملىشىپ بولغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ②.

دېمەك، بۇ ھۆججەت قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تىل - يېزىقىنىڭ نەق ئەھۋالى، ئۇيغۇرلار (قەشقەر، بارچۇق تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ)نىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئەرەب يېزىقى ئاساسىدا تۇنجى قېتىم ئىسلاھ قىلىپ ئىجاد قىلغان بۇ خىل يېزىقنىڭ (ھۆججەتتىكى يېزىق) ئالاھىدىلىكىنى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىشتا ماددىي پاكىت ماتېرىياللىق ئەھمىيەتكە ئىگە③.

بارچۇق يازما يادىكارلىقلىرى (II)

1) بارچۇق يازما يادىكارلىقلىرى (II) نىڭ تېپىلىشى ۋە تەتقىق قىلىنىشى

1970 - يىللارنىڭ باشلىرىدا مارالبېشى توققۇز ساراي (بارچۇق) قەدىمكى شەھەر خارابىسىدىن شۇ يەرلىك دېھقانلار ئوغۇت قىلىش ئۈچۈن توپا ئالغاندا، خارابە ئىچىدىكى توپىدىن نۇرغۇنلىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئۇچراتقان. توپا ئېلىش جەريانىدا زور بىر تۈركۈم مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. ئىسلام ئېتىقادىدىكى

---

①، ② سابىت ئەخمەت: «قاراخانىيلار خانلىقىغا دائىر بىر پارچە ھۆججەت»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى (ئۇيغۇرچە)، 1985 - يىللىق تۇنجى سان، 9 -، 10 - بەتلەر.

③ ئابدۇقەييۇم خوجا: «بارچۇق يادىكارلىقلىرى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى (ئۇيغۇرچە)، 2005 - يىللىق 3 -، 4 - سان.

ئاز ساندىكى كىشىلەر ئەرەب يېزىقىدىكى قول يازمىلاردىن بىر قىسمىلىرىنى ساقلاپ قويغان. ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى بۇ خارابە ئىزىنى قايتا تەكشۈرگەندە، يەرلىكلەر بۇ قول يازما بىلەن بىر قىسىم يادىكارلىقلارنى خىزمەت گۇرۇپپىسىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن.

بارچۇق يازما يادىكارلىقلىرى (II) بىر قول يازمىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ قول يازما قېلىن ئاق سېرىق يەرلىك قەغەزگە ياغاچ (قومۇش) قەلەم بىلەن قارا سىياھتا ئەرەب يېزىقى ۋە ئەرەب تىلىدا پۈتۈلگەن، ئۇزۇنلۇقى 66 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 23 سانتىمېتىر كېلىدىغان بىر پارچە قول يازما بولۇپ، تېپىلغاندا تۈرمەكلەپ يۆگەلگەن. قول يازمىدىكى سۆزلۈكلەرنىڭ 2-، 3-، 6-، 9- قۇرلىرىنىڭ ئاخىرىسىدىكى قىسمەن ھەرپ - سۆزلۈكلەرنىڭ چىرىپ كەتكەنلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھۆججەت ياخشى ساقلانغان. قول يازمىدىكى خەتلەر تېز سۈركەپ يېزىلغان بولۇپ، خەت شەكلىدىن قارىغاندا، ئەرەب يېزىقىنىڭ كونا كۇفى خەت نۇسخىسىدا يېزىلغان. قول يازمىدىكى 43 قۇر سۆزلۈكنىڭ ئايرىم جايلىرىغا چېكىت قويۇلغاندىن باشقا، قالغان جايلىرىغا چېكىت، بەلگە قويۇلمىغان.

بۇ قول يازما تېپىلغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ تەتقىقاتچىسى سابىت ئەخمەت ئەپەندى بۇ ھۆججەت توغرىسىدا ئەتراپلىق ئىزدىنىش ئېلىپ بارغان. ئۇ 1980- يىللارنىڭ باشلىرى بۇ قول يازمىنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەردار بولۇش ئارزۇسىدا، قول يازمىنىڭ فوتو سۈرەت نۇسخىسىنى ئۇرۇمچى، قەشقەردىكى ئەرەبچىدىن خەۋىرى بار دىنىي زاتلار ۋە مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئارقىلىق پەقەت قول يازمىنىڭ ئالدى بېتى 18- قۇردىكى «ھىجرىيە بەش يۈز ئۈچىنچى يىلى رامىزاندا پۈتۈلدى» دېگەن سۆزنى ئېنىقلىيالىغان. لېكىن، قول يازمىدىكى قالغان ئومۇمىي مەزمۇننى بىلىشكە مۇمكىن بولمىغان.

ئۇ 1980- يىلى 11- ئاينىڭ ئاخىرى خوتەنگە خىزمەت بىلەن بارغان مەزگىلدە، خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسىنىڭ

ئۇل دوختۇرى مەرھۇم ئابلىمىت يۇسۇپ داموللا ھاجىمغا قول يازمىنىڭ فوتو سۈرەت نۇسخىسىنى كۆرۈپ بېقىشقا بەرگەن. مەرھۇم ئالىم قول يازمىنىڭ فوتو سۈرەت نۇسخىسىنى تەپسىلىي كۆرۈش، ئوقۇش ئارقىلىق، ئۇنىڭدا ئىككى جامائەت كىشىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىگىدار- لىقىدىكى ئۆستەڭ بىلەن ئۆزۈملۈك باغنى باھاغا سۇندۇرۇپ ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ سېتىشقانلىقى بايان قىلىنغانلىقىنى؛ بۇ ئىككى جامائەت كىشىلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادى ئوخشىمايدىغانلىقىنى؛ ھۆججەتنى يازغۇچىنىڭ ئەرەب تىلى سەۋىيەسىنىڭ يۇقىرى ئەمەسلىكىنى؛ ھۆتۈكتىكى سۆزلەرنىڭ تەكرار يېزىلغانلىقى ۋە ئىككى جامائەت كىشىلىرى (گۇۋاھچىلار)نىڭ ئىسىم - فامىلىسىنىڭ بىر قىسمى ئىسلامچە، بىر قىسمى غەيرىي ئىسلامچە ئىكەنلىكىنى دەسلەپكى قەدەمدە بېكىتىپ بەرگەن.

سابىت ئەخمەت ئەپەندى 1982- يىلى 10- ئايدا يەكەن ناھىيە- سىنىڭ تەۋەلىكىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرىنى تەكشۈرۈش جەريانىدا، يەكەن مەدەنىيەت يۇرتىدىكى يولداشلارنىڭ تونۇشتۇرۇشى ئارقىلىق، يەكەن شەھەر ئەتراپىدا ئولتۇرۇشلۇق ئابلىز داموللامنىڭ بۇ ھۆججەتنى قايتا ئوقۇشى بىلەن ھۆججەتنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنىدىن خەۋەردار بولغان ھەمدە ئابلىز داموللامنىڭ سۆزمۇسۆز، جۈملىمۇ- جۈملە، قۇرمۇقۇر ئوقۇشى بىلەن ھۆججەتتىكى سۆزلۈكلەرنىڭ ئەرەبچە ئوقۇلۇشى، لۇغىتى ۋە ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئېنىقلاپ چىققان.

سابىت ئەخمەت ئەپەندى شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ھۆججەتنىڭ ئەرەبچە تولۇق تېكىستى ۋە تېكىست ئاساسىدا ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى ئىشلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ھۆججەتنىڭ ئوقۇلۇشى ۋە تەرجىمىسىدە يەنىلا بەزى ئېنىقسىزلىقلارنىڭ ساقلانغانلىقىنى ھېس قىلغان ھەم بۇ ھۆججەتنىڭ ئوقۇلۇشى ۋە مەزمۇنىنىڭ توغرىلىق دەرىجىسىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇش مەقسىتىدە ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلىنىۋاتقان مۇناسىۋەتلىك ئەرەبچە لۇغەتلەردىن پايدىلىنىپ، سۆزلۈكلەرنىڭ مەزمۇنىنى تولۇقلىغان، ئوقۇلۇشىنى توغرىلىغان ۋە ئۇيغۇرچە

ئاز ساندىكى كىشلەر ئەرەب يېزىقىدىكى قول يازمىلاردىن بىر قىسمىلىرىنى ساقلاپ قويغان. ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى بۇ خارابە ئىزنى قايتا تەكشۈرگەندە، يەرلىكلەر بۇ قول يازما بىلەن بىر قىسىم يادىكارلىقلارنى خىزمەت گۇرۇپپىسىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن.

بارچۇق يازما يادىكارلىقلىرى (II) بىر قول يازمىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ قول يازما قېلىن ئاق سېرىق يەرلىك قەغەزگە ياغاچ (قومۇش) قەلەم بىلەن قارا سىياھتا ئەرەب يېزىقى ۋە ئەرەب تىلىدا پۈتۈلگەن، ئۇزۇنلۇقى 66 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 23 سانتىمېتىر كېلىدىغان بىر پارچە قول يازما بولۇپ، تېپىلغاندا تۈرمەكلەپ يۆگەلگەن. قول يازمىدىكى سۆزلۈكلەرنىڭ 2-، 3-، 6-، 9- قۇرلىرىنىڭ ئاخىرىسىدىكى قىسمەن ھەرپ - سۆزلۈكلەرنىڭ چىرىپ كەتكەنلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھۆججەت ياخشى ساقلانغان. قول يازمىدىكى خەتلەر تېز سۈركەپ يېزىلغان بولۇپ، خەت شەكلىدىن قارىغاندا، ئەرەب يېزىقىنىڭ كونا كۇفى خەت نۇسخىسىدا يېزىلغان. قول يازمىدىكى 43 قۇر سۆزلۈكنىڭ ئايرىم جايلىرىغا چېكىت قويۇلغاندىن باشقا، قالغان جايلىرىغا چېكىت، بەلگە قويۇلمىغان.

بۇ قول يازما تېپىلغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ تەتقىقاتچىسى سابىت ئەخمەت ئەپەندى بۇ ھۆججەت توغرىسىدا ئەتراپلىق ئىزدىنىش ئېلىپ بارغان. ئۇ 1980- يىللارنىڭ باشلىرى بۇ قول يازمىنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەردار بولۇش ئارزۇسىدا، قول يازمىنىڭ فوتو سۈرەت نۇسخىسىنى ئۈرۈمچى، قەشقەردىكى ئەرەبچىدىن خەۋىرى بار دىنىي زاتلار ۋە مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئارقىلىق پەقەت قول يازمىنىڭ ئالدى بېتى 18- قۇردىكى «ھىجرىيە بەش يۈز ئۈچىنچى يىلى رامىزاندا پۈتۈلدى» دېگەن سۆزنى ئېنىقلىيالىغان. لېكىن، قول يازمىدىكى قالغان ئومۇمىي مەزمۇننى بىلىشكە مۇمكىن بولمىغان.

ئۇ 1980- يىلى 11- ئاينىڭ ئاخىرى خوتەنگە خىزمەت بىلەن بارغان مەزگىلدە، خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسىنىڭ

مەسئۇل دوختۇرى مەرھۇم ئابلىمىت يۈسۈپ داموللا ھاجىمغا قول يازمىنىڭ فوتو سۈرەت نۇسخىسىنى كۆرۈپ بېقىشقا بەرگەن. مەرھۇم ئالىم قول يازمىنىڭ فوتو سۈرەت نۇسخىسىنى تەپسىلىي كۆرۈش، ئوقۇش ئارقىلىق، ئۇنىڭدا ئىككى جامائەت كىشىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىگىدار- چىلىقىدىكى ئۆستەڭ بىلەن ئۈزۈملۈك باغنى باھاغا سوندۇرۇپ ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ سېتىشقانلىقى بايان قىلىنغانلىقىنى؛ بۇ ئىككى جامائەت كىشىلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادى ئوخشىمايدىغانلىقىنى؛ ھۆججەتنى يازغۇچىنىڭ ئەرەب تىلى سەۋىيەسىنىڭ يۇقىرى ئەمەسلىكىنى؛ يۇتۇكتىكى سۆزلەرنىڭ تەكرار يېزىلغانلىقى ۋە ئىككى جامائەت كىشىلىرى (گۇۋاھچىلار)نىڭ ئىسىم - فامىلىسىنىڭ بىر قىسمى ئىسلامچە، بىر قىسمى غەيرىي ئىسلامچە ئىكەنلىكىنى دەسلەپكى قەدەمدە بېكىتىپ بەرگەن.

سابىت ئەخمەت ئەپەندى 1982- يىلى 10- ئايدا يەكەن ناھىيە- سىنىڭ تەۋەلىكىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرىنى تەكشۈرۈش جەريانىدا، يەكەن مەدەنىيەت يۇرتىدىكى يولداشلارنىڭ تونۇشتۇرۇشى ئارقىلىق، يەكەن شەھەر ئەتراپىدا ئولتۇرۇشلۇق ئابلىز داموللامنىڭ بۇ ھۆججەتنى قايتا ئوقۇشى بىلەن ھۆججەتنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنىدىن خەۋەردار بولغان بولسىمۇ، ئابلىز داموللامنىڭ سۆزمۇسۆز، جۈملىمۇ- جۈملە، قۇرمۇقۇر ئوقۇشى بىلەن ھۆججەتتىكى سۆزلۈكلەرنىڭ ئەرەبچە ئوقۇلۇشى، لۇغىتى ۋە ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئېنىقلاپ چىققان.

سابىت ئەخمەت ئەپەندى شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ھۆججەتنىڭ ئەرەبچە تولۇق تېكىستى ۋە تېكىست ئاساسىدا ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى ئىشلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ھۆججەتنىڭ ئوقۇلۇشى ۋە تەرجىمىسىدە يەنىلا بەزى ئېنىقسىزلىقلارنىڭ ساقلانغانلىقىنى ھېس قىلغان ھەم بۇ ھۆججەتنىڭ ئوقۇلۇشى ۋە مەزمۇنىنىڭ توغرىلىق دەرىجىسىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇش مەقسىتىدە ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلىنىۋاتقان مۇناسىۋەتلىك ئەرەبچە لۇغەتلەردىن پايدىلىنىپ، سۆزلۈكلەرنىڭ مەزمۇنىنى تولۇقلىغان، ئوقۇلۇشىنى توغرىلىغان ۋە ئۇيغۇرچە

تەرجىمىسىنىڭ ئېنىقلىقىنى ئاشۇرغان[1].

2) بارچۇق يازما يادىكارلىقلىرى ( II ) نىڭ قىسقىچە مەزمۇنى

قول يازمىنىڭ 1- قۇرى ئىسلام خەت - چەك، پۈتۈكلىرىنىڭ ئادىتى بويىچە «بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم» (مېھىر - شەپقەتلىك ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن) دېگەن سۆز بىلەن باشلانغان.

2- قۇردىن 9- قۇرغىچە توختامنامىنىڭ يېزىلىش سەۋەبى، جەريانلىرى تەپسىلىي سۆزلەنگەن بولۇپ، بۇنىڭدا «بارلىق» ئىنكى ئىسلام جامائىتى ئەھمەت ئىمىل فاسىنى ۋەكىل بولۇپ، ساغۇرلۇقلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى ئۈزۈملۈك (تەكلىك) باغنى ئىسلام جامائىتىنىڭ مەسچىتىگە ۋەخپە قىلىش ئۈچۈن سېتىۋېلىشنى ھاۋالە قىلغانلىقى، ئەھمەت ئىمىل فاسى ئىسلام جامائىتىنىڭ تەلىپىنى غەيرىي ئىسلام دىنىدىكى ساغۇرلۇقلارغا تەكرار ئىزھار قىلغانلىقى، ساغۇرلۇقلارمۇ ئىسلام جامائىتىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى ئىككى ئۆستەڭ سۈنىڭ بىرىنى ساغۇرلۇقلارغا سېتىپ بېرىشنى شەرت قىلغانلىقى، ئىككى تەرەپ ۋەكىللىرىنىڭ سۆزلىشىشى ئارقىلىق ساغۇرلۇقلار ئىگىدارچىلىقىدىكى ئۈزۈمزارلىقنى ئىسلام جامائىتىنىڭ مەسچىتىگە، ئىسلام جامائىتى ئىگىدارچىلىقىدىكى ئۆستەڭنىڭ بىرىنى ساغۇرلۇقلارغا سېتىپ بەرگەنلىكى سۆزلەنگەن.

9- قۇردىن 11- قۇرغىچە ئۆستەڭ بىلەن ئۈزۈمزارلىقنىڭ پۇلىنى نەقلەشتۈرۈش ئەھۋالى، توختام تۈزۈشكۈچى ئىككى تەرەپ ۋەكىللىرى ۋە چەت - ياقا يۇرتلاردىن كەلگەن سالاچىلارنىڭ يۇرتى ۋە ئىككى جامائەت كىشىلىرىدىن باشقا مەھەللىلىك كىشىلەرنىڭ توختام ئۈستىدە داخىل بولغانلىقى ۋە ئىككى تەرەپ جامائىتى ۋە باشقا جامائەتلەرنىڭ بۇ توختامنى ئادىل بولدى دەپ قارىغانلىقى، بۇنىڭدىن كېيىن ھەرقانداق تەرەپ ۋە شەخسنىڭ باھانە - سەۋەب كۆرسىتىپ توختامنى بۇزۇشىغا يول قويۇلمايدىغانلىقى ئەسكەرتىلگەن.

---

[1] سابىت ئەخمەت: «بارچۇقتىن تېپىلغان بىر پارچە قول يازما ھۆججەت توغرىسىدا تەتقىقات»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى (ئۇيغۇرچە)، 1996- يىللىق 4- سان، 48 -، 49- بەتلەر.

14 ـ قۇردىن 18 ـ قۇرغىچە شۇ مەھەللىدە ئولتۇراقلاشقان ئىككى جامائەت كىشىلىرىنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى، ئىتتىپاقلىقى، ئەخلاق ـ پەزىلىتى ۋە توختامغا ۋەكىل بولغۇچىلارنىڭ پەزىلىتى، سالاھىيىتى قاتارلىق مەسىلىلەر سۆزلەنگەن بولۇپ، بىرەر كىشىنىڭ ئۆز مەيلىچە بۇ توختامنى بۇزۇشىغا بولمايدىغانلىقى تەكرار تەكىتلەنگەن.

18 ـ قۇردا ھۆججەتنىڭ پۈتۈلگەن ۋاقتى ــ «رامىزان ئېيى 503 ـ يىلى (مىلادىيە 1109 ــ 1110 ـ يىللار) دا پۈتۈلدى» دېيىلگەن.

19 ـ قۇردىن 20 ـ قۇرغىچە بۇ توختامنامىنىڭ باش ۋەكىللىرىنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى، ئۇلارنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلىتى ۋە بۇ توختامنى بۇزسا ئىناۋەتسىز بولىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

21 ـ قۇردىن 43 ـ قۇرغىچە توختامنامىگە شاھىت (گۇۋاھ) بولغۇچى ئىككى تەرەپنىڭ ۋەكىلى، جامائەتلىرى ۋە باشقا مەھەللىلىك جامائەتلەر، ياقا يۇرتلۇقلارنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى، لەقىمى، كەسپى قاتارلىقلار خاتىرىلەنگەن.

3. بارچۇق يازما يادىكارلىقلىرى ( II ) دىكى بىر قىسىم مەسىلىلەر

بارچۇق يازما يادىكارلىقلىرى ( II ) بىرقەدەر مۇكەممەل ساقلانغان قول يازما ھۆججەت بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنىمۇ مول ھەم بىرقەدەر ئېنىق. شۇڭا، بۇ ھۆججەت قەدىمكى بارچۇق رايونىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئەھۋالى، بولۇپمۇ بۇ رايوندا ئەينى ۋاقىتتا ياشىغان مىللەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەھۋالى توغرىسىدا بىرقەدەر ئىشەنچلىك مەلۇمات بېرىدىغان مۇھىم تارىخىي ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

(1) بارچۇق يازما يادىكارلىقلىرى ( II ) نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدىن مەلۇم بولىدىكى، بۇ قول يازما «بارلىق» (بارچۇق رايونىدىكى بىر مەھەللە ياكى يېزا ئىسمى)تا ئولتۇرۇشلۇق ئىككى خىل ئېتىقادتىكى ئىككى جامائەت كىشىلىرىنىڭ ئۆزئارا مەسلىھەت ـ كېڭەشلىرىدىن كېيىن ئۆزۈملۈك (تەكلىك) باغ بىلەن بىر ئۆستەڭ سۇنى ئالماشتۇرۇپ سېتىشقانلىقى توغرىسىدا ھىجرىيە 503 ـ يىلى رامىزان ئېيىدا پۈتۈلگەن ئىسلام ئادىتىدىكى مۇكەممەل قانۇنىي ھۆججەت

(توختامنامە) ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى[1]. بۇ ھۆججەتنىڭ تېپىلىشى قەدىمكى قەشقەر رايونىدىن تېپىلغان مۇشۇ خىلدىكى ھۆججەت - ۋەسىقىلەرنىڭ كەم تەرەپلىرىنى تولۇقلىدى. ئۇ فىرانسىيەلىك پېللىئوت ئوتتۇرا ئاسىيانى تەكشۈرگەندە قولغا چۈشۈرگەن ۋە 1914 - يىلى فىرانسىيەلىك ئالىم خۇئارت سىلىشتۇرۇپ دەلىللەپ چىققان «يەكەندىن تېپىلغان ئەرەب يېزىقىدىكى ئۈچ پارچە توختامنامە» دىن كېيىن تېپىلغان قاراخانىيلار سۇلالىسىغا ئائىت ھۆججەت ھېسابلىنىدۇ[2].

(2) بارچۇق يازما يادىكارلىقلىرى (II) نىڭ يېزىلىشىدىكى سەۋەب

قول يازما 3 - قۇردىكى مەزمۇنغا ئاساسلانغاندا، مىلادىيە 1109 - ، 1110 - يىللاردا «بارچۇق» رايونىدىكى «بارلىق» (يېزا - مەھەللە)تا ئىلگىرىدىنلا ئىككى خىل دىنىي ئېتىقادتىكى ئىككى قوۋم (گۇرۇھ) كىشىلەر ئولتۇراقلاشقان. بۇلارنىڭ بىرى «ھىدايەت تاپقۇچىلار» يەنى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار بولۇپ، بۇلارنى قول يازمىدا «ئىسلام جامائىتى» دەپ ئاتىغان. يەنە بىر قوۋم «ھىدايەتتىن خالىي بولغۇچىلار» بولۇپ، بۇلار «ساغۇرلۇق» لار دەپ ئاتالغان.

ھۆججەتنىڭ 2 - قۇرىنىڭ ئاخىرى، 3 - قۇرىنىڭ بېشىدا «...... ئۇ مەھەللىدىكىلەرنىڭ بىرى غەيرىي دىندا بولۇپ، بۇلار «ساغۇرلۇق» ئىدى» دېيىلگەن. بۇ غەيرىي دىندا دېيىلگەن «ساغۇرلۇق»لار ئېتىقادىنىڭ زادى قايسى دىندا ئىكەنلىكى توغرىسىدا ھۆججەتتە ئېنىق مەلۇمات بېرىلمىگەن. ھۆججەتنىڭ 8 - قۇرىدىكى «شۇ مەھەللىدە ئىلگىرىدىنلا ئىككى جامائەت كىشىلىرى ئارىلىشىپ ياشايتتى. ئۈزۈملۈكنىڭ ھازىرقى ئىگىلىرى (ساغۇرلۇقلار) شۇ مەھەللىدىكى يەنە بىر جامائەتتىن (ئىسلام دىنىدىكىلەر) ئازمۇ ئەمەس، كۆپمۇ ئەمەس ئىدى» دېگەن

---

[1] سابىت ئەخمەت: «بارچۇقتىن تېپىلغان بىر پارچە قول يازما ھۆججەت توغرىسىدا تەتقىقات»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1996 - يىللىق 4 - سان، 49 - بەت.

[2] لىن مېيسۈن: «يەكەندىن تېپىلغان قاراخانىيلار سۇلالىسىغا دائىر يازما يادىكارلىقلاردىكى بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى (ئۇيغۇرچە)، 1992 - يىللىق 4 - سان، 106 - بەت.

سۆزلەردىن ئەينى زاماندىكى بارچۇق ئەتراپىدىكى ئاھالىلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادىنىڭ بىرلا خىل ئەمەسلىكىنى، ئىسلاملاشمىغان ئاھالىلەرنىڭمۇ بارلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ①.

«ھىدايەت تاپمىغان» ساغۇرلۇقلارنىڭ قايسى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقى ھەققىدە بۇ قول يازما ھۆججەتتە ھېچقانداق مەلۇمات بېرىلمىگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە قەدىمكى بارچۇق رايونىغا ئائىت بولغان باشقا يازما يادىكارلىق ۋە تارىخىي ماتېرىياللاردىمۇ بۇنداق ئاتالغۇ ئۇچرىمايدۇ. بىراق، قەدىمكى بارچۇق رايونىدا ئىسلاملىشىشتىن ئىلگىرى بۇددىزم ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان ھەمدە بارچۇق — تۇمشۇق بۇددىزمىنىڭ تارىم ۋادىسىدىكى ئەڭ مۇھىم مەركەزلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغان. شۇنداق ئىكەن، ئىسلام ئېتىقادىدىكى كىشىلەر بىلەن بىللە ياشىغان «ساغۇرلۇقلار» ئېنىقكى بۇددىزم ئېتىقادىدىكى ئاھالىلەر ئىدى دېيىشكە بولىدۇ. ھالبۇكى، قەدىمكى تارىم — قەدىمكى بارچۇق رايونىدا ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى شامان دىنى، زەردۇشت دىنى ۋە نېستورى دىنلىرىنىڭ تەسىرلىرىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ، ئەلۋەتتە، بولۇپمۇ قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدە تارىم ۋادىسىدىكى بوستانلىقلارغا ئىسلام دىنىنى تارقىتىش جەريانىدىكى ئاساسىي توسالغۇ بۇددا دىنى بولۇپ، ئەينى چاغدا ئىسلام دىنى بىلەن بۇددا دىنى ئوت بىلەن سۇدەك ھالەتتە ئىدى. بۇ ھال بىزنىڭ «ساغۇرلۇقلار» نىڭ دىنىي ئېتىقادىنى بۇددىزم ئىدى دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇشىمىزغا ئىمكان بەرمەيدۇ. ئەكسىچە، ئەينى چاغدا ئىسلام دىنى بۇددا دىنىدىن باشقا، تەسىر كۈچى ئانچە چوڭ بولمىغان، ئاممىۋى ئاساسى بىرقەدەر كەڭ ھەم تەسىرلىرى يەرلىك خەلقنىڭ مىللىي ئۆرپ - ئادىتىگە سىڭىپ كەتكەن دىنلارغا نىسبەتەن يول قويۇش، بىللە ئۆتۈش چارىسىنى يولغا قويغان بولۇشى ھەم ئەينى دەۋردىكى بۇ خىل دىن «شامان دىنى»

---

① سابىت ئەخمەت: «بارچۇقتىن تېپىلغان بىر پارچە قول يازما ھۆججەت توغرىسىدا تەتقىقات»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1996 - يىللىق 4 - سان، 52 - ، 53 - بەتلەر.

بولۇشى مۇمكىن دېگەن قىياسنى ئوتتۇرىغا قويۇشىمىزغا تۈرتكە بولىدۇ. چۈنكى، ئەينى چاغدا تارىم ۋادىسىدىكى ھەرقايسى بوستانلىقلاردا قالدۇق تەسىرلىرى خېلى كۆپ ساقلانغان قەدىمكى دىنلار ئىچىدە «شامان دىنى»نىڭ ئېتىقاد ئادەتلىرى ھازىرغىچە خەلقىمىز ئارىسىدا ساقلىنىپ كەلمەكتە. شۇڭا، بۇ مەسىلىدە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

(3) بارچۇق يازما يادىكارلىقلىرى (II)دە تىلغا ئېلىنغان بۇ ئىككى خىل دىنىي ئېتىقادتىكى كىشىلەر ئىلگىرىدىنلا مۇشۇ مەھەللىدە ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ھۆججەتتە ئېيتىلغان «ھىدايەتتىن خالىي بولغان» ساغۇرلۇقلارنىڭ ئىلگىرىدىنلا «ھىدايەت تاپقۇچىلار» (ئىسلام جامائىتى) بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقانلىقىنى نەزەردە تۇتقاندا، بۇ ئىككى جامائەت كىشىلىرى ئىلگىرى ئېتىنىك جەھەتتە بىر خەلق بولۇپ، پەقەت ئېتىقاد جەھەتتىنلا پەرقلەنگەن.

(4) بارچۇق يازما يادىكارلىقلىرى (II)دە تىلغا ئېلىنغان ساغۇرلۇقلار تەرىپىدىن شاھىت (گۇۋاھچى) بولغۇچىلارنىڭ ئىسىم - فامىلىسى بىرقەدەر مۇرەككەپ، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى غەيرىي ئىسلامچە ئىسىملار، بىر قىسمىنىڭ يېرىمى ئىسلامچە، يېرىمى غەيرىي ئىسلامچە ئىسىملار بولۇپ، گەرچە بۇ يازما ھۆججەتتە بەك ئېنىق مەلۇمات بولمىغان بولسىمۇ، بىراق بۇ بىر قىسىم ئاز ساندىكى غەيرىي ئىسلامچە ئىسىمدىكىلەرنىڭ غەيرىي ئىسلام رايونىدىن كەلگەن ئاھالىلەر ئىكەنلىكىنى ياكى باشقا تىللىق ئاھالىلەر ئىكەنلىكىنى قىياس قىلىشقا بولىدۇ. بۇلار قەدىمكى بارچۇق رايونىدا ئانچە كۆپ ساننى ئىگىلىيەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما «بارلىق»تا مەلۇم نىسبەتنى ئىگىلىگەن بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا، ھۆججەتتە «ساغۇرلۇقلار شۇ مەھەللىدىكى يەنە بىر جامائەت (ئىسلام جامائىتى) دىن ئازمۇ ئەمەس، كۆپمۇ ئەمەس» دەپ كۆرسىتىلگەن. مېنىڭچە، بۇ ھۆججەتتە تىلغا ئېلىنغان ئادەم ئىسىملىرى ئەينى دەۋردىكى بارچۇق رايونىدا ياشىغان ئاھالىلەرنىڭ ئېتنىك تەركىبى ۋە دىنىي ئېتىقادىنى ئېنىقلاشتا پايدىلىنىشقا بولىدىغان ئاساسلىق يىپ ئۇچلىرىنىڭ بىرىدۇر.

(5) بارچۇق يازما يادىكارلىقلىرى ( II )دە ياقا يۇرتلاردىن كەلگەن سالاچىلار - كېلىشتۈرگۈچىلەر ۋە ئۆلارنىڭ يۇرتلىرى بولمىش «يلدە»، «ياركەند» قاتارلىق يۇرت ناملىرىمۇ تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، بۇ ئەينى دەۋردىكى مۇشۇ يۇرت ناملىرى، قەدىمكى بارچۇق رايونى ۋە ئۇنىڭغا قوشنا بولغان يەر - جاي ناملىرىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

**قوشۇمچە:**

## قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئەينەكچىلىك

قەشقەرنىڭ ئىسلامىيەت دەۋرىدىكى ئارخېئولوگىيەسىدە قول ھۈنەرۋەنچىلىك سەنئىتىمۇ ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە قاراخانىيلار دەۋرىدىكى قەشقەرنىڭ ئەينەكچىلىك قول ھۈنەر-سەنئىتىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە بولىدۇ.

ئەينەكچىلىك قاراخانىيلار قول ھۈنەرۋەنچىلىكىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئارخېئولوگىيەلىك خىزمەتلەر داۋامىدا قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى نۇرغۇن ئەينەكچىلىك دۇكانلىرى ۋە كۆپ مىقداردىكى ئەينەك قاچىلار ۋە ئۇلارنىڭ پارچىلىرى بايقالدى. ئەينەك قاچىلارنىڭ تۈرلىرى كۆپ بولۇپ، ئاساسلىقى يېمەك - ئىچمەك قاچىلىرى، ئەينەكتىن ياسالغان چىنە - تەخسە، ئېگىز پۇتلۇق جام (قەدەھ)، بوتۇلكا، كومزەك، دۈۋەت، قەلەمدان، ئەتىر قۇتىسى، زىننەت بۇيۇملىرى، فارفۇر بۇيۇملار قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇ خىل بۇيۇملارنىڭ كۆپچىلىكى رەڭسىز ئەينەكتىن ياسالغان بولۇپ، بەزىلىرى يېشىل، كۆك، ھاۋارەڭ، قىزغۇچ ئەينەكلەردىن ياسالغاندى. بۇ ئەينەك بۇيۇملارنىڭ ئۈستىگە ھەل بېرىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ ھەر خىل نەقىشلەرنى سىزغاندىن سىرت يەنە قول ياكى ئەينەك سىملار بىلەن ھەر خىل قاپارتمىلىق گۈل نەقىشلىرى چىقىرىلغان. مەسىلەن، قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدىن 30 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى «خانئۈي قەدىمكى شەھەر

خارابىسى» ۋە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيەسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن 30 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى «سۆسەر قەدىمكى قەلئە» خارابىسىدىن كۆپلىگەن ئەينەك بۇيۇم پارچىلىرى تېپىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئاچ يېشىل، ئاچ سېرىق، كۆك، قىزغۇچ رەڭلىكلىرىمۇ بار[①]. مارالبېشىدىكى «توققۇز ساراي خارابىسى» دىن تېپىلغان ئاچ سېرىق رەڭدىكى قەدەھ ئىنتايىن سىپتا، چىرايلىق ياسالغان بولۇپ، قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىگە تەئەللۇق قىممەتلىك سەنئەت بۇيۇمى ھېسابلىنىدۇ.

10 ـ ، 11 ـ ئەسىرلەردىلا دېرىزىگە ئىشلىتىلىدىغان ئەينەكلەر ياسىلىشقا باشلىغان. تەكشى يۈزلۈك دېرىزە ئەينىكى قاراخانىيلار سۇلالىسى تەۋەلىكىدىكى نۇرغۇن شەھەرلەردىن كۆپلەپ تېپىلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە رەڭلىك ئەينەكلەرمۇ بار بولۇپ، ئۇلار ئوردا ـ قەسىرلەرنى زىننەتلەشكە ئىشلىتىلگەن. ئەينەكچىلىككە ئوخشاش ئىنچىكە ھۈنەر تېخنىكىنى تەلەپ قىلىدىغان كەسىپلەرنىڭ شۇ دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقى قاراخانىيلار دەۋرىدىكى قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ خېلى گۈللەنگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. قاراخانىيلار دەۋرىدىكى قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ تەرەققىي قىلىشىدا ئوتتۇرا ئەسىردە تېخىمۇ گۈللەنگەن يىپەك يولى مەدەنىيىتىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن جانلىنىۋاتقان سىنكرېتىك مەدەنىيەت ئامىللىرىدىن ئىبارەت سىرتقى تەسىردىن باشقا، يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئىچكى ئېنېرتسىيە كۈچىدىن ئىبارەت ئىچكى تەلەپ مۇھىم رول ئوينىغان. چۈنكى، يېڭىچە ئۇسلۇبتىكى ئۇيغۇر ئىسلام مېمارچىلىقى ئەينەكچىلىك، سىرچىلىق، ياغاچچىلىق، بېزەكچىلىك، ھۆسنخەتچىلىك، كۇلالچىلىق، كىگىز ـ گىلەمچىلىك قاتارلىق كۆپ خىل قول ھۈنەرۋەنچىلىك بۇيۇملىرىغا ھەممىدىن كۆپ ئېھتىياجلىق ئىدى. قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە كۇلالچىلىق (ساپالچىلىق)مۇ تازا يۈكسەلگەن. ئارخېئولوگلار قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى بارلىق شەھەر خارابىلىرىدىن زور

① ۋېي لياڭتاۋ: «قاراخانىيلار تارىخىدىن بايان» . قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2000 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 283 ـ بەت.

مىقداردا خۇمدان ۋە ساپالچىلىق ئەسۋابلىرىنى تاپتى. بۇ دەۋردىكى ساپال بۇيۇملار رەڭلىك ۋە رەڭسىز دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلغان. رەڭلىك (سىرلانغان) ساپال بۇيۇملارغا ھەر خىل گېئومېتىرىيەلىك شەكىللەر، دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھلار، ئۇچار قۇشلارنىڭ رەسىملىرى، شۇنداقلا ئەرەب يېزىقىدىكى ھۆسنخەت ئۈلگىلىرى چۈشۈرۈلگەن. سىرلانمىغان (رەڭسىز) ساپال بۇيۇملارنىڭ كۆپچىلىكى سۇيۇقلۇق قاچىلىنىدىغان ھەر خىل كومزەكلەر ۋە تاماق ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان قاچا - قۇچىلار بولۇپ، ئۇ ئاۋام - خەلق ئارىسىدا كەڭ ئومۇملاشقان، بۇنداق بۇيۇملارغىمۇ قاپارتما نەقىشلەر ئىشلەنگەن[1].

[1] ئابدۇكېرىم رەھمان: «20- ئەسىر ئۇيغۇر ماددىي فولكلور مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2006- يىلى 5- ئاي نەشرى، 75 — 77- بەتلەر.

قوشۇمچە:

## قەشقەر ئارخېئولوگىيەسىدىكى چوڭ ئىشلار خاتىرىسى

ئېلىمىز سەيياھلىرىدىن شۇ سۇڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ شيەنفېڭ يىللىرى (مىلادىيە 1851 ـ يىلىدىن 1861 ـ يىلىغىچە) دا قەشقەرگە كېلىپ «ئەسكىھىسار قەدىمكى شەھىرى» نى تەكشۈرگەن ھەمدە ئۇ يەردە ئادەم بارلىقىنى كۆرگەن.

1868 ـ يىلى ئەنگلىيەلىك ھايۋارد (Hay Ward)، روبېرت شاۋ (Robert Show) ۋە كەيلى (Caily) قاتارلىق كىشىلەر ئىلگىرى ـ كېيىن قەشقەر شەھىرى ۋە يەكەندە تەكشۈرۈشتە بولۇپ، نۇرغۇن مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇملىرىنى ۋە باشقا ماتېرىياللارنى يىغىۋالغان. قەشقەر شەھىرى بىلەن يەكەننىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا تەپسىلىي خاتىرە قالدۇرغان. روبېرت شاۋ «قەشقەرگە سەپەر» ناملىق كىتاب يېزىپ، بىرىتانىيە پادىشاھلىق جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئالتۇن مېدال مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

1869 ـ يىلى ئەنگلىيەلىك فورىس (Forsyth) ئەنگلىيەگە قارام ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئەلچىلىرىنى باشلاپ قەشقەرگە كەلگەن. ئۇ شۇ قېتىم ئالتە شەھەرنىڭ تەپرىقچى ھۆكۈمدارى ياقۇپبەگ بىلەن كۆرۈشۈشنى ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرالماي، قەشقەر تەۋەسىدىن بىر قىسىم مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇملىرىنى ۋە ئاخبارات ماتېرىياللىرىنى ئېلىپ ھىندىستانغا قايتقان.

1873 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئەنگلىيەلىك فورىس 131 نەپەر ئادەمدىن تەشكىللەنگەن ئۆمەكنى باشلاپ قەشقەرگە ئىككىنچى قېتىم كەلگەن. يول بويى قاغىلىق، يەكەن، يېڭىسار قاتارلىق جايلاردا مەخسۇس تەكشۈرۈشتە بولۇپ، كۆپ مىقداردىكى قەدىمكى پۇل ۋە ھەر خىل

يېزىقتىكى يازما يادىكارلىقلارنى يىغىۋالغان.

1873 - يىلى ۋېنگىرىيەلىك پول (Pole) قەشقەرگە كېلىپ ئانتولوگىيەلىك تەكشۈرۈشتە بولغان.

1886 - يىلى فىرانسىيەلىك بونۋالىت (Bonvalot) بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھلىرىدىن كارپىس (Karpsh)، پاپىن (Paphine) قاتارلىقلار قەشقەرگە كېلىپ مىللەت، ئىرق ساھەسى بويىچە تەكشۈرۈشتە بولغان.

1886 - يىلى رۇسىيەلىك گىروم - گىرژمايلو بىر ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنى باشلاپ قەشقەرگە كېلىپ، قەشقەر، يەكەن، ئاتۇش قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈشتە بولغان.

1889 - يىلى ئەنگلىيەلىك بوۋېر (Bower) بىر ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنى باشلاپ قاراقۇرۇم تاغ يوللىرى ئارقىلىق قەشقەرگە كەلگەن. ئۇ قەشقەردىكى تەكشۈرۈش جەريانىدا يەكەن، كۇچا قاتارلىق جايلاردىن كۆپ مىقداردىكى بىراخما يېزىقى ۋە سانسكرىت يېزىقىدىكى يازما يادىكارلىقلارنى، نۇرغۇن قەدىمىي ھۆججەتلەرنى يىغىۋالغان.

1889 - يىلى 7 - ئايدا ئەنگلىيەلىك پاۋېل تاشقورغان، تاغدۇمباش، قەشقەر شەھىرى ئەتراپىدا ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ھەمدە قەشقەر شەھىرى ئەتراپىدىكى بىر قەدىمكى شەھەر خارابىسىدىن مىلادىيە 5 - ئەسىرگە تەئەللۇق قېيىن دەرىخى پوستىغا بىراخما يېزىقىدا يېزىلغان نوم پارچىلىرىنى تېپىۋېلىپ ئېلىپ كەتكەن.

1890 - يىلى 6 - ئايدا فىرانسىيەلىك گېرىناد ۋە دۇترېل قاتارلىقلار قەشقەرگە كېلىپ، قەشقەر، تەۋەسىدىكى ھەرقايسى يۇرتلاردىن قەدىمكى قول يازما، ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرى قاتارلىقلارنى يىغىۋالغان.

1890 - يىلى 8 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ئەنگلىيەلىك يان خاسيان، شۋېتسىيەلىك سۋېن ھېدىنلار تۆت ئاي تاشقورغاندا ۋە يەكەن رايونىدا ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشتە بولغان.

1895 - يىلى سۋېن ھېدىن تەكلىماكان قۇملۇقىنى كېسىپ ئۆتۈش جەريانىدا، مارالبېشى ۋە تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق بىر مۇنچە خارابە ئىزلىرىنى تاپقان ۋە بىر قىسىم مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قولغا چۈشۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما يەكەن

بىلەن خوتەن ئارىلىقىدا ئاپەتكە ئۇچراپ، توپلىغان ماتېرىيال ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇملىرىنى يوقاتقان.

1897 - يىلى شىۋېتسىيەلىك فوتوگراف سىگفرىد مۇن كەشمىرنىڭ لاداقتىن يولغا چىقىپ، لاداقتىن قەشقەرگىچە بولغان يول بويىدىكى مۇھىم جايلارنىڭ ئېتنوگرافىك فوتو سۈرەتلىرىنى تارتقان.

1901 - يىلى 4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئەنگلىيە تەۋەلىكىدىكى ۋېنگرىيەلىك ئاۋرېل ستەين قەشقەر ۋە خوتەندە ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشتە بولۇپ، قارۇشتى يېزىقىدىكى ۋە بىر قىسىم خەنزۇچە تارىشا پۈتۈكلەرنى، تام رەسىملىرىنى، بۇت - ھەيكەللەرنى، تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى، مۆھۈر - تامغىلارنى تاپقان ھەمدە ئۇنى 12 چوڭ ساندۇققا قاچىلاپ، لوندونغا ئېلىپ كەتكەن.

«ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىزاڭ»، «1899 — 1902 - يىللاردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا سەپىرىنىڭ ئىلمىي نەتىجىلىرى» ناملىق كىتابلاردىن قارىغاندا، سۋېن ھېدىن 1902 - يىلى 5 - ئايدا قەشقەر ۋە پامىر رايونىدا ئىلمىي تەكشۈرۈشلەردە بولۇپ، بۇ جايلاردىن نۇرغۇن قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇملىرىنى تاپقان.

1903 - يىلى 9 - ئايدا ياپونىيەلىك داگۇ گۇاڭرۈي باشچىلىقىدىكى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تاشقورغان، يەكەن، مارالبېشى، قەشقەر كوناشەھەر قاتارلىق ناھىيەلەردە ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشتە بولۇپ، بۇددا مەدەنىيىتىگە تەئەللۇق نۇرغۇن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قېزىپ، ئېلىپ چىقىپ كەتكەن.

1904 - يىلى 12 - ئاينىڭ 6 - كۈنى گېرمانىيەلىك فون لېكوك (Albert Von lecoq) ۋە گرۈنۋېدېل (A. Crunwedel) باشچىلىقىدىكى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى قەشقەرگە كېلىپ، مارالبېشى ناھىيەسىدىكى تۇمشۇق بۇددىزم مەدەنىيەت ئىزىدا نۇقتىلىق تەكشۈرۈپ، يەر ئاستىدىن بۇددا مەدەنىيىتىگە تەئەللۇق نۇرغۇن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تاپقان.

1905 - يىلى 8 - ئايدا فىرانسىيە ئاممۇۋى مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ «مەڭگۇ تاشلارنى تەتقىق قىلىش ئورنى» قەشقەرنىڭ مارالبېشى، ئاقسۇنىڭ باي قاتارلىق ناھىيەلىرىدە سەككىز ئاي ئارخېئولوگىيەلىك

تەكشۈرۈشتە بولۇپ، بىراخما يېزىقىدىكى قەدىمكى قول يازمىلارنى، تارىشا پۈتۈك، ياغاچ قورچاق، قەدىمكى مىس پۇل، تامغا، مۆھۈرلەرنى تاپقان.

فىنلاندىيەلىك مانىرھېم 1906 — 1908 ـ يىللىرى ئارىلىقىدا قەشقەرگە كېلىپ تەكشۈرۈشتە بولغان. نۇرغۇن قول يازمىلارنى يىغىۋالغان، فوتو سۈرەتلەرنى تارتقان.

1906 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئاۋرېل ستەيىن قەشقەردە ئىككىنچى قېتىم ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشتە بولۇپ، تاشقورغان، تاغدۇمباش، قەشقەر شەھىرى، يەكەن، قاغىلىق، خوتەن قاتارلىق جايلارنى تەكشۈرگەن ھەمدە بۇ جايلاردىن سانسكرىتچە، خەنزۇچە، قارۇشتى يېزىقىدا يېزىلغان قول يازمىلارنى، تارىشا پۈتۈكلەرنى، قەدىمكى پۇل، قەدىمكى كىيىم ـ كېچەكلەرنى تاپقان.

1906 ـ يىلى 8 ـ ئايدا فىرانسىيەلىك پېللىئوت قەشقەرگە كېلىپ، «ئەسكىھسار قەدىمكى شەھەر خارابىسى»نى، «خانئۆي قەدىمكى شەھەر خارابىسى» نى، «توققۇز ھۇجرا بۇددا ئۆڭكۈرى» نى، مارالبېشىدىكى «توققۇز ساراي»نى تەكشۈرگەن ۋە ئۆلچەپ خەرىتىگە ئالغان. ئۇ يەنە ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، بۇددا مەدەنىيىتىگە تەئەللۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تاپقان، شۇنداقلا يەكەندىمۇ ئىلمىي تەكشۈرۈشتە بولۇپ، قاراخانىيلار دەۋرىگە ئائىت بىر كىتابنى بايقىغان.

1907 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ياپونىيەلىك رېيىچاك پۈتۈن شىنجاڭنى تەكشۈرگەندە، قەشقەر، يەكەن رايونىدىمۇ تەكشۈرۈشتە بولۇپ، بىر قىسىم مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا ئائىت ماتېرىياللارنى يىغقان.

1907 ـ يىلى ياپونىيەلىك ئائوكى، تومىرا، تاجىبانا قاتارلىق كىشىلەردىن تەشكىللەنگەن ياپونىيە ئېكىسپېدىتسىيە ئەترىتى قەشقەرگە كېلىپ ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشتە بولغان.

1909 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ياپونىيەلىك جورۇيچاۋ (ياپونىيە دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ ئەمەلدارى)، يېسۇن رۇڭسەنلاڭ (ياپونىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيەسىنىڭ ئوفىتسېرى) لەر قەشقەر، مارالبېشى، يەكەنلەردە دىنىنىڭ

كېلىپ چىقىشىنى تەكشۈرۈش باھانىسى بىلەن ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشتە بولۇپ، نۇرغۇن قول يازمىلارنى، بۇددا مەدەنىيىتىگە تەئەللۇق يادىكارلىقلارنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەن ھەمدە قەشقەر شەھىرى، مارالبېشى، يەكەن شەھىرىنىڭ شەھەر خەرىتىسى، سېپىل خەرىتىسى، يول خەرىتىسىنى سىزىپ، شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك باشقا ماتېرىياللارنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەن.

1909 - يىلى 8 - ئايدا ئودېن بۇرگ باشچىلىقىدىكى رۇسىيە تەكشۈرۈش ئەترىتى قەشقەرگە كېلىپ، ئىسلام مەدەنىيىتىگە تەئەللۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرگەن. قەدىمكى قۇرۇلۇشلاردىكى، مەسچىتلەردىكى ئەقىل - پاراسەتنىڭ نامايەندىسى بولغان ھۈنەر-سەنئەت ئۈلگىلىرىنى، نەقىشلەرنى ئۆلچەپ سىزغان ۋە سۈرەتكە ئالغان.

1915 - يىلى 5 - ئايدا ئاۋرېل ستەيىن تۆتىنچى قېتىم قەشقەر، مارالبېشى، قەشقەر كوناشەھەر، تۇرپان ئاستانە، كۇچا، كورلا ياداڭبۇلاق، كىروران قاتارلىق جايلاردا ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشتە بولۇپ، بۇ جايلاردىن قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى 182 چوڭ ساندۇققا قاچىلىغاندىن كېيىن، ئۇلۇغچات ئارقىلىق ئەنگلىيەگە قايتقان.

1915 - يىلى رۇسىيەلىك ئېكسپېدىتسىيەچىلەردىن مالوف (MaloB) قەشقەرگە كېلىپ، مارالبېشى، يەكەن، يېڭىسار، قەشقەر شەھىرىدە ئىلمىي تەكشۈرۈشتە بولۇپ، بىر قىسىم مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى، قەدىمكى قول يازما، ھۆججەت، ۋەسىقىلەرنى يىغىپ ئېلىپ چىقىپ كەتكەن.

1929 - يىلى شىۋېتسىيەلىك گۇننار ئالبېرت ياررىڭ (Gunnar Alfered Yarring) قەشقەرگە كېلىپ، قەشقەرنى مەركەز قىلغان ھالدا تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدا ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى، ئۆرپ-ئادەتلىرى بويىچە تەكشۈرۈشتە بولغان. 1930 - يىلى يېڭىسار ناھىيەسى بىلەن يېڭىشەھەر ناھىيەسىنىڭ چېگراسىدىكى قۇملۇققا جايلاشقان «ئوردام مازىرى» نى تەكشۈرگەن ۋە قوشۇمچە خىرىستىيان دىنىنى تارقىتىش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ ئۇيغۇرلار توغرىسىدىكى

تەتقىقاتىنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە 1933-يىلىدىن باشلاپ «ئۇيغۇر تىلى فونېتىكىسى تەتقىقاتى»، «قەشقەر ئەدەبىياتىغا دائىر ماتېرىياللار»، «ئۇيغۇر تىلىدىكى ‹مۇنازىرە ئەدەبىياتى› توغرىسىدا خاتىرىلەر»، «قەشقەر قول يازمىلىرى»، «ئوغرى يوق شەھەر» قاتارلىق ئۇيغۇر خەلق رىۋايەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك تەتقىقات ۋە مەشھۇر ئەسلىمە خاراكتېرلىك ئەسىرى «قەشقەرگە قايتا سەپەر» قاتارلىق ماقالە، ئەسەرلەرنى يېزىپ نەشر قىلدۇرغان. ئۇ 1978-يىلى 9-ئاينىڭ 8-كۈنى قەشقەرگە يەنە بىر قېتىم كەلگەن.

1929-يىلى ۋە 1934-يىلى ئېلىمىز ئارخېئولوگلىرىدىن خۇاڭ ۋېنبى قەشقەرگە كېلىپ، «ئەسكىھىسار قەدىمكى شەھەر خارابىسى»، «خانئۈي قەدىمكى شەھەر خارابىسى»، «توققۇز ھۇجرا بۇددا ئۆڭكۈرى»، مارالبېشىدىكى «توققۇز ساراي قەدىمكى شەھەر خارابىسى»، تۇمشۇق ئەتراپىدىكى ئىز - خارابىلەر، قاغىلىقتىكى «شېھىتيار قەدىمكى شەھەر خارابىسى» نى تەكشۈرگەن ھەمدە بۇ جايلاردىن ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەرگە ئائىت تاش پىچاق، يېشىل سىرلىق ساپال، قەدىمكى مىس ئەينەك پارچىسى، ھەر خىل فارفۇر بۇيۇملار، ھەر خىل قەدىمكى پۇل، مىس ھەيكەل، شايى، سانسكرىت يېزىقىدىكى ھۆججەتلەرنى تاپقان.

مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى بىر قەدەر ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش پەقەت ئازادلىقتىن كېيىن، ئىزچىل، سىستېمىلىق ئېلىپ بېرىلدى. 1952-يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى قەشقەرگە تەكشۈرۈش ئەترىتى ئەۋەتىپ، ۋىلايەتتە خېلى ئۇزاقتىن بۇيان ساقلىنىۋاتقان مازارلارنىڭ ۋەخپىلىرى توغرىسىدىكى 30 پارچە ھۆججەت بىلەن، تاشقورغان ساقچى ئىدارىسىدا ساقلىنىۋاتقان 300 يىللىق تارىخقا ئىگە قول سودىسى ھەققىدىكى ھۆججەتنى يىغىۋالغان.

1953-يىلى 5-، 6-ئايدا غەربىي شىمال مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەنلەردە ئىلمىي تەكشۈرۈشتە بولۇپ، 22 قەدىمكى شەھەر خارابىسىنى، بەش قەلئەنى، 12 مازارنى، بىرقانچە مىڭئۆي خارابىسىنى تىزىمغا ئالغان.

1954 ـ يىلى 8 ـ ، 9 ـ ئايلاردا يۇسۇپبېك مۇخلىسوۋ قەشقەردە يەنە ئىلمىي تەكشۈرۈشتە بولۇپ، قەشقەر شەھىرى، يېڭىسار، يەكەندىن 700 پارچە قەدىمكى ئەسەر، 650 خىل مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى يىغقان ھەمدە بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى دوكلات قىلىش ئۈچۈن قەشقەردە ۋاقىتلىق كۆرگەزمە قىلغان.

1954 ـ يىلى يولداش ۋۇ بەيلۇن تەگرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرگەندە قەشقەرگە كېلىپ، مارالبېشىدىكى «توققۇز ساراي قەدىمكى شەھىرى»نى، قەشقەر شەھىرىدىكى «ئەسكىھسار قەدىمكى شەھىرى» نى، «خانئۆي قەدىمكى شەھىرى»نى تەكشۈرۈپ، تاڭ سۇلالىسىغا ۋە قاراخانىيلار سۇلالىسىغا خاس بولغان بىرمۇنچە مىس پۇل، كۈمۈش پۇل، يامبۇ تاپقان ھەمدە بۇ قېتىمقى سەپىرىنىڭ خاتىرىسى سۈپىتىدە «شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش» ناملىق بىر ساياھەت خاتىرىسى يازغان.

1955 ـ يىلى 5 ـ ئايدا قازاق خەلقىنىڭ ئاتاقلىق يازغۇچىسى سابىت مۇقانوۋ قەشقەرگە چوقان ۋەلىخانوفنىڭ ئەينى چاغلاردىكى پائالىيىتىنى تەكشۈرۈشكە كەلگەندە، «توققۇز ھۇجرا بۇددا ئۆڭكۈرى»نى، «خانئۆي قەدىمكى شەھىرى»نى كۆرۈپ خاتىرە يازغان.

1957 ـ خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى «ئەسكىھسار قەدىمكى شەھىرى»نى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرگەن ۋە ئۆلچەپ خەرىتىگە ئالغان.

1957 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدىن ئىسمايىل قاتارلىق يولداشلار قەشقەر رايونىنىڭ ئوپال يېزىسىدا ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشتە بولۇپ، تۇنجى قېتىم مەھمۇد كاشغەرىي مازىرىنى بايقىغان ھەمدە ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتىكى ئىلمىي پەرەزلىرىنى يېزىپ قالدۇرغان.

1957 ـ يىلىدىن 1959 ـ يىلغىچە ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي ئارخېئولوگىيە ئەترىتى مارالبېشىدىكى «توققۇز ساراي قەدىمكى شەھىرى» دە ئومۇميۈزلۈك قېزىش ئېلىپ بېرىپ، بەش جۇلۇق مىس پۇل، ھەر خىل تامغىلار، بۇت ـ ھەيكەل پارچىلىرى، قەدىمكى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، بىراخما، كۇسەن ۋە ئەرەب يېزىقىدا يېزىلغان

بىرمۇنچە ۋەسىقە، ھۆججەتلەر، چېكىت، يۇڭ توقۇلما، يىپەك توقۇلما، كەندىر، پاختا توقۇلما بۇيۇملىرى قاتارلىقلارنى تاپقان.

1972- يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ ئارخېئولوگىيە ئەترىتىدىن ۋاڭ بىڭخۇا قاتارلىقلار كوناشەھەر ناھىيەسىنىڭ ئوپال رايونىدىكى ئاقدالا قەدىمكى شەھەر خارابىسىنى 15 كۈن قېزىپ تەكشۈرۈپ، بۇ شەھەر خارابىسىدىن سىپتا تاش قوراللاردىن 48 دانە، تۈز ۋە ئەگرى ياسالغان تاش پىچاقتىن 11 دانە، ئېگەرسىمان يارغۇنچاقتىن 14 دانە، تاش كەتمەن، تاش ئورغاق، سالغا تاش، تاش ئۇرچۇق، سۆڭەكتىن سۈركەپ ياسالغان باشاق (ئوق ئۇچى)، قۇم-سىغىز ئارىلاشتۇرۇلغان ساپال پارچىسى، سىرلىق ساپال پارچىسى، كۈل قالدۇقى، چالا كۆيگەن ئوتۇن، ئۆي سايمانلىرىدىن كېيىنكى دەۋرگە خاس بولغان مىس پۇل، ساپال چىراغ، چويۇن چىراغ قاتارلىقلارنى قېزىۋالغان ھەمدە ئۇ شەھەرنىڭ بۇنىڭدىن 5000 يىل بۇرۇنقى يېڭى تاش قورال دەۋرىگە مەنسۇپ شەھەر ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن.

1973- يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدىن سابىت ئەخمەت قاتارلىق بەش كىشى كوناشەھەر ناھىيەسى ئوپال رايونىدىكى ئاقدالا قەدىمكى شەھەر خارابىسىنى 15 كۈن تەكشۈرۈپ، تاش پالتا، تاش پىچاق، تاش كەكە، تاش تەگىنە، كۈلالچىلىق دەۋرىگە ئائىت رەڭلىك ساپال پارچىلىرى، سۆڭەكتىن ياسالغان ئوقيا، ۋاشاق، تۆشۈكسىز داچەن، مىس ئەسۋاب، قىلىچ قاتارلىقلارنى تاپقان. شۇ يىلى ئوپالنىڭ ھەزرىتى موللام تېغىنىمۇ تەكشۈرۈپ، قەدىمكى ھايۋانلارنىڭ تاشقاتمىلىرىنى، قەدىمكى قاشتاشتىن ياسالغان ھالقا، ئادەم بېشى چۈشۈرۈلگەن نەقىشلىك ساپال پارچىلىرىنى يىغىۋالغان.

1973- يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ ئارخېئولوگىيە ئەترىتى يېڭىسار ناھىيەسىنىڭ ساغان يېزىسى تەۋەسىدىكى «ئوردام مازىرى» نى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرگەن.

1976- يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدىن چېن گې، ئەركىن، ياڭ يىيۇڭ، جۇ جىنلىڭ قاتارلىقلار تاشقورغان ناھىيەسىدىكى شامبابا قەبرىستانلىقىنى ئارخېئولوگىيەلىك قېزىپ تەكشۈرگەن.

1978-، 1979-، 1980-، 1983- يىللىرى ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ ئارخېئولوگىيە ئەترىتى ئۇدا تۆت قېتىم خانئۆي قەدىمكى شەھەر خارابىسىنى تەكشۈرۈپ، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ تۆشۈكسىز داچەن پۇلى، پارس كۆمۈش تەڭگىسى، رەڭلىك، رەڭسىز ساپال پارچىلىرىنى تاپقان.

1979- يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ ئارخېئولوگىيە ئەترىتى يېڭىسار ناھىيەسىدىكى ئوردام مازىرىنى قېزىپ تەكشۈرگەن.

1979- يىلى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئارخېئولوگىيە ئىنستىتۇتىدىن ۋاڭ مىڭجېي كوناشەھەر ناھىيەسىنى ئارخېئولوگىيە جەھەتتىن ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرگەن.

1979- يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدىن لىيۇ يۈڭنىڭ «توققۇز ھۇجرا»نى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرگەن.

1980- يىلى يەرلىك كىشىلەرنىڭ كوناشەھەر ناھىيەسى ئوپال يېزىسى غوجا قونار - سۇلتانباغ دارىسىدىن بىر قىسىم تاش قورال ۋە مىس قوراللارنى تېپىۋېلىشى بىلەن غوجا قونار - سۇلتانباغ مەدەنىيەت ئىزى خارابىسى بايقالغان بولۇپ، 1982- يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي بىلەن ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىدىكى خادىملاردىن تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللىنىپ، ئوپال يېزىسىدا 15 كۈن تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، سۇلتانباغ تۈزلەڭلىكىنىڭ ئاياغ تەرىپىدىن سىلىقلانغان ھەر خىل تاش قوراللاردىن 48 دانە، تۈز ۋە ئەگرى ياسالغان تاش ئورغاقتىن 11 دانە، ئېگەر شەكىللىك تاش يارغۇنچاقتىن 14 دانە، ئۇنىڭدىن باشقا، تاش كەتمەن، تاش پىچاق، سالغا تاش، تاش ئۇرچۇق، لېيىغا قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان ساپال بۇيۇملارنىڭ پارچىلىرى قاتارلىقلارنى يىغىۋالغان.

1990- يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي ئارخېئولوگىيە ئەترىتى، ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى ۋە قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش - باشقۇرۇش ئورنىدىكى مۇناسىۋەتلىك خادىملار سۇلتانباغ ئۈششاق تاش قورال دەۋرى مەدەنىيەت ئىزىدا مەخسۇس تەكشۈرۈشتە بولۇپ، ئېگەر شەكىللىك يارغۇنچاق، تاش

پىچاق، تاش ئورغاق قاتارلىق 30 خىلدىن ئارتۇق بۇيۇمنى يىغىۋالغان.

1991- يىلىغىچە بۇ ئىز ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى باشقارمىسى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ مۇزېيى، قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش - باشقۇرۇش ئورنى قاتارلىق ئورۇنلار تەرىپىدىن تەكشۈرۈلۈپ، كىچىك كۆلەمدە قېزىش ئېلىپ بېرىلىپ، يىرىك تاش قورال، قۇم ئارىلاشتۇرۇلۇپ ياسالغان ساپال پارچىلىرى، تاش پىچاق، مىس ئوقيا باشقى قاتارلىقلار تېپىلىپ، يېڭى تاش قورال دەۋرىگە مەنسۇپ خارابە ئىزى دەپ مۇقىملاشتۇرۇلغان.

1981- يىلى قىزىلسۇ ئوبلاستى ھاراق زاۋۇتىدىكى خىزمەتچىلەر زاۋۇت سېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان يەرنى تۈزلەۋاتقاندا، بىرقانچە پارچە ئادەم باش سۆڭىكىنىڭ قالدۇقى ۋە چوڭ تىپتىكى سۈت ئەمگۈچى ھايۋاننىڭ تاغاق سۆڭىكى قالدۇقىدىن بىر داننى بايقىغان.

1982- يىلى 12- ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تىل تەتقىقات ئورنىدىن ئىبراھىم مۇتىئى، مىرسۇلتان ئوسمانوف، قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش - باشقۇرۇش ئورنىدىن مۇھەممەت زۇنۇن سىدىق، مۇھەممەت ئىمىن سايىت، ئابدۇرېھىم قادىر، قەشقەر مىللىي تېبابەت شىپاخانىسى تېبابەتچىلىك كەسپىي بۆلۈمىدىن ئابدۇرېشىت سابىت، كوناشەھەر ناھىيەلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىن ئىسمايىل ئىبراھىم قاتارلىقلار ئوپال رايونىدا 15 كۈن ئىلمىي تەكشۈرۈشتە بولۇپ، مەھمۇد كاشغەرىي مازىرىغا دائىر ماتېرىياللارنى توپلىغان.

1982- يىلى 9- ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ ئارخېئولوگىيە ئەترىتىدىن سابىت ئەخمەت، قۇربان ۋەلى، ھەسەن ئابدۇرېھىم، قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش - باشقۇرۇش ئورنىدىن مۇھەممەت زۇنۇن سىدىق، مۇھەممەت ئىمىن سايىت، ئابدۇرېھىم قادىر، رىن جەنشىڭ قاتارلىقلار ئوپال رايونىدىكى «توققۇز قازناق»، «سۇلتانباغ دارىسى»، «ھەزرىتى موللام تېغى»، «مەھمۇدىيە

مەدرىسەسى» قاتارلىق ئورۇنلاردا ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش ئېلىپ بېرىپ، بۇ جايدىن مىلادىيە 4 — 6- ئەسىرگە تەئەللۇق بىرمۇنچە سانسكرىتچە بۇددا نوم پارچىلىرىنى، بىرنەچچە تاش قوراللارنى، بىرنەچچە قۇم ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلەنگەن قىزىل ساپال پارچىلىرىنى تاپقان. بۇ يەردىن قېزىۋېلىنغان بىر تال ياغاچنى مەملىكەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىنىڭ كاربون 14 تەجرىبىخانىسىغا ئەۋەتىپ ئانالىز قىلدۇرغاندا، ئۇنىڭغا 1660 يىل بولغانلىقى ئېنىقلانغان.

1983- يىلى دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جۇاڭ مىڭ، ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ مەسئۇلى سابىت ئەخمەت، ياڭ جىۋىن قاتارلىقلار پوسكام، مەكىت، يەكەندە ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشتە بولغان ھەمدە كاچۇڭدىكى كەگباغ قەبرىستانلىقىنى قېزىپ تەكشۈرگەن.

1983- يىلى 8- ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي، بېيجىڭ تەبىئەت مۇزېيى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق گېئولوگىيە ئىدارىسى رايونلارنى تەكشۈرۈش ئەترىتى قاتارلىق ئۈچ ئورۇندىكى مۇناسىۋەتلىك كەسپىي خادىملاردىن تەشكىللەنگەن بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئەترىتى تاشقورغان ناھىيەسىنىڭ بازار ئەتراپىدا كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە ئائىت جىرغال قەدىمكى تاش قورال ئىزىنى تاپقان.

1983- يىلى مەدەنىيەت مىنىستىرلىقىنىڭ مەدەنىيەت يادىكار-لىقلىرى ئىدارىسى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ ئارخېئولوگىيە ئەترىتى ئۇيپالدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، سۇلتانباغ دارىسىدىن بىر دانە مىس مارجان، تۆت دانە ئىنچىكە مىس تاياقچە، 12 دانە كىچىك مىس پارچىسى، چوڭ گىرانىت تاشتىن ياسالغان ئۇزۇنچاق يارغۇنچاق، كىرېمنىيلىق تاشتىن ياسالغان تاش يادروسى، تاش ياپرىقى، تاش ئوق ئۇچى، يونۇش - قىرىش قوراللىرىنى تاپقان ھەمدە بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ يىل - دەۋرىنى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 3000- يىللارنىڭ ئاخىرىدىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 2000- يىللارنىڭ باشلىرىغىچە دەپ قارىغان.

1983-يىلى 10-ئايدىن 12-ئايغىچە ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى باشقارمىسى قەشقەر شەھىرى، كوناشەھەر ناھىيەسىنىڭ ئوپال رايونى، يەكەن ناھىيەسىدىكى ئىسلام دىنى ئىمارەتلىرى ۋە ئۇنىڭ خارابىسىغا نىسبەتەن نۇقتىلىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان، تەكشۈرۈشكە سابىت ئەخمەت يېتەكچىلىك قىلغان. ئاپتونوم رايونلۇق ئارخېئولوگىيە ئەترىتىدىن ھەسەن ئابدۇرېھىم، چېن جېنگو، قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش - باشقۇرۇش ئورنىدىن مۇھەممەت زۇنۇن سىدىق، باتۇر ئەزىز، قەشقەر ۋىلايەتلىك بىناكارلىق قۇرۇلۇش لايىھەلەش ئورنىدىن ھاجى مۇھەممەت مۇسا، يەكەن ناھىيەلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىن ئابدۇقادىر داۋۇت، ئەسقەرلەر قاتناشقان. بۇلار ئاشۇ جايلاردىكى ئىسلام دىنى ئىمارەتلىرىنى ئۆلچەپ خەرىتىگە ئالغان، فوتو سۈرەتلىرىنى تارتقان، نەقىش نۇسخىلىرىدىن ئۈلگىلەر سىزغان. ئىمارەتلەرنىڭ ياسالغان دەۋرى، رېمونت تارىخى، ياسىلىش شەكلى، ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، قۇرۇلۇش ماتېرىيالى، شۇنىڭدەك مۇناسىۋەتلىك تارىخىي شەخسلەرنىڭ تەرجىمىھالىغا دائىر ماتېرىياللارنى توپلىغان.

1986-يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش - باشقۇرۇش ئورنىدىن ئابدۇرېھىم سابىت، لى كەي، ئابدۇرېھىم قادىر، مامۇت ھاجىم، باتۇر ئەزىزلەر خانئۆي قەدىمكى شەھەر خارابىلىقىدىكى مورا، كەپتەرخانا، خان سۇپىسى، ئاققاش تىملارنى ۋە مورا خارابىلىكىدىكى كارىزلارنى تەكشۈرۈپ تىزىمغا ئالغان ۋە بىر قىسىم مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى يىغىۋالغان.

1987-يىلى 5-ئايدا قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش - باشقۇرۇش ئورنىدىن ئابدۇرېھىم سابىت، ئابدۇرېھىم قادىرلار كوناشەھەر ناھىيەسىدىكى ئوغۇساق قەدىمكى شەھەر خارابىسىنى تەكشۈرۈپ، قەدىمكى دەۋرگە مەنسۇپ ساپاللارنى، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ تۆشۈكسىز داچەن پۇللىرىنى تاپقان.

1987-يىلى 3-ئايدا ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش - باشقۇرۇش ئورنىدىن يولداش لى كەي، مامۇت ھاجىملار

كوناشەھەر ناھىيەسىنىڭ قوغان يېزىسىغا قاراشلىق ياۋۇلۇق قەبرىستانلىقىدا ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، بىر قەدىمكى جەسەت كۆلى قاچىسىنى تاپقان. مەملىكەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىدىن كەلگەن مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھاسىدىن قارىغاندا، مەيلى يىل - دەۋرى جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى شەكلى، ھۈنەر - سەنئەت ئالاھىدىلىكى جەھەتتىن بولسۇن خېلى يۇقىرى قىممەتكە ئىگە مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇمى ئىكەن.

1990 - يىلى 4 - ئايدا قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش - باشقۇرۇش ئورنىدىن ئابدۇرېھىم سابىت، ئابدۇرېھىم قادىر، يەكەن ناھىيەلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىن ئابدۇقادىر داۋۇت، قاغىلىق ناھىيەلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىن قاۋۇل ساۋۇرلار يەكەن ناھىيەسىدىكى «بايدۆۋە دۆڭلۈكى» دە، قاغىلىق ناھىيەسىدىكى «شېھتىيار قەدىمكى شەھەر خارابىسى» دە ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، بۇ جايلارنىڭ تارىخى ھەققىدە ماتېرىيال توپلىغان.

1990 - يىلى 9 - ئايدىن 12 - ئايغىچە ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىق ئارخېئولوگىيە ئورنىدىن ئەخمەت رىشىت، ياڭ يىپىڭ، ماسكۋي، ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدىن ۋاڭ بو، ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش - باشقۇرۇش ئورنىدىن ئابدۇرېھىم قادىر، غالىپ ئەمەتلەر ۋىلايىتىمىزنىڭ 12 ناھىيەسىدە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قايتا تەكشۈرۈش، ئېنىقلاش خىزمىتىنى ئىشلەپ، 407 ئورۇننى تىزىمغا ئالغان.

1992 - يىلى كۈز ۋە 1993 - يىلى ئەتىيازدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ خادىملىرى بىلەن قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش - باشقۇرۇش ئورنى بىرلىكتە قەشقەر شەھىرى قوغان يېزىسى يۇقىرىقى قازىرىق كەنتى تۇتتۇرگە دېگەن جايدا قەشقەر ئايرودرۇم رايونىنى كۆكەرتىش قۇرۇلۇشىغا ماسلىشىپ، بۇ جايدىكى ياۋىلىق ئىز - خارابىسىدە قۇتقۇزۇش، تازىلاش خاراكتېرىدىكى ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش ئېلىپ بارغان ھەمدە ئىزنىڭ شىمالىي

تەرىپىدىكى چاقماق دەرياسى قىرغىقىدىكى ئېگىزلىكتىن بىر تۈركۈم بۇددىزم يادىكارلىقلىرى بىلەن بىراخما، سانسكرىت يېزىقىدىكى يادىكارلىقلارنى تاپقان (بۇ يادىكارلىقلار ئاپتونوم رايونلۇق ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىدا، تەكشۈرۈش نەتىجىسى تېخى ئېلان قىلىنمىدى).

1995 - يىلى 10 - ئايدا قەشقەر ۋىلايەتلىك «يىپەك يولى مۇزېيى» رەسمىي ئېچىلدى.

1997 - يىلى 8 - ئايدا شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى بىلەن قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش - باشقۇرۇش ئورنى بىرلىكتە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيەسى بەشكېرەم يېزىسى لايلىقتىكى تاش دۆۋىلەنگەن قەبرىلەرنى تەكشۈرگەن ۋە ئارخېئولوگىيەلىك سىناپ قېزىش ئېلىپ بارغان بولۇپ، بۇ قېتىملىق تەكشۈرۈشتە بۇ قەبرىلەرنىڭ كەلكۈن سۈيىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان بىرسىدىن ئاتنىڭ بېۆگىكى ۋە پاقالچاق سۆڭەكلىرى چىققان. ئەينى چاغدا مۇتەخەسسىسلەر بۇ قەبرىلەرنىڭ يىل - دەۋرىنى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 3 — 5 - ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدۇ دەپ مۆلچەرلىگەن.

1997 - يىلى 9 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى بىلەن قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش - باشقۇرۇش ئورنى قەشقەر شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيەسى خاڭدى يېزىسىنىڭ شەرقىي شىمالىغا يەنى ئۈرۈمچى - قەشقەر تاش يولىنىڭ چاقماق دەرياسى كۆۋرۈكى يېنىغا، ياۋلىق ئېرىنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى ئېگىزلىككە جايلاشقان «دەقيانۇس بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىسى»دا قۇتقۇزۇش خاراكتېرلىك قېزىش ئېلىپ بارغان. ئۇ قېتىمقى ئارخېئولوگىيەلىك قېزىشتا، چالمىغا چاپلىشىپ قالغان يېزىق پارچىسى ئۇچرىغان (قەغەز چالمىغا چاپلىشىپ قالغان بولۇپ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قەغەز تەدرىجىي چالمىغا سىڭىشىپ كېتىپ، قارا سىياھ بىلەن يېزىلغان خەت چالما يۈزىدە قېتىپ قالغان، بۇيۇم ئەۋرىشكە نومۇرى T②8:1). ئۇنىڭ تەرەپلىرى ئۆلچەمسىز، بىرقەدەر چوڭراق پارچىسى (ئۇزۇنلۇقى 11.2 مىللىمېتىر، قېلىنلىقى 0.6 مىللىمېتىر

كېلىدۇ)نىڭ يۇزىدىكى خەت ئېنىقراق بولۇپ، قىسقا بەش قۇر خەت ساقلىنىپ قالغان. دەسلەپكى قەدەمدە بۇ بىراخما يېزىقىنىڭ قىيپاش (يانتۇ) خەت شەكلىدە يېزىلغان كىنگىت - كۇسەن تىلى دەپ قارالدى.

1997- يىلى 9- ئايدا دەقيانۇس شەھىرى بۇددا دىنى ئىبادەتخانىسى خارابىسىنى قۇتقۇزۇش يۇزىسىدىن، بۇ قەبرىلەردىن ئىككىسى سىناپ قېزىلغانىدى. مەلۇم بولدىكى، ھەر ئىككىلا قەبرىگە شىمال - جەنۇب يۆنىلىشى بويىچە پاراللېل قىلىپ ئىككى دانىدىن كىچىك كوزا كۆمۈلگەن. قەبرىلەرنىڭ ئەڭ شىمالدىكى 1- نومۇرلۇق قەبرىدىن چىققان كوزىدىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆۋۈلۈپ كەتكەن بولۇپ، ساق قالغان بۇ كوزىنىڭ ئاغزى تاش بىلەن (يۇملاق قىلىنغان ياپىلاق تاش بىلەن) ئېتىلگەن؛ ئىچىدە ئادەم سۆڭىكىنىڭ كۈلى ھەم قالدۇق سۆڭەك پارچىلىرى بار ئىكەن. ئاپتونوم رايونلۇق ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىدىن كەلگەن مۇتەخەسسىلەرنىڭ باھا بېرىشىچە، بۇ قەبرىنىڭ دەپنە قىلىنىش ئالاھىدىلىكى تۇركلەرنىڭ قەدىمكى چاغلاردىكى كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىش ئادىتىگە ئوخشايدىكەن.

1999- يىلى 9- ئايدا فىرانسىيە دۆلەتلىك پەن - تەتقىقات مەركىزى (315) ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق - ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى ۋە قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش - باشقۇرۇش ئورنى قاتارلىقلاردىن تەشكىللەنگەن مەدەنىيەت يادىكارلىق - ئارخېئولوگىيە تەكشۈرۈش ئەترىتى قەشقەر ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى نۇقتىلىق مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرىغا قارىتا ئارخېئولوگىيەلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشكە فىرانكىفورد، گوخەننا، ئابدۇكېرىم خالىق، ئادىل مۇھەممەت تۇران قاتارلىقلار قاتناشقان.

1999- يىلى 9- ئاينىڭ ئوتتۇرىغىچە شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى - ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى بىلەن قەشقەر ۋىلايىتى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش - باشقۇرۇش ئورنى، قەشقەر ۋىلايىتى قاغىلىق ناھىيەسى زۇڭلاڭ يېزىسى ھەسەنىيا كەنتىنىڭ چوڭ ھەسەنىيا قەبرىستانلىقىدا ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش

ئېلىپ بارغان. بۇ قېتىم جەمئىي 10 قەبرە قېزىلغان.
1999- يىلى كۈزدە، قەدىمكى قەشقەرنىڭ ئوپال رايونىدا شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى - ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى بىلەن قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش - باشقۇرۇش ئورنى بىرقانچە قېتىم ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش ئېلىپ بېرىپ، يارقوتان، تۆتتوغراق، باشسۆسەر ۋە ئۈچقۇم ئىزى قاتارلىق يىڭى تاش قورال دەۋرىگە تەۋە بولغان تۆت ئىز - خارابىنى بايقىغان.
2001- يىلى تارىم دەريا ئېقىنىنى ئۈنىۋېرسال تۈزەش تۈرى — تۆۋەنكى بەلدىر سۇ ئىنشائاتى تۈگۈنى قۇرۇلۇشىغا ماسلىشىش يۈزىسىدىن، شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى - ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش- باشقۇرۇش ئورنى بىلەن بىرلىكتە تاشقورغان دەرياسىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي قىرغىقىدىكى سۇ بېسىپ كېتىدىغان دائىرە ئىچىدە ئارخېئولو- گىيەلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، 13 قەبرىستانلىقنى بايقىغان.
2003- يىلى 8-، 9- ئايلاردا شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى- ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەسى بەلدىر يېزىسىنىڭ شىندى كەنتى بىلەن تۆۋەنكى بەلدىر كەنتى تەۋەسىگە جايلاشقان تۆۋەنكى بەلدىر قەبرىستانلىقىدا ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش ئېلىپ بارغان ۋە چوڭ قەبرىستانلىقتىكى A1، A2، A3، A4، A5، A6 نومۇرلۇق قەبرىلەرنى، كىچىك قەبرىستانلىقلاردا 150 قەبرىنى قازغان. قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ساپال، ياغاچ، مىس، كۈمۈش، تاش، ھېقىق، تۆمۈر، سۆڭەك، قاپاق، تېرىدىن ئىشلەنگەن بۇيۇملار بىلەن كىگىز ۋە توقۇلمىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
2007-، 2011- يىللىرى مەملىكەتلىك 3- قېتىملىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتىگە ماس ھالدا قەشقەر ۋىلايىتىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا قارىتا ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشتە جەمئىي 698 ئورۇن تەكشۈ- رۈلدى. بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن بايقالغىنى 286 ئورۇن بولۇپ، بۇلارمۇ نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.

图书在版编目（CIP）数据

喀什噶尔考古：维吾尔文 / 阿迪力·穆罕默德著. —喀什：喀什维吾尔文出版社，2012.9
（《喀什噶尔》系列丛书；7）
ISBN 978-7-5373-2765-7

Ⅰ. ①喀… Ⅱ. ①阿… Ⅲ. ①文物—考古—喀什地区—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ. ①K872.452

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2012)第 218382 号

责任编辑：艾尼瓦尔·艾克木
责任校对：麦麦提斯迪克·塔依尔

《喀什噶尔》系列丛书（7）

喀什噶尔考古

著：阿迪力·穆罕默德

喀什维吾尔文出版社出版发行
（喀什市塔吾古孜路 14 号 邮编：844000）
各 地 新 华 书 店 经 销
喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷
880×1230 毫米 1/32 开本 11.125 印张 2 插页
2013 年 4 月第 1 版 2013 年 4 月第 1 次印刷
印数：1— 3000 定价：34.00 元

如有质量问题，请与我社联系调换 电话：0998－2653927